ئابدۇكېرىم هاشىم

# ئۆلۈك - تىرىكنىڭ

# ئارىلىقىدا

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۆلۈك-تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

ئۆلۈك - تىرىكنىڭ

ئارىلىقىدا

ISBN 7-5371-4349-8

ISBN7-5371-4349-8
(民文) 定价:18.00 元

ئابدۇكېرىم ھاشىم

# ئۆلۈك ـ تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا

(پوۋېستلار)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەسئۇت خالىت

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# ئۆلۈك - تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا

(پوۋېستلار)

ئاپتورى: ئابدۇكېرىم ھاشىم

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 12.625
2003 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 4349 — 8/I.2017
سانى: 1—3000
باھاسى: 18.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

بەز ........................................ 1

ئۆلۈك ـ تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ........................ 230

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# بەز

## بىرىنچى باب

مۇشۇ دوختۇر دېگەن خەقمۇ قىزىق، ئالدىغا ئاغرىق كەلمەسە، ساق ئادەمگە دورا بېرىپ ئاغرىتىپ كەلتۇرەمدىكىن، دوقمۇش - دوقمۇشتا قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ۋەرەقىلەرمۇ شۇلارنىڭ ئىشىمىكىن، دەيمەن. ئۇلار بەرگەن ئېلانلار ھەتتا رادىئو - تېلېۋىزورلارنىمۇ بېسىپ كەتتى. خۇددى كەلكۈندەك يامراپ، ھەممىلا يەرنى ئالا قويماي قاپلاپلا كەتتى. دوختۇرنىڭ ئالدىغا خوتۇن خەقلەرمۇ، ئەرلەرمۇ بارمايۋاتسا كېرەك، جىنسىي يولى، جىنسىي ئىقتىدارى، جىنسىي ئالاقە يولى توسالغۇغا ئۇچراش دېگەن ئاتالغۇلار ھەدېسىلا ئۇچراپ تۇرىدۇ. سۈيدۈك يولى، بۆرەك ئاجىزلىق، بۆرەك زەئىپلىشىش، بۆرەك ياللۇغى، دوۋسۇن چىقىش، مەزى بېزى ئىششىش، مەزى بېزى ياللۇغى، جىنسىي بەز كارغا كەلمەسلىك... ۋاي - ۋۇي، ئەرلەرنىڭ يەنە قانداق جىنسىي كېسەللىكلىرى بارلىقىنى دەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، دېيىشكە ئادەمنىڭ ئېغىزىمۇ بارمايدۇ، دورا ئىشلەيدىغانلارمۇ ئەرلەرنىڭ ئەرلىكى ئۇچۇنلا دورا ئىشلەۋاتقاندەك ھەدېسىلا زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇرۇش دورىسى، «خەيجۇڭجىن»، «خۇەنشاۋدەن»، «شېنباۋ»، «جېنباۋ»، «بور كاپسۇلى» دېگەنلەرنى مۆلدۈردەك ياغدۇرۇۋەتتى. غۇلجىنىڭ ئاۋات كوچىلىرى ئىلگىرى تۇرلۇك - تۈمەن سەرخىل ئالمىلارغا تولۇپ كېتەتتى. ھازىر بىنالار كۆپىيىپ، ئاشۇ بىناغا كىرنۇالغانلار كۆن

ئۆرنىنىڭ ئاجىزلىقىدىن زەئىپلىشىپ دورىغا موھتاج بولسا كې-
رەك، ئەمدى تۈرلۈك - تۈمەن دورىلار يېغىپ كېتىدىغان بول-
دى. بەزى «قېلىنلىق دورىسى» ئىچىۋالغان كىشىلەر قولۇڭغا
سۆزنەك، سىفلىس، ھەتتا ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان
يالىڭاچ ئەر - ئاياللارنىڭ جۈپلىشىپ تۇرغان رەسىملىرىنى ھې-
يىقماي تۇتقۇزۇپ قويىدۇ. بۇ خىل يامان كېسەللىكلەر مۇشۇ
جىنسىي ئالاقە يوللىرى ئارقىلىقلا بىر - بىرىگە يۇقىدىكەن. يەنە
نېمە دەرسىز، دەپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ ئاغزىغا قارىساڭ، تېخى
چاتراقتىكى قىچىشقاق، قۇرۇق قىچىشقاق، ھۆل قىچىشقاق دې-
گەنلەرنىمۇ بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ. مۇنداق
ئېلان - تونۇشتۇرۇشلارنىڭ تولىلىقىدىن كاللاڭمۇ گاڭگىراپ
مۇدھىش خىياللارغا بەند بولۇپ كېتىدۇ. ساقايماس رەزىل كې-
سەللەر يۇقىدىغان ئاشۇنداق يەرلەردە ئاياللار كۆپ يۈرەمدىغاندۇر
ياكى ئەرلەرمۇ؟ ئەرلەردىن ئاياللارغا يۇقامدىغاندۇر ياكى ئاياللار-
دىن ئەرلەرگە يۇقامدىغاندۇر؟ قەھۋەخانا، مەيخانا، مۇزىكىلىق
چايخانا، بەزمىخانا، ئۇن - سىنخانا، رېستوران - مېھمانخانا،
سائۇنا مۇنچىسى دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ خانىلار دەل شۇن-
داق كېسەللەر يۇقىدىغان ئاپەت خانىمۇ - يە؟! ئۇنداق يەرلەرگە
ئاياللار كۆپ بارامدىغاندۇر، ئەرلەرمۇ؟ ئىنسان بالىسى زادىلا
خالىمايدىغان شۇنداق مۇدھىش كېسەللىكلەر زادى قايسىسىدىن
قايسىسىغا يۇقۇۋاتقاندۇر؟!...»

مانا بۇ دەۋاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يېقىندىن ئىزدىنىن-
ۋاتقان تەتقىقات تېمام ئىدى. بەزىلەر: «مۇنۇ قېرى دوختۇر
پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، قىلىدىغان ئىش تاپالماي ئۆزىگە
ئىش تېپىپ يۈرەمدۇ نېمە؟» دېمىسە بولاتتىغۇ. نېمىشقا شۇنداق
قىلىدىكەنمەن؟ تارقىلىۋاتقان كېسەلگە چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ؟
جىسمانىي كېسەللىك ئەلۋەتتە، روھىي زەئىپلىكنى ئەكېلىدۇ،
ئەرلەرنىڭ زەئىپلىكى مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتامدىكىن

www.uyghurkitap.com

دېمەن! دېمىسىمۇ زامان تەرەققىي قىلغانسېرى ئاياللار كۈچىيىپ، ئەرلەر ئاجىزلاپ كېتىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ. قەيەرگە بارماڭ، ھېلىقى «قېلىنلىق دورىسى» ئىچىۋالغانلار ئەرلەرنىڭ قولىغا ئاجايىپ - غارايىپ ۋەرەقىلەرنى تۇتقۇزۇپ قويىدۇ - دە، قۇلىقىڭىزنىڭ تۈۋىدە ۋىچىرلاپ كېتىدۇ:

«ئالغاچ كېتىڭ، بۇ دورىنى ئىچسىڭىز يىلىكىڭىزنى تولۇقلاپ باھنى كۈچەيتىدۇ. ئوقۇپ كۆرۈڭ...»

«ئوقۇسىڭىز بىلىسىز، بۇ خىل دورا جىنسىي ئالاقىدە بولىدىغان توسالغۇلارنى يوقىتىدۇ...»

ئۇلارنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، بەرگەن قەغىزىنى ئېلىشقىمۇ ئىزا تارتىدۇ كىشى. ئالماي كېتىۋەرسەڭ تېخى ئۇنىمىغىنىڭغا ئۇنىماي يانچۇقۇڭغا تىقىدۇ. ۋېلىسىپىتلىك بولساڭ ئالدىڭدىكى سىم تورنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويىدۇ. بۇ نەرسىلەرنى ئوقۇساڭ، ئوقۇمىساڭ يەنە شۇ گەپلەر: ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى قالايمىقان، ھەرقىسما ئىشلار، جاھان نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ - ھە؟ ئار - نومۇس، پەردىشەپ، ھۆرمەت - ئېكرام دېگەنلەر يەرلىكىگە كۆمۈلۈپ، ئەر - ئاياللار كوچىغا قىپيالىڭاچ چىقىپ كەتكىلى تاس قېلىۋاتامدۇ، نېمە؟! مېنىڭچە «قېلىنلىق دورىسى»مۇ بىر يوشۇرۇن ئاپەت بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىنىۋاتقان يېرىنى ھېچكىم تېپىپ چىققىنى يوق، ھەي، شۇ ھېچكىم تاپالمايۋاتقان ئورۇندا ئىشلىنىۋاتقان «قېلىنلىق دورىسى»نىڭ كۆپرەكىنى ئاياللار، ئازراقىنى ئەرلەر ئىچىپ باشلىرى قېيىپ كېتىپ بارامدىكىن دەيمەن. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى سىرلارنى يوشۇرىدىغان ئىشلارمۇ قالمىغان ئوخشايدۇ...

«قۇرۇق گەپ، ھەممىسى قۇرۇق گەپ...» ئۇ، نۆۋەتتىكى تەتقىقات ماقالىسىنى شۇ يەرگىچە يازدى - دە، قەلىمىنى تاشلاپ مەھەللىگە، ئاندىن بازارغا چىقىپ ئايلىنىپ كاللىسىنى سەگى-

تىپ كەلمەكچى بولدى. يول بويى ئۇنىڭ خىياللىرى ئۈزۈلمە-دى، بازاردىنمۇ قايتتى. كاللىسى يەنە چىگىش بولۇپ كەتتى. ئۇماچتەك قوچۇلۇپ كەتكەن كاللىسىنى سەگىتىش ئۈچۈن يەنە ئۆستەڭ بويىغا چىقتى. كۆجۈم مەھەللىدىن توغرا كېسىپ ئۆتى-دىغان بۇ ئۆستەڭدە سۈپسۈزۈك غول سۇ ئاقاتتى. ياز كۈنلىرىدى-كى تىنچىق ئىسسىقتا ئۆستەڭدىن سالقىن، ساپ ھاۋا كۆتۈرۈلۈپ مەھەللىدىكىلەر شۇنداق راھەت ئارامبەخش ھېس قىلاتتى. ھازىر بولسا ئۆستەڭدىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايىنىتىدىغان بەتبۇي پۇراق كېلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۆستەڭ سۈيىنىڭ مەينەت رەڭگىگە قاراپ بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەرەتخانىسىنى ئۆستەڭگە تۇتاشتۇرۇۋېلىپ قويغانمىدۇ ياكى كېچىچە گارشوكقا ئولتۇرۇپ كۈندۈزى ئۆس-تەڭگە تۆكۈۋاتقانمىدۇ دېگۈدەك كېلىدۇ. بىر زامانلاردا ئۆستەڭ سۈيىنى ئىچەتتۇق. قاق سەھەردە ئەپكەشتە سۇ توشۇغانلىرىمىز ئېسىمدە. ھازىر بۇ ئۆستەڭ سۈيىنىڭ رەڭگىگە قارىغىنىمدا بايا ھېلىقى سارايىنىڭ ئالدىدا قولۇمغا تەشۋىقات ۋەرەقىسى تۇتقۇزۇپ قويغان ھېلىقى ئاداشنىڭ خۇنۇك چىرايى سۇ يۈزىدە كۆرۈنگەندەك قىلدى. قارامتۇل، بەتبەشىرە چىراي، قول ۋە كىيىم ـ كې-چەك، ئايىغىغا كىيگەنلىرىدىن تارتىپ مەينەت، پاسكىنىلىقى كىشىنى يىرگەندۈرىدۇ. تېخى قولۇمغا بەرگىنى قانچىلىك يىر-گىنچلىكتۇر ـ ھە.

ئۇ، ئۆستەڭ سۈيى مەينەت، كۆرۈمسىز بولسىمۇ ھەرھالدا ئېقىن سۇ بولغاچقا، ھەرخىل لاتا ـ پۇتا، سۇلياۋ پارچىلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ئايىغى چىقماس چوڭقۇر خىياللارغا چۆكۈپ ئولتۇرۇۋەردى. كۆزلىرى سۇ يۈزىدىن ئۈزۈلمىگەچكە، بايىقى ئاداشنىڭ سۈرىتى ئورنىغا يەنە قانداقتۇر بىر چىراي ئال-ماشقاندەك قىلدى. ئېسىنى يىغىپ يەنە سىنچىلاپ قارىماقچى بولۇۋىدى، دولىسىغا بىرى يېنىككىنە ئۇردى، ئۇ بۇرۇلۇپ قارى-دى، ئاخىرقى زاماندا كىمنى ئويلىساڭ ئالدىڭغا شۇ كىشى كېلى-

www.uyghurkitap.com

دۇ، دېگىنى راستمۇ نېمە؟! ئۇنىڭ يېنىدا مەھەللىنىڭ ھېلىقى ئېگىز، ئورۇق، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ، بۇرنى قىڭراقتەك ئۇسسۇپ چىققان كۆزەتچىسى تۇراتتى.

— ھە، ئۇكا، سەنمىدىڭا، ئەمدى بىر شېرىن خىياللارنى سۈرەي دەۋاتسام ئەجەب قاچۇرۇۋەتتىڭا، مەھەللىنىڭ كۆزەتچىلىكىنى قىلماي بۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەن؟

— سېنى نېمە قىلىۋاتىدىكىن دەپ، — دېدى كۆزەتچى چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي، — سېنى بويتاقچىلىقتىن تويۇپ ئۆستەڭگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالمىسۇن دەيمەن - دە، مۇبادا ئۆلۈۋالساڭ دەۋا - دەستۇرۇڭ مەھەللىگە چۈشمىسۇن يەنە.

— چاقچىقىڭنى قوي، ئۇكا، پات ئارىدا ئۆيلىنىپمۇ قالىدىغان ئوخشايمەن جۇمۇ.

— مۇبارەك بولسۇن، لايىقىڭ مەھەللىدىمۇ ياكى يېزىدىمۇ؟ شەھەردە بولسا تېخى ياخشى، — دېدى كۆزەتچى ئۇنىڭ يېنىدىكى تاشقا ئولتۇرۇۋېلىپ، — يالغۇزلۇقنى خۇدايىم ئىتقا بەرسۇن. ئۆيۈڭگە بىر ئوت كۆمگۈچ ئەكىرىۋالمىساڭ، قىشمۇ كېلىۋاتىدۇ. بولمىسا تىزىڭنى قۇچاقلاپ ياتىسەن. قانداق دېدىم؟

— گېپىڭ ئارا، بايا بازار ئايلىنىپ «گۈلىستان» سارىيىغا كىرىپ قاپتىمەن دېگىنە، بىر سەتەڭ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىر قارىۋېتىپ قولۇمغا تەپ تارتماستىنلا بىر گېزىتنى تۇتقۇزۇپ قويدى. «يالت» قىلغان قارىشىدىن يۈرەككە بىر ئوت چاچرىدى دېمەمسەن، كۆزۈم قاماشقاندەك بولۇپ تۇرۇپلا قاپتىمەن. مەنمۇ بوش قويمىدىم، گېزىت بىلەن قوشۇپلا نازۇك بارماقلىرىنى چىڭگىدە سىقىمداپ تۇتۇپ قويدۇم. كۆڭلۈمگە سۇ يۈگۈرگەندەك بولۇپ شۇركۈنۈپ كەتتىم. بەلكى ئۇمۇ شۇنداق بولغاندۇر، كۆزۈمنىمۇ قىسىپ قويدۇم. ھېلىقى جۇۋاينىمەك كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى گېزىتنى ئېلىپ دىققىتىنى بۆلمىگەن بولسا ماڭا جەزمەن جاۋاب قايتۇرغان بولاتتى. بىردەم كۈتتۈم، گېزىتنى ئوقۇ-

غان بولۇپ تۇردۇم. يەنە شۇ جىنسىي ئالاقە توسالغۇغا ئۇچراش كېسەللىكىنىڭ دورىسى دەمدۇ، باھنى كۆچەيتىش دورىسى دەمدۇ، ئىشقىلىپ ئىلگىرى ئاڭلاپ باقمىغان گەپلەر يېزىلىپتۇ. ھازىر ئاشۇ سەتەڭنى ئويلاپ ئولتۇرۇشۇم مۇشۇ كۈندە ئاياللار شۇنداق قىلىنىلىشىپ كېتىپتۇكى، ئەييۇھەنناس! دېمىسىمۇ ئەرلەرنىڭ نەپسى بىر بولسا، ئاياللارنىڭ نەپسى توققۇز، ئۇلاردا بىرلا نەرسە ئارتۇق، ئۇ بولسىمۇ ھايا. ئۇلار ھايا بىلەنلا ئۆرە تۇرىدۇ. ھايا قىلمىسا نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ سېنى كوچىدىلا بۇلاپ كېتىشى، ئادەم بار - يوق دېمەيلا بوينۇڭغا گىرە سېلىپ سېنى كوچىدىلا «ھابىبا» قىلىشى مۇمكىن، پەقەت شەرم - ھايالا ئۇلارنى نومۇسچان قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ھەرقانچە كوچىغا چىقىپ كەتكەن پاھىشە ئاياللار بولسۇن، شەھۋانىيلىقى قانمىغان بۇزۇق ئاياللار بولسۇن ياكى ئېرىنىڭ بەرگەن نېسىۋىسىگە شۈكرى - قانائەت قىلمايدىغان خوتۇنلار بولسۇن، سەن قىچىقلىمىساڭ ئۇ ئۆلۈپ كەتسىمۇ بالدۇر ئېغىز ئاچمايدۇ، كۆڭلىدە بولسا ئۆزىنىڭ شەھۋانە ئارزۇسىغا لايىق ئىش بولسىكەن دەپ كۈتىدۇ. كىشىلەر نېمانچە تويماس - ھە، ئەگەر چامى يەتسە يۈز خوتۇن ئالغۇسى بار. بەزىلەر يۈز خوتۇننىڭ يۈز خۇلقى بار دېسە، بەزىلەر يۈز خوتۇننىڭ بىرلا خۇلقى بار، ھەممىسى ئوخشاش دەيدۇ. ئالدىنقىسى توغرىمۇ، كېيىنكىسى؟ ئەلۋەتتە كېيىنكىسى توغرا. لېكىن، بىز دۆت، بىغەرەز ئەرلەر بىلىپ تۇرۇپ ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا كۆڭۈل يۈگۈرتىمىز، بۇ خۇددى تېشى رەڭدار بوياپ قويۇلغان، تەمى ئوخشاش تۇخۇمغا ئوخشاش گەپ. رەڭدارلىقىغا قاراپ ھەممە تۇخۇمنى بىر تۇتۇپ چىققۇڭ، تەمىنى تېتىپ كۆرگۈڭ كېلىدۇ. خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى كۆزۈڭگە رەڭدار بولۇپ كۆرۈنىدۇ. قېرىسامۇ ھەممىسىگە يېتىشسەم دەيسەن. لېكىن ئارمىنىڭغۇ بار، دەرمىنىڭ يوق. بۇنى ھۆكۈمەت بىلىپ ساڭا شۇنداق يولنى ئېچىپ بەرگەندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ، بۆرەك دەمدۇ، باھ دەمدۇ، جىنسىي قۇۋۋەت دەمدۇ، ئەيتاۋۇر ئىيتىپ تۈگىتەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىسىل دورىلارنى ساڭا يەتكۈزۈپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ساڭا قاندىقى كېرەك؟ تاللىق باققا كىرىپ ئۆزۈڭ تاللىۋال دېگەندەك قولۇڭغا ئىلان گېزىتىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغان بولدى. ئۆزمەي ئوقۇدۇم، ئوقۇپ شەھۋانىيلىقنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدىم. شاپاشلىدىم، ھەممىسى بىكارغا كەتتى. ئەمدى ھازىر ئۇنداق ئىلانلارنى ئوقۇمايلا بىزار بولىدىغان بولدۇم. تولا ئوقۇۋېرىپ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۆيدە يالغۇز «شەيتان ئاتلاپ» ئارامىمنى قويمىدى. شۇڭا، ئوقۇمايلا پۇرلەپ يانچۇققا تىقىدىغان بولدۇم.

— ئاغزىڭدا ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن كۆڭلۈڭدە باشقىچە ئويلاپ يۈرىدىغانسەن، مەسۇمكا، — دېدى كۆزەتچى تەنە بىلەن، — بايا شۇ ئىلاننىڭ كۆچى بىلەن سەتەڭگە كۆز قىسىپسەنغۇ.

— قانداق قىلىمەن، سادىلىغاڭ كېتەي، مەرۇپ ئۇكا، شۇنداق دەيمەنۇ، كۆڭۈلگە سۇ يۈگۈرتىدىغان ئىلانلارنى ئوقۇپ باققۇڭ كېلىدىكەن، چېپىلىپ تۇرغۇڭ كېلىدىكەن. ياشلىقىڭدىكى ئىشلارنى ئويلاپ قېرىغان كۆڭلۈڭگە بىرەر مەلھەم ئىزدىگۈڭ كېلىدىكەن، شۇ شىپالىق مەلھەم ئاشۇ تۈگىمەس ئىلانلار ئىچىدىن تېپىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بىر-بىرلەپ ئوقۇپ باققۇڭ كېلىدىكەن. مانا ئاڭلاپ تۇر، ھە: «... بۇ دورىنى ئۇزاق مۇددەت ئىچسىڭىز...» دېمەك، ئۇنى داۋاملىق سېتىۋالىدىغان گەپ، پۇل تاپماقچى ـ دە بۇ قويمىچىلار، ئۆلۈك ئاتنىڭ تاقىسىنى پۇل قىلىدىغان رەسۋالار، بۇ ئىش قانچىلىكتى؟ خوش، بۇ دورىنى ئىچسىڭىز دېگەن يەرگە كەلگەندىم: قېرىپ كەتكەندىمۇ جورىڭىزنى رازى قىلىسىز، ھەتتا چىرايىڭىزنى گۈزەللەشتۈرۈپ قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مانا، مانا، تېخى قېرىشنىڭ ئالدىنى ئالارمىش، يالغانچىلىقى، ئالدامچىلىقى دەل مۇشۇ يەردە بولمامدۇ. قانداق قىلىپ بىر دورا بىلەن قېرىشنىڭ

ئالدىنى ئالغىلى بولسۇن؟ ھەتتا ئۆلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ دېگىلى تاس قالىدۇ بۇ بەتبەختلەر! نېمىدېگەن تېتىقسىز گەپلەر بۇ. مانا ئاڭلاپ تۇر، يەنە نېمە دەيدۇ تېخى، جىنسىي سۈيىتىڭىزنى ئاشۇرۇپ، جىنسىي ھېسسىياتىڭىزنى قوزغايدۇ. سىزنى چەكسىز ھۇزۇرلاندۇرىدۇ، ئەر - ئاياللار جىنسىي ئالاقە يولىدىكى ... توختىغىنا، خاتا ئوقۇپتىمەن، ئەر - ئاياللار جىنسىي توسالغۇ يولىنى راۋانلاشتۇرىدۇ، دېگەن گەپ ئىكەن! ...

— ئۇنداقتا، مەسۇمكا، بۇ دورىنى ئىچكەندە بۇقىدەك ھۆركىرەپ، مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە چاپچىپ يۈرىدىكەنسەن - دە.

— نەدىكىنى، ئۆكا، يالغان، ھەممىسى ساختا دورىلار، ئىچسەڭ زەھەرلىمەيدۇ، كۆپ ئىچسەڭ زىيىنى يوق، ئاز ئىچسەڭ مەنپەئىتى يوق، مۇشۇنداق «ئۈچ يوق» ئاساسىدا ئىشلەنگەن سۈيۈقلۇق بىر نەرسىلەرلا بۇ.

— راست - يالغىنىنى سىناپ كۆرۈپسەن - دە ئەمىسە، مەسۇمكا، — سورىدى كۆزەتچى مەرۇپ.

— راست دەيسەن، سىناپ كۆردۈم، بىرنى تىنىپ يۇرمەيەنە، مەھەللىگە يېيىلىپ كېتىدۇ. «ئادەم قېرىسىمۇ كۆڭۈل قېرىمايدىكەن»، كونىلارنىڭ «دەرەخ قېرىسا، يىلتىز قېرىمايدۇ» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. قېرىغاندا كۈچ - قۇۋۋەت قايتىدىن بەرپا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، قىسقىسى، ھەۋەسنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ بۇ دورىلاردىن ئىچىپ باقتىم دېگىنە، ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى، ئىسىت پۇللىرىم، شۇنىڭ ئورنىغا ئەركەك قوينىڭ گۆشىدىن كۈنىگە بىر جىڭ ئەكېلىپ شورپا ئىچسەمچۇ، دەيمەن.

— شۇنداق دەپ يۇرۇپ يەنە پاھىشىۋاز بولۇپ كەتمە، مەسۇمكا، مەھەللىنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭگە سەت. مەھەللىنىڭ تۇل ئاياللىرىمۇ كۈن كۆرسۇن.

— ياقەي، سىنىڭ بۇ گېپىڭنى ئېلاندىمۇ دەپتۇ، سىنى ھەرگىز پاھىشۋازلىققا ئۆگىتىپ قويمايدۇ، دەپ يېزىپتۇ.

— مانا يالغانچىلىقى شۇ يەردە ئەمەسمۇ، — دىدى كۆزەتچى مەرۇپ ئۇدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ئۇنىڭ گۆشسىز يۈزى تېخىمۇ تارتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، — ئەمەلىيەتتە ھەممە-سى بىر گەپ - دە، يا بولمىسا ھۆكۈمەت ئىككى خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويامدىكەن؟

— ياقەي، ئۇكا، ماڭا ئوخشاش خوتۇن قويۇپ، خوتۇن يەڭگۈشلىسەڭ بولىدۇ. گۆشتەك يېتىۋەرسەڭ نەدىكى خوتۇننى يەڭگۈشلەيسەن، يەنە كېلىپ، خوتۇن دىگەننى باقالىساڭ بولىدۇ. خوتۇن خەقنى گـۆش بىلەن باقىسەن، بىز ئەمەس، گۆش بىلەن! ...

— گۆشكە چاپلىشۋالغان بەزدەك يېپىشىۋالساڭ خوتۇن خەق ساڭا تېگىۋېرىدۇ، شۇڭا بەزگە ئوخشاش يۈزى قېلىن ئەر-لەر، ئۇياتچان ئايالىلارنى ئالالايدۇ جۇمۇ، مەسۇمكا.

— شۇنداقمۇ؟ نەدىن بىلىسەن، — ھەيران بولۇپ سورىدى مەسۇم، — مەھەللىدىن چىقمىغىنىڭ بىلەن ھەممىدىن خەۋىرىڭ بار ئىكەن جۇمۇ سىنىڭ.

— مەسۇمكا، ئېيتە، ھازىر خوتۇن خەق بەزگە ئامراقمۇ، گۆشكىمۇ؟ — سورىدى مەرۇپ قۇۋلۇق بىلەن كۆزلىرىنى قىسىپ.

— گۆشكە ئامراق بولمامدۇ. كىممۇ بەز يەيدۇ دەيسەن؟

— مانا ئاڭلاپ تۇر، خوتۇن خەققە بەز تاشلىساڭ ئالدىنىدۇ، — دىدى مەرۇپ مەنىستىمەسلىك بىلەن، — ھازىر خوتۇن خەقلەر ئەمەس، ئەرلەرمۇ بەزگە ئالدىنىدىغان زامان بو-لۇپ كەتتى.

— ماڭاۋۇي، بۇ نېمە دېگىنىڭ، — مەسۇم قايىل بولماي ئۆڭدى، — بەزگىمۇ ئالدىنامدۇ كىشى، كور بولمىسا يە.

— مەسۇمكا، قولتۇقۇڭدا چىڭگىدە قىستۇرۇقلۇق تۇرغان ئاۋۇ چاپاق خېتى بار، ئۇياتسىز رەسىملەر بېرىلگەن تاختا قەغەز بەز بولماي نېمە؟

— ياقەي، قولتۇقۇمدىكى گېزىتكە ئورالغان گۆش، ئۇكا، بەز نېمە قىلسۇن. بەز يەيدىغان ئوغۇل بالا بىز ئەمەس جۇمۇ.

— ھىي، مەسۇمكا، — دېدى كۆزەتچى مەرۇپ تېرىككەندەك قىلىپ، — يانچۇقۇڭغا پۇرلەپ تىققان بەزنى ئېلىپ ئوقۇغىنا.

— ھە، مۇنداق دېمەمسەن، — مەسۇم مەرۇپنىڭ گېپىنىڭ ئورامىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، يانچۇقىغا پۇرلەپ سېلىپ قويغان بايىقى دورا ئېلانلىرىنى ئالدى، — قانداق؟ گەپلەر خۇشيېقىۋاتامدۇ، ياقىدۇ، ئەلۋەتتە ياقىدۇ، ئاشۇنداق تاتلىق گەپلەرنى ئاڭلىغۇڭ كېلىدۇ - دە، مەرۇپجان، ئاڭلاپ تۇر ئەمىسە، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ باھنى كۈچەيتىدىغان بۇ دورا قەدىمكى خان ئوردىسىدىكى يىگىرمە يەتتە خىل مەخپىي رېتسېپ بويىچە ياسالغان بولۇپ…

— ۋاھ، قالتىسكەن ئەمىسە، — دېدى مەرۇپ مەسۇمنىڭ ئوقۇشىنى بۆلۈپ، — قەدىمكى خان - پادىشاھلارنىڭ يۈزلىگەن كېنىزەكلەرگە ھاڭگىدەك چېپىپ يۈرۈشلىرىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن - دە، ئۇمۇ مۇشۇ دورىنىڭ كۈچى دېگىنە، مەسۇمكا، قانداق تاپتىممۇ؟

— بەللى تاپتىڭ، مەرۇپجان، ھەركىم ئۆزىگە پادىشاھ، پۇلۇڭلا بولسا، سەنمۇ ھاڭگىدەك چېپىۋېرىسەن.

— شۇنداق بولمايچۇ، مەسۇمكا، سېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇڭ كېلىۋاتامدۇ، نېمە؟ ئۇيالماي دەۋەرگىن.

— خۇدايا توۋا دېگىنە، مەرۇپجان، ئۇنىڭغا نەدىكى پۇل، بىر بولىقى قىرىق سوم دەپتۇ، پاھ - ھا! زەھەردەك قىممەت ئىكەن، بۇ بىرنېمىلەر بىزنى پۇلنى غازاڭدەك سوپۇرۇۋالىدۇ دەمدىكىن ياكى بىزدەكلەرنى يېمىسىمۇ، ئىچمىسىمۇ ئالىدۇ دەم-

دىكىن. شۇنداق قىلدۇقمۇ دەيلى، راستتىنلا خوتۇن كىشىنىڭ يېنىدىن كېلەلمەس قىلىپ قويارمۇ؟

— قانداق، قورقۇۋاتامسەن؟ قورقما، بىر سىناپ كۆرمەمسەن، مەسۇمكا، چۈشۈپ كەتسەك چىقالمايدىغان قۇدۇق ئەمەس دېگىنە، — مەرۇپ شۇ گەپنى قىلىپ ئورنىدىن قوزغالدىيۇ، خىيالىغا بىر ئوي كەلگەندەك يەنە توختاپ مەسۇمگە بۇرۇلدى، — بۇ ئالدىڭغا تاشلانغان بىر بەز، شەھۋانىيلىقىڭنى كۆچەيتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ، پوسكاللىسى: پۇلۇڭنى ئالىدۇ.

— بەز دېگىنىڭغۇ بوپتۇ. شەھۋانىيلىق دېگىنىڭ نېمىسى، مەرۇپ؟ بۇ دورىنى ئىچكەننىڭ ھەممىسى پاھىشىخانىلارغا يۈگۈرسۇن دېگىنى يوققۇ، سېنى خۇشال قىلاي دەپتۇ. بۇنىڭ نەرى يامان؟

— ئالدىرىما، مەسۇمكا، يامىنىنى تېخى كۆرمىدىڭ، — دېدى مەرۇپ ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىۋېتىپ، — ساق بېشىڭنى ئاغرىق قىلماي، تىزىڭنى قۇچاقلاپ يېتىۋەرگىن.

— توختا، گېپىمنى ئاڭلا، ئۇكا، — ئارقىسىدىن يالۋۇردى مەسۇم، — بۇ دۇنيادا ئەركەك بىلەن چىشى جۈپ قىلىپ يارىتىلغان، مېنى يالغۇز - يېگانە يۈرۈۋېرىدۇ دەمسىنا، خوش، سەپەرىڭ قاياققا؟

— قارادۆڭگە چىقىمەن، مەسۇمكا، ئىشىم بار.

— ماڭا قارا، ياش تۇرۇپلا قارادۆڭگە چىقىمەن دەپ ئادەم قورقۇتما، راستتىنلا شۇ مەھەللىلەرگە بېرىپ قالساڭ ئوبدانراق قاراشتۇرۇپ باققىن، بىرەر تۇل خوتۇن كۆرۈنۈپلا قالسا، توغرىلىۋەتكىن، ئاكاڭ مەسۇم قالغىنىنى ئۆزى جۆندەيدۇ.

— شۇنداق دەيسەنۇ، مەسۇمكا، قولۇڭدا خوتۇن تۇرماي، كىشىنى يەرگە قارىتىپ قويىسەن ئەمەسمۇ.

— مەن ھېلىقىدەك بىر خوتۇن بىلەن قىرىق - ئەللىك يىل ئۆتىدىغانلاردىن ئەمەس دېگىنە. خوتۇن دېگەننى يەڭگۈشلى-

گەنسىرى ياشىرىدىغان گەپ. هازىرمۇ ئىرىدىن ياشلا ئاجرىشىپ كەتكەن جۇۋانلار تولا. ئون قىزغا تېگىشمەيدىغان جۇۋانلارمۇ بار جۇمۇ. بىر ـ بىرىدىن ئۆتەر لەۋەن، كۆزۈڭنىڭ يېغىنى يەيدۇ. بەزىدە بىر نەچچىسىنى بىراقلا ئېلىپ، نەچچە خوتۇنلۇق بولغۇڭ كېلىپمۇ قالىدۇ، لېكىن، ئېنىقكى، ئۇنداقلارنى هۆكۈمەت قاپ-قىنىغا دەسسەتمەي قالمايدۇ.

— مەن ماڭاي، مەسۇمكا، ئىشىم ئالدىراش، — دېدى مەرۇپ يەنە مېڭىشقا تەمشىلىپ، — ئۇچرىغانلا يەردە بەزدەك چاپلىشىۋېلىپ كىشىنى يولىدىن قويىسەن، مەسۇمكا، ماقۇل مەن كەتتىم.

— بوپتۇ، خاپا بولما، ئەمما بارغان مەھەللەڭدە تۇل خوتۇنلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ قايتارسەن جۇمۇ، ئۇنتۇما، خەيرخوش!

مەرۇپجان مەسۇمدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولغاندەك يوغان ـ يوغان چامداپ كېتىپ قالدى. مەسۇم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر پەس قاراپ تۇرۇپ ئۆيىگە بۇرۇلدى.

ئۆي يەنە ئۆز جىمجىتلىقى بىلەن ئۇنى قوينىغا ئالدى. ئۆيدە جىمجىتلىق، تەنهالىق هۆكۈم سۈرگەن، تامدىكى جانسىز رەسىملەردە هېجىيىپ تۇرغان سەتەڭلەر، كىنو چولپانلىرى، ئارتىسلار، مودا كىيىم چولپانلىرىمۇ مەسۇمگە جىمجىتلىق ئىچىدە تىكىلىپ قارايدۇ. ساتىراشخانىدەك بولۇپ كەتكەن بۇ ئۆيدە تۆت تامنىڭ هەممىسى رەسىملەر بىلەن تولغان. مەسۇم سەتەڭ خوتۇن ئالالمىسامۇ سەتەڭلەرنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئولتۇراي دېگەندەك ئۆيىنىڭ هەممە تېمىغا ئاشۇنداق رەسىملەرنى چاپلىۋالغان. ئۇنىڭ خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇشىدىمۇ ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش ئۆزگەرمەس قانۇن بار: ئۇ ئالىدىغان خوتۇن بىرىنچىدىن، ياش، ئىككىنچىدىن، سەتەڭ، ئۈچىنچىدىن، خىزمىتى بولۇشى كېرەك. شۇنداقلارنىمۇ تاپقان بولدى، لېكىن چىقىشالمىدى. ئال-

دى بىر ھەپتە، كەينى بىر يىل ئۆي تۇتۇپلا بولدى قىلىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا نىكاھلىنىش ھاياتىدا دىلىدا ئىمانى بار، شەرم ـ ھايالىق، خېلى ئۇز چوكانلار بىلەنمۇ بىر ياستۇققا باش قويۇپ باقتى. لېكىن مۇنداق ئايالالار ئاز ۋاقىت ئۆي تۇتۇپ بېقىپ ئەپلىشەلمەي كېتىپ قېلىشتى، چۈنكى ئۆي خىراجىتىدىن ئانچە خەۋەر ئالماي، ھەدېسىلا بۆرىكىنى كۆچەيتىدىغان بولاق ـ بولاق دورىلارنى ئىچىپ ئايالىغا كېچىچە ئۇيقۇ بەرمەيتتى. نەتىجىدە، غورىگىل تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق ئەلىمى، مەسۇمجاننىڭ يېتۇك ئەركەكلىكى چوكانلارنى ئۆيدىن بەزدۈرەتتى. نىھايەت، ئاخىرقى ئايالمۇ كۆدە ـ كۆرپىسىنى يىغىشتۇردى.

«نېمىدېگەن تېتىقسىز بەز ئادەم بۇ، — دېدى قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىچ كۆڭلەكچانلا پەگاھغا چۈشۈۋالغان ئايال، — ئەللىك ياشتىن ئېشىپمۇ ھاڭگىلىقى قاتتىق ئادەم ئىكەن بۇ، ئاچ قورساققا ئاچچىق ھېلىقى دەپ، بەرگەن ئاش ـ نېنىڭىزنىڭ تايىنى يوق، كۆن بويى ئاچ ئولتۇرمەن، ئۆزىڭىز قورسىقىڭىزنى بازاردا توقلاپ كېلىپ، ئۆيدە بولاق ـ بولاق دورىنى ئۇزمەي ئىچىپ بىرنېمىڭىزنى دىڭگايتىۋېلىپ تەڭلەپلا تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرەي دەمسىز، بېرىشنىڭ بەش تەڭگە، ئۇرۇشۇڭ تاڭ ئاتقۇچە دەپ ...بولدى خېتىمنى بېرىڭ ... راستىنىلا بەز ئىكەن بۇ! ...»

مانا شۇنداق قىلىپ ئاخىرقىسىمۇ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مانا بىر يىل بولدى، بويتاق يۈرۈۋاتىدۇ. خوتۇن خەقنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن، ئاغزى ئىتتىك. كىچىككىنە ئىشنى بىر ـ بىرىگە دەپ، ھەرقانداق گەپنى جاھانغا پۇر قىلىۋېتىدۇ. بەلكىم، مەسۇمجاننىڭ بۇ ئىشلىرىنىمۇ ھەممە تۇل خوتۇن، تۇل چوكان، تۇل جۇۋانلارغا ئۇقتۇرۇۋەتكەندۇر... ئۇنداق بولمىسا كېيىنكى تاپقانلىرىمۇ يامان ئەمەس ئىدى، تىرناقتا توختىغۇدەك بولمىسىمۇ، بىر قامچىلىقى بار ئىدى. ھەممىسى بېشىنى شاپتۇل

قېقىپ، سوزۇلۇپ قاراپ كېتىپ قېلىشتى...

قوش كىشىلىك كارىۋات ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىپ، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، قاپقارا ئىس ۋە چاڭ - توزان باسقان تورۇسقا تىكىلىپ ياتقان مەسۇمجان هاياتىدىكى ئىشلارنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى. ئۇنىڭ خىياللىرى ئۈزۈلمەيتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىۋېرەتتى: بابا مەرۇپ گۆشنىڭ تىزىڭنى قۇچاقلاپ يات دېگىنى نېمىسى، مەن تىزىنى قۇچاقلاپ ياتىدىغان ئادەممۇ؟! يامىنىنى تېخى كېيىن كۆرىسەن دەيدۇ. نېمە دېگىنىكىن ئۇنىڭ، بۇ گۆشمۇ تېرە تاراقشىتىپ ئادەم قورقۇتۇشقا ئۇستا. هۆكۈمەت چىقارغان ئەركەك دورىسىنى ئىچىپ ئۆزۈڭنى ساغلام تۇتۇپ، يېتۇك ئەركەكلىكىنى ساقلاپ يۈرگەننىڭ نېمىسى يامان؟ جاهاننىڭ راهىتى خوتۇن، جاننىڭ راهىتىمۇ خوتۇن، نازۇك - ئەۋرىشىم، مامۇقتەك يۇمشاق تەنلىرىنى تۇتۇپ سىلىسالىڭ، غۇنچىدەك لەۋلىرىدىن پىستە - بادام چاقساڭ نېمىدېگەن هوزۇر، راهەت - هە؟ مانا بويتاقچىلىقتىن جاق تويۇپ يۈرمەمدىمەن، خوتۇنسىز هايات هاياتمۇ؟ ئەمدى كېچىكمەي نۆۋەتتىكى خوتۇننىڭ ئورنىنى قىلىش كېرەك... خوتۇن ئالغانمۇ يامانمۇ!؟...

«يامان ... يامان...، — مەسۇمجاننىڭ خىياللىرى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا ئاۋازى ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى، — خوتۇن ئېلىپ كۆڭۈلنى خۇش قىلاي دېسىممۇ بۇ ئاغىنىلەر مانا شۇنداق يامان، يامان دېيىشىدۇ، ئىلاهىم، ئاشۇ يامانلىق ئۆزلىرىگە يانار...»

مەسۇمجان ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكتى. دېمىسىمۇ بويتاقچىلىق كىشىنىڭ جېنىغا بەكلا تېگىدىكەن. مەهەللىدىكىلەرمۇ سېنى «بويتاق» دەپ چەتكە قاقىدىكەن، هەتتا خوتۇنلىرىدىن كۆڭلەپ ئۆيىگە بىر چىنە چاي ئىچىشكە تەكلىپمۇ قىلىشمايدۇ، نەرسە سوراپ كىرىپ قالساڭ، بىر غەرەز بىلەن كىردى دەپ ئويلامدىكىن، كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ تاكى دەرۋازىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەتكۈچە كەينىگىدىن قارىشىدۇ، بەزىدە تېخى دەرۋازا بو-
سۇغىسىدا مېنىڭ ئاياغ ئىزلىرىمنىڭ بار - يوقلۇقىغا سىنچىلاپ
قاراپ بېقىشىدۇ. بۇنداقلىقنى نەچچە قېتىم سەزگەنمەن...

مەسۇمجان شۇ خىياللار بىلەن كەچ كىرگۈچە ياتتى، بىرىنچ-
مە ئېتىپ يېپىشكىنى ھۆر ۇنلۇق قىلدى، قايناق سۇ بىلەن قو-
رۇق ناندىلا قورساق تويدۇرۇپ بولدى قىلدى. ئاندىن ئورنىغا
قايتىدىن يېتىپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. ئۇ نەچچە يىل بولۇپ
كەتكەن بۇ تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى گىرىلداپ چىقاتتى، ئېكرانىمۇ
ئىمىر - چىمىر قىلىپ سۈرەت ئېنىق كۆرۈنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ
ئۇ زېرىكمەي كۆرەتتى. ئۇ، يالغۇزچىلىقتا تېلېۋىزور كۆرۈشتىن
باشقا نېمىمۇ قىلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى يەنىلا شۇ
ئېلان. ئېلان چىققاندا، ئەرلىك ۋە ھەرخىل بۆرەك كېسەللىرىگە
شىپالىق بېرىدىغان، باھنى كۈچەيتىپ، كىشىنى جۇشقۇن، جا-
سارەتلىك قىلىدىغان دورا ئىسىملىرىنى ئاڭلىغاندا ئۇلارنى
ئېسىدە تۇتۇۋېلىشقا ياكى يېزىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ تېلېۋ-
ىزور كۆرۈشتىكى مۇددىئاسى ھېچكىمگە ئوخشاشمايتتى. تېلېۋ-
ىزور ئېكرانى ئالدىدا ئولتۇرغان چوڭ - كىچىك تاماشىبىنلارنىڭ
ھەممىسى ئېلاندىن بىزار ئىدى. تېلېۋىزوردا ئېلان بەرگەندە
تالاغا چىقىپ كېتەتتى ياكى تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتەتتى. مە-
سۇمجان ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئېلان بېرىلگەندە خۇش بولۇپ كېتەت-
تى. كەشپىياتچىلار ئەرلىكنى كۈچەيتىدىغان يەنە قانداق دورىلار-
نى كەشىپ قىلدىكىن، ئۇنىڭ ئۈنۈمى، شىپالىق رولى زادى
قانچىلىككىن دەپ ئويلاپ ئېكرانغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ كې-
تەتتى. چۈنكى ئۇ يىلدىن - يىلغا قېرىۋاتاتتى. شۇڭا دورىغا
ئۆزىنى ئۇرمايمۇ بولمايتتى. ئۇنداق بولمىغاندا ھەر يىلى يېڭىلاپ
تۇرىدىغان خوتۇنلارغا قانداق قىلىپ تاقابىل تۇرغۇلۇق؟ دورا
بولمىسا ھەرئىككىسىلا ئوخشاش خوتۇن بولۇپ بىر - بىرىگە
قارىشىپ ياتىدىغان گەپ - دە! مەسۇم، باھنى كۈچەيتىدىغان

يېڭى ـ يېڭى دورىلارنى بىلىپ تۇر، ئىچىپ تۇر، خوتۇن كىشىگە بوش كەلمە، مەسۇم، خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئىككى كۈنلۈك ئالەمدە ئۆمرۈڭ قانچە خوتۇن ئېلىشقا يەتسە شۇنچە خوتۇن ئال. غىن، ھەرگىزمۇ مال ـ دۇنيا يىغما، دورىنىڭ قىممىتى ھەربىر ئالغان خوتۇنۇڭ بىلەن تەڭ بولسىمۇ ئالغىن، ئالغان خوتۇنۇڭ. نىڭ قوينىدا يېتىپ راھەتلەنگىنىڭ قالىدۇ...

مەسۇمجان ئايىغى چىقماس خىياللاردا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور. دىن يەنە يېڭى ئېلانلارنى كۈتتى. قېرىشقاندەك، يېڭى دورا ئېلان. لىرى چىقمايتتى، يەنىلا شۇ كونا دورىلار، ئۇ سىناپ كۆرگەن، ئىچىپ كۆرگەن ساختا دورىلارنىڭ ئېلانى. خەقلەرنىڭ شەيتانلى. قىنى، مەسۇمجاندەكلەرنىڭ شەھۋانىيلىقىنى ئويغىتىدىغان دەبدە. بىلىك سۆزلەر. خۇدايا توۋا، خەقنىڭ يانچۇقىدىكى پۇللارنى گەپ بىلەنلا ئالىدىغان زامان بولۇپ كەتكىنىنى قارا، قۇرۇق گەپ قىلىپ كىشىنى قايمۇقتۇرغىچە، نېمىشقا تېلېۋىزوردا تۇل خو. تۇن، بويتاق جۇۋانلارنىڭ ئېلانىنى بەرمەيدىغاندۇر، «پالان يەردە مۇنداق جۇۋان بار، مۇنچە ياش، تەقى ـ تۇرقى مۇنداق، ئۆزىگە مۇۋاپىق جورا ئىزدەيدۇ» دېسىلا بولىدىغۇ. بىزدەكلەر مەھەللىمۇ مەھەللە تۇل خوتۇن، بويتاق جۇۋان ئىزدەپ يۈرمەيتتۇق. تېلې. ۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ باشلىقىغا شۇنداق دەپ بىر پارچە خەت يازايمۇ ـ يە، قوبۇل قىلارمۇ ياكى ساراڭمۇ نېمە دەپ ئىچىدە تىللاپ قالارمۇ؟!

مەسۇمجاننىڭ كەينى ـ كەينىدىن ئۇلىشىپ كېلىۋاتقان خى. ياللىرىنى تېلېۋىزور نومۇرلىرىمۇ بۆلۈۋېتەلمىدى. يەنە يېڭى ئېلانلارنىڭ بېرىلىشى چوقۇم. يېڭى دورىلارنىڭ ئېلان قىلىنى. شىنى مىڭلىغدەك كۆرمىگ ئادەم زارىقىپ كۈتىدۇ، بولۇپمۇ ياش خوتۇنى بار قېرىلار شۇنداق تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ ئىزدەي. دۇ. ھەي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكىلەر بىزنىڭ دورا ئېلانلى. رى، بولۇپمۇ ئەرلىك باھنى كۈچەيتىدىغان دورىلار ئېلانىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاڭلاشقا قانچىلىك مەپتۇن ئىكەنلىكىمىزنى يەنىلا چۈشەن- مەيدۇ - دە.

مەسۇم شۇ ئويلاردا خېلى ۋاقىتقىچە تېلېۋىزورغا قاراپ ئول- تۇردى، لېكىن، ئېلان بېرىش تۈگىگەندەك قىلاتتى. شۇنداقتىم- مۇ ئۇ تېلېۋىزورنى يەنە «خەير - خوش» چىققۇچە كۆرۈپ ئاندىن ئۆچۈردى. ئورنىغا بېرىپ يېتىپمۇ ئۇيقۇسى كەلمىدى. تېلېۋى- زورنىڭ ئۇنى ئۆچكەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىنى كېچە جىمجىتلى- قى باستى. بۇ غېرىپ كۆلبىدە قاچانغىچە شۇنداق تەنها تىكەندەك ياشايدۇ، خوتۇن دېگەن ئەرمەك، مۇشۇنداق يالغۇزچىلىقتا ئىچ پۇشۇقى ئەمەسمۇ، يالغۇز ياشاشنى ئىتقا بەرسۇن، ئىتمۇ تېخى پەيتىنى تېپىپ جۈپىنى تېپىپ جۈپلىشىۋالىدۇ. بۇ دېگەن ئىن- سان، ئىنسان تۇرۇقلۇق ئۆزى جۈپلىشىدىغان جۆرىنى تاپالمىسا نېمە بولۇپ كەتكىنى! كېچىدە كىشىنىڭ نېمانچىۋالا ئىچى پۇشى- دۇ، نېمانچىۋالا قىسىلىدۇ، بۇ يۈرەكنىڭ قىسىلغانلىقىمۇ ياكى خوتۇن سېغىنىپ قوزغىلىپ كېتىۋاتقان شەھۋانىيلىقىمۇ؟! يۈ- رەك دېگەن تاش ئەمەسقۇ، شەھۋانىيلىقنى مۇھەببەت تۇغىدۇ، لېكىن، تەنها يۈرەك نېمىنى تۇغىدۇ؟ يەنىلا خوتۇن ئالماي بول- مايدۇ. خوتۇن بولسىلا ئۇنىڭ هازىرقى ئۆيىدىكى ئۆلۈكتەك جىمجىتلىقنىڭ ئورنىنى قىزغىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ، شوخ كۈلكى- لەر ئالىدۇ. كۆڭۈلسىزلىك، غەمكىنلىك، غېرىبلىقنىڭ ئورنى- نى خۇشاللىق، بەخت - سائادەت، شېرىن سۆھبەت، شېرىن مۇھەببەت ئالىدۇ. بولمىسا، بايا مەرۇپ گۆش باش دېگەندەك تىزىنى قۇچاقلاپ يېتىۋېرىدىغان گەپ...

## ئىككىنچى باب

مەسۇمجان بازاردىن هاساسلاپ كېلىۋاتاتتى. كۈنىگە بىر قېتىم بازارنى ئايلىنىش ئۇنىڭ زادىلا ئورۇندىمىسا بولمايدىغان

ۋەزىپە خاراكتېرلىك ئادىتى. قولىدا يەنە شۇ دورىلارنى تونۇشتۇرىدىغان ئېلان گېزىتى پۇلاڭلاپ تۇراتتى. مەرۇپ كۆزەتچى ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغاندەكلا مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى مەرۇپجان مەسۇمجان يېقىنلاپ كېلىشىگە بىلەن تەڭ شادىدەك ئۇزۇن قوللىرىنى سۇنۇپ، — مۇبارەك قولۇڭدا يەنە بىر نېمە تۇرىدىغۇ، مەسۇمكا، ئوقۇپ باقماسەن، يەنە شۇ سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكى گەپنى قىلغاندۇ، ئۇنداق ئەمەسمۇ - يە؟ ئۆزۈڭگىلا دورىلىق ئىزدىمەي، خوتۇن كىشىگىمۇ پايدىسى بارنى ئىزدىسەڭ، ئاندىن سېنىڭ بويتاقلىقىڭنى بىلىپ خوتۇن ئىزدەپ كەلمەمدۇ. بولمىسا سەرگەردان بولۇپ كوچىدىن كېلەلمەي يۇرۇۋېرىسەن، ئەرگە ئەمەس، خوتۇن كىشىگە كېرەكلىكىنى تاپساڭ تۇل خوتۇنلارغا بىر ئامال قىلىپ ئىچۇرۇپ قويىسەن، ئاندىن ئۇلار سېنى ئىزدەيدىغان بولىدۇ، مەسۇمكا، ساڭا چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، زامان تەرەققىي قىلغاندا، خوتۇن كىشىنىمۇ غىدىقلايدىغان دورا چىققانمىش، راستىنى دەۋاتىمەن!

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن، — دېدى مەسۇمجان خوش بولۇپ، — زادى ئاياللارغا كېرەكلىكىنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن، بولۇشىمۇ مۇمكىن، ھەي، ياقەي، مېنى ئەخمەق قىلىۋاتىسەن جۇمۇ. باشقا گەپنى قوي، ئۇكا، تونۇگۇن بارغان مەھەللەڭدە تۇل خوتۇنلارنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتىڭمۇ، قانداق؟

— مەسۇمكا، ئاۋارە بولما، بۇ شەھەردە ساڭا تېگەي دەيدىغان تۇل خوتۇن چىقمايدىغان ئوخشايدۇ جۇمۇ، — مەرۇپجان بۇ گەپنى مەسۇمجاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — سىڭگەن نېنىڭنى يەپ، تىزىڭنى قۇچاقلاپ يېتىۋەرسەڭ بولغۇدەك.

— نېمىشقا ھۇي؟ — مەسۇمنىڭ كۆزى چەكچىيىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتتى، — شەھەرنىڭ خوتۇنلىرى بىلىپ كەتكۈدەك مەن شۇنداق يامانمىكەنمەن؟!

— تۇل خوتۇنلارنىڭ ھەممىسى سېنى مەسۇم بەزنىڭ ئۆزىدىن دورىسى يامان ئىكەن دېگۈدەكمىش.

مەسۇم بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئۇ چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، تۈكلۈك قوللىرىنى چىڭگىدە يۇمۇپ يانچۇقىغا سالغان ھالدا ھە دەپ تىترەيتتى.

«نېمە دەۋاتىسەنىۇي دۆيىۇز، ھىۇ گىەپ ئۆتىمەيدىغان گۆش ...» مەسۇمجان مەرۋۇپنى شۇنداق دەپ تىللىماقچى بولدىيۇ، لېكىن، يەنە ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىنى ئىچىگە چىقىرالمىدى.

— خىۇدا يىولىدا مېنىى ئۆيلەپ قويىساڭ يامان بولامدۇ، — دېدى ئۇ باشقىچە ئېغىز ئېچىپ، — شۇنداق دېگەنلەرنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويساڭ بولمامدۇ، ئۇكا، مېنىڭدىن مۇكاپاتىڭنى ئالاتتىڭ، باشقا گېپىڭنى قويۇپ، ماڭا بىرەر تۇل خوتۇن تېپىپ بەر، خوتۇنسىراپ كەتتىم.

«نېمە دەۋاتىدۇي مۇنۇ تاشلاندۇق بەز...» مەرۋۇپجان ئىچىدە شۇ گەپنى قىلدىيۇ، مەسۇمجاننى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېغىزىدىن چىقارمىدى.

— مەسۇمكا، مەن ساڭا تۇل خوتۇن قەرزدارمۇ؟ — دېدى ئۇ مەسۇمگە تىكىلىپ، — ھەممە دورىنىڭ ياخشىسىنى سەن ئىچ، خوتۇننىڭ ياخشىسىنى سەن ئال. يەنە كېلىپ خوتۇن ئېلىپ بەر دەپ كۆزۈمگە خۇددى بەزگە تويمىغان مۈشۈكتەك پارقىراپ قاراپ تۇرۇۋالىسەن، ئۆزۈڭ تاپمامسەن، بولمىسا تۇل خوتۇنلارنىڭ يولىنى توسۇپ قاراقچىلىق قىل، ئۇمۇ بولمىسا خوتۇن ئەپقېچىپ كەل، ئۇمۇ بولمىسا، مەھەللىدە ئەل ئايىغى جىمىققاندا پاھىشىخانىغا بارغىن، كېچىسى قاراڭغۇ بۇلۇڭلاردا سەندەكلەرنى كۈتىدىغان سەتەڭلەرمۇ بار، ئۆيۈڭگە باشلاپمۇ كېلىپ يۇرمەيسەن.

— مەسۇمكاڭنى ئۆلۈپلا تۇگەشسۇن دەيسەن ـ دە.

— ئۆلمەيسەن، تۇگمەننىڭ كويلىسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان مەسۇم پاھىشىخانىدىن چىقالماي ئۆلۈپ كېتەرمۇ. ماڭا بەزگە تويمىغان مۇشۇكتەك قاراپ تۇرۇۋەرمە. ئۆلۈمتۈك بەز، بولمىسا ئۆزۈڭ بىر ئامال قىل. خوتۇنغا تويمىغان بېدىك!...

مەسۇم بەزنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. مەرۇپ گۆشمۇ ئۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ بىچارىلىكىدىن يەنە بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولسىمۇ ئاغزىنى يىغىپ جىمىپ قالدى.

— خوتۇننىڭ گېپىنى قىل، ئۆلۈمتۈك گۆش، — دېدى مەسۇمجان ئۇنىڭغا، — سەندىن ئايرىلىپ ياشالمايدىغانلىقىمنى بىلىسەن، گۆش بىلەن بەزنىڭ ئايرىلغىنىنى نەدە كۆرگەنتىڭ. مەھەللە بىر، جېنىمىز بىر، بىلىسەن، سەن خوتۇنۇڭنى قوچاقلاپ يات، مەنچۇ؟ قاچانغىچە تىزىمنى قوچاقلاپ ياتىمەن!

— بولدى، بولدى، مەسۇمكا، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، كوچىدا نېمە گەپ بار شۇنى دېگىنە، — مەھەللىنىڭ كۆزەتچىسى مەسۇمنىڭ خوتۇن ھەققىدىلا پاراڭ قىلىشىدىن زېرىكىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولدى، — خوتۇننىڭ گېپىنى كېيىن قىلاي-لى، مەھەللە سېنى جەزمەن ئۆيلەپ قويىدۇ، ئەمما قويۇۋەتمەي-سەن، شەرت شۇ. بارغانسېرى قېرىدىۋاتىسەن، ئۇقتۇڭمۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن ساڭا ياش خوتۇن ئەمەس قېرى مومايمۇ تەگمەيدۇ. ئۇ چاغدا تەس كۈندە قېلىپ خارلىنىسەن، خوتۇن دىدارىغا زار بولىسەن... بولدى، بولدى، يەنە خوتۇننىڭ گېپىنى قىلىپ كەتتىم، دېگىنە، مەسۇمكا، كوچىدا نېمە گەپ بار؟

— ساڭا تازىمۇ ئىشەنچلىك كوچا خەۋىرىدىن بىرنى ئېيتاي-مۇ، ئۇكا، — مەسۇمجان كۆزلىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا ئالاق ـ جالاق قىلىپ قاراپ ئەتراپىدا باشقا يات ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن داۋام قىلدى، — دېسەم ھەيران بولۇپ يۈرمە، ئاۋۋال ئۆزۈڭ دەپ باققىنا، مەن ساڭا نېمە دېمەكچى؟

— مەن نېمىنى بىلەي، — جاۋاب بەردى مەرۇپ مەسۇمگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ، — بىلسەم - بىلمىسەم بەزنى مۇشۇك يەۋالدىغۇ دەيمەن!

ئارقىدىنلا مەرۇپ پىخىلداپ كۈلگىنىچە ھەييارلىق بىلەن كۆزلىرىنى ئويناتتى.

— بەزنى مۇشۇككە يېگۈزىدىغان ئوغۇلۋالا بىر ئەمەس جۇ-مۇ، ئۇكا، — دېدى مەسۇمجان مەغرۇر ھالدا گىدىيىپ، — ساپساق تۇرمامدۇ، خوتۇن ئالغاندا ئامانىتىنى بېرىدىغان گەپ. ئەمدى ساڭا دەيدىغان يېپيېڭى كوچا خەۋىرىچۇ، ئۇكا، ئاخشام مېنى شەيتان ئاتلاپ قويۇپتۇ قارا، مۇسۇلمان بولغانىدىكىن مۇن-چىدا پاكىزلانمىساق بولمايدۇ دېگىن، ئۈۋۈلاپ يۇيۇپ قويىدىغان مۇنچىمۇ چىقىپتۇ، سەتەڭلەر تۇتۇپ قويىدىكەن. ئۇ يەرنىڭ ھەق-قىگە بىر ئايلىق مائاشىڭمۇ يەتمەيدىكەن تېخى!

— مەسۇمكا، سەن خوتۇن ئال جۇمۇ، — دېدى مەرۇپ جىددىي ھالدا مەسۇمگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

— نېمانداق گۆشتەك تۇرىسەن، ئۇكا، چاققانراق دېگىنە، خوتۇن ئال دېگىنىڭنى ئاڭلىسام سۆيۈنۈپ تۇرالماي كېتىمەن. خوتۇن ئېلىش كۆڭۈللۈك، خوتۇن قويۇش كۆڭۈلسىز ئىش. قېنى دېگىنە، قانداق ئالىمەن؟

— سەن خوتۇن ئالمىساڭ، شۇنداق پەلىپەتىش يەرلەردە پاھىشە ئويناپ مەھەللىگە كېسەللىك يۇقتۇرۇپ كەلمىگىن يەنە، خوتۇن ئال، تېزرەك ئال.

— دېمىسەڭمۇ بەشىنچى خوتۇننى ئالاي دەۋاتىمەن، — دېدى مەسۇم روھلىنىپ، — شۇنى قانداق ئالىمەن، ئازراق پۇل ئۆتنە قىل، مەسۇم ئاكاڭ خوتۇننى ئېلىۋېلىپلا پۇلۇڭنى بېرىۋېتىدۇ، ئۆيمۇ قۇرۇقدىلىپ كەتتى. ئۆزۈڭ بىلىسەن. گىلىمىڭنى بېرىپ تۇر، تامغا بىر ئاخشاملا ئاسىمەن، رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلات-قۇ، كىر ئالغۇ دېگەنلىرىڭنى ماگىزىنغا تىزغاندەك تىزىپ قويىد-

مەن، ئۇنىمۇ ئەتىسى ئاچىقىپ كېتىسەن، خوتۇنۇڭ ھالقىسى بىلەن ئۈزۈكىنى، ئالتۇن زەنجىرىنى بېرىپ تۇرسا تېخى ياخشى، ماڭا تەگكەن مەزلۇم بىر باي كىشىگە تېگىپتىمەن دەپ خۇش بولىدۇ، دېگىنە، ئۇنىمۇ ئەتىسى بېرىۋېتىمەن. قانداق دەيسەن؟

— بولدى چاتاق يوق، مەسۇمكا، سەنلا بېشىڭنى ئوڭشىۋالىمەن دېسەڭ مەن ئادەم ئالداشقىمۇ تەييار. ئەمما بۇ قېتىم چاغلاپ ئال.

— چاغلىمايچۇ، ئەنسىرەۋاتقان يەرلىرىممۇ بار دېگىنە.

— مانا مۇشۇنداق تىكىشىڭ توختىمايدۇ ئەمەسمۇ سىنىڭ، — ئاچچىقلاندى مەرۋۇپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — نېمىگە ئەنسىرەۋاتىسەن، دېگىنە، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي، سەندىن زېرىككەندەكمۇ قىلىۋاتىمەن، ئۆتكەندە خوتۇن ئالغىنىڭدا ئۆيۈمنى كۆچۈرگەندەكلا ئاچىقىپ تۇردۇڭ، بوپتۇ، بۇ قېتىممۇ ماقۇل بولاي، ئەمما بۇ خوتۇنۇڭنى قويۇۋەتسەڭ دېيىشكە يەنە ئۇسسۇل ئويىنمايمەن جۇمۇ، قويۇۋەتسەڭمۇ مەن نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى ئاچىقىۋالغاندىن كېيىن قويۇۋەت. قېنى دېگىنە، نېمىگە ئەنسىرەيسەن؟

— ئەنسىرەيمەن، ئۇكا، بەك ئەنسىرەيمەن، سىنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت، لېكىن ئەنسىرەپلا تۇرۇۋاتىمەن!

— خوتۇن ئېلىشتىنمۇ ئەنسىرەمسەن، مەسۇمكا، نېمىشقا ئەمدى؟ كارغا كەلمەي قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەيدىغانسەن شۇ، باشقا نېمە گەپ بار؟

— ياقەي، ئۇكا، بىلەمسەن، — مەسۇم ئۇنىڭ يېنىغا شىپىقاپ كەلدى ـ دە، قىزىشىپ سۆزلەپ كەتتى، — خوتۇن كىشى دېگەنچۇ، ئۇكا، سازلىقتا ئۆسكەن پۆپۈكلۈك قومۇش، ئەر كىشى دېگەن شامال. شامال چىقسا قومۇش لىڭشىغاندەك، بىرمۇ شامال بولۇپ، قومۇش پۆپۈكىنى ئۇچۇرۇپ، لىڭشىتىپ يۈرۈپ بىر ئامال قىلىمىز ـ دە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇ گېپىڭگە كىم ئىشىنىدۇ، مەسۇمكا، — ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى مەرۇپ گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئورۇق كالىنىڭ پوقى يوغان بولىدۇ دەپ، ھە دەپ پو ئاتىسەن، يەنە كېلىپ زەي سالماي ئاتىدىغىنىدىن سەن، ئەمدى ئۇنداق خوتۇن، پوتۇن دېگەندەك شەھۋانىي ھەۋەس، شېرىن چۈشلەرنى قويۇپ، ئۆزۈڭنى كۆتىدىغان ئىشنى قىلغىن، جان كۆندە چېچەكلىمەيدۇ، بىكار چىقىۋاتقان مائاشىڭ بار، قولۇڭ ئايدا پۇل كۆرۈپ تۇرىدۇ، خىجالىتىڭ يوق دېسىمۇ بولىدۇ، بىرلا ئەيىبىڭ قوچقار پۇرايسەن، بويتاق ئادەم ئەلۋەتتە قوچقار پۇرايدۇ، بۆرەك، سۆزنەك دورىلىرى دېسە قانچە پۇل بولسىمۇ سېتىۋالىسەن!

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، ئۇكا، — دېدى مەسۇم ئۆزىنى ئاقلاپ، — سەن بىلمەيسەن، ئەنسىرەيدىغان بىر يېرىم بار، يېقىنراق كېلە، قۇلىقىڭغىلا ئېيتاي...

مەرۇپ قۇلىقىنى ئۇنىڭ ئېغىزىغا يېقىنلاشتۇرۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ھىجايدى. مەسۇم ئىككى يېنىغا قارىۋېتىپ ئاستا پىچىرلىدى.

— خوتۇنىنىڭ جاسىنى ئېلىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، بەك ئەنسىرەيمەن.

مەرۇپجان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ، خېلى ئۇزاقتىچە مەسۇمگە قاراپ كۈلۈپ تېلىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەپىلەپ ئۇرۇپ تۇرۇپ كەتتى.

— مەسۇمكا، ئالجىپ قالمىغانسەن، — دېدى مەرۇپ ئاخىر كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىپ، — نەرسە - كېرەكنىڭ جاسى بار دەپ ئاڭلىغان، ئەمما خوتۇننىڭ جاسى بار دەپ زادىلا ئاڭلىماپتىكەنمەن، خوتۇننىڭ جاسىمۇ بولامدۇ؟! ئۇنىڭدىن كۆرە، قوچقار پۇرايمەن، ئاياللار قاچىدىكەن دېگىنە!

— كۈلمە، جاسى بولىدۇ، ئۇكا، مۇشۇ كۈندە گۆش بىلەن بەزدىن باشقا ھەممە نەرسىنىڭ جالىشىپ كېتىۋاتقىنىدا! خوتۇننىڭ

جاسى بولماي قالامدۇ، — مەسۇم شۇ گەپنى قىلدى ـ دە، نېمە دەيدىكىن دەپ مەرۋېنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. مەرۋپ ئۆز لەقىمىگە تەگكۈزۈپ قىلىنغان بۇ چاقچاقتىن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ھەممە غۇلجىلىقلارغا ئوخشاشلا، لەقىمىگە تەگكۈزۈپ چاقچاق قىلسا تېرىكمەيدىغان ئادەت مەرۋېنىڭمۇ قېنىغا سىڭگەنىدى.

— بەزىدەك كېرەكسىز بولۇپ قالمىدۇققۇ تېخى، — دېدى مەرۋپمۇ بوش كەلمەي، — ھەرقانچە قىلساڭمۇ بەزلىكىڭدىن تېنىۋالالمايسەن، مەسۇمكا.

— خوتۇن خەق گۆشكە ئەمەس، بەزگە ئامراق كېلىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن، مەرۋپ ئۇكا، — يەنە گەپكە كىرىشتى مەسۇم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — خوتۇن خەق دېگەننى بەز بىلەنلا ئالدىغىنى بولىدۇ. بەزنىڭ ئىچىدە سەرخىل بەز بار ـ دە، ئۇكا، مەسۇم ئاكاڭنى خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇشقا ئامراق دەمسىنا، ئۇنداق ئەمەس، مەنمۇ بىرەر خوتۇننى كونىراتسام دەيمەن، ئامال قانچە؟ مېنىڭ يۇمشاق باش بولۇپ ئولتۇرغۇم يوق. خوتۇن كىشى دېگەن بارغۇ قىرىق بىر ھىيلىسى، توققۇز نەپسى، جىنىدەك ئېزىتقۇسى بار ئالچىلىق مەخلۇق، بىلەمسەن، مانا ئالچىلاپ تۇر، تۇنجى خوتۇنۇم بىلەن دەريا بويىدا سەيلىدە تونۇشۇپ توي قىلغانىدىم، كېيىن ئۇقسام ئۇ سەيلىدە بەز يەيدىغان چىقىپ قالدى. قويۇۋەتتىم. ئىككىنچى خوتۇننى «ئۇنئۆي» دە مېھماندارچىلىقتا تونۇشۇپ ئالغانىدىم، كېيىن بىلسەم، ھەدېسىلا مېھماندارچىلىققا يۈگۈرىدىغان سەكسەك ئىكەن. ئارقىسىدىن مارىلاپ باقتىم، مېھماندارچىلىق ئەمەس، ئەر ـ ئايال بەزمىسىگە بارىدىكەن. ئۇلار «تاشلەپكى» دە سودىسى ئاقمىغان بىر دۇكانغا يىغىلىپ، ئىچىپ ئويناپ ھەقدادىغا يەتكەندىن كېيىن پەردە ئارقىسىغا كىرىپ كېتىدىكەن. مۇنداقمۇ مەينەتچىلىك بولامدۇ! بۇ دۇكاننى ئۇنىڭ بىر دوستى ئېچىپتىمىش، سېزىپ قالدىم ـ دە، خوتۇنۇمنى تۇتۇۋالدىم. «ۋاي، خوتۇن، مۇنداق ئويناپدىغىنىڭنى بىلگەن بولسام،

www.uyghurkitap.com

سەن بىلەن بىللە كېلىدىكەنمەن، نېمىشقا ماڭا بالدۇرراق دېمە-
دىڭ! » دېدىم...

— بىلگەن بولساڭ قانداق قىلماقچىدىڭ، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلگىنىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن هالدا، — يا سەنمۇ بەزى «مەدەنىي» خەقلەردەك ئالماشتۇرۇپ ئوينىماقچىمىدىڭ!

— ياقەي، مەن شوۋچى بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرمەي، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قوياتتىم ئەمەسمۇ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەسۇم، — جالاپلارنىڭ ئىچىدە پاكىز جالاپمۇ بار. ئۇنى شۇ يەردىلا تېگىشىۋېتەتتىم - دە، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزراقىنى ئەكەلمەيتتىممۇ؟ !... شۇنداق قىلىپ ئۇنى ئۈچ تالاق، مىڭ تالاق قىلىۋەتتىم. ئۇمۇ كەتتى. ئۈچىنچى خوتۇنغا نۆۋەت كەلدى. پەنجىمدە بىر ئۆيدە تونۇشۇپ ئالدىم. ئۆيدە تونۇشۇپ ئالغاندىكىن ئاقىۋىتى ياخشى بولار دەپ ئويلىدىم، كېيىن بىر شاپ بۇرۇت، دېۋىدەك يوغان بىرنېمىنى ئويمانبايتوقايدىن كەلگەن ئاكام دەپ ئۆيگە باشلاپ كەلدى. قارشى ئالدىم، مېھمان قىلدىم، ئۆينىڭ تۆرىدە ئىككى قەۋەت كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدۇم. خوتۇنمۇ ئۇنى بەكلا كۈتتى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، يەرنىڭ ئاستىدىكى يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى ئاڭلايدىغان سەزگۈرلۈكۈم بارغۇ، هېلىقى شاپ بۇرۇت ئۆزى تۆرگە چىققۇچە هېلىقى بىرنېمىسى تۆرگە چىقىدىغان بىرنېمە ئىكەن! ئولتۇرغان يېرىدىلا پوسسىدا پىچاق تىقىۋېتەي دېدىم، تەنها جېنىمغا قاتىل بولۇپ كەتمەي، ئۇنىڭدىن كۆرە قويۇۋەتسەملا بولىدىغۇ، شۇنداق قىلسام ئۇنىڭ بىلەن ئاز كۈن ئويىنغاندەكلا ئىش قىلغان بولىدىكەنمەن، دېدىم - دە، ئاخىرقى بىر ئاخشام بىللە بولۇپ ئەتىسى يولغا سېلىپ قويماقچى بولدۇم. هېلىقى ئۆكۈزنىمۇ بىللىلا هەيدىۋېتەي دېدىم، ئۆيدە يېگۈدەك بىرنېمە قالماپتۇ. «ئاكام» دېگەن ئاۋۇ بىرنېمىمۇ كالىدەك يەيدىغان بىرنېمە ئىكەن، يەيدىغاننى توشتالماي قالدىم، گۆش،

كۆكتات ئەكىرمەكچى بولۇپ چىقىپ كەتتىم. مەن بازارغا چىقىپ
كىرگەنىنىڭ ئارىلىقىدا (مېنىڭ نىيىتىمنى بىلىپ قالغانمۇ) ئۆي-
ۋاقنى يىغىشتۇرۇپ پاك - پاكىز قىلىپ قېچىپتۇ. سۇرۇشتە
قىلسام ھېلىقى ئۆكۈز ئۇنىڭ ئاكىسى ئەمەس ئېرى ئىكەن!
— شۇنداقمۇ؟! — ھەيران بولدى مەرۇپ نېمە دېيىشىنى
بىلمەي تۇرۇپ قېلىپ، — مۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدىكەن - ھە،
مال - دۇنيا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى سولاپ بېرىدىغان، كۈن-
نى خوتۇنىنى سېتىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئەرلەرمۇ بار ئىكەن،
ئاڭلىماپتىكەنمەن، ئاخىر زامان بولغۇچە تالاي، تالاي ھەيران
قالغۇدەك ئىشلار بولىدىكەن - دە!
— شۇنداق قىلىپ بۇ يوتقان يىغدىسى خوتۇنمۇ خېتىنى
ئېلىپ يوقالدى، — داۋاملاشتۇردى مەسۇم، — تۆتىنچى خوتۇنن-
مۇ ئالدىم، بۇ بىر قىپقىزىل ساراڭ ئىكەن! دېمەمسەن، ھە
دېسىلا قوشنا - قولۇملارغا چىقىپ، مەسۇم بەز ماڭا باسقۇنچىلىق
قىلماقچى بولدى، مېنىڭ كىشىلىك ھوقۇقۇمنى دەپسەندە قىلىش-
قا ئۇرۇندى، مەن ئىچىرىكى ئۆيگە كىرىۋېلىپ، ئىشىكنى چىڭ-
گىدە ئېتىۋېلىپ ياتمىغان بولسام، ئۇ مېنىڭ نومۇسۇمغا ئاللىمۇ-
قاچان تەگكەن بولاتتى دەپ ئەرز قىپتۇ. قوشنىلارنىڭ ئەرلىرى
ماڭا شۇنداق دېمەمدۇ، ئۇلارمۇ ئاياللىرىدىن ئاڭلىغان گەپ. بىر
كۈنى كەچتە تۇيۇقسىزلا تۇتۇپ بېسىۋالدىم، ئالەمنى مالەم قىلد-
ۋەتتى. ئۇنىمىغىنىغا قويمىدىم، ئۆزۈڭ ئويلاپ باققىنا، يىڭنىگە
يىپ سېپىش ئۈچۈنمۇ يىڭنىنى تۈز ۋە جىم تۇتۇش لازىمغۇ، يەنىلا
يىڭنىگە يىپنى ساپالمىغان گەپ. ئەتىسى بىر شىكايەتنامىنى
يېزىپ سوتقا ئەرز قىلىمەن دەيدۇ. يۈر دەپ يېتەكلەپ بېرىپلا
خېتىنى بېرىۋېتىپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇم. ئوڭايلا قۇتۇلغىنىمغا
خۇش بولۇپ، بەشىنچى خوتۇننى ئېلىشقا تەييارلاندىم. ئۇ ئۆزى-
نىڭ ياشلىقىغا قارىماي قېرى مومايدەك بىرنېمىكەن دېمەمسەن،
ھە دېسىلا ئۇيقۇدىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيدىغان، كېچىلىرى كۆتىگە

تەپسەنمۇ مىدىرلىمايدىغان لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلايدىغان گومۇش خوتۇن ئىكەن. بىر كۈنى كېچىسى شۇنداق تارتىپ باقسام، مىدىرلىمۇ دېمەيدۇ، «ئۇيقۇمنى بۇزماڭە، باشقا بىر كۈنى بولسۇن!» دېمەمدا، ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى. ياش چوكان بولغىنى بىلەن ھېسسىياتسىز لاي قورچاقتەك بىرنېمە ئىكەن. يەنە بىر كۈنى قويىنىغا كىرىپ ئارقىسىدىن قۇچاقلاپ قويۇۋېدىم، بىر جەينەكلىمەسمۇ، بىقىنىمنى تۇتۇپلا قالغان گەپ، تىنالماي قاپتىمەن، ھەرنېمە دېگەنبىلەن ئايال بولسىمۇ ياش ـ دە! توڭگۈزدەك كۈچى بار ئىكەن ئەمەسمۇ، كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلاپ كۈچ يىغقان بۇ غالجىر قانجۇقنى ئاخىر پۇتىدىن سۆرەپ پەگاھقا چۈشۈردۈم، كۆڭلىكىنى كىيىشكە ئاران ئۈلگۈردى، «ماڭ، ئاناڭنىڭ قېشىدا ئۇخلا گۈي» دەپ ھەيدىۋەتتىم. خوش، ئەمدى ئالتىنچى خوتۇنۇمنى ئالماقچى بولدۇم، ئالدىم، ئۇ بىر ئەھلى ئادەمنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. بىر ياستۇقتا باش قويغاندا «غىڭ ـ غىڭ» لا قىلىدۇ ـ دە، «ۋاي نېمە دەيسەن» دېسەم، «قوچقار پۇرايدىكەنسىز» دەيدۇ، ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ يالىڭاچ كاسىسىغا بىرنى تېپىپتىمەن، «ۋۇي دۆيۈز، مەن نەچچىۋاختىنىڭياقى بويتاق يۈرسەم، ئىچىدىن چىقىدىغان نەرسىنى سېنىڭدەكلەرگە تۆكۈۋەتمىسەم، قوچقار پۇرىماي نېمە پۇرايتتىم، تۈزۈمنى يەپ، تۇزلۇقۇمغا تۈكۈرىدىغان نان كور شەقىقە!» دېدىم...

— ھەي، مەسۇمكا، ئاستىراق توۋلىغىن، — دېدى مەرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئەتراپتىكىلەر ئاڭلاپ قالىدۇ. بارچە گەپ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي، دېگەندەك ئىش بولۇۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ سۈيدۈك پۇرايسەن، يەنە كېلىپ قوچقار سۈيدۈكى دېگىنە، بۇ يەردە باشقا ئادەم يوق، ئۆزۈڭگىلا دەۋاتىمەنغۇ، مەسۇمكا، كەچقۇرۇنلۇقى ئورۇنغا چىقىرىپ قويىدىغان ئىشنىڭ يوقتۇر ـ ھە!

— ماڭغىنا ۋوي، گۆش باش! — مەسۇم ئاچچىقتىن ئىسەد-لىپ مەرۇپكە ۋارقىرىدى، — نەدىكى يوق گەپنى قىلىدىكەنسەن، چوپچوڭلا بىر ئادەم ئورۇنغا چىقارغان دېگەن قانداق گەپ. مۇن-داق دېسەڭ مەھەللىدىكىلەر ئاڭلىسا راست ئىكەن دېمەمدۇ، بىر ئېغىز يالغان گەپنى، ئون ئېغىز قىلساڭ راستقا ئايلىنىدىغان زامان تۇرسا، نېمە دېگىنىڭ بۇ، ئىككىنچىلەپ ئېغىزىڭغا ئالغۇ-چى بولما، بولمىسا ئاغزى - بۇرنۇڭنى ئىت يالىقى قىلىۋېتىمەن.

— مەن ئاغزىمغا ئالمىغان بىلەن باشقىلار ئاغزىغا ئالىدىكەن ئەمەسمۇ، ئادەمنىڭ ئالدى گۇل، كەينى تىكەن دېگەندەك، ئال-دىڭدا دېمىگەن بىلەن كەينىڭدىن «مەسۇم سىيگەك» دەيدىكەن، خوتۇنىڭنىڭ قوينىغا سىيىپ قويىدىكەن، شۇڭا، قولىدا خوتۇن توختىمايدىكەن دەپ گەپ - چۆچەك قىلىشىدىكەن.

مەسۇم مەرۇپكە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئۇ بۇ گەپنى تۇنجى رەت ئاڭلاۋاتقاندەك پۈتۈن زېھنىنى تىكىپ ئاڭلىدى. لې-كىن مەرۇپنى تىللاشقا ئاغزى بارمىدى. ئۇ مەرۇپنىڭ تۈز، ئاق كۆڭۈللۈكلۈكىنى. نېمە گەپ بولسا ئۇدۇللا دەۋېرىدىغان مىجەزى-نى ياخشى بىلەتتى. ئارىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مەسۇم غەزەپتىن كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— ئەسلىدىغۇ، كىشىنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش گۇناھ، — دېدى مەرۇپ ئاخىر ئەيىبكارلاردەك مەسۇمگە يەر ئاستىدىن قاراپ، — خەقلەر نېمە دېمەيدۇ، سەن مەڭگۈ بويتاق ئۆتۈپ كەتسەڭمۇ ئۇلارنىڭ نېمە كارى، مېنى چۈشەن، مەسۇمكا، مەن سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي دېدىم. بويتاقچىلىقتا بەلكىم ئۆينى پاكىز تۇتالمايۋاتقانسەن، بويتاق ئادەمنىڭ قوچقار سۈيدۈكى پۇرايدىغىنى راست، خوتۇن ئالغاندىن كېيىن ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، ئەيىب ئەمەس، ئۆزۈڭگە ئەتىرنى قويۇق - قويۇق چېچىپ يۈرۈۋەرمەم-سەن.

— شۇنداق قىلمىز - دە، ئۇكا، — مەسۇم مەرۇپنىڭ بۇ

گېپىنى ئاڭلاپ ئېچىلىپ كەتتى، مەرۈپ ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئې-
چىشنىمۇ، يېپىشنىمۇ بىلەتتى. مەسۇم تۇماندىن كېيىنكى كۇن-
دەك پارلاپ سۆزىنى داۋام قىلغىلى تۇردى، — شۇنداق قىلمىساق
بولمايدۇ ـ دە، ئىپار ـ ئەنبەر پۇراپ يۇرۇش دېگەن پەيغەمبىرد-
مىزنىڭ سۇننىتى ـ دە! شۇنداق قىلىپ گېپىمىز نەگە كېلىۋد-
دا، هە، هە، مانا ئەمدى يەتتىنچى خوتۇننى ئېلىشقا تەييارلىنىۋا-
تىمەن. ئالالامدىم، يوق، بىلمەيمەن، قېرى يىگىت بولۇپ قال-
دىم، شۇنداقتىمۇ ياش خوتۇن ئالغۇم بار، ياراتقان ئىگىسى
شۇنىڭغا نېسىپ قىلامدۇ، قىلمامدۇ، ئاغزىڭ قېنى دېسە، كاسى-
سىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغاندىن بىرىگە يولۇقۇپ قالسام قانداق
قىلىمەن، ئۆلگىنىم شۇ، بۇ ئىلگىرىكىلىرىدەك مېنى داغدا قو-
يارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن، ئەمدى چۈشەنگەنسەن، خوتۇن
ئېلىپ يۇرەكزادە بولۇپ كەتتىم. ئامال قانچە، ئاللا ساڭا ياخشى
خوتۇندىن بىرنى نېسىپ قىلمىسا، مانا مۇشۇنداق، خوتۇن ۋەيران-
چىلىقىدا يۇرۇۋېرىدىغان گەپ ئىكەن. خوتۇننىڭ جاسىغا يولۇ-
قۇپ قالماي دەپ كۇن بويى قاقشال بولۇپ يۇرگىنىمىمۇ يېتىپ
ئاشىدۇ. خوتۇن ئالماق ماڭىلا تەسكە توختاۋاتىدۇ. ئۆزۈمدىمىغۇ
بار، بىر خوتۇننى ئەمرىمگە ئېلىپ ئىككى كۇن ئۆي تۇتا ـ
تۇتمايلا يەنە بىر تۇل خوتۇنغا كۆزۈم چۈشىدۇ، ئۇكا.

— مەسۇمكا، سەن خوتۇن بېدىكى چىقىپ قالدىڭ
جۇمۇ، — دېدى مەرۈپ تېرىكىپ، — بىرنىلا ئال، كۆزۈڭنى
يۇمۇپلا ياخشى ـ يامان بولسۇن شۇنىڭ بىلەن ئۆت. مۇشۇ تۇر-
قۇڭ بىلەن تۇرۇۋەرمەيسەن دېگىن. ئەتە ـ ئۆگۈن كۇچۇڭدىن،
هاۋايى ـ هەۋەستىن قالغىنىڭدا تەس كۇنگە قالىسەن. مەهەللىمۇ
مەهەللە يۇرۇپ تۇل خوتۇن ئىزدەيدىغان ئادىتىڭنى تاشلا، بىرنىلا
تاپ، بىز تاپساق ياراتمايسەن، تۇرمۇش مەسىلىسى دېگىنە بۇ،
ئۆزۈڭ تاپقان چىرايلىق بولىدۇ، شۇنىڭغىلا بېشىڭنى چېتىپ
قويايلى، قانداق دەيسەن، «خوتۇن دېگەن يولدا، بالا دېگەن

بەلدە» دەپ يۇرۇۋەرمە، بېشىڭ شۇنداقلا ياستۇققا تەگكەندە ھا-لىڭدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟

— دېگەننىڭ ئورۇنلۇق، — دېدى مەسۇم بېشىنى ئىرغىتىپ، — مەنمۇ شەرت هازىرلاۋاتىمەن، جىم ياتمىدىم، جىم ياتامىدىغان، خوتۇن بولمىسا تۇن بەك ئۇزاق، بەك ئۇزاق تۈيۈ-لۈپ، تاڭ ئاتمايدىكەن ئەمەسمۇ. شۇڭا، شەرت هازىرلاۋاتىمەن.

— نېمە شەرت ئۇ، مەسۇمكا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى مەرۇپ.

— نېمە شەرت بولاتتى... ھەيران بولۇپ گۆشتەك تۇرۇۋەر-مەي گېپىمگە قۇلاق سال، ئۇكا، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭغا تىكى-لىپ، — ھېلىقى ساڭا دېگەن دورىلاردىن ئىچىپ كۈچلىنىۋاتى-مەن دېگىن، كۈچلەنسەم خوتۇنغا يارايمەن. بېلىڭنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىسا، قولۇڭدا خوتۇن توختامدۇ، ئۇ چاغدا خوتۇ-نۇڭ: «ئۇمۇ خوتۇن ئىكەن، مەنمۇ خوتۇن ئىكەنمەن!» دەپ يۈز ئۆرۈيدۇ. يۈز! يۈزسىز خوتۇنلار بولسا، تېخى سېنىڭ چاۋاڭنى چىتقا يايىدۇ، سەن بىلمەيسەن، مەرۇپ، بۇ خوتۇن خەق دېگەن سەل نومۇسچان كۆرۈنگىنى بىلەنچۇ، بەك قېلىن خەق بۇ، ئەر-نىڭ نوچىسىنى خوتۇننىڭ قېلىنى قاچۇرىدۇ ئەمەسمۇ.

مەرۇپ مەسخىرە ئارىلاش خېلى ئۇزاققىچە كۈلدى. كۈلۈپ تېلىقىپ قالغىلى تاس قالدى.

— دورا ئىچىپ كۈچلىنىۋاتىمەن دېگىن، — كۈلكىدىن كې-يىن سورىدى مەرۇپ، — بوپتۇ كۈچلىنىپ تۇر، بىراق گول، بەكمۇ گول ئادەمسەن - دە، مەسۇمكا.

مەرۇپ يەنە كۈلدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن يەنىلا مەسخىرە ۋە زاڭلىق ئاھاڭى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — غەزىپى كەلدى مەسۇمنىڭ.

— مۇشۇنداق گوللۇقۇڭدىن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئىش تېپىپ، لەقەم تېپىپ يۈرىسەن، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ قىسقىلا كۈل-

www.uyghurkitap.com

كىدىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سېنى هازىر خەق مەسۇم هاڭگا دەۋاپتۇ، بىلەمسەن بۇنى.

— خەق نېمە دېمەيدۇ، — ئاچچىقلاندى مەسۇم، — ھەممىنى دەيدۇ، ئىشتانىنىڭ ئىچىدىكىنىمۇ دەيدۇ، نېمە دېسە دەۋەرسۇن، مەنمۇ ئۆز ئەقلىم، ئۆز ھەۋسىم بويىچە ئىش قىلىپ يۈرۈۋېرىمەن ياكى خەق ماڭا خوتۇن ئېلىشىپ بېرەمدىكەن؟ يا شۇنداق دېگەنلەرنىڭ خوتۇنى بىلەن تۇتۇلۇپ قاپتىمەنمۇ؟! ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇق قىزىل خېتىنى ئېلىپ خوتۇن ئالدىم. پاھىشىخانىلارغا بېرىپ پاھىشىۋازلىق قىلغىنىم يوق، ئارقا كوچا، ئورماندا ياكى دەريا بويىدا جالاپ ئوينىغىنىم يوق. دورا ئىچىپ بەدەن كۆچلەندۈرۈپ، ياراتقان ئارغىماقتەك ياراپ تۇرۇۋۇش دېگەن ئوغۇل بالا — ئەركەكنىڭ ئىشى. دورا ئىچسەم مەن ئىچتىم، ئۇكا...

— مەسۇمكا، سېنىڭ دورا دېگىنىڭ بىر بەز، — مەرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — شۇ بەزگە ئالدىنىپ يۈرگىنىڭنى قارا سېنىڭ! ئۇ بىر بەز، بەزىنىمۇ پۇلغا ئېلىپ يەمسەن؟!

— ئەمىسە گۆش ئېلىپ يەي، — تەنە قىلدى مەسۇم مەرۇپكە دارىتمىلاپ.

— گۆشمۇ بەرىبىر، — دېدى مەرۇپ ئۆزىنى كۆلكىگە زورلاپ، — ئىسسىت پۇل، شۇنچىۋالا پۇلۇڭنى بۇزغىچە يىغىپ بىر خوتۇن ئېلىۋالساڭچۇ، دىلىدا ئىمانى بار، قىلىقى سىپايە، ھۆسن - جامالى جايىدا پاكىز خوتۇنلار بار، شۇلاردىن بىرنى ئېلىۋالماسەن، خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ يۈرسەڭ، گۇناھ خوتۇندا بولسىمۇ خەق يەنىلا سېنىڭدە قويىدۇ، ھەرقىسما لەقەم تاپىدۇ، پەلىپەتىش دورا ئىچىپ بەدەن كۆچلەندۈرۈپ خوتۇن ئالىمەن دېگەندەك گەپلىرىڭنى قوي، مەسۇمكا...

— ئاۋۋال بەدەن كۆچلەندۈرىمەن، ئاندىن خوتۇن ئالىمەن، ئۇقتۇڭمۇ، — دېدى مەسۇم يەنىلا ئۆز سۆزىنى يورغىلىتىپ، — ھاڭۋېقىپ گۆشتەك تۇرۇۋەرمەي، گېپىمگە قولاق سال، مەرۇپ،

خوتۇن ئالغاندىمۇ تېخى، ياش خوتۇن ئالىمەن، مېنىڭدەك ئەللىك ياشقا كىرگەن قېرىغا ياش خوتۇن ئاسانلىقچە تەگمەيدۇ، شۇنداقمۇ، مەرۇپ. بىراق، پۇت ـ قولۇڭدا مادارىڭ بولسا، سىناپ بېقىپ ئاندىن تېگىدۇ. بولمىسا ئەتىسىلا چىۋىن قورۇپ ئولتۇرماقتىن باشقا گەپ يوق.

— سەن شۇنداق ھەرقىسما ئويلاردا يۈرۈۋەرگىن، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ نەسىھەتنى ئاڭلىماي ئۆزىنىڭلا گېپىنى يورغىلاتقان مەسۇم بەزگە ئاچچىقلاپ، — ئىشىم ئالدىراش ئىدى، بىرمۇنچە ۋاقتىمنى ئالدىڭ!

مەرۇپ شاپاشلىغىنىچە كېتىپ قالدى. ھەمراھ بولغۇدەك ھېچكىم قالمىغاندىن كېيىن، مەسۇممۇ ئۆزىنىڭ غېرىبى كۆلبىسىغا كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۆيگىمۇ كىردى، نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۆي ئاۋۋالقىدەكلا رەتسىز ئىدى. ئىچكەن چېيىنىڭ چىنىسىنى يۇيۇش كېرەك. ئۇيان- پۇيانىنى دەسماللاشنى بىلمەيدۇ، يېتىپ تېلېۋىزور كۆرمەكتىن باشقا ئىشى يوق. ئاي توشقاندا دوختۇرخانىغا بېرىپ، توققۇز يۈز توقسان توققۇز سوم پۇلنى ئەكېلىشنىلا بىلىدۇ. پۇل قولىغا تېگىش ھامان ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشى: ھازىر ئېلان قىلىۋاتقان «ئەرلىك باھنى كۆچەيتىدىغان» ئىككى بولاق دورا سېتىۋېلىش، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ بالدۇر، ئەڭ تېز ئورۇندايدىغان ئىشى!...

ئۇ شۇ ئويلاردا بىردەم كارىۋات ئۇستىدە ئولتۇردى. تېلېۋىزور قويۇش ۋاقتى تېخى توشمىغانىدى، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئۆتكەندە، مەرۇپتىن يوشۇرۇپ نېرىغا تىقىپ قويغان ئىككى بولاق دورا تىقىقلىق يەردە بارمۇ، يوق، كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ۋاھ، پېچەتتەك ئۆز ئورنىدا تۇرۇپتۇ. مەرۇپمۇ خەتەرلىك ئادەم، ئۆيۈڭدە تىقىپ قويغان ئىچملىك بولامدۇ، ئېسىل دورىلار بارمۇ ھەممىسىنى ماشكىدەك پۇراپ تېپىۋالىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ھەممە «مەھەللىنىڭ كۆزەتچىسى» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان ـ دە!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسۇم دورىلارنى قولىغا ئالدى. يالغۇزلۇقتىن ئىچى پۇشۇپ
بىرەرىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ تەمىنى تېتىپ كۆرمەكچى بولدى.
«بۆرەكنى كۈچەيتىپ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ» دېگىنى ئېسىگە چۈ-
شۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. كارىۋات ئۈستىگە يېنىپ كېلىپ
شۇ يەردىلا ئېغىزىنى ئېچىپ بوتۇلكا بىلەنلا كۆتۈردى. تېلېۋى-
زورنى ئېچىپ باقتى. خەۋەر بېرىلىۋاتقاچقا ئۆچۈرۈپ قويۇپ،
ئېلان - سەنئەت پروگراممىسىنىڭ ۋاقتى توشقاندا ئاچماقچى
بولدى. جىمجىت ئۆيدە قۇرۇق خىيال بىلەن ئولتۇرغان مەسۇم
دورىنى بىر - ئىككى يۇتۇمدىن ئىچىپ بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ
قويدى. بىر دەمدىن كېيىن، قانلىرى قىزىغاندەك، مېڭىسى چىڭ-
قىلىپ، تومۇرلىرىدىكى قان ئۆركەشلەپ ئاققاندەك، پۈتۈن بەدى-
نى گويا غەليان كۆتۈرگەندەك ھېسسىيات دۇنياسىغا چۆمۈپ
كەتتى. ئۇ تېلېۋىزورنى يەنە ئاچتى. خەۋەر ئاياغلىشىپ،
ئېلان - سەنئەت باشلانغانىدى. يەنە شۇ دورىلار، يەنە شۇ
ئەر - ئايال جىنسىي ئەزاسىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ دەبدەبىلىك،
بەزىدە قورقۇنچلۇق جەريانى سۆزلىنىۋاتاتتى. مەسۇم ئارقا -
ئارقىدىن ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان ئېلانلارنى بېرىلىپ ئاڭلىغاندىن
كېيىن، تېلېۋىزورنى يەنە ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۆي جىمجىتلىققا چۆك-
تى. بۇنىڭدىن مەسۇمنىڭ ئىچى پۇشتى. مانا شۇنداق ئىچى
پۇشقان چاغلاردا بىر - ئىككى يۇتۇمدىن قېقىۋالىدىغان ھېلىقى-
دەك ئادەمگىياھ دەمدۇ، بۇغا مۈڭگۈزى ياكى بۇغا قېنى بىلەن
دەمدۇ، چىلاپ قويغان هاراقلىرى ئېسىگە چۈشتى. ئۇ يەنە كارى-
ۋاتتىن چۈشتى. مۇنداق نېمىلەرنى مەرۇپ تېپىۋالمىسۇن دەپ
خېلى ئىچكىرى بىر يەرلەرگە تىقىشتۇرۇپ قوياتتى. بۇ نېمىلەر-
نىڭ ھەممىسى جايىدا، ئۆز پېتىچە تۇراتتى. مەسۇم ئۆز ئىشىدىن
مەغرۇرلىنىپ بۇغا قېنى چىلانغان بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئالدى.
ئاغزىنى ئېچىپ تەقەززارلىق بىلەن بىر رومكا ئىچتى. قانائەت
قىلمىدى، ئىككىنچىسىنىمۇ ئىچتى. ئۈچىنچىسىنىمۇ قۇرۇقدى-

دى، لېكىن بولدى قىلمىدى. كارىۋاتتا بىر پەس يېتىپ مۈگدى-
دى، ئۇنىڭغا شېرىن چۈش ئارا بىر لەززەتلىك ھېسسىيات ئىچىدە
ئۇچۇپ يۈرگەندەك، ئەمما تازا ھەقدادىغا يېتەلمەيۋاتقاندەك بىلىن-
مەكتە ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى بوتۇلكىنى جايىدىن
ئېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن يەنە ئىككى رومكا قېقىۋەتتى. يۈرىكى
ئاغزىغا كەپلىشىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ بوتۇلكىنىڭ
ئاغزىنى دەرھال ئېتىپ ئورنىغا بېرىپ ياتتى. ئۇزاق ئۆتمىگەن
بولسا كېرەك، بىردىنلا چۆچۈپ ئويغاندى. ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن
بەدىنى چىڭقىلىپ كەتكەندەك، ئاجايىپ زور بىر شەھۋانىيلىقنىڭ
تۈرتكىسىدە كۆچلىنىپ كېتىپ بارغاندەك قىلاتتى. ئۇ، بۇ ھېس-
سىياتنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئۇستەل
سائىتىگە قارىدى. تۈن يېرىم بولغانىدى. ھەببەللى، بۇ قەھۋەخا-
نا، مەيخانا ۋە يەنە ئالىلىقانداق ناملار بىلەن ئاتالغان رېستورانلار-
نىڭ تازا پەلەككە ئۆرلەپ قىزىغان مەزگىلى، ئەمدى بارسا دەل
ۋاقتىدا بارغان بولىدۇ. ئاخىر ئۇ شۇ يەردە ئۆزىگە بىر ۋاقىتلىق
خوتۇن تېپىپ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان
قىلىشقا، ھازىرقى چىڭقىلىپ كېتىۋاتقان ھەتتا چىڭقىلىپ ئېتىل-
لىپ كېتەيلا دەپ قالغان تومۇرلىرىنى بوشىتىپ كېلىش ئۈچۈن
قەھۋەخانىغا بارماقچى بولدى.

## ئۈچىنچى باب

كېچىلىك بەزمە پەقەت كەچتىلا تىجارەت قىلىدىغان ئۆزىنى
ئاجايىپ چىرايلىق ناملار بىلەن بېزىۋالغان قەھۋەخانا، مەيخانا
ياكى ئۇۋۇلاپ يۇيۇپ قويۇش خانىلىرىنىڭ ئىشرەتخانىلىرىدىلا
قىزىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئالىلىقانداق ۋە ھەر قىسما بەندىلەر
تۈرلۈك ناشايان ئىشلار ئارقىلىق پۇل تېپىشقا بېرىلىپ كەتكەن
بولىدۇ، ئۇلار ھېچنېمىدىن ھېيىقمايدۇ، ئادەم تاللاپمۇ ئولتۇر-

مايدۇ. ھازىر دەل شۇنداق يېرىم تۇن ۋاقتى بولغاچقا، مەسۇم ئۇرنىدىن چاچراپ تۇردى. سائەتنىگە قارىدى، سائەتمۇ بىلگەندەك ئون ئىككىنى كۆرسىتىپ چىكىلداۋاتاتتى. ئۇ كىيىملىرىنى كىيدى - دە، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ سىرتقا چىقتى. مەھەللە ئىچى كېچىلىك ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى. نەدىندۇر ئىككى كىشىنىڭ گۇدۇڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەسۇم ئۆزىنى يوغان قاپاق تېرەكنىڭ ئارقىسىغا ئالدى. يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئاۋازىنىڭ تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى سېزىپ بېشىنى تېرەك ئارقىسىدىن چىقىرىپ مارىلىدى. بىردىنلا تونۇپ ئۆزىنى يەنە دالدىغا ئالدى. مەرۇپ گۆش، يېنىدىكى ئايالى — ئېگىز، زىلۋا كەلگەن ئايال، ئىككىسى قولتۇقلىشىپ كېتىپ باراتتى. كېچىدە نەگە بارغاندۇر. بەلكىم ئەر - ئايالللار چېيىغا بېرىپ قايتقاندۇر. ئەتىگەن ئۇنداق گەپنى قىلمىغانىدىغۇ، ئىچى چىڭ، ئۆز ئىشىغا بەكمۇ پۇختا گۆش جومۇ بۇ. ئۆزىنىڭكىنى ياپىدۇ، مېنىڭ ئىشلىرىمنى بولسا چاۋىسىنى چىتقا يايىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇچرىشىپ قالغىنىمنى - ھە! ئاپلا، كۆرۈپ قالمىسا بولاتتى...

ئۇنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان خىياللىرىنى مەرۇپنىڭ توم، قوپال ئاۋازى بۆلدى:

— خوتۇن، ئاۋۇ قاپاق تېرەكنىڭ كەينىدە بىرى باردەك قىلىدىغۇ، — دېدى مەرۇپ ئايالىنى جەينەكلەپ، — توختىغىنا، ئوغرى بولمىسۇن، مەسۇم بەزنىڭ ئىشىكى ئالدىدا نېمە ئىش قىلىدۇ، ئوغرىلىققا چۇشۇپ يۈرمىسۇن يەنە...

«ئاپلا، كۆرۈپ قالدى، — ئىچىدە ئويلىدى مەسۇم تىت - تىت بولۇپ، — مەن ئوغرىلىققا چىققاندا ئايدىڭ بولغىنىنى قارىماسەن...»

— تېرەك ئارقىسىدىكى قايسىڭ ھەي، ئوغرىمۇ، توغرىمۇ؟! — ۋارقىرىدى مەرۇپ تېرەك ئارقىسىغا تىكىلىپ

تۇرۇپ ۋە شۇ تەرەپكە مېڭىشقا تەمشەلدى. لېكىن، ئايالى ئۇنى قويۇپ بەرمىدى:

— بارماڭ، ئوغرى بولسا قولىدا پىچاق باردۇر ياكى كالتەك، توقماق باردۇر، مەسۇم بەزنىڭ ئۆيىنى قوغدايمەن دەپ ئۆلۈپ بەرمەڭ ئەمدى!

— ياقەي، خوتۇن، يۈرىكى قاپتەك، بېشى ئون ئوغرى بولسىمۇ بىكار - بىكاردىن پىچاق ئىشلىتەتتىمۇ، تېرەك ئارقىسىغا مۆككىنىگە قارىغاندا توخۇ يۈرەك، نومۇسچان ئوغرىدەك كۆرۈنىدۇ.

مەرۇپ شۇ سۆز بىلەن تېرەك تەرەپكە ماڭدى. ئايالى: «بارماڭ!» دەپ زارلاپ تۇراتتى. مەرۇپ بولسا ھېچ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس، مەسۇم ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قالغىنىنى ئويلاپ قارا تەرگە چۆمدى. نېمىمۇ دەر ئەمدى، تۇنجى قېتىم كېچىلىك بەزمىگە ماڭغان ئاخشىمى پاش بولۇپ قالغىنىنى قارا، نەدە يۈرسەم شۇ يەردە شۇمبۇيىدەك ئۇنىدىغان بۇ مەرۇپ گۆش، بۇگۇن يېرىم كېچىدە ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماي مېنىڭ ئىشىك ئالدىمدا پوست تۇرغاندەك ئۇچرىشىپ قالغىنىنى - ھە، ئۇنىڭدىن زادىلا قۇتۇلالمايدىكەنمەن - دە!...

— قايسىڭ سەنۇي! قايسىڭ سەن؟! — تېرەك تۇۋىگە يېقىنلاپ كەلگەن مەرۇپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى.

— مەن ... مەن...، — دېدى مەسۇم تېرەك ئارقىسىدىن بېشىنى گۇناھكاردەك تۆۋەن سېلىپ چىقىۋېتىپ.

— ۋۇي، مـەسـۇمكامـغۇ؟ — دېدى مـەرۇپ ھـەيران بولۇپ، — يېرىم كېچىدە تېرەك ئارقىسىدا كىم بىلەن مۆكىمۆكىلەڭ ئويناۋاتىسەنۇي، ساراڭ بولمىغانسەن، مەسۇمكا، جىن چاپلاشمىغاندۇر ساڭا، يەنە بىرى بارمۇ نېمە؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭ، ئۇكا، — دېدى مەسۇم، مەرۇپكە يېقىنلاپ كېلىپ، — مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كېچە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىك بەزمىگە بېرىپ كېلەيمىكىن دەپ چىقىشىمغا زەھىرىم قىستىدى، دەرەخ ئارقىسىغا ئۆتۈشۈم، سىلەر كېلىپ قالدىڭلار، خىجىل بولۇپ مۆكۈپ تۇرسام، كۆرۈپ قالدىڭ، ئامال بولمىدى، سېنىڭ مولۇندەك كۆزلىرىڭدىن قۇتۇلغىنى بولاتتىمۇ، ئۇكا! راستىنى دېگىن. مېنىڭ كەينىمدىلا يۈرىسەن ـ ھە!

— بولدى كىرىپ ئۇخلا، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ، — ئەللىككە كىرگىنىڭدە كېچىلىك بەزمىدە نېمە بار ساڭا، بارساڭ ھېجىيىپ قويۇپ يانچۇقۇڭدىكى پۇلۇڭنى ئالىدۇ. ئىككى قولۇڭنى بۇرنۇڭغا تىقىپ قايتىپ كېلىسەن، ھەي، ئىچىپ قويغاندەك قىلىسەن ـ ھە!؟

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، ئۇكا، — دېدى مەسۇم ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — نېمىسىنى دەيسەن، ئىچكەندىمۇ نوچىسىنى — بۇغا قېنى چىلىغاننى ئىچىپ قويۇپ، دىغراپ ياتالمىغان گەپ.

— ھە، كېچىلىك «ئوۋ» ئىزدەپ چىققان گەپ دېگىن، — مەرۇپ نېرىدا تۇرغان خوتۇنىنىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن پىچىرلاپ سۆزلىدى، — بوپتۇ. ئۆزۈڭ بىل، بولاڭچىلارغا ئۇچراپ يۈرمە، مەن كەتتىم.

مەرۇپ ئايالىنى ئەكەتتى. مەسۇم ئۇنىڭدىن تېزلا قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ مەھەللىنىڭ چېتى بىلەن چوڭ يولغا چىقتى. ئۇ يەردە تاكسىدىن بىرىگە چىقتى ـ دە، شەھەرنىڭ سىرتىغا جايلاشقان تەرەققىيات رايونىدىكى تۈن بويى بەزمە ـ ئىشرەت قىزىيدىغان «تولۇنئاي» مەيخانىسىغا كەتتى.

ئىنسانلارنىڭ كۆپ سانلىقى ئۆز ماكانىدا كېچىلىك ئارامىنى ئېلىپ راھەتلەنگەندە، ناھايىتى ئاز ساندىكى شەقىقە بەندىلەر ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى ۋە راھىتىنى كېچىلىك مەيخانىلاردىن ئىزدەيدۇ، ئۇلار جۈپ ـ جۈپ بولۇپ شەھەر كېزىشىدۇ. دەل شۇنداقلاردىن بىرى: بىزنىڭ مەسۇم بەز. لېكىن ھازىر جۈپ ئەمەس، بەلكى يېگانە. دەل شۇنداق مەيخانىلاردىن ئۆزىنىڭ جۈ-

پىنى ئىزدەپ كەلگەن مەسۇم بەز، «تولۇنئاي» مەيخانىسىنىڭ ئالدىدا تاكسىدىن چۈشتى.

ئىشىك ئالدى كاتتا بېزەلگەن بۇ مەيخانىنىڭ كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك قىلىپ ۋال - ۋۇل چاقناپ يانغان سانسىز رەڭدار چىراغلىرى مىنۇتتا بىر خىل رەڭ ۋە شەكىل ئۆزگىرىشى قىلىپ تۇراتتى. بىر ئۆچۈپ، بىر يېنىپ تۇرغان «ھەسەن - ھۈسەن» چىرىغىمۇ كىرىش ئىشىكىنى قاپلاپ ئورنىتىلغاچقا، قىزغۇچ ۋە ئاق كۆمۈش رەڭنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى، سۈس يېشىل نۇرلارغا قوشۇلۇپ، رىۋايەتلەردىكى خىيالىي، سىرلىق دۇنيانى ئەسلىتەتتى. ئەنە شۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن مەسۇم ئۆزىنى خۇددى نۇرلۇق بىر دۇنيا ئىچىدە نۇر بىلەنلا ياشاۋاتقان كىشىدەك ھېس قىلىپ، ئاجايىپ ھېسسىياتلارغا تولدى. ئۇ تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى بۇ قويۇق ئاق كۆمۈش نۇرى ئاياغلىشىپ، سۈس قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غۇۋا يېنىۋاتقان يېشىللىق ئىچىدە قالدى. ئايرىم - ئايرىم ياسالغان خاس خانىلار، تام چۆرگىلىتىپ قويۇلغان كىچىك شىرەلەردە، جۈپ - جۈپى بىلەن ئولتۇرغانلار كېچىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسى ئەمەس، غايىۋى دۇنيانىڭ شېرىن چۈشلىرىگە غەرق بولغاندەك باشلىرىنى بىر يەرگە ئەكېلىۋېلىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. مەسۇم ئىچكىرىلەپ كىرىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدىغانلاردىن بولسا كېرەك، بىرى كېلىپلا قولتۇقىغا قىسىلدى. ئۇنى دەرھال خاس خانىلاردىن بىرىگە باشلىدى. بۇ يەردىمۇ غۇۋا يېشىل چىراغ نۇرى، ئادەمنى يۈزىگە نېپىز چۈمبەردە تارتىۋېلىپ، ئىزا ۋە ھايادىن خالىي بولغاندەك بىر ھېسسىياتقا كەلتۈرەتتى. نازۇكەرەشمە بىلەن ئاڭلىنىۋاتقان لەرزان مۇزىكا ساداسى ئادەمنىڭ كۆڭلىگە سۇ يۇگۇرتۇپ، شەھۋانىي ھەۋىسىنى قوزغايتتى. بۇ يەرگە كىرگەنلەر ئاشۇنداق ھېس - تۇيغۇلارغا مەست بولۇشاتتى. دۇنيادا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۆزىنىڭ بىر قېتىملىق شەھۋا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نى ھېسسىياتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، كېيىن ئۆزىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىنى ئويلىمايدۇ. بىر قېتىملىق دەپسەندىنى قاندۇرۇش يولىدا قانداق بالا ــ قازالارغا ئۇچرىشى بىلەن كارى بولمايدۇ. شۇڭا، بىر قېتىملىق شەھۋانىي نەپسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتۈن ياشلىقىنى نابۇت قىلغانلار ھەتتا لەنەت ـ نەپرەت ئاستىدا ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانلارمۇ يوق ئەمەس! مۇنداقلار ناھايىتى ئاز بولغىنى بىلەنمۇ يەنىلا كىشىلىك ھاياتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. ئۆزلىرىنى ھەقلىق مۇلازىمەت قىلىۋاتىمىز دەپ ھېسابلايدىغان مەيخانىلار ئاشۇنداق نەپرەت ۋە لەنەتلەرگە كۆمۈلىدىغانلارغا زېمىن ھازىرلايدۇ، ئۇلارنى پەپىلەيدۇ، شېرىن تۇيغۇلارغا كۆمىدۇ. ئۇلارنى بىر غايىۋى خىيالىي دۇنيا ئىچىدە زادىلا يېتىپ بارالمايدىغان، گۈزەل ئەمما تۇمانلىق بىر مەنزىلگە يېتەكلىمەكچى بولىدۇ.

مەسۇم ئۆزىگە ھەمراھ بولغان ياش جۇۋاندىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا بويۇنداپ قارىدى. كۆكسى يېرىم ئوچۇق بۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكى مانا مەن دەپ تۇراتتى. گىرىمنىڭ كۈچىدىنمۇ ياكى رەڭدار چىراغلارنىڭ نۇرىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بۇ ئايال ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ گۈزەل كۆرۈندى. ھەش ـ پەش دېگۈچىلا، رەڭلىك بوتۇلكىلار، ئەينەك باكاللار ئۈستەلگە كەلتۈرۈلدى. مەسۇمنىڭ كۆزىگە ئالدىدىكى سەتەڭمۇ، رەڭلىك ئىچىملىكلەرمۇ، ئالا ـ بۇلىماچ بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ، تۇنجى رومكىنى ئۆزىگە ھەمراھ بولغان ئايال بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — سورىدى مەسۇم ئۇنىڭدىن خۇمارلىشىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى ئۈزمەي، — تونۇشۇپ قويايلى.

— تۇتىگۈل، — دېدى ياش جۇۋان نازۇكەرەشمە بىلەن رومكىغا قىزىل ئۈزۈم ھارىقى قۇيۇۋېتىپ، — سىزنىڭچۇ؟

— مەسۇم، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى كالچايتىپ، — مەن سىزدىن چوڭ، لېكىن مەسۇمكا دېمىسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق.

ياش جۇۋانمۇ بۇ يەردە خېرىدار كۈتۈپ، ھەركىمنىڭ ئۆز
مىجەزىگە يارىشا ئىش قىلىپ ئۆگىنىپ كەتسە كېرەك، مەسۇمگە
ئوشۇقچە گەپ قىلماي، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە، مۇلازىملى-
قىنى قىلىۋەردى. مەسۇممۇ ياش جۇۋاننىڭ جەزىبىلىك كۆزلىرىگە
تىكىلگىنىچە بىر بوتۇلكا قىزىل ئۈزۈم ھارىقىنى قۇرۇقداپ قوي-
دى. خۇمارلاشقان كۆزلىرىدە ياش جۇۋانغا تىكىلىپ قاراپ ئىك-
كىنچى بوتۇلكىنىمۇ ئىچىشكە باشلىدى. ئارىلاپ ياش جۇۋانغىمۇ
ئىچۈردى. ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى، بىرنېمە دەپ ئېغىز-
مۇ ئاچالمايتتى. شېرىن كەيپ ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلاپ
كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەنىلىك قاراشلىرىنى ياش جۇۋان
بىلمەيۋاتامدىكىن دەپمۇ ئويلايتتى. بىراق، غۇۋا يېشىل چىراغ
نۇرىدا كۆنۈپ كەتكەن بۇ ياش جۇۋان ھەممىنى بىلىپ تۇراتتى.
ئاخىر ئۇ، چىدىيالماي ئېغىز ئاچتى:
— نېمانچىۋالا يەۋەتكۈدەك قىلىپ، بەزدەك تىكىلىپ
تۇرىدىلا، — دېدى ياش جۇۋان نازلىنىپ.
— بىر چىشلەپلا يەۋالىدىغان ئالما ئەمەسسىزغۇ، — دېدى
مەسۇم ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك تىكىلىپ، — بۇ يەردە چالمىدەك
يۈرسىڭىزمۇ، بىز سىزنى ئالما دەپ ئالىمىز جۇمۇڭ.
— بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم، — دېدى ياش جۇۋان يەنىلا نازۇكە-
رەشمە بىلەن، — دەسسىلىپ يۈرگەن چالمىدەك كۆرسىڭىز بول-
مايدۇ. كىشىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرماي ھارىقىڭىزنى ئىد-
چىڭ، بەزمۇ نېمە بۇ. ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگىلا قارايدىكەنا.
— خېنىم، خاپا بولماڭ، كۆزىڭىز چىرايلىق ئىكەن، قاراپ
قويدۇم، قارىغانغا باج ئالسىڭىز مانا پۇل، نېمانچىۋالا رەنجىپ
كېتىسىز، ئىتتىنىڭمۇ كۆزى بار خانغا قارايدىغۇ، مېنىڭ قارىغى-
نىمغا رەنجىگەن بولسىڭىز بوپتۇ، قارىمىدىم، مېنى قاراۋېرىپ
كۆز زىناسى قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قالغان ئوخشىمامسىز.
— ئۆز تەڭتۇشىڭىزگە قارىسىڭىز بولارمىكىن، — دېدى

ياش جۇۋان ئاخىر گەپنى تۇگىدى قىلىپ.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭغا ئاۋۋالقىدەكلا كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ، — مەنمۇ قارىماي، كۆز زىناسى قىلماي ئەمىسە، بىراق، سىزمۇ كەتمەي ماڭا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇۋېرىڭ، بولامدۇ؟

ئارىلىققا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مەسۇم ياش جۇۋانغا يوشۇرۇنچە قاراپ ئىچىدە ئويلىدى: «ھەرھالدا قىچقىنىڭ بولمىسا بۇ يەردە نېمە قىلاتتىڭ، ھەمراھ بولۇشنىڭمۇ يولى بار، گېپىنى قارا، تېخى نازلىنىدۇ. خوتۇن كىشى مىڭ جالاپ بولسىمۇ ھەر-گىزمۇ ئۆزى كېلىپ ساڭا ئېسىلمايدۇ، سېنىڭدىن توققۇز باراۋەر ئارتۇق نەپسى بولسىمۇ يەنىلا نومۇس كۈچىدىن ئۆزىگە (ھاي! ...، بېرىپ تۇرىدۇ دېگىنى راست ئىكەن - دە...»

مەسۇم يەنە ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەينەك رومكىدىكى قاندەك قىزىل ھاراق غۇۋا يېشىل چىراغ نۇرىدا يەنىلا قارامتۇل بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇ رومكىغا قاراپ قويۇپ قولىغا ئالدى - دە، «گۇپپىدە» كۆتۈرۈۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن قېنى قىزىغاندەك قىلدى، مەيدىسىنى ئېچىۋې-تىپ، قاپقارا تۈك باسقان كۆكرىكىنى سىلاپ قويدى، كۆزىنىڭ قىرىدا ياش جۇۋانغا سەپسالاتتى. ئۇ، بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ بول-غاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن تازا ئېچىلىپ بىر سۆزلەشمەكچى بولدى. بوتۇلكىدىكى ھاراق تۈگەي دەپ قالغانىدى. ھاراقنى ئىچكەنسېرى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ياش جۇۋان تېخىمۇ گۈزەل، تېخى-مۇ رەڭدار كۆرۈنگىنى تۇردى. ئۇ يانچۇقىدىن ئەللىك سوملۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ياش جۇۋاننىڭ مەيدىسىگە قىستۇرۇپ قويدى. ئايالنىڭ مەيدىسى يېرىم ئوچۇق، كۆڭلىكىنىڭ ئوتتۇرى-سىدىن لىپتىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئايال ئۇنچىقماي مەسۇمگە «لەپپىدە» بىر قاراپ قويدى. مەيدىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىستۇ-رۇقلۇق تۇرغان ئەللىك سومنى كۆرۈپ سەل ياۋاشلىغاندەك قىلد-

دى. قانداق؟! پۇل دېگەن شۇنداق يامان ۋە شۇنداق ياخشى نېمە! دۆنىمۇ كۆندۈرىدۇ، ئىندەككە كەلتۈرىدۇ، پۇل بىلەن يامان ئىشلارنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرالايسەن، يامان خوتۇننىمۇ قولۇڭغا كەلتۈرەلەيسەن. يەنە شۇ پۇل بىلەن يامان ئىشلارنىمۇ ياخشىلىققا ئايلاندۇرالايسەن، مانا ئالدىمدىكى مۇنۇ خوتۇننىلا ئالساڭ، بايا گەپ قىلسام بۇرگىدەك سەكرەپ يېقىن كەلمەيۋاتاتتى. پۇلنى كۆرۈپلا ئۆزگەرگىنىنى كۆردۇڭمۇ...

مەسۇم هاراقتىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ياش جۇۋاندىن ئالماي قاراپ تۇرۇپ كۆڭلىدىن شۇ خىياللارنى ئۆتكۈزدى. ياش جۇۋانمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك بىر خىل ئىشقى سەۋدايىلىق ئىچىدە جىلمايدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى مەسۇمگە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇ تۇرقىغا مەسۇم ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا نېمە دېسە بولار؟ قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ۋەسلىگە قانغۇدەك بىر ئىش قىلار؟ هەرهالدا ياش جۇۋان، ئۇنىڭ هازىرقى تەنها هالىتىگە ئىچ ئاغرىتقۇدەك بىرەر گەپ تېپىش كېرەك.

— ماڭا قارىڭا، — دېدى مەسۇم ئاخىر شىركەيپ هالدا يېنىدا تۇرغان ياش جۇۋاننىڭ بېلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، — مەن ... مەن هېلىقى تىلسىم دورىدىن ئىچىپ قويۇپتىكەنمەن دەڭا، شۇڭا، سىز ماڭا بۈگۈن ئاخشام هەمراھ بولۇڭ... پۇلىڭىز مەندىن... قانچە بولسا بولسۇن...

مەسۇمنىڭ تىلى ئۆزىگە زادىلا بويسۇنمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىدىكى شەهۋانىي هازىر هەممىگە هۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى.

— نېمىشقا هەمراھ بولىدىكەنمەن؟ — سورىدى ياش جۇۋان هەيران بولۇپ، — قىزىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسىمۇ، هە، يۈرەك كېسەلى دورىسى دەڭا، سىز قۇرامىدىكى كىشىلەرنىڭ هەممىسىدە يۈرەك كېسەلى، قەنت كېسەلى، ساراڭلىق ۋە شۇ-

نىڭدەك بولمىغۇر كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى بولىدۇ. دورا ئىچ-كەن بولسىڭىز مېنىڭ سىزگە ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشۇمنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ دېمىسىڭىزمۇ سىزگە مۇلازىمەت قىلىۋاتىمەن-غۇ، سىزنىڭ كاللىڭىز جايىدىمۇ، ئەمەسمۇ؟!

— راست دەيسىز، سىزنى كۆرۈپ ھوش - كاللامنى يوقى-تىپ قويدۇم، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ، — دېمىسىڭىزمۇ سىز دېگەن كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى مەندە بار. لېكىن، بۈگۈن نېمىشقىدۇر ساقىيىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. سەۋەبى ئېنىق. دېمىسەممۇ ئۆزىڭىز بىلىسىز.

— مۇنۇ ئادەم قېرىغاندا نېمە دەيدىغاندۇر قوۋۇرغامنى ئې-گىپ، — ياش چوكان چالۋاقىغان ھالدا قولىدىكى بوتۇلكىنى ئۈستەل ئۈستىگە جاققىدە قويدى، — ئاكاۋۇي، ئىچىدىغىنىڭنى ئىچىپ بولۇپ ئۆيۈڭگە ئاستا كېتىۋالغىنا، ئۆزۈڭمۇ ئورۇقلاپ كۆتۈرەم بولاي دەپ قاپسەن، ئورۇق كالىنىڭ پوقى يوغان بولى-دۇ، دەپ يەنە گېپىڭ يوغان بىرنېمىكەنسەن، بۇ كېچىدە سىيىپ كىرىپ ئۇخلاپ قالساڭ بولامدىكىن.

ياش چوكاننىڭ تەلەپپۇزى ئۆزگەرگەنىدى. لېكىن، بۇ گەپ مەسۇمگە پاشا چاققانچىلىكمۇ تەسىر قىلمىدى.

— تۇتۇڭا، ماۋۇ ئەللىك سومنى، — مەسۇم ياش جۇۋاننىڭ لېپىتكىگە ئەللىك سوملۇقتىن يەنە بىرنى قىستۇردى - دە، كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قويدى، — پۇل دېگەننىڭ كارى چاغ-لىق نەرسىغۇ، قېنى مۇلازىمىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ، ئۆ-يۈم سەھراغا يېقىن يەردە، يىراق، بۈگۈن ئاخشام ماڭا ھەمراھ بولۇڭ.

ياش جۇۋان يەنە بىردەم ھاراق ۋە چاي قۇيۇپ، تاماكا تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە بارىسىز؟ — ئالدىراپلا سورىدى ئۇنىڭدىن مەسۇم.

— سىزگە ھەمراھ بولۇش ۋاقتىم توشتى، — دېدى ياش

جۇۋان ئالدىراپ، — يەيدىغاننى يەپ، ئىچىدىغاننى ئىچىپ بولدىڭىز، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن تاڭ ئاتىدۇ. ئاستا كېتىۋېلىڭ.

دەرۋەقە، مەيخانىنىڭ مۇزىكىسى ئاللىقاچان توختىغان، مېھمانلارنىڭمۇ كېتىدىغىنى كېتىپ بولغانىدى. پەقەت مەسۇملا ئەزمىسىنى ئېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، ياش جۇۋاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئورنىدىن تۇردى.

— ئۆيۈم يىراق ئىدى، — دېدى مەسۇم ئاخىرى، — مۇشۇ يەردە قونۇپ قالغۇدەك بىرەر ياتاق يوقمىدۇ؟

— ئۇستۇنكى قەۋەتتە بار.

— مېنى شۇ يەرگە ئاچىقىپ قويسىڭىز، — دېدى مەسۇم ئازراق دەلدۈگۈنۈپ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ئۇستەلگە يۆلىنىۋىدى، چىنە ـ تەخسىلەر جاراڭشىپ كەتتى. ياش جۇۋان ئىتتىكلا ئۇنى يۆلىۋالدى. مەسۇممۇ پەيتىنى قولدىن بەرمەي ئۇنىڭ مۇرىسىگە چىڭڭىدە گىرە سالدى. ياش كۇتكۇچى ئۇنى مىڭ تەستە ئىككىنچى قەۋەتكە ئاچىقتى. ئۇ يەردە ياتاق بولمىغاچقا، ئۇچىنچى قەۋەتكە ئاچىقىشقا توغرا كەلدى. بۇ يەردە بىر كىشىلىك ياتاق بوش ئىدى. ياش كۇتكۇچى ئۇنى ياتاققا يۆلەپ ئەكىردى. ياتاق ئىشىكى يېپىلىش بىلەنلا تەڭ مەسۇم ئۇنى قولتۇقىدىن قۇچاقلاپلا ئۆزىگە تارتتى ۋە باش كۆزىگە ھەدەپ سۆيگىلى تۇردى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ، قېرى بەز، — ۋارقىرىدى ياش جۇۋان ئۆزىنى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىپ، — قويۇۋېتىڭ دەيمەن، بولمىسا ئادەم چاقىرىمەن، سەتلىشىپ قالىسىز.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، جېنىم... ھە، ھە... ئىسمىڭىزنى نېمە دېگەنتىڭىزا ھە، تۇتىگۇل جېنىم، تۇتىگۇل، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن دورا ئىچكەنتىم، ھېلىقىدەك

www.uyghurkitap.com

دورىلارنى ئىچكەنتىم، ماڭا ھەمراھ بولۇڭ دەيمەن!...

— گېپىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، — دېدى ئاخىرى تۇتنگۇل، — دورا ئىچسىڭىز ئىچمەمسىز، مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى، قويۇۋېتىڭ، كۈتكۈچىلەر كىرىپ قالسا سەت بولىدۇ، نېمانداق قېرىغىنىڭىزنى تۇيمىغان ئادەمسىز؟

— ئۈنچىلىك باغرى تاشلىق قىلماڭ! — دېدى مەسۇم، — خۇپسەنلىكمۇ قىلىۋاتىسىز، دورا ئىچكەنتىم دېدىمغۇ، ئۇقمىغان بولسىڭىز ئۇقتۇرۇپ قوياي، مەن مۇشۇك، بەز يەيمەن، مەن جىن، شاپتۇل يەيمەن، جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىكەنلىكىنى بىلىسىزغۇ، ئەمدى چۈشەنگەنسىز، جېنىم تۇتىگۇل. دورا ئىدىچىپ قويۇپ بولالمايۋاتىمەن!...

— كىم سىزنى پاھىشىۋازلىق قىلىشقا دورا ئىچىڭ دەپتىكەن، — دېدى تۇتىگۇل ئاچچىق بىلەن، — راستىنلا بەزلىغۇمۇنۇ ئادەم، مېنى قويۇۋېتىڭ دەيمەن. ئۆزىڭىزچە مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز.

— ھەققىڭىزنى ئوبدانلا بەردىمغۇ، كېلىڭ دەيمەن، يەنە قاراپ تۇرمايمەن، پۇل بېرىمەن.

— پۇلىڭىزنى چېكىڭىزگە تېڭىڭ، قويۇۋېتىڭ مېنى! بايا تىن ھەمراھ بولدۇم، ھەققىڭىز تۇگىدى.

— شۇلىما؟ كۆزىڭىزنىڭ ئىچىگە قاراپ، يوتىڭىزنى سىلاپ، بېلىڭىزدىن چىمداپ قويغىنىمغا، بىرىنچى قەۋەتتىن ئۇچىنچى قەۋەتكە ئاچىقىپ قويغىنىڭىزغا يۈز سوم ئالامسىز. ئۇنداقتا ئوقەتنى سىزلا قىلىدىكەنسىزغۇ!

— ھە، بىلىمسىز قېرى بەز، چېيىڭىزنى قىزىق - قىزىق قويۇپ تۇردۇم، ھارىقىڭىزنى قۇيۇپ بەردىم، قورۇمىلىرىڭىزنى ئىسسىتىپ ئاچىقىپ تۇردۇم. نامەھرەم جايلىرىمنىمۇ تۇتۇۋالدىڭىز، ئۈنىڭغىمۇ مەيلى دېدىم، ئەمدى نېمە قىلسام بولاتتى، قويۇۋېتىڭ دەيمەن!

— دورا ئىچكەنتىم ... ھەمراھ بولۇپ...
— دورا ئىچكەنتىم دەپ قىلىنلىق دورىسىنى ئىچكەن ھايا-
سىز بۇزۇق ئىكەنسىز، ھۇ ئۆلمەيدىغان قىرى بەز، قويۇۋېتىڭ
مېنى!
— ماڭا قارىڭا، گۈزەل خېنىم...
— قويۇۋېتىڭ دەيمەن! — دېدى تۇتىگۇل ۋە مەسۇمنىڭ
قولىدىن بوشىنىشقا ئۇرۇندى، لېكىن، كەيىپ ۋە بايا ئىچكەن
دورىنىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك مەسۇم ئۇنى ھە دەپ كارىۋات
تەرەپكە تارتاتتى. تۇتىگۇل ياش ۋە تىمەن بولغاچقا، مەسۇمنىڭ
ئۇنىڭغا كۈچى يەتمەيۋاتاتتى. ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ چىپىلغاق
بەزدەك ئادەمدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن تۇتىگۇل ئاخىر ۋار-
قىراشقا مەجبۇر بولدى:
— ۋاي، ئادەم بارمۇ!؟ ھۇ، باسقۇنچى ئوغرى!
مەيخانا كارىدورىدا دۇپۇرلىگەن ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. بىر-
دەمدىن كېيىنلا ئىشىك ئېچىلىپ، ياتاق ئۆيگە مەيخانىنىڭ كىچىد-
لىك ئامانلىق ساقلاش خادىمى كىرىپ كەلدى. مەسۇم ئۇنىڭ
تەييار تۇرغاندەك بىردەمدىلا يېتىپ كەلگىنىگە ئەقلى ھەيران
قالدى. «بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارمۇ، نېمە؟» خىيالىدىن ئۆتكۈز-
دى ئۇ. ئامانلىق ساقلاش خادىمى كىرىش بىلەن تەڭ مەسۇم
قولىنى ئايالنىڭ بېلىدىن تارتىۋالدى. بايىقى تارتىشماقتىن كۆڭ-
لەكلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن ياش كۇتكۇچى ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ
مەسۇمگە غەزەپ بىلەن ھومايدى. ئامانلىق ساقلاش خادىمى ھەر
ئىككىسىگە بىر قۇر قارىۋېتىپ ئايال كۈتكۈچىگە تىكىلدى:
— تۇتىگۇل، سىزگە بىرنېمە بولمىغاندۇر - ھە؟ —
سورىدى ئۇ ۋە مەسۇمگە بۇرۇلۇپ قاراپ سۆزىنى داۋام
قىلدى، — ھە، ئوغرى، بۇزۇقچىلىقنىڭ ئورنىنى تېپىپ قىل
جۇمۇ، ماڭ، سەن بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمىز، تۇتىگۇل، سىز
ئىشىڭىزدىن چۈشۈۋېرىڭ. مۇنۇ بەزدەك قاراپلا تۇرغان بەتبەختد-
نىڭ ئەدىبىنى ئۆزۈم بېرىمەن.

www.uyghurkitap.com

تۇتىگۇل چىقىپ كەتتى. ئامانلىق ساقلاش خادىمى مەسۇمنى ئالدىغا سېلىپ قوغداش بۆلۈمىگە ئەچۇشتى. بىردەملىك سوئال ـ سوراقتىن كېيىن ئۇنىڭغا مىڭ سوم جەرىمانە قويدى، ئۇنىمىسا ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغىنىنى ئېيتىپ تەھدىت سالدى.

— يائاللا، ئۇكا، ئۇنداق قىلما، مەسۇم زىندانغا چۈشۈپ قاپتۇ دېسە، مەھەللىدە بېشىمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، ماڭا ئۇيات ئەمەسمۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ يەردە مېنى ئۆلتۈرۈپلىۋەت.

— قايسى مەھەللىدىنسەن؟ — سورىدى ئامانلىق ساقلاش خادىمى قاپىقىنى تۈرۈپ.

— «پاقا مەھەللىسى» دىن، يېڭىدىن بەرپا بولغان كونا تۇگمەنبېشىچۇ، ھە، شۇ مەھەللىدىن.

— توختا، ئۇنداق بولسا سەن مەرۇپ گۆشنىڭ مەھەللىسىدىن ئوخشىمامسەن.

— دەل شۇ، مەرۇپنى تونۇمسەن، ئۇكا، تۇغقىنىم بولىدۇ. تونۇش ئىكەنسەن، ئۇكا، مېنى قويۇۋەتكىن، ئۇنچىلىك پۇلۇممۇ يوق، مېنى دىۋانە قىلىۋېتىسەن، ئۇكا، مەندىن يانمىسا خۇدادىن قويۇپ قالار، يېشىم شۇنچىغا يېتىپ، كەيپچىلىكتە قىلىپ قويغان ئانچىكىم ئىشقا مىڭ سوم دەپ تۇرۇۋالمىغىن. بۇ قىلغىنىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، ئۇكا.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، — دېدى ئامانلىق ساقلاش خادىمى تەرىنى تۈرۈپ، — سەن كۈتكۈچى قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولدۇڭ، شۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك جىنايەت. ھازىرلا قولۇڭغا كويزا سالسام بولىدۇ. بىراق سەن مەرۇپنىڭ مەھەللىسىدىن چىقىپ قالدىڭ...

— ئۇكا، رەھمى قىلغىن ماڭا، — يالۋۇردى مەسۇم ئۇنىڭ تىزىغا ياماشقان ھالدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، — مۇنداق قىلساڭ

مەھەللىنىڭ ئالدىدا ئۆلگىنىم تۇزۇك، مەن ساڭا ۋەدە بېرەي، ئىككىنچىلەپ...

بۇ گەپلەردىن كېيىن، ئامانلىق ساقلاش خادىمى بىر ئاز بوشىشىپ قالدى. مەسۇمنىڭ گەپلىرى، يالۋۇرۇشلىرى ھەتتا يىغلىغۇدەك بولۇپ ۋەدە بېرىشلىرىنىڭ ئازراق بولسىمۇ نەتىجىسى كۆرۈندى.

— توختا، سېنى ئۇنداق بوش قويۇۋەتمەيمەن، — دېدى ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ، — ئالدى بىلەن مەھەللىدىكى ئامانلىق خادىمى مەرۇپنى چاقىراي، كەلسۇن، شۇنىڭغا تاپشۇراي سېنى، شۇ بىر نېمە دېسۇن.

ئامانلىق ساقلاش خادىمى يانچۇقىدىن تېلېفون دەپتىرىنى ئېلىپ مەرۇپنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئۇردى. قاق سەھەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىغان مەرۇپ ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. مەسۇمنىمۇ تاپتى. ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلگەندىن كېيىن ئېيتتى:

— مەسۇمكا، سېنىڭ مۇشۇنداق كونىگە قېلىشىڭنى ئاللىقاچان ئويلىغانىدىم، مانا قاپقانغا دەسسەپسەن، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ. مەھەللىدىكىلەر ئاڭلىسا، بېشىڭنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەرسەن، مانا ئەمدى بەز يەيمەن دەپ قاپقانغا چۈشۈپسەن. ساڭا نېمە كۈن بۇ؟!

— مەھەللىدىكىلەر ئاڭلىمىسۇن، ئۇكا، يۈزۈم تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ يەردىلا ئۆلۈپ قالغىنىم تۈزۈك...

مەسۇم، مەرۇپ بىلەن ئامانلىق ساقلاش خادىمىغا جىق يالۋۇردى، يېلىندى. ئاخىر ئۇ ئىككىسى مەسۇمنى بۆلۈمگە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن كىرىپ مەرۇپ مەسۇمنى ئېلىپ ماڭدى.

— بۇ ئادەمنى بوش قويۇۋەتمەيتتىم، — دېدى ئامانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىسام بولمايدۇ، ئۇكا، ھېلىقى تۇتىگۇل دېگەن بەك قاملاشقان، مېھرى ئىسسىق، كىشىنىڭ زوقىنى تارتىدىغان جۇۋان ئىكەن، مېنى خۇدايىم يولۇقتۇردىغۇ دەپ خۇش بولۇۋىدىم، ئەمدى ئۇنىڭ كۈشەندىسى بار ئىكەن - دە، خەپ، قويىدا يېتىۋالسام نېمە ئارمان، ئاۋۇ پايلاقچى ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىدۇ دېگىنە.

— مانا، مانا يەنە جۆيلۈگىنى تۇردۇڭ، مەسۇمكا، — خاپا بولدى مەرۇپ ئۇنىڭغا، — بېرىپ ئۇخلا، ئارامىڭنى ئال، ساڭا نېمە زۇلۇم بۇ.

تاڭ ئېتىپ، كوچىلار ھايات قاينىمىغا چۆككەنىدى. سەھەر ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىغا ئالدىرىشىپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن مەسۇم ئۆيىگە ئالدىرايتتى. ئۇ يەنە شۇ غېرىب كۆلبىسىگە بېرىپ بۇگۇن كېچە ئۇخلىمىغان ئۇيقۇسىنى ئۇخلايدۇ. كۇندۇزى ھەممە جانلىقلار ئۆز تىرىكچىلىكى ئۇچۇن تىرىشىپ - تىرمىشىپ ھايات قاينىمىدا ئۈزسە، ئۇ خۇددى تىنىپ قالغان لاتقىدەك جىمجىدە ياتىدۇ. بۇ بەلكىم، ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ئامىتىدۇر، مائاش تەييار. ئاي توشقاندىلا بانكىدىن خۇددى ئۆتكۈزۈپ قويغىنى باردەك چوڭچىلىق بىلەن ئېلىپ سانايدۇ. ئاندىن يانچۇقىغا سېلىپ بازارغا چىقىدۇ. ئەڭ ئالدىدا، ھەتتا ئاش - نان ئېلىشتىنمۇ ئىلگىرى ھېلىقى قۇۋۋەت دورىلىرىنى سېتىۋالىدۇ. مەسۇم بەزىنىڭ قۇۋۋەت دورىلىرى بىلەن ھەپىلىشىدىغانلىقىغا مەھەللىدىكىلەرمۇ ھەيران قالمايدىغان بولدى. چۈنكى، زامانىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن خىمىيىلىك نەرسىلەرنى كۆپ ئىستىمال قىلغان ئادەملەرنىڭ ئىچكى - تاشقى ئەزالىرى ئاجىزلاپ كېتىدۇ - دە، ئەنە شۇ ئەزالارنىڭ ئىچىدە ئەڭ زەئىپلىشىدىغىنى ئىنسانىنىڭ جىنسىي ئەزاسى بولسا كېرەك. مۇنداق جىنسىي ئاجىزلىقنى پەقەت قۇۋۋەت دورىلىرى بىلەنلا تولدۇرۇپ مېڭىش ئاڭلىق مەخلۇقلار ئارىسىدا ئەڭ ئومۇملاشقان ھادىسە بولۇپ قالدى. مەسۇم بەز مانا شۇنداقلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى...

# تۆتىنچى باب

«تولۇنئاي رېستورانى» مەسۇمنىڭ كۆز ئالدىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭدا ئىشلەيدىغان ھېلىقى تۇتىنگۇلنىڭ گۈزەللىكى ئۇنى كېچىسى ئۇيقۇدىن بىدار قىلدى، كۈندۈزى خىيالدىن نېرى بولمىدى. ئۇ، ئاخىر، ھېلىقى كۈندىكى سەتچىلىكنى ئۇنتۇپ تۇتىنگۇلنى بىر كۆرۈش تەقەززالىقى ئىلكىدە ئوت - كاۋاپ بولۇپ يەنە رېستورانغا باردى. بۇ قېتىمقى كېچىدە ئۇ، كوچا ئارىلاپ پىيادە كەلدى. رېستورانغا كىرىشى بىلەنلا ئۇنى باشقا بىر كۈتكۈچى قىزغىن قارشى ئالدى. بىراق تۇتىنگۇل كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر ئەنسىزلىك ئىچىدە دۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى. كېچىلىك نۆۋەتچى ئالمىشىدىغان پەيت بولسا كېرەك، بايىقى كۈتكۈچىلەر كېتىپ، يەنە يېڭىدىن كۈتكۈچىلەر كىردى. دەل شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇتىنگۇلمۇ پەيدا بولدى. مەسۇم ئۇنى كۆرۈپ ئۆتكەنكى كۆڭۈلسىزلىكنى ئېسىگە ئالدىيۇ، بەنە شۇ زامانلا ئۇنتۇدى. شۇ تاپتا ئۇنى تۇتىنگۇلنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى ئەسىر قىلغانىدى. مەسۇم ئۆزىگە ھاي بېرىشنى ئۇنتۇپ، تۇتىنگۇلگە قول ئىشارىسى قىلدى. تۇتىنگۇلمۇ غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئانچە تونۇيالماي ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— خۇش، سىزگە نېمە كېرەك، مېھمان؟ — سورىدى تۇتىنگۇل ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېگىشىپ تۇرۇپ.

مەسۇم كاستۇمىنىڭ قوينى يانچۇقىدىن يۈز سوملۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ھېلىقى يېرىگە قىستۇرۇپ قويدى. تۇتىنگۇل بىر خىل ھېسداشلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا خۇش چىراي ئاچتى.

— ماڭا، مۇلازىمەت قىلىڭ، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭغا، — سىز بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى، ئەڭ سەرخىل كۈتكۈچىسى. مۇنۇ پۇل سىزگە بەرگەن مۇكاپاتىم بولسۇن، قانداق دەيسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— رەھمەت سىزگە، — دېدى تۇتىگۇل مىننەتدارلىق بىلەن، — سىزگە نېمە ئەكېلەي؟

مەسۇم هاراق، قورۇمىلاردىن بۇيرۇدى، بىردەمدىلا ھەممە نەرسە تەييار بولدى. مەسۇم ھەممىنى ئىچىپ بولسىمۇ يەنىلا كەيپ بولمىدى. بۇگۇن ئاخشام ئۇنىڭ كۆڭلى خۇش ئىدى. تۇتىگۇلمۇ ئىنىدەككە كەلگەندەك قىلاتتى، كەيپىمۇ چاغ ئىدى. بۇگۇن جەزمەن تۇتىگۇل بىلەن بىللە قايتىدۇ. ياتاق، رېستورانلاردا كۆز - قۇلاق تولا، بىر ئىشنى خالىي قىلغىلى بولمايدىكەن. شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن ئولتۇرغان مەسۇم تۇتىگۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. مەسۇم ئۆتكەنكى ئىشى ئۈچۈن خىجىللىقىنى بىلدۈرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە ئېگىشىپ پىچىرلىدى:

— مېنى كەچۈرۈڭ، خانىم، ئۆتكەنكى ئىشىم ئۈچۈن سىزدىن بەك خىجىلمەن، مەن سىزدىن چوڭ بولسامۇ يەنىلا سىزنى ھۆرمەت قىلىمەن، مۇھەببەت - سۆيگۈ دېگەنلەر ياش قورامىغا باقمايدىكەن، كىشىنى مەستانە قىلىپ قويىدىكەنسىز، مېنىڭ يۈرىكىمنى پىچاق بىلەن تىلسىڭىزمۇ مەيلى، ئۆز رازىلىقىم بىلەن قاراپ تۇرىمەن، دىدار - ۋەسلىڭىزنى كۆرۈش ئۈچۈنلا كەلدىم. سىزدەك گۈزەل ئاياللارنى مەن كۆرمەپتىكەنمەن. سىز ماڭا ھەرگىزمۇ خاپا بولماڭ، مەن سىزنىڭ دىدارىڭىزنى كۆرگىنىمگىلا خۇش، شۇندىلا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىمەن!

— گەپكە بەك ئۇستا ئىكەنسىز، شائىرمۇ نېمە سىز؟ — سورىدى تۇتىگۇل ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ.

— ياقەي، ئاددىي ئادەممەن، — داۋاملاشتۇردى مەسۇم، — سىزنى كۆرۈش ئۈچۈنلا مۇشۇ يەرگە كېلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆتكەنكى بەڭۋاشلىقىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن. سىز مەيلى قاراڭ، قارىماڭ، ماڭا بەرىبىر، سىزنى يەنىلا ھۆرمەت قىلىمەن، سىزنى قەدىرلەيمەن، سىزگە يار - يۆلەك بولىمەن.

سىز مۇشۇنداق ئورۇنلاردا ئىشلەپ زايە كېتىۋاتقان گۈزەللەرنىڭ
بىرى ئىكەنسىز، سىزنىڭ ئورنىڭىز ھەرگىزمۇ بۇ يەر بولماسلىـ
قى كېرەك. سىز كاتتا رېستورانلارنىڭ ئايال خوجايىنى بولۇشقا
تېگىشلىك. سۆلىتىڭىز بار، دۆلىتىڭىزمۇ بار، ئەقىل ـ ئىدـ
راكلىق، زىلۋا قەددى ـ قامىتىڭىز يارىشىملىق تۇرمامدۇ. ياراتـ
قان ئىگىسى سىزگە ھەممىنى تولۇق بېرىپتۇ. پەقەت زۇۋۇلـ
ـﯖىزلا كىچىك ئۈزۈلگەچكە، پېشانىڭىز تازا ئوڭدىن كەلمەي قاپـ
تۇ. بىز مال ـ دۇنيا دېگەننى سىزگە تەسەددۇق قىلىۋېتىمىزدە،
سىز شۇنداق قىلىشقا ئەرزىيسىز. قاش ـ كۆزىڭىزنىڭ تۆكۈلۈپ
تۇرۇشى، غۇنچە لېۋىڭىز، زىلۋا بويىڭىز، يارىشىملىق قەددى ـ
قامىتىڭىز، قولىمىزدا مىڭ سەر ئالتۇن بولسىمۇ بېشىڭىزدىن
ئۆرۈپ چاچىمىز. نېمە، ئىشەنمەمسىز؟ مەن راست سۆزلەۋاتىمـ
ـەن، ماڭا قارىڭا، سىز تازا ئېچىلىپ كېتەلمەيۋاتىسىزغۇ ياكى
سىزنىڭ ھېلىقى توي قىلىدىغان ئادىمىڭىز، سىزنى چەكلەپ
تۇرامدۇ. مۇنداق ئەرلەرگە تېگىش بىر زۇلۇم، تۆگىمەس دەرد.
كونىلىق بىلەن ياشايدىغان مۇنداق ئادەملەرنىڭ گۈزەل ئاياللار
بىلەن توي قىلىشى ھامان كۈنچىلىكنى، تۇرمۇش ۋەيرانچىلىقىنى
ئەكېلىدۇ. قانداق دەيسىز؟...

مەسۇم ئۆزىنىڭ كاسىلداۋېرىشى بىلەن تۇتىنگۇلنى قايىل
قىلغاندەك ئىدى. ئۇ مەسۇمنىڭ قاپقارا قىلىپ بويىغان چاچلىرىغا
ئۇزاق تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ چاي
يەڭگۈشلىدى، قورۇمىلارنى ئىسسىتتى.

— ئۆتكەنكى ئىشىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، — دېدى تۇتىنـ
گۇل ئاخىرى مىيىقىدا كۈلۈپ، ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى مەسۇمـ
ـنىڭ كۆزىگە ئوت بولۇپ كۆرۈندى، — توي قىلىدىغان يىگىتىم
مېنى بەكلا قورۇيدۇ، ھېچكىم بىلەن پاراڭ قىلدۇرمايدۇ، ئۇمۇ
مەن بىلەن مۇشۇ يەردە ئىشلەيدۇ، سىزدەك شېرىن گەپلەرنى
قىلىشنى بىلمەيدۇ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى ئەسلا ئۇقمايـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دۇ. سىزنىڭ بايىقى گەپلىرىڭىزگە قايىل بولدۇم. ئۆتكەنكى تەنتەكلىكىم ئۈچۈن مېنى يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈڭ، بولامدۇ؟

— سىزدەك گۈزەل تۇمۇچۇقلارنى كەچۈرمىسەم كىمنى كەچۈرىمەن، — دېدى مەسۇم شامدەك ئېرىپ، — بولمىسا ئۇۋالىغا قالىمەن، سىزدەك گۈزەللەرگە جېنىمىز پىدا بولسا، ئارمىنىمىز يوق كېتىمىز دەڭا.

تۇتىگۈل باياتىن ئولتۇرۇپ زېرىكتى بولغاي، ئورنىدىن تۇردى.

— بوپتۇ، بىر قۇر پىرقىراپ كېلىڭ، — دېدى مەسۇم تەبەسسۇم بىلەن، — خوجايىنىڭىز كۆرۈپ قالسا سىزنى ئەيىبلەپ قويمىسۇن، ئۇنداق قىلسا مېنىڭ يۈرىكىم چىدىمايدۇ جۇمۇ. ئەگەر مەن بۇ يەرنىڭ خوجايىنى بولسام سىزنى پەرىزاتتەك ياساپ خېرىدارلارنى كۈتۈۋېلىشكىلا مەسئۇل قىلاتتىم. يۇندى - چاقىلارنىڭ ئىچىدە چىنە - تەخسە قاتلاپ يۈرۈشىڭىزنى خالىمايتتىم.

تۇتىگۈل بىر نازىنىن كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ مەسۇمگە قاراپ قويدى.

— ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن كېلىمەن، ھېلىقى يىگىتىم بۈگۈن دەم ئالغان، كەلمەيدۇ. ئىشتىن چۈشىدىغىنىمغىمۇ ئاز قالدى.

— ئۇنداقتا سىزنى مۇشۇ يەردە كۈتىمەن، — دېدى مەسۇم يۈرىكى خۇشاللىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— ياق، سىز ئالدىمدا چىقىپ تۇرۇڭ، — دېدى تۇتىگۈل جىلۋە بىلەن.

— ئۇنداق بولسا دوقمۇشتا تۇرۇپ تۇرىمەن.

— ماقۇل ئەمىسە.

مەسۇم بوتۇلكىدا قالغان قىزىل شارابلىرىنى ئىچىپ بولدى. بۈگۈن مەست بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تۈزۈك كەيپ بولغىنىمۇ يوق. شۇنچىۋالا ئىچكەن ھارىقى قەيەرگە كەتتى؟ خۇشاللىقتا

ئىچكەن هاراق باشقىچە بولىدىكەن ـ دە، يەنە كېلىپ ئۆزى ۋىسال ئىشقىدا كۆيۈپ ـ پىشقان ئادىمىنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلىغان بۇ كېچە ئۇنىڭغا گويا كېچىسى قۇياش پارلاپ چىققاندەك، كۆڭلىنىڭ ئۆتكەنكى ئىش بىلەن قاراڭغۇلاشقان يەرلىرى نۇرلىنىپ كەتكەندەك سېزىلدى. تۇتىگۇل شۇنچە گۈزەللىكىگە قارىماي، مەسۇمنىڭ شۇنچە قېرى كۆرۈنگەن، قورۇق باسقان چىرايىغا بېرىلىپ قاراشلىرى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى يېشىۋەتتى. ئەگەر راستتىنلا ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدەك بولۇپ، ئىش ۋۇجۇدقا چىقىپ قالسا تۇتىگۇل ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك گۈزەل ئايالى بولۇپ قالىدۇ...

مەسۇم ئەنە شۇنداق ئايىغى چىقماس شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ دوقمۇشقا كەلدى ـ دە، ستولبىدىكى چىراغ نۇرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ. قاراڭغۇ دالدىغا بېرىپ تۇردى. ئەتىياز پەسلى بولغاچقا، كەچقۇرۇنلۇقـى هاۋا سوغـۇق ئىدى. كوچىلاردىكى قارلار ئېرىپ يوللاردىن چاڭ كۆتۈرۈلسىمۇ، باهار هىدى پۇرىغاندەك قىلمايتتى. مەسۇم كاستيۇمىنىڭ ئالدىنى ئەتتى. بۇرۇلكىسىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ قايسىبىر بىر ئىدارىنىڭ پاسىل تام رېشاتكىسىغا يۆلىنىپ تۇردى. بىر پەستىن كېيىن، تۇتىگۇلنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ئۇدۇللاپ مەسۇمنىڭ قېشىغا كەلدى. مەسۇم هېچ ئىككىلەنمەيلا ئۇنىڭ قولتۇقىغا قولىنى ئۇزاتتى. تۇتىگۇلمۇ ئۇنىڭغا قارشىلىق قىلمىدى. ئۇلار بىر پەس جىمجىت مېڭىشتى. كوچىدا كېچىلىك تاكسىلار ئۇياق ـ بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتەتتى. ئۆتكۈر چىراغ نۇرلىرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. كېچىلىك بەزمىخانىلاردىن ئۈزۈلمەي ناخشا ـ مۇزىكىلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئۇ ئىككىسىنى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراشقا مەجبۇر قىلدى.

— تۇتىگۇل ، هەي تۇتىگۇل! — ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىرى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كېلىۋاتاتتى.

— ۋېيىەي، ئاۋۇ ساراڭ كېلىۋېتىپتۇ، — دېدى تۇتىگۇل

قولىنى مەسۇمنىڭ قولىدىن ئىتتىك ئاجراتقان ھالدا، — سىز تېز كېتىڭ، بولمىسا ئۇ يەنە ئەسكىلىك قىلىدۇ، بولۇڭ دەيمەن.
ئىمرەمزە كەلگۈچە تاكسىدىلا...
— مەن قانداق قىلالاتتىم، — دېدى مەسۇم تەمكىن ھالدا، — سىزنى كېچىدە ئۆيىڭىزگە يەتكۈزۈپ قوياي دېدىم شۇ. مەندە نېمە گۇناھ؟
— لېكىن، ئۇ ئۇنداق ئويلىمايدۇ، جېدەل چىقىرىدۇ. ھەتتا سىزنى...
تۇتىگۈلنىڭ گېپى تېخى ئۈزۈلمەي تۇرۇپ ئىمرەمزە يېتىپ كەلدى ۋە مەسۇمگە سىنچىلاپ قارىدى.
— ھە، ماۋۇ ھېلىقى قېرى بەز ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇ يېنىدىكى بىللە كەلگەن بىرىگە مەسۇمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ھوي، قېرى بەز، خەقنىڭ خوتۇنىنى كېچىدە قەيەرگە يېتەكلەپ ماڭدىڭ، ئېيت، ئۆتكەندىكى ئىشىڭغا توۋا قىلماي، يەنە چىتلاپ يۈرەمسەن؟ ئۆتكەندە مەرۇپ گۆشنىڭ يۈزىنى قىلىپ سېنى قويۇۋەتكەندىم، ئەمدى بوش قويۇۋەتمەيمەن جۇمۇ.
ئىمرەمزە شۇ گەپ بىلەن تەڭ مەسۇمنى بىر مۇشت ئۇردى. تۇتىگۈل يۈگۈرۈپ كېلىپ ئارىغا چۈشتى. ئۇ شۇنداق قىلمىسا ئىشنىڭ يوغىناپ كېتىدىغىنىغا كۆزى يەتكەنىدى.
— گۇناھسىز ئادەمنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دېدى تۇتىگۈل ئىمرەمزىنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، — ھېچ ئىش بولغىنى يوق، مەن بۈگۈن سىزنى كەلمەيدۇ دەپ بۇ ئاكىمىز بىلەن بىللە قايتقانىدىم، سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى نەدىن بىلەي؟
— سىز ئارىلاشماڭ، تۇتىگۈل، بۇ قېرى بەزنى ئۆزۈم جۆندەيمەن.
مەسۇمگە ئازراق جان كىردى:
— ئۇكاۋۇي، نېمە ئىش بولدى؟ كىم يامانلىق قىپتۇ؟ كوچىدا سەت بولىدۇ. گېپىڭ بولسا يولىدا دېمەمسەن؟

— ماڭە، يولىدا دەيمەن، — دېدى ئىمىرەمزە مەسۇمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتقىنىچە، — ماڭ، رېستوراننىڭ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىدە سۆزلىشىمەن.

ئىمىرەمزە مەسۇمنى ئالدىغا سېلىپ رېستوران تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ ئارقىدا كېلىۋېتىپ يېنىدىكى ھەمراھى بىلەن پىچىرلىشىپ بىر نەرسىلەرنى پۈتۈشۈۋالغاندەك قىلاتتى. تۇتىگۈل گەپمۇ قىلماي ئۇلارنىڭ قېشىدا بىللە كېلىۋاتاتتى. ئۇ نېمىدەپ ئېغىز ئېچىشى مۇمكىن؟ ئۆتكەندىكى ئىشى توي قىلماقچى بولغان يىگىتىنى گۇمانلاندۇرۇپ قويغانىدى. تۇتىگۈل ئۆزىمۇ بىر ئەرگە تېگىپ چىققان جۇۋان بولغاچقا، ئۆزىنى رېستوراندا ئىشلەشكە لايىق دەپ بىلەتتى. دەل ئۇ شۇ رېستوراندا ئوينىغان تانسىدىن باشلانغان جېدەل ئۇنىڭ قىز تەگكەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدى. تۇتىگۈل ئۆزىنىڭ تىنچ ئائىلە تۇرمۇشىنى بۇزغان بۇ رېستوراندا ئىشلەپ جېنىنى بېقىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنىڭ قوشۇلمىغىنىغا قارىماستىن چەت بىر مەھەللىدە ئايرىم ئۆي تۇتۇپ ئولتۇردى. كېچىسى رېستوراندا ئىشلەيدىغان ئىش تاپتى. ئاخىر ئۆزىنىڭ مۇنداق يالغۇز ئۆتۈۋېرىشىنىڭ مەنىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئۆزىگە ئوخشاش رېستوراندا ئىشلەيدىغان ئەردىن بىرنى تاپماقچى بولدى، مەقسىتىگىمۇ يەتتى. «تولۇنئاي رېستورانى»دا قوغدىغۇچى بولۇپ ئىشلەيدىغان ئىمىرەمزە ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالدى، چىقىشالمايۋاتقان خوتۇنىنىمۇ قويۇۋەتتى. ئەمدى توي قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا بۇدۇشقاقتا ئوخشايدىغان مۇنۇ قېرى بەز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولدى. ئىمىرەمزىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاۋۇ سالاپەتلىك كىشى تۇتىگۈلنىڭ قەلبىدە ئاز - تولا ئۇچقۇن پەيدا قىلغانىدى، ئۆزىنى دائىم تىللاپ، كۆنلەپ ئۇرۇپ تۇرىدىغان مۇنۇ كەلگۈسى ئېرىدىن بولسا سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ قىلچە ئۇچقۇنىنى تاپالمىدى. دىلى كۆپ ئازار يېدى. تۇتىگۈل ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىن قايغۇ-

www.uyghurkitap.com

روپ، ھازىرلا بىر تەرەپ بولۇپ كېتىشىنى ئېيتىپ ئىمىرەمزىگە يالۋۇردى، لېكىن ئىمىرەمزىنىڭ جاۋابى ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى: «جېنىم تۇتىگۇل، ئۇنداق دېمىگىن، مەن سېنى دەپ خوتۇن، بالا ـ چاقامدىن ئايرىلدىم، سېنى جېنىمدىن ئارتۇق سۆيەمەن، سېنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرگىنىمدىنمىكىن ئەيتاۋۇر سېنى رېستوراندا ئۇچۇپ يۈرۈپ يۈزۈڭگە قونۇپ كەتكەن ئەركەك چىۋىنىدىنمۇ كۈنلەيدىغان بولۇپ قالدىم. كۈنچىلىكىم قاتتىق ئوخشايدۇ. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇما، سېنى ياخشى كۆرگەنىمدىن، سېنى چىن قەلبىمدىن سۆيگىنىمدىن شۇنداق قىلىۋاتىمەن، ئەگەر سەن مېنىڭدىن بۇزۇلساڭ ئالدى بىلەن سېنىڭ جېنىڭنى ئالىمەن، ئاندىن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن...» دېگەنىدى ئۇ.

خىياللىرى دەل شۇ يەرگە كەلگەندە تۇتىگۇلنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئالدى تەرەپتىن ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلمىگەندە ئۇ تېخىمۇ قارا تەرگە چۆمگەن بولاتتى.

— ماڭ كىر، — ۋارقىرىدى ئىمىرەمزە مەسۇمىنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتقان پېتى ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىدىن ئىچكىرىگە ئىتتىرىۋېتىپ، — كىر دەيمەن، سەن بىلەن مۇشۇ يەردە سۆزلىشەي.

تۇتىگۇل سىرتتا قالدى. بۆلۈمدە ئىمىرەمزە بىلەن ئۇنىڭ شېرىكى مەسۇمنى يەلكىسىدىن بېسىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى.

— ئەمدى قۇتۇلغىنىڭنى بىر كۆرەي، — دېدى ئىمىرەمزە غەزەب بىلەن ھومىيىپ، — كىشىنىڭ خوتۇنىغا پوخورلۇق قىلغىنىڭغا ئاغزى ـ بۇرنۇڭغىچە تويدۇراي ... ئۆتكەنكى مىڭ سوم جەرىمانىنى ئەمدى تۆلەيسەن، قولۇڭدىن تىلخەت بېرىسەن، ئاندىن كېتىسەن، بولمىسا، بۈگۈن بىر ئاخشام يەر ئاستى ئۆيىدە ياتىسەن، ئەتە سېنى ساقچىخانىغا ئاپىرىپ بېرىمەن، ئۇ چاغدا ھەرقانچە قىلىپمۇ قۇتۇلالمايسەن.

— نەدىكى پۇلنى بېرىمەن، ئۇكا، تىكەندەك يالغۇز جېنىمـ
نى ئارانلا بېقىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى مەسۇم بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — مائاشىمغا قۇۋۋەت دورىلىرىنى ئىچىپ تۇگىتىمەن، ئاي ئاخىرىدا يەيدىغان نانغىمۇ پۇل قالمايدۇ. قانداق قىلىمەن، ئەرلىك باھنى كۈچەيتىدىغان ئاشۇنداق دورىلارغا ئۆزۈممۇ ئامراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە خۇمارىم تۇتىدۇ ئەمەسمۇ...

بۇ گەپ تالادا ئىشىك تۇۋىدە تۇرغان تۇتىگۇلگە ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇ تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاش ئۇچۇن ئىشىككە قۇلىقىنى يېقىپ جىممىدە تۇردى. ئىچكىرىدىن مەسۇمنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ئايدا بىر قېتىم مائاشىم چىققاندا رېستورانغا بىر كېلىپ ئولتۇرۇپ كۆڭلۇمنى ئېچىپ كېتىمەن، بەزىدە كوتكوچىلەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قويغىنىمغىلا چېكىسىگە يۇز سوم قىستۇرۇپ قويۇپ كېتىمەن...

— كۆز زىناسى قىلىمەن دېگىن، قىېرى بەز، — ئىمىرەمزىنىڭ غەزەپلىك ئۇنى ياڭرىدى، — گەپ يورغىلاتماي جەرىمانىنى تۆلە، بولمىسا ئۆلگۇدەك دۇمبا يەيسەن، ھېچكىممۇ سورىقىڭنى قىلمايدۇ، سورىسا ئايالىمغا پوخورلۇق قىلىپ چېقىلـ
ماقچى بولغانلا دەيمەن، كېپىنىڭ پىچلىپ، ئىككى پۇتۇڭ بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ...

— مېنىـى ئـۇنچىلىك گـۇناھكار قىلىۋەتمـە، ئـۇكا، — يالۋۇردى مەسۇم، — تۇتىگۇلنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ قويغىنىمغا مىڭ سوم دېسەڭ، قانداق كۇن كۆرىمىز، كاشكى بىر سۆيۇۋالسام نېمە ئارمان!

— تەـلىڭنىـى تارت! — ۋارقىـرىدى ئىمـىـرەمزە ئارقىدىن «تارس ـ تۇرس» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مەسۇمنىڭ «ۋاي، قۇتقۇزۇڭلار! » دېگەن زارلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سىرتتا ئىشىك تۇۋىدە تۇرۇپ ھەممىنى ئاڭلاۋاتقان تۇتىگۇل ئىشىكنى ئېچىپ يۇگۇرۇپ كىردى.

www.uyghurkitap.com

— بولدى، ئىمىرەمزە، يوق ئىش ئۈچۈن خەقنى هاقارەتلەپ
ئۇرماڭ! بىكار ئۆزىڭىزگە ئىش تېپىۋالىسىز.
تۇتىگۇلنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئىمىرەمزە مەسۇمنى ئۇ-
رۇشقا كۆتۈرگەن قولىنى چۈشۈرۈۋالدى.
— تۇتىگۇل، سىز ئارىلاشماڭ، — دېدى ئىمىرەمزە ئۇنىڭغا
تەلمۈرۈپ، — بۇ قېرى بەزىنىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بېرىپ قويمىسا
سىزگە يەنە ساقال تاشلايدۇ، پوخورلۇق قىلىدۇ.
— بولدى قىلىڭ! يۈرۈڭ كېتەيلى، مەسۇمكامنىمۇ قويۇۋې-
تىڭ، ئۇنىڭغا نېمانچە يېپىشىۋالىسىز، هېچ ئىش بولغىنى يوق-
قۇ! بولدى يۈرۈڭ كېتەيلى، خىزمىتىڭىزگە تەسىر يېتىپ قال-
مىسۇن، مەن سىزگە كۆيۈنۈۋاتىمەن!...
— شۇنى دېمەمسىز، تۇتىگۇل، مانا ئىسپات ئالدىڭدا تۇر-
مامدۇ، ئۇكا، هېچ ئىش بولغىنى يوق. ئۆتكەنكى ئىش ئۇ
ئۇقۇشماسلىقتىن، بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدىن
بولغان، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات...
— هۇ!... قېرى پاھىشىۋاز، گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ — دېدى
ئىمىرەمزە تېخىمۇ غەزەبلەنگەن هالدا مەسۇمگە مىختەك
قادىلىپ، — تولا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ بەزدەك تۇرۇۋالماي مىڭ
سومنى جوزىغا قوي، بولمىسا قاراڭغۇ ئۆيدە بىر كېچە ياتىسەن،
ئەتە ساقچىخانىغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن.
— نېمىنى قويىمەن، ئۇكا، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭغا يالۋۇ-
رۇپ، — مىڭ سوم تۇرماق، مىڭ تىيىنىم يوق مېنىڭ،
بار - يوق پۇلۇمغا دورا ئىچىپ بولغانمەن، قالغىنىغا بۈگۈن
رېستوراندا ئولتۇردۇم، جېنىم ئۇكىلار.
— قانداق دورا ئىچكەنتىڭ؟ — سورىدى ئىمىرەمزە ئېهتى-
يات بىلەن ئۇنىڭ قانداق كېسەلنى بارلىقىنى بىلمەكچى
بولۇپ، — كېسەلىڭنى باهانە قىلىپ تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالماقچى
بولۇۋاتىسەنغۇ دەيمەن قېرى كاداڭ، قۇۋلۇقىنى قارا بۇنىڭ!

— ياق، ياق، مەن پەقەت ئەرلىك باھنى كۆچەيتىدىغان دورىلارنىلا ئىچىپ باققانمەن، بۇنداق دورىلار قىممەت بولغاچقا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا بويۇن قىسىپ تۇرغىنىم شۇ، بولمىسا دىگىنىڭلارنى بىرىپ قۇتۇلۇپ كەتمەمدىمەن.

— ھۇ، قىرى پاھىشۋاز! — ۋارقىرىدى ئىمىرەمزە مەسۇمەنى بىر تىپىپ، — كىم سىنى شەھۋانىيلىق قىلسۇن دەپتۇ. «دورا ئىچىپتىمىش»، دورا ئىچىپ خەقنىڭ خوتۇنىغا ساقال تاشلاڭ دەپتىمۇ بىرى!

— ھەممە بالانى تەرگەن ئاشۇ دورا، ئۇكىلار، — يىغلىغۇدەك بولۇپ چۈشەندۈردى مەسۇم، — شۇ دورىنى ئىچمىگەن بولسام بۇ كۆنگە قالمايتتىم، ئىسىت، ئىسىت مۇنداق خار كۆنگە قىلىشىمنى بىلسەم، ئۇ دورىنى ئىچىپ نىمە قىلاتتىم؟ ئۇكىلار، ئاشۇ دورىلارنى ساتقانلارنى ئۇرساڭلار بولمامدۇ، مىنىڭدەك ئالدانغان بىچارىنى ئۇرغىچە! ئىسىت، پۇللىرىم، ئىسىت! ...

ئىمىرەمزە ھەيران بولۇپ ھەمراھىغا ۋە تۇتىگۇلگە قارىدى. ئۇلار بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنە ئىمىرەمزە بۇزدى:

— ساراڭمۇ - ئوڭمۇ مۇنۇ قىرى بەز، بۇنى بىر كىچە سولاپ قويايلى، ئاندىن ھوشىنى تىپىۋالىدۇ. نىمە پەلىپەتىش گەپلەرنى قىلىدۇ بۇ قىرى پاھىشۋاز!

— جىنىم ئۇكىلار، مىنى ئۇنداق قىلماڭلار، — زارلاندى مەسۇم يەنە، — مىنى سولىماڭلار، سولاقتىن بەك قورقىمەن، ھەممىسى ئاشۇ دورىلارنىڭ كاساپىتىدىن بولۇۋاتىدۇ، ئەسلىدە، بۇ دورىلارنىڭ پاھىشۋازلىق، شەھۋانىيلىقنى قوزغىمايدۇ دىگەن چۈشەندۈرۈشى بار ئىدى، ئوقۇغان بولساڭلار بىلەتتىڭلار، شۇ گەپكە ئىشىنىپ كىتىپتىمەن، پۈتۈن تومۇرلىرىمنىڭ چىڭقىلىپ كىتىدىغانلىقىنى نىمە بىلەي؟ ئاخىر چىدىيالماي ئۆيدە خوتۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىغاندىكىن، مۇشۇ يەردىن ۋاقىتلىق بىر خوتۇن چىقىپ قالامدىكىن دەپ كەلگەنىدىم.

— شۇڭا خەقنىڭ خوتۇنىدىن يېتىلەپ مېڭىپتىكەنسەن - دە؟! — زەردە بىلەن دۆشكەلىدى ئىمىرەمزە مەسۇمنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، — ھەممە گۇناھنى ئاشۇ دورىغىلا ئارتىپ قويۇپ قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتامسەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس! تولا ۋالاقلىماي، جەرىمانىنى تۆلە، ئاندىن توۋىنامە ياز.

— يازاي، يازاي، ئۆكىلار. رېستوران دېگەنگە ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسماسلىققا قەسەممۇ قىلاي...

— بېسىش - باسماسلىقىڭ بىلەن كارىمىز يوق، — دېدى ئىمىرەمزە قوپاللىق بىلەن، ئاندىن يەر ئاستىدىن تۇتىگۇلگە قاراپ قويدى. ئۇ بىر چەتتە يەرگە قاراپ خىيال سۈرگىنىچە جىممىدە تۇراتتى.

— ھازىر مۇھىمى جەرىمانىنى تۆلە، ئاندىن قويۇۋېتىمىز.

— توۋا قىلسامۇ قويۇۋەتمەمسىلەر؟ — يېلىنىپ سورىدى مەسۇم بىچارە قىياپەتتە تۈگۈلىنىپ.

— قۇرۇق توۋىنىڭ بىزگە نېمە لازىمى، — ئىمىرەمزە مەمەدانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىدى، — ئىشتىنىڭنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان پۇللىرىڭنى چىقار، بولمىسا ئۆزىمىز سالدۇرۇپ ئاختۇرىمىز.

— ياق، ياق ئۇنداق قىلماڭلار، — يەنە يالۋۇردى مەسۇم، — يائاللا، ھازىر توۋا قىلىشمۇ پۇللۇق بولۇپ كەتتىما؟!

— شۇنداق بولمايچۇ، قۇرۇق بەزگە مۆشۈك ئاپتاپقا چىقاتتىمۇ ئەمەسە.

ئۇلار مەسۇمنىڭ گېپىنى ئاڭلار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قىلمىغان ياخشى گېپى، يېلىنمىغان ئامالى قالمىدى. ئۇلار مەسۇمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى سالدۇرۇپ

ئاختۇردى. ئاخىر، مەسۇم ئىچ تامبىلىنىڭ يانچۇقىغا يوشۇرۇپ يۈرگەن بەش يۈز سوم پۇل ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى!

— ئۆلدۈم، مەن ئۆلدۈم، — زارلاندى مەسۇم يىغلىغۇدەك بولۇپ، — شۇ بەش يۈز تەڭگەم بار ئىدى، خۇدا ھەققى ئالمىساڭلار، مائاشىم چىققۇچە نېمە يەپ، نېمە ئىچىمەن؟ ھېچكىم ماڭا پۇل قەرزمۇ بەرمەيدۇ. ماڭا نېمىشقا مۇنداق رەھىمسىزلىك قىلىسىلەر؟ تۇتىگۇلنىڭ بىلىكىنى تۇتۇپ قويغىنىم بەش يۈز تەڭگىگە توختامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، نەدە مۇنداق ئادالەتسىز زامان بولسۇن، سىلەر مۇنداق قىلماڭلار، قېنى سىز، تۇتىگۇل؟ سىرتتا بولسىڭىز، كىرىڭ، مەن كىيىملىرىنى كىيىۋالدىم. كىرىۋېرىڭ، بۇلارغا ۋىجدانىڭىز بىلەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇڭ، مەن ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي دەپ سىزنى قولتۇقلىغاندىن باشقا سىزگە نېمە قىلدىم؟ بىر ئايال كىشىنىڭ قولىنى تۇتۇپ قويغانغا بەش يۈز تەڭگە جەرىمانە دېسە قېپقىزىل بۇلاڭچىلىققۇ!...

سىرتتا تۇرۇپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان تۇتىگۇل مەسۇمنىڭ ئالدىغا كىرەلمىدى. ئۇ قايسى يۈزى بىلەن ئۇنىڭغا يان باسالايدۇ؟ ئىمىرەمزە كۇنچىلىكىنىڭ قاتتىق ئازابىدا مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋاتسا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ؟!...

— ئاغزىڭنى يۇم، قېرى پاھىشىۋاز، قېلىن بەز! — ۋارقىرىدى ئىمىرەمزە مۇشتۇمىنى مەسۇمنىڭ بېشىغا تەڭلەپ، — سەن تېخى جەمئىيىتىمىزگە تىل تەگكۈزۈشكە پېتىندىڭما، بۇ گېپىڭ ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت تۈرمىدە يېتىشقا مەھكۇم بولىسەن تېخى! تۇتە بۇنى، ھوشىنى تاپماپتۇ، بىر كېچە قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىدە ياتسۇن!

ئىمىرەمزە ۋە ھەمراھى مەسۇمنى سۆرىگەندەكلا ئېلىپ ماڭدى. يەر ئاستى ئۆيىنىڭ زەنجىرلىك ئىشىكىنى شاراقلىتىپ ئېچىپ، مەسۇمنى گەجگىسىدىنلا ئىچكىرىگە ئىتتىرىۋەتتى. ئار-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

قىدىنلا «جاق» قىلىپلا ئىشىكنى يېپىپ زەنجىرنى قۇلۇپلىدى. مەسۇم يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىشى ھامان بۇرنىغا زەي نەم ھاۋا ئۇرۇلدى. كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ھېچ نەرسىنى پەرق ئېتەلمەي قالدى. ئازراقلا مېڭىۋىدى، بىر نەرسىگە پۇتلاشتى، داراڭشىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قەيەرگىدۇر ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇ قولىنى ئالدىغا سوزۇپ بوشلۇقنى سىلىدى، قولى بىر نەرسىگە يۇمشاق ئۇرۇلدى، نېمىلىكىنى بىلەلمىدى، ئېھتىمالىم دۆۋلەپ قويغان ئەسكىلىك بولسا كېرەك، بىر ئاماللاپ بىر بۇرجەكىگە ئاستا ئولتۇرۇۋالدى. بىردەمدىلا بەتبۇي ۋە چىرىگەن نەرسىنىڭ قاڭسىق پۇرىقى تارقىلىشقا باشلىدى، سېسىقچىلىقتىن دەم ئالالماي قالدى. بۇ تەرەتنىڭ سېسىق ھىدى ئىدى، توغرا، بايا ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن نەرسە بەلكىم تەرەت چىلىكى بولسا كېرەك. بەلكىم مۇنىڭدىن ئىلگىرى رېستوراندا تاپتىن چىقىپ، مەمەدانلىق قىلغان مەست ياكى جېدەلخورلارنى سولاپ قويغاندا يىغىلىپ قالغان نىجاسەتلەر بولسا كېرەك. تېخىچە تۆكۈلمەپتۇ. كۆڭۈل ئاينىغۇدەك بەتبۇي ھىدقا چىدالمىغان مەسۇم شەپكىسىنى ئېلىپ ئاغزى - بۇرنىنى ئېتىۋالدى. بىردەمدىلا دېمىقىپ كەتتى. لېكىن، نېمە ئامال؟ شۇ پېتىچە بىر پەس ئولتۇرۇپ باقتى. بولمىدى، شەپكىسىنى ئېلىۋەتتى. بىر پەس دەم ئېلىۋېلىپ يەنە ئېتىۋالدى. ئاھ، ياش بىر يەرگە يەتكەندە نېمە تارتقۇلۇق بۇ؟ تېخى «پاھىشىۋاز»، «ھاڭگا» دەپ نام ئالغىنىچۇ، ئۇ بۇ دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇش ئۈچۈن ياشىماقچىدىغۇ، مانا ئەمدى بەتبۇي ھىد - پۇراقتا چۈمكىلىپ زەي سولاقخانىدا، يەنە كىلىپ ئادەم يولىماس يەر ئاستى ئۆيىدە قامىلىپ ياتىدۇ. پۇل خەجلەپ سېتىۋالغاندەكلا تېپىۋالغان بۇ بالا - قازادىن ئۇ ئەمدى كىمنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتۇلۇپ چىقار؟ ھە، راست، مەرۇپ گۆش بار، لېكىن ئۇنىڭغا قانداق خەۋەر قىلىدۇ. نېمانداق تەلەيسىز ئادەمدۇر بۇ. كىشىلىك قىممىتى، كىشىلىك قەدىرىمۇ يوق

بۇ ئادەمگە ئەمدى بىر ئىگە چىقارمۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ گۆش ئارىسىدى-
كى ئەتىۋارسىز، تاشلاندۇق بەزدەك تاشلىنىپ ياتقان بۇ ئادەمگە
كىم كۆز قىرىنى تاشلاپ بۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ؟ ھېچ-
كىم چىقمىسا شۇ پېتىچە بىرنەچچە كۈن ئاچ يېتىپ قالارمۇ؟
جىمجىتلا يوقىلىپ كەتسەم مەھەللىدىكىلەر ئىز - دېرىكىمنى
قىلارمۇ؟ ئۇلار ئۇنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ، قېرىغىنىنى تۇيمىغان
ھايۋان، گەپ ئۆتمەس بەز، دەپ ئاھانەت قىلارمۇ؟ مەسۇم ئەمدى
نومۇستىن ئۆلىدىغان بولدى. مۇشۇ يەر ئاستى ئۆيىدە ئېسىلىپ
ئۆلۈۋالسۇنمۇ - يە؟ ھەممە بالانى تاپقان شەھۋانىيلىقنى ئويغىتى-
دىغان ئاشۇ دورىلار - دە...

ئۇ ئاشۇنداق گادىرماچ خىياللار بىلەن قايسى ۋاقىت بولغان-
لىقىنى بىلەلمىدى. تاڭ يورۇسىمۇ يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئوخشاشلا
قاراڭغۇ بولىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى، ئۆي نەم ۋە سوغۇق ئىدى.
ئۇ تولغۇنۇپ بىر پەس ئولتۇرۇپ باقتى، زادىلا بولمىدى. بىر
پەستىن كېيىن، سىرتتا شىپىرلىغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى.
مەسۇم قۇلاق سالدى. ئىشىك زەنجىرى بىلىنەر - بىلىنمەس
شاراقلىدى، ئارقىدىنلا ئىشىك قىيا ئېچىلدى.

— مەسۇمكا، — ناھايىتى پەس ئاۋازدا چاقىرغان ئايال كى-
شىنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى، — مەسۇمكا، بۇ ياققا چىقىڭ.

مەسۇم ئورنىدىن چاچىراپ تۇردى - دە، بىرنېمىلەرگە
پۇتلاشقان پېتى ئىشىك تۈۋىگە يېتىپ كەلدى.

— سىز كىم؟ — قورقۇپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا سورىدى
مەسۇم.

— بۇ مەن، تېز چىقىڭ! بولۇڭ، ئېزىلەڭگۈلۈك قىلماڭ،
ھېلىقى تويۇپ قالسا ھەر ئىككىمىز تۈگىشىمىز.

— تۈتىگۈل؟! سىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ —
ھەيران بولۇپ سورىدى مەسۇم، — ھېلىقى زومىگەرلەر قېنى،
ھەقىقەتەنمۇ زومىگەر ساقچىكەن ئۇ، پۇلۇمنى ئېلىۋېلىپ ئۆزۈم-

نى سولاپ قويغان ساقچىنى ئۆمرۈمدە كۆرمەپتىكەنمەن.

— ئۇ ساقچى ئەمەس، رېستوراننىڭ ئامانلىقىنى قوغدايدىغان خادىم، — چۈشەندۈردى تۇتىگۈل، — مېنى ئالىمەن دەپ ئارقامغا كىرىۋالغان، مەنمۇ ئامالسىزلىقتىن تېگەي دېگەن ئادەم شۇ.

— ئۆكتەم، ساختىپەز ئادەمگە قانداقمۇ تېگەرسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالمىغان خوتۇننى كۇنلەيدىغان كۇنچى بىرنېمىكەن!

— بولۇك، تېز كېتىشۋېلىڭ، كېيىن پاراڭلىشايلى، — دېدى تۇتىگۈل ئالدىراپ ۋە يانچۇقىنى كولاپ بىرنەرسىنى ئالدى ـ دە، مەسۇمنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئالىقىنىغا سېلىپ قويدى، — ماۋۇ بايام سىزدىن ئېلىۋالغان بەش يۈز سوم پۇل، بۇ پۇلىڭىزنى ئېلىۋېلىشقا مەن سەۋەبچى بولدۇم، شۇڭا، بۇنى سىزگە ئۆزۈم ئېلىپ بېرەي دېدىم.

— قانداق ئېلىۋالدىڭىز، ئۇ سىزگە بېرىشكە قانداق ئۇنىدى؟! — ھەيرانلىقتىن گاڭگىراپ قالغان مەسۇم شۇ گەپنىلا قىلالىدى.

— ئۇلار سىزنى سولاپ قويۇپ چىقىپ چىلاشقۇچە ئىچىشتى. ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ياتىقىغا مېنىمۇ بىللە ئاچىقىپ، غەرق ئۇيقۇغا كېتىشتى. مەن سىزنىڭ بىچارە ھالىتىڭىزنى ئويلاپ تۇرالمىدىم. ياردەم قىلغۇم كەلدى. مەن سەۋەبچى بولمىغان بولسام شۇ كىشى زەي، قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىگە قامالمىغان، بەش يۈز سوم پۇلدىن ئايرىلمىغان بولاتتى، دەپ ئويلاپ يۈرىكىم ئازابلاندى. سىزنى قۇتۇلدۇرماقچى بولدۇم. ھېلىقىنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرسام پۇلىڭىز شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، ئالدىم، ئاچقۇچنى تاسمىسىدىن يېشىۋېلىپ بۇ يەرگە چىقتىم...

— سىزگە كۆپ رەھمەت، مېنى قايغۇ ـ ئەلەم ۋە نومۇس ئازابىدىن قۇتۇلدۇردىڭىز، — مەسۇم شۇ سۆزلەرنى ھاياجان بى-

لەن سۆزلىدى، مىڭ سىنچىلاپ قارىسىمۇ قاراڭغۇدا تۇتىگۈلنىڭ چىرايىنى ئوچۇق كۆرەلمىدى.

— بولۇڭ، تېز مېڭىڭ، — ئالدىراتتى تۇتىگۈل ئۇنى مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ، لېكىن مەسۇم ئورنىدىن قوزغالمىدى.

— سىزگە نېمىدەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، — مەسۇم ئاخىر تۇتىگۈلنىڭ قولاق تۈۋىدىلا پىچىرلاشقا جۈرئەت قىلدى، — بولدى، مۇشۇ بەش يۈز سوم پۇل سىزگە قالسۇن، سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن بەرگەن سوۋغىتىم بولسۇن، تونۇشۇپ قالدۇق، مەن سىزنى...

مەسۇم گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ تىنىقى تۇتىگۈلنىڭ تىنىقى بىلەن گويا بىر يەردىن چىقىۋاتقاندەك يېقىنلا بىر يەردە ئېغىر - ئېغىر نەپەس ئالاتتى. تۇتىگۈلمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. مەسۇم قاراڭغۇ يەر ئاستى ئۆيىگە مىڭ رەھمەت ئېيتقۇسى كېلىپ كەتتى. قاراڭغۇلۇق بولغاچقىلا مەسۇم شۇنچىلىك جۈرئەت بىلەن تۇتىگۈلگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇ، بىردىنلا غەيرەت قىلىپ تۇتىگۈلنى ئۆزىگە تارتىپ چىڭڭىدە قۇچاقلىدى. بىر قولىدا بويىنىدىن تۇتۇپ غۇنچىدەك لېۋىدىن بېسىپ چىڭڭىدە سۆيدى. قانچىلىك بېسىپ سۆيگىنىنى، قانچە ۋاقىت سۆيۈپ تۇرغىنىنى ئۇ ھېس قىلالمىدى. لېكىن ھەر ئىككىسى دەم ئالالماي قالغىنىدىلا لەۋلىرى بىر - بىرىدىن ئاجراشتى.

— گەرچە مەن سىزدىن چوڭ بولسامۇ سىزنى چىن قەلبىمدىن سۆيىمەن، جېنىم تۇتىگۈل، — دېدى مەسۇم ئۆپكىسىنى باسالمىغان ھالدا ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەپ، ئۇنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك ئىدى.

— مەنمۇ سىزنىڭ ساددا، مۇھەببەتكە بېرىلگەن يۈرىكىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى تۇتىگۈل ئاخىر زۇۋانغا كىرىپ، — ھەممىنى چۈشەندىم، مۇھەببەت ياش - قېرىلىققا باقمايدىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئىمىرەمزە سىزدىن ياش بولسىمۇ، سىزچىلىك مۇھەببىتى يوق، هاراق ئىچىپ بېشىنى كۆتۈرمەي ئۇخلاشنىلا بىلىدۇ، مەن سىز-دەك مۇھەببەتلىك ئادەمگە تەشنا، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمايمەن، ئايرىلىپ كېتىمەن.

— ئۇنداق بولسا ۋەدىمىز ۋەدە، ۋەدە يالغان بولمىسۇن، جېنىم خېنىم، سىزنى سۆيىمەن!...

مەسۇم تۇتىگۇلنى كۆكسىگە چىڭگىدە باسقان هالدا لېۋىدىن يەنە سۆيدى. ئۇنىڭچە بولسا بۇ كەلگۈسى ياش خوتۇنىنى شۇ پېتىچە سۆيۈپ تۇرۇۋەرسە، قويۇۋەتمىسە بولاتتى. لېكىن، قە-يەردىندۇر ئاڭلانغان ئاياغ تاۋۇشى ئۇلارنى تېزرەك خوشلىشىشقا ئالدىراتتى.

— مەن پاقا مەھەللىسىدە، سورىسىڭىز ھەممە بىلىدۇ، — دېدى مەسۇم يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ. تۇتىگۇل بايامقى سۆ-يۈشتىن تېخى هوشىغا كېلەلمەيۋاتقاندەك بىر پەس كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەندەك ئىدى. يەنە قەيەردىندۇر تاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. مەسۇم ئالدىراپ تۇتىگۇلنى يەنە بىر قېتىم سۆيدى ـ دە، تالانىڭ ئىشىكىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بۇ هالەتتە قۇتۇلۇپ قېلىشىنى زادىلا خالىمايتتى. مەسۇم ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە ئارانلا هوشىغا كەلگەن تۇتىگۇل مەسۇمگە بىرنېمىلەرنى دەپ ئاستا، لېكىن قەتئىي رەۋىشتە پى-چىرلىدى. مەسۇم ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. لېكىن، تازا ئېنىق ئاڭلىيالمىغاچقا، قايتا سوراشقىمۇ پېتىنال-ماي، يوگۇرگىنىچە چىقىپ قاراڭغۇلۇقتا كۆزدىن غايىب بولدى.

تۇتىگۇل ئۆز ئورنىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر پەس گاڭگى-راپ تۇرۇپ كەتتى. ئالىقىنىدا بايا مەسۇم قايتۇرۇپ بەرگەن بەش يۈز سوم پۇل چىڭگىدە سىقىمداقلىق تۇراتتى. ئۇ، قاراڭغۇدا ئالىقىنىدىكى پۇلنى غۇۋا كۆرسىمۇ يېنىشلاپ ـ يېنىشلاپ قاراشقا باشلىدى، لەۋلىرىنى قولىدا سىلاپ كۆردى. خۇددى ئۇتتەك

كۆيۈۋاتقان لېۋىگە مەسۇم ئۆچمەس ئوتتىن تامغا بېسىپ قويۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. كۆكسىنى تۇتۇپ باقتى، يالاڭ چاپىنىنىڭ ئۇستىدىنمۇ بىر هازاغىچە سىلاپ كۆردى. نېمىدېگەن شېرىن هالەت بۇ! ئۇنىڭدا ئەزەلدىن ھەتتا ئىمىرەمزە بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ هازىرغىچە هاسىل بولمىغان ئىشقى سەۋدايىلىق، مۇھەب-بەت مەستانىلىقىنىڭ بىر يالقۇنى گۆركىرەپ كۆيۈۋاتقاندەك قى-لاتتى. ئىمىرەمزە ئۇنىڭدا مۇنداق هالەتلەرنى پەيدا قىلىشنى بىلىدىغان ئەر ئەمەس، ئۇ ئىچسە، يېسە، ئۇخلىسا، كى-شىلەرنى قاقتى - سوقتى قىلسا، نۆۋىتى كەلسە تۇتىنگۇلنى كۇنلەپ غەزەپلىك گۇركىرەشلىرى، ھەيۋە بىلەن مۇشت كۆتۇ-رۇشلىرى، ئاغزىنى بۇزۇپ ئىشتانىنىڭ ئىچىدىن سۆزلىشى بىلەن ئۇنى شۇك، مۇلايىم بولۇشقا قىستىسا بولدى. بۇ ئۇنىڭ تۇرمۇش ئادىتى. مۇنۇ مەسۇم دېگەن ئادەمچۇ؟ پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە، باشقا بىر دۇنيا، بىراق ئىمىرەمزىدىن چوڭ، قېرى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن قېرى بولسا نېمە بوپتۇ، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇر-غان ئىشقى - مۇھەببەتلىك قېرىدەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قېرىلىقى، ئىمىرەمزىنىڭ ئىشقسىز ياشلىقىدىن مىڭ مەرتىۋە ئەلا... مۇنداقلار بىللە بىلەن ئۆتسەڭ سېنى قەدىرلەيدۇ، كۆڭلۈڭگە ئازار بەرمەيدۇ، باشقىلاردىن كۇنلەپمۇ ئولتۇرمايدۇ. ھە دېسىلا بىقىنىڭغا تېپىپ، باش - كۆزۈڭگە مۇشت يېمەيسەن، قېرى بولسا نېمە بوپتۇ، ئىمىرەمزىدەك ياشقا بەرگۇسىز ئىشقى بار قېرى ئىكەنغۇ. مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، يەنە كېلىپ مېنى سۆيگەن بۇ ئادەمگە كۆڭلۇمنى بەرسەم زىيان تارتمايدىغان ئوخشاي-مەن، پېشانەمگە مۇشۇ چوڭ ئادەم بىلەن ئۆتۈش نېسىپ بولغان بولسا بوپتۇ، ئۇنىڭ پېشىنى تۇتقىنىم تۇتقان، مۇنۇ دېۋىدەك ئۇخلايدىغان كۇنچى مەخلۇقتىن قۇتۇلغىنىم قۇتۇلغان...

تۇتىنگۇل شۇ ئويلاردا ئىشىكنى ئېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇستۇن-كى قەۋەتكە چىقىپ، ئىمىرەمزىنىڭ ياتىقىغا كىردى. ئۇ، بايىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەمراھى بىلەن ھەرەڭ ـ سەرەڭ يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. جوزا ئۈستىدە ئۆرۈلگەن بوتۇلكىلار، يېرىم ـ يارتا ھاراق قالغان رومكا ۋە قۇرۇقدىلىپ كەتكەن تەخسىلەر ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ يېيىلىپ ياتاتتى. تۇتىگۇل ئاچقۇچنى ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى ـ دە، ئىشىكنى چىڭگىدە يېپىپ ئۆزى شەھەر سىرتىدا يالغۇز ـ يېگانە تۇتۇۋالغان ئۆيىگە كېتىشكە ئالدىرىدى...

## بەشىنچى باب

مەسۇم ئاشۇ ئاخشىمى قايتىپ كەلگەن پېتىچە ھېچ يەرگە چىقماي ئۆيىگە بىرنەچچە كۈن بېكىنىۋېلىپ ياتتى. مەرۇپنىڭ قىلغان گەپلىرىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلمىدى.

ـــ نېمە بولدىڭۆي، مەسۇمكا، ـــ مەرۇپ ئىشىكتىن كىر-گىنىچە دېرىزە تۈۋىدە تۇرغان ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئۇ، خۇددى بىرنېمىنى پۇراۋاتقان مەخلۇققا ئوخشاش ئېغىر ـ ئېغىر تىنىپ مەسۇمگە ھەيران بولغان ھالدا تىكىلگەنىدى.

ـــ ئۆيۈڭ بۆلەكچىلا پۇرايدىغۇ، مەسۇمكا، بويتاقچىلىقتا، يالغۇز قالماي دەپ بىرەر تەخەينى ئەكىرىۋالمىغانسەن ـ ھە!

ـــ نېمە دەيسەن ئۆي، گۆش باش، ئاغزىڭغا بېقىپ جۆيلۇ! ـــ دېدى مەسۇممۇ نۆۋىتىدە، چاقچاق ئارىلاش، ـــ سەنمۇ كىچىككىدە تەخەينىڭ ئارقىسىغا ئۆتمىگەنمىدىڭ، ياق، دېيەلمەي-سەن، شۇنداقمۇ؟ ئەمدى نېمىدەپ تەخەينىڭ گېپىنى قىلىسەن!

ـــ دەيمىنا ئەمدى، مەسۇمكا، ـــ دېدى مەرۇپ غو-دۇڭشىپ، ـــ ئۆيۈڭنىڭ چىلە پۇراپ كەتكىنىگە قاراپ دەپ قوي-دۇم. ئۆيگىچۇ ئانچە ـ مۇنچە ئەتىر چېچىپ تۇرغىن، ئۇچاڭغىلا تۆكۈۋالماي ... ئۆيۈڭنى پاكىز تۇتساڭ خەق بىرنېمە دېيەلمەيدۇ جۇمۇ.

— كىم بىرنېمە دېيەلەيدىكەن قېنى، ئۆيگە سىيەمدىكەن-
مەن، مىدە تەخەي ئەكىرىۋاپتىمەنمۇ، قېنى قايسى خەق ئۇستۇم-
دىن چۇشۇپ كوكۇلامدىن تۇتۇۋاپتىكەن؟ ئېشەك سۇيدۇكى پۇ-
رامدىكەنمەن ـ يە؟!

— تېرىكمە، مەسۇمكا، تازنى تاز دېسە ئۆلگىسى كېلەر،
ساقنى تاز دېسە كۇلگىسى كېلەر دەپ تېرىكىپلا تۇرسەنغۇ،
سېزىكىڭ بولمىسا نېمانچە سەكرەيسەن، چاقچاق دېگەن غۇلجى-
لىقنىڭ ئادىتىغۇ، مۇشۇ شەھەرنىڭ كىندىكىدە چوڭ بولۇپ يەنە
چاقچاق كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قاپسىنا، سەن قانچە تېرىكسەڭ،
لەقەم ۋە بەتنام ساڭا شۇنچە چاپلىشىدۇ.

— بىلىمەن، ئۇكا، — دېدى مەسۇم بوشىشىپ، — بويتاق
بولغاندىكىن قوچقار پۇراپ تۇرغىنىم راست، بويتاقچىلىق دېگەن
شۇ.

— نېمە بولدىڭۇي، مەسۇمكا، — مەرۇپ ئاخىر ئورۇندۇق-
تىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى، — بۇگۇن تېرىكىپلا تۇرد-
سەنغۇ، خۇددى ساڭا بىر ئىش بولغاندەك، مەھەللىگىمۇ كۆرۇن-
مەيسەن، بايا كىرىۋېتىپ سېنى كۇرۇك توخۇدەك تۇگۇلۇنۇپ
ياتامدىكىن دەپ ئويلىنىۋىدىم، دېگىنىمدەك يېتىپسەن، تۇغۇپ
قالمىغانسەن ياكى بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇر ياكى تاماقتىن بېزەپ
بولۇپ قالدىڭمۇ؟ مىجەزىڭ يوق بولسا دوختۇرغا ئاپىرىپ كېلەي،
سېنىڭ باشقا تۇغقىنىڭ بولمىغاندىكىن، مەن قاراپ تۇرىمەنمۇ،
تۇغقىنىم دېسەڭ، تۇغقىنىڭمەن، قوشنام دېسەڭ قوشناڭمەن،
قېنى، بىرنېمە دېگىن، يە بىرىگە كۆيۇپ قالدىڭمۇ، دېگىنە؟

— پۇلۇم يوق، مەرۇپ، پۇلۇم، شۇڭا ئۆيدە ياتقان
گەپ، — ئاخىر زۇۋانغا كەلدى مەسۇم مەرۇپنىڭ سۆزلىرىدىن
شۇررىدە يۇمشاپ، — پۇلۇم تۇگىدى دېسەم يالغۇز جېنىڭغا مىڭ
سوم ئالىسەن، نېمانداق يەتمەيدۇ، دەيدىغانسەن بەلكىم، يالغۇز
جاننىڭ چىقىمى كۆپ بولىدىكەن، مەرۇپ.

— راست، پۇلۇڭنىڭ نېمانداق بەرىكىتى يوق، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قاراپ قويۇپ، — يېمەي - ئىچمەي يىغامدىكىن دېسەم، ئۆيۈڭدە جابدۇقۇڭنىڭ تايىنى يوق، دورا ئىچىپ، كۆچلىنىپ خوتۇن ئالىمەن دېگەن ئارزۇدا جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىپ بارىسەن، مەسۇمكا، يا ئۇ خوتۇنىنمۇ ئالمىدىڭ!

— ئەمدى ئالىمەن! — مەسۇم ياتقان ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى، — تازا چىرايلىق بىر چوكان تاپتىم، شۇنى ئالىمەن. كۆرسەڭ ئەقلىڭ ھەيران قالىدۇ، بۇنى ھازىرچە ھېچكىمگە دېمىگىن، مەھەللىگە يېيىلىپ كەتسە دۈشمەن ئارىلاپ كېتىدۇ، بەزىلەر مېنىڭدەك بىر قېرى بەزنىڭ ياش خوتۇن ئالغىنىغا ھەسەت قىلىپ كۆرەلمەيدۇ. بەزى خوتۇنلار مېنى كۆرۈپ ئەرلىرىمىز رايىش خوتۇنغا بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دېگەننى قىلىپ ئىشىمنى بۇزۇۋېتىشىمۇ مۇمكىن، ھەر ئىككىسىنىڭ ئېھتىماللىقى چوڭ، ئۇكا، سېنى ئۆز كۆرۈپ دەپ بېرىۋاتىمەن، بىرىگە تىنغۇچى بولما...

— مۇبارەك بولسۇن، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا تېخىمۇ سىلجىپ، — ماڭا قاچان كۆرسىتىسەن؟ مېنىڭ تەستىقىمدىن ئۆتۈشى كېرەك. مەن بىر كۆرۈپلا تونۇيمەن ياكى سېزىمەن، ئۇ سېنىڭ پۇلۇڭغا تېگەمدۇ ياكى ۋاقىتلىق ئىشقى شەھۋانىيلىقىڭغا تېگەمدۇ؟ خوتۇن كىشى دېگەننى بىلگىلى بولمايدۇ، خوتۇن كىشىنىڭ قىرىق بىر ھېلىسى بار جۇمۇ، تەڭ كېلەلمەيسەن، مەسۇمكا، يەنە ئۆتكەنكى ئالغان خوتۇنلىرىڭدەك سېنى داغدا قويمىسۇن.

— داغدا قويمايدۇ، باغدا قويىدۇ، — دېدى مەسۇ خۇشاللىنىپ، — بۇ قېتىمقى ئالماقچى بولغان خوتۇنۇم ھەم ياش، ھەم چىرايلىق، زىلۋا، قاش - كۆزى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، غۇنچە لېۋىدىن سۆيسەڭ ناۋات شۇمۇرگەندەك لەززەتلىنىپ كېتىسەن، مەن

تېخى ئۇنى ئۆزى تەگمەكچى بولغان بىر ياش يىگىتنىڭ قولىدىن تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىمەن، ئۇكا. كۆردۈڭمۇ، تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كەلگىنىنى!

مەسۇم بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ مەرۇپكە غالىبلارچە تىكىلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تەنتەنە ۋۇجۇدىدا سۇناس بىر روھ جەۋلان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مۇھەببەت ۋە ئىشقى سەۋدايىلىق نېمىدېگەن قۇدرەتلىك ـ ھە! تونۇگۇنلا روھسىز تۇگۇلۇپ ۋە كۆكىرىپ ياتقان مەسۇم بەز بۈگۈن ئالاھىدە تىرىلىپ قاپتۇ. تېخى ياش خوتۇن ئالىمەن دەپ ئاغزىنى تولدۇرۇپ سۆزلەۋاتىدۇ... قىرىلىق بوسۇغىسىغا بېرىپ قالغان تاشلاندۇق قېرى بەزگە ياش چوكاننىڭ ئۆز مۇھەببىتىنى بېغىشلاپ كۆڭۈل بېرىشى روھلاندۇرۇش دورىسىدىنمۇ قالتىس مۆجىزە يارىتىدىكەن.

مەرۇپ بىر پەس ئولتۇرۇپ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يەنە سىرتتا ئىشى بار ئىدى. مەسۇمنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرساڭ سېنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا بىكارچى قىلىدۇ. مەسۇم ئۆز خىيالى بىلەن بەند بولۇپ ئولتۇرغان مەرۇپنى ئۇزىتىپ قويۇپ، يەنە ئورنىغا كېلىپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. كەچلىك خەۋەرلەر بېرىلىۋاتاتتى. ئېلان ـ سەنئەتنىڭ تېخى ۋاقتى بولغاچقا، ئۆچۈرۈۋېتىپ يەنە خىيالغا چۆكتى. ئۇ، نېمىشقىدۇر ئاشۇ كۈنكى كېچىلىك ئاۋارىچىلىكتىن كېيىن، ياق، بىر يامان ئىشنىڭ بىر ياخشى خاسىيىتى بولغاندەك سېزىلگەن مۇھەببەتلىك كۈندىن كېيىن، ئۆزىنى روھلۇق ۋە تەمكىن تۇتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا يەنە ئۆزىنى بەكمۇ ھارغىن ھېس قىلىۋاتاتتى. توغرا، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان، خوتۇن يۈزىنى كۆرمىگەچكە، شۇ كۈنكى ئۇزاق سۆيۈشۈشتىن كېيىن پۈتۈن بەدىنىدىكى كۈچ ـ قۇۋۋەت بىراقلا ئېتىلىپ چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ، بۇ كۈچنى قايتا تېپىۋېلىشى

www.uyghurkitap.com

كېرەك، يەنى ئاۋۇ كونى ئۆزى سۆيگەن چوكاننى تېپىپ، يەنە قايتىدىن باغرىغا بېسىشى لازىم. بۇ ئىشنى جەزمەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تونىگۇلنى تېپىش كېرەك. بۇ ناھايىتى ئاسان. بۈگۈن ئاخشام رېستورانغا بارسىلا پۈتىدۇ. ئۇ كۈندۈزى ئىشلەپ قايتىپ كەتمىگەنىلا بولىسا كېچىلىك ئىسمېنىدا جەزمەن ئىشلەيدۇ.

مەسئۇم بۇلارنى ئويلاپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ھازىرلا رېستورانغا بېرىشنى ئويلاپ ئورنىدىن قوزغالدى. لېكىن ھازىر مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئايىغى بېسىلمىغانىدى. تاكسىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى بىرەرى كۆرۈپ قالسا، قېرى ھاڭگا رېستورانغا مېڭىپتۇ، دەپ مەھەللىگە پۇر قىلىدۇ. توختا، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتسۇن، ئېلان ـ سەنئەت كۆرۈش كېرەك، يەنە قانداق ئەرلىك باھنى كۈچەيتىدىغان يېڭى دورىلار كەشىپ قىلىندى ياكى سېتىلىۋاتىدۇ، بىلىش كېرەك. ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرغان قېرى يىگىتكە ئەلۋەتتە قۇۋۋەت تالقىنى كېرەك ـ دە!

مەسئۇم خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. دەل ئېلان ـ سەنئەت بېرىلىۋاتاتتى. يەنە شۇ ئەر ـ ئاياللار جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى، جىنسىي قىچىشقاقلىق، سۆزنەك، مەزى بېزى، جىنسىي يوللىرى... ۋاي ـ ۋۇي ئەر ـ ئايالنىڭ كېسىلىمۇ كۆپ، ئىشلىرىمۇ كۆپ دۇنيا ئىكەن بۇ. ئۇ، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېرىپ زېرىكتى. ئۇنىڭغا ئەمدى ئېلان كۆرۈشنىڭ ھاجىتىمۇ قالمىغاندەك قىلاتتى. دورا ئىچىشنىڭ يوللىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ بىلىپ بولدى، ئالىدىغان چوكاننىمۇ تاپتى. دېمەك، قىلغان ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كاسىلدىتىپ چىشلەپ يەيدىغان ۋاقىتمۇ يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تونىگۇلنى تېپىپ، دەرھال توي قىلىش كېرەك. توي قىلغاندىمۇ قانۇنلۇق قىلىش كېرەك! شۇ چاغدا ئۆزى تارتىۋالغان خوتۇننىڭ مەڭگۇ ئۆزىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ھېلىقى كېچە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ھاقارەتلىگەن

هېلىقى ئۆكتەم، زوراۋان ساقچىدىن ئۆچىنىمۇ ئالالايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولاتتى.

مەسۇم ئۆزىنى خىياللاردىن نېرى قىلىپ، رېستورانغا بېرىشقا تەييارلاندى، يېڭى كاستۇمىنى كىيدى، يېڭى ئالغان گۈللۈك گالستۇكىنى تاقىدى، شىبلىتىنى پارقىرىتىپ مايلىدى. بايا پارقىرىتىپ ئالغان ساقلىغا فرانسىيىنىڭ گۈپۈلدەپ پۇراپ دىماغنى يېرىپ تۇرىدىغان ئەتىرىدىن ئۈستىلەپ چاچتى. بېشىغا گېرمانىيىنىڭ قارا شلەپىسىنى كىيدى. ئۇ هازىر خۇددى تويغا جابدۇنغان ياش يىگىت هالىتىگە كەلگەنىدى، مۇشۇ تۇرقى ئۇنى تۇتىگۈل كۆرسە هەيرانمۇ قالار، ئۆزىنىڭ قېرى ئەمەس، ياش يىگىتلەردەك يۈرىدىغان چەبدەس، پۇزۇر كىيىنگەن بىر ئادەم بىلەن تونۇشقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسا بەختى ئېچىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇرسەن بولار.

شۇ ئويلاردا كوچا دوقمۇشىغا چىقىپ قالغان مەسۇم تاكسى توسۇشقا جۈرئەت قىلالماي، يىراق بولسىمۇ پىيادە مېڭىشنى ئەپ كۆردى. چۈنكى، ئۇنىڭ يانچۇقىدا رېستورانغا بارغاندا تۇتىگۈلگە خەجلەپ بەرگۈدەك ئازراقلا پۇل بار ئىدى. بۈگۈن ئۇ ئوغۇل بالىنىڭ قولىنى قىسقا قىلىدىغان نەرسىنىڭ يەنىلا پۇل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر هېس قىلدى. رېستوران شۇنچە يىراقتا بولسىمۇ ئۇ كوچا ئاتلاپلا كېلىۋالدى. ئۇنىڭغا يول شۇنچە قىسقا تۇيۇلۇپ كەتتى. يەنە شۇ تونۇش مۇزىكىلار، يەنە شۇ لەرزان تانسىلار، جۈپ ـ جۈپى بىلەن چۈشكەن تانسىچىلار ئۈزۈلمەي مەسۇمنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇردى. رېستوراننىڭ ئىچكىرىسىدىن كۈتكۈچى قىزلار بىر ـ بىرلەپ چىقتى. يەنىلا شۇ هەمراھ بولۇش، قورۇمىلارنى توشۇش، چىنە ـ تەخسىلەرنى يىغىشتەك ئىشلار تەكرار داۋاملىشاتتى. مەسۇم شۇنچە بويۇن سوزۇپ قاراپمۇ تۇتىگۈلنى كۆرەلمىدى. ئۇ نېمىشقا كۆرۈنمەيدىغاندۇر، كۈندۈزى ئىشلىگەنمىدۇر ـ يە؟ مەسۇم ئۆز سوئاللىرىغا جاۋاب تاپالمىدى.

كۆتكۆچى ئايالنىڭ: «ئەپەندىم، سىزگە نېمە لازىم؟» دەپ سورى-غىنىغا بىر بوتۇلكا پىۋىلا بۇيرۇپ ئىچىپ ئولتۇردى. باشقا نەرسىگە كۆڭلى زادىلا تارتمىدى. نېمىشقىدۇر رېستوراننىڭ ئىچ-كىرىسىدىن تۇتىگۇل ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنى بوينىغا گىرە سېلىپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە سۆيۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن تۇتىگۇلنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. مەسۇم تاقەتسىزلىنىپ ئول-تۇرالماي قالدى. ئاقىۋەت كۆتكۈچىلەردىن بىرىنى چاقى-رىپ سورىدى:

— خانىم، سىز بىلەمسىزكىن، تۇتىگۇل بۈگۈن ئاخشام ئىشقا كەلدىمۇ ـ كەلمىدىمۇ؟

— ئۇ چوكان ئەمدى كەلمەيدۇ، — دېدى كۆتكۈچى نېرىقى جوزىدىكى چىنە ـ تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭغاندا ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، — بۇ يەردە ئىشلىمەيدىغان بولدى.

— نېمىشقا، توختاڭە، سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ، — سورىدى مەسۇم تېخىمۇ تەقەززا بولۇپ، — نېمىشقا كەلمەيدۇ ئەمدى؟

— تۇتىگۇلنىڭ يىگىتى ئۆزى بىلەن بىللە مۇشۇ رېستوراندا ئىشلەيتتى، — دېدى كۆتكۈچى قولىدىكى چىنە ـ تەخسىلەرنى مەسۇم ئولتۇرغان جوزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە قويۇپ تۇرۇپ، — ئۇلار يېقىندا تويمۇ قىلماقچى بولغانىدى، بىراق، ئۇ يىگىت ئامانلىق ساقلاش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، مۇشۇ رېستورانغا كې-لىپ مەست بولۇپ قالغان بىر كىشىنى بۇلاپتىمىش، ئۇنى ئاز دەپ يەر ئاستى ئۆيىگە بىر كىچە قاماپ قويۇپتىمىش. بۇ قىلمىشلى-رىنىڭ ھەممىسى قانۇنسىزلىق ئىكەن، ئەتىسى خوجايىن ئۇقۇپ قېلىپ ئۇنى بوشىتىۋەتتى. ھېلىقى تۇتىگۇلىمۇ ھەيدىمەكچى بولۇۋىدى، ئۇ ئۆزىلا كەلمەي قويدى. ھازىر قەيەردىلىكىنى بىل-مەيمىز، قانداق، ئۇ تونۇشىڭىزمىدى؟

— شۇنداق، تۇغقىنىم بولاتتى، — دېدى مەسۇم بۇ تۇيۇقسىز سوئالدىن دۇدۇقلاپ، — مۇنداقلا سوراپ قويغىنىم.

— نېمىشقا، ئۇلارنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىدۇ؟ — يەنىلا چۈشەنمىگەندەك سورىدى مەسۇم.

— بۇ رېستوراننىڭ ئامانلىق قوغدىغۇچىلىرى مەست بولغانلارنىڭ ئىشتىنىغىچە سالدۇرۇۋالىدىكەن دېگەن گەپ كوچىغا چىقىپ پۇر بولۇپ كېتىپتۇ. كېچىسى كېلىۋاتقان مېھمانلار ئازلاپ كەتتى. بىر كۈندىلا شۇنچىلىك زور ئۆزگىرىش بولغىنىغا قاراپ خوجايىن ھەممىنى ئېنىقلاپ چىقىپ قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئىمىرەمزىنى قاتتىق جازالىماقچى بولۇۋىدى، ئۇ قېچىپ كەتتى. ئەگەر تۇتۇۋالغان بولسا رېستورانغا مېھمان كەلمەي تارتقان زىياننى شۇنىڭدىن تۆلەتتى. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ تۇتۇلماي قېچىپ كەتتى. ئاڭلىساق ئىمىرەمزە غۇلجىدا يوق ئىمىش... ھۆرمەتلىك ئەپەندى، مەن شۇنچىلىكلا بىلىمەن، لېكىن سىز سورىغان تۇتىنگۇلنىڭ قايسى مەھەللىدە تەنھا ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغىنىنى بىلمەيدىكەنمەن...

ئايال كۈتكۈچى گېپىنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى. مەسۇم ئەمدى بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى سېزىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، كاسسىرغا پۇلنى تۆلەپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇتىنگۇلنى زادى قەيەردىن تېپىشقا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېشى قاتماقتا ئىدى. ئاشۇ كۈنى قايسى كوچا دېۋىدى؟ «جاپپارنىڭ كوچىسى» دېدىمۇ، «جىرىم كوچىسى» دېدىمۇ، ئىشقىلىپ شۇنىڭغا يېقىن بىر ئىسىمنى دېگەندى. كوچىسىنى تاپسىلا تۇتىنگۇلنى تاپماق ناھايىتى ئاسان. مەسۇمنىڭ تىڭتىڭلايدىغان كونا ئادىتى ئەمدى ئەسقاتىدىغان بولدى... بۈگۈن بولمايدۇ، ئۇ ئەتىدىن باشلاپ ئىشنى باشلىۋېتىدۇ. ئېشەك مىنگەننىڭ پۇتى ئارام تاپماس، ئاشىنىسى بارنىڭ كۆڭلى دەپ ئۇ جانانىغا يەتمىگۈچە ھەرگىز تىنمايدۇ. تېپىلغۇچە

ئۇيغۇر كىتاب تورىنىڭ www.uyghurkitap.com

ئىز دەيدۇ، تېپىلمىغۇچە توختىمايدۇ...

مەسۇم ئالدى بىلەن تۇتىگۇلنى شەھەردىكى داڭلىق رېستو-ران - مەيخانىلاردىن سۈرۈشتۈردى. چۈنكى ئۇ تۇتىگۇل گۈزەل، نازاكەتلىك، بىلىملىك كۆتكۆچى بولغاچقا، ئاشۇنداق «بەش يۇل-تۇزلۇق» رېستورانلاردا ئىشلەيدۇ دەپ ئويلايتتى، لېكىن ئۇ ئۇنداق جايلاردىن تېپىلمىدى. ئەمدى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەيخانى-لاردىنمۇ تېپىلمىسا تۆۋەن دەرىجىلىك ئاشخانىلاردىن ئىزدەش كېرەك، لېكىن ئۇ يەرلەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. كېيىن كوچا - كويلارنى ئىزدىدى، ماگىزىن - دۇكانلاردا ئۇچرىشىپ قالارمۇ دېگەننى قىلىپ بۇ جايلارنىمۇ ئالا قويماي كەزدى، ئۇچرد-غانلىكى ئايال زاتىغا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ مۇنداق تىكىلگەن-نىنى سەزگەن چوكانلار: قاشلىرىنى ئۇچۇرغىنىچە: «مۇنۇ قې-رىغىنىنى تۇيمىغان ئادەم نېمانداق بەزدەك تىكىلىدۇ؟» دېيىشىپ غودۇڭشىپ قويۇشاتتى. مەسۇم ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكى بىلەن كارى بولماي ئۆزىنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇراتتى. ئۇ، ئاخشىمى ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيىگە قايتاتتى - دە، قۇرۇق چاي ئوتلاپلا تېلېۋىزورنى ئېچىپ ئېلان - سەنئەتنى كۆرەتتى.

بىر كۈنى كەچ، بىر كۇنلۇك ئىزدەشنى ئاياغلاشتۇرۇپ ھېرىپ - ئېچىپ قايتقان مەسۇم ئىشىك ئالدىدا مەرۇپ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. بۈگۈن مەھەللىدە نېمە ئىش بولغانلىقىدىن خەۋەرسىز مەسۇم مەرۇپ بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇپلا ئۆيىگە كىرىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن مەرۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. مەسۇم ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— نېمە گېپىڭ بار؟ بول ئېيت، ھېرىپ كەتتىم، — دېدى مەسۇم ئۆيى تەرەپكە مېڭىشقا تەمشىلىپ، — قورسىقىممۇ ئېچىپ كەتتى. سېنىڭدەك ئۆيۈمدە خوتۇنۇم ھەممىنى تەييار قىلىپ تۇرمايدۇ، ئۆزۈم قازان قاينىتىشىم كېرەك.

— كىم سېنى خوتۇن ئالما دەپتۇ؟ — دېدى مەرۇپ مەنىلىك

قىلىپ، — مۇشۇ كۈنلەردە چوكانلار سىنى ئىزدەپ ئىشىك ئالدىڭغىمۇ كېلىدىغان بولدى، جۇمۇ.

— مېنى بىرى ئىزدەپ كەپتىمۇ، نەدىن بىلدىڭ؟! — ھەيران بولۇپ سورىدى مەرۇپ ئۇمىد چىرىغى قايتا يانغاندەك خۇشاللىنىپ، — تېزرەك سۆزلىسەڭچۇ.

— سەن يوقتا نازىنىن پەرىدىن بىرى سىنى ئىزدەپ كەلدى. ماڭا قارا، مەسۇمكا، قاچان تونۇشتۇڭ، قاچان ئىنىدەككە كەلتۈرۈۋالدىڭ، دېگىنە؟ ئۇ سىنى ئىشىك ئالدىڭغىچە ئىزدەپ كەلگىنىگە قارىغاندا پۈتۈشۈپ بولغان ئوخشايسەن ـ ھە!

— بولدى، ھەممىنى بىلىپسەن، قېنى دېگىنە ئۇ ئۆزىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردىمۇ؟

— ياق.

— ھۇ كالۋا، ئېشەك، نېمىشقا سورىمىدىڭ، ھېچبولمىغاندا كوچىسىنى بولسىمۇ سورىۋالساڭ بولماMتى، گۆش باش!

— ئۇنىڭ ئادرېسىنى بىلمەيدىغىنىڭنى مەن نەدىن بىلەي؟

— ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇنى نەچچە كۈندىن بېرى ئىزدەپ تاپالمايۋاتاتتىم، ئۆيۈمگە كېلىپتۇ ـ دە؟

— ئۇ چوكانىنىڭ سىنى ئىزدەپ كەلگىنى مەھەللىگە پۇر بولۇپ كەتتى. ھەممىسى يەۋەتكۈدەك قىلىپ ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىگە ئولىشىشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئىتتىككلا كېتىپ قالدى. بۇ مەھەللىدىن قورقۇپ قالدىغۇ دەيمەن، ئەمدى كەلمەسمىكىن؟

— نېمىشقا؟! — چۆچۈپ سورىدى مەسۇم.

— قورقتى. مەھەللىدىكىلەرنى گەپ ـ سۆز قىلىشىدىن قورقتى بولغاي. يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئاچچىقلاپ كېتىپ قالدى.

— مەھەللىدىكىلەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن، — ئاچچىقلاندى مەسۇم ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، — ئۇنى تاپىمەن، ئالىمەن، بىر چىنە ئاش سۇنۇشقا يارىمىغان مەھەللە خوتۇنلىرىنىڭ

مېنى كىمنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكى بىلەن نېمە چاتىقى؟ تەقدىر مېنى شۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇشقا نېسىپ قىلسا، مېنىڭدىن يىگىرمە ياش كىچىك بولسا نېمە بوپتۇ؟ مەھەللىدە ئۆزىدىن قېرى خوتۇنلارنى ئېلىۋالغان ئاغىنىلەرنىڭ ئىچىگە ئوت كەتتى دېگىنە، مېنى دېسە ھەسەت بىلەن ئۆلسۇن، ھۆسنى يەتكەن گۈل قىسىدۇ. پۇت ـ قولىدا مادارى بار، جابدۇقى سەرخىل، ئۆزىنى زامانىۋى قۇۋۋەت دورىلىرى بىلەن كۆچلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مەسۇمدەكلەر ياش خوتۇن ئالىدۇ. گېپى بارمىكەن!

— بولدى، ئاچچىقلىما، مەسۇمكا، ساڭا ھېچكىم ئىچى تارلىق قىلغىنى يوق، — دېدى مەرۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىرىۋېتىپ، — ياش خوتۇن ئالساڭ بىزگىمۇ ياخشى. قولىقىمىز تىنچىيدۇ، ئۆزۈڭمۇ راھەت كۆرىسەن. ھاڭگىلىقىڭمۇ توگەيدۇ، مەھەللىمىزنىڭ نامىغىمۇ سەت بولمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەسۇم جىممىدە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا بەكمۇ سەت لەقەم قويۇلغانىدى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى مەسۇم «بەز» دېمەي، «مەسۇم ھاڭگا» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ گەپ ئۇنىڭ رېستوران ـ قاۋاقخانىلاردا «جالاپ ئويناپ» يۈرمىسىمۇ، لېكىن خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويۇپ يۈرگىنى بىلەن تازا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ، مەرۇپنىڭ گېپىگە گەپ ياندۇرالماي ئىچىگە تىنىپ جىممىدە ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

مەسۇم چاي ئىچكەچ مەرۇپ بىلەن ئۇ ياقتىن، بۇ ياقتىن پاراڭ قىلىپ بىردەم ئولتۇردى. ئەل ياتارغا يېقىن مەرۇپ چىقىپ كەتتى. مەسۇم ئەتە سەھەردىن باشلاپ ئۆزى تېخى بارمىغان يىراق ئۇيغۇر مەھەللىلىرىدىن تونۇشلىرىنى سۇرۇشتە قىلىپ باقماقچى بولدى. شۇ ئويلار بىلەن ئۇ يەنە ئازراق يالغۇز ئولتۇردى. تېلېۋىزورنى ئېچىپ ئېلان ـ سەنئەتنى كۆردى. يەنە شۇ كونا گەپلەر، كونا دورىلار، كىشىنى «ھۆ» قىلدۇرۇۋېتىدىغان تېتىق-

سىز كۆرۈنۈشلەر... مەسۇم ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىنى سېزىپ ئەتە سەھەر تۇرالماي قېلىشىدىن ئەنسىرىدى ـ دە، ئاۋۋال تېلېۋىزورنى، ئاندىن چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتتى...

ئەتىسى، سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان مەسۇم تېرموستىن چاي دەملەپ ئىچىپلا كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۈگۈن باسماقچى بولغان مەنزىلى ناھايىتى ئۇزاق. ناھايىتى مۇشكۇل. ئۇ ئۆز ئاشىقى يولىدا ھېرىپ ـ چارچاشتىن قورقمىسىلا، تەشنالىقتا قاغجىرىغان يۈرىكىنى مۇھەببەت شەربىتى بىلەن سۇغىرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ شەھۋانىيلىق ئۇچۇن دورىلارنى ئىچىپ ئەرلىك قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىش يولىدا باسقان يوللىرىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ...

مەسۇم ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولۇپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ قالغىنىنىمۇ سەزمىدى. كېتىۋېتىپ ئۇچرىغان ئاياللاردىن، ھاسىسىغا تايىنىپ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغان بوۋايلاردىن سورىدى، مەھەللىنىڭ «ئوردىكام»، «ۋاللەي» ئويناۋاتقان بالىلىرىدىن بىر ـ ئىككىنى چەتكە تارتىپ سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلارمۇ ئوخشاشلا مەھەللىسىدە ئۇنداق تۇل ياش چوكاننىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىشتى. مەسۇم ئىشىنىڭ ئوڭغا تارتمايۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەچىدە مەرۇپ گۆشنى مىڭ تىللىدى. تۈنۈگۈن ئىشىك ئالدىغا ئۇچۇپ كەلگەن بەخت قۇشىنى ئۈركۈتۈۋەتكەنمۇ شۇغۇ، ھېچبولمىغاندا مەھەللىسىنى سورىۋالسا بولمامدۇ؟ تايىنلىق مېنىڭ ئۇنداق ياش، چىرايلىق چوكانغا ئىگە بولۇپ كېتىشىمنى كۆرەلمىگەن گەپ. يېغا ياندىن، بالا قېرىنداشتىن دېگىنى شۇ ـ دە. بولمىسا شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلىپ قويۇش ئەقلىگە كەلمەمدۇ بۇ گۆشنىڭ، بىلىمەن، قىزغانغان گەپ، ئۆزىنىڭ قېرى خوتۇنىغا قاراپ، مېنى شۇنچىلىك قېرى تۇرۇپ ياش، چىرايلىق خوتۇنغا ئېرىشىپ كېتەرمۇ دېگىنىدە ئۇنىڭ! ھۇ، ئىچى تار زەڭگى، تېشىڭ قانداق قارا بولسا ئىچىڭ شۇنداق قارا ئىكەن سېنىڭ، تېخى مەھەللىدە مېنىڭ شاپائەتچىم بولارمىش، قاراند-

يەت سۈيىقەستچىنىڭ گېپىنى قارا، خەپ توختاپ تۇر، شۇ قىلغىنىڭغا تۇتىڭگۇلنى زېمىن قەرىگە كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ تېپىپ كېلىپ كۆز ئالدىڭدىلا توي قىلىپ، قوينۇمغا ئەكىرىپ ياتقان كېچىسى دېرىزە مارىلىغىنىڭدا تۇمشۇقۇڭغا ۋاخلا سالاي، ئۇقتەك قان كەتسۇن!...

مەسۇم چىگىش خىياللار ئىچىدە يەنە بىر مەھەللىگە كېلىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. مەھەللە بېشىدا بىر توپ باللار ئەتىياز شامىلىدا «تال لەگلەك» ئۇچۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. لەگ-لەك ئېغىر ۋە يوغان بولغانلىقتىن، ئۇنى بىر نەچچە بالا بىرلە-شىپمۇ ئەپلەشتۈرەلمەيۋاتاتتى، مەسۇم باللارغا يېقىنلىدى. بىر-دىنلا باللىق چاغلىرى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ چاغلاردا غۇل-جىنىڭ كەڭ زېمىنىدا بېدىلىك ۋە باغلار كۆپ ئىدى. ھازىرقى بۇ باللاردەك تار ۋە دەرەخلىك كوچىلاردا لەگلەك ئۇچۇرمىمەن دەپ قىينىلىپ يۈرمەيتتى. باللار ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ كېلىۋات-قان بۇ ناتونۇش ئادەمگە ھەيران بولۇپ قاراشتى.

— باللار، لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتامسىلەر؟ — سورىدى مەسۇم ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ھەممىسىگە بىر تەكشى قارىغاندىن كې-يىن، — سىلەر لەگلەك ئۇچۇرۇشنى بىلمەيدىكەنسىلەر، ئەكې-لىڭلار، مەن ئۇچۇرۇپ بېرەي، مانا، ھە، مانا مۇنداق ئۇچۇرۇ-سىلەر، بىرىڭلار لەگلەكنى نېرىغا ئاپىرىڭلار، يىپىنى ماڭا بەر-گىن، بالا، توختا، ئازراق شامال كەلسۇن...

باللار مەسۇمنىڭ ھۈنىرىگە قاراپ تۇرۇشتى، غۇرقىراپ شامالمۇ چىقتى، ئەتىياز شامىلى ئۇلارنىڭ يۈزىنى سىيپاپ ئۆتتى.

— ھە، قويۇۋەت! — ۋارقىرىدى مەسۇم لەگلەك تۇتۇپ تۇرغان بالىغا قاراپ ۋە قولىدىكى يىپنى سىلكىشكە باشلىدى. لەگلەك بىردەمدىلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ پەرۋاز قىلدى. مەسۇم يىپنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ يېنىدا تۇرغان بالىغا قاراپ ۋارقىرى-دى، — يىپنى قويۇۋەت، قورقما!...

لەگلەك ئىككى ياققا ئىرغاڭلاپ بارغانسېرى ئېگىزگە ئۆرلە-
دى ۋە مۇقىم شامالدا ئۆز ئورنىنى تېپىپ بوش ئاۋازدا غارقىراش-
قا باشلىدى.

— دارقىراتماق ياخشى ئەمەس ئىكەن! — دېدى مەسۇم يىپ
ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرغان بالىغا، بەلكىم لەگلەك شۇنىڭ بولسا
كېرەك، ئاسمانغا غادىيىپ قارىغىنىچە بىر قولىدا بېشىدىكى
بۆكنى تۇتۇۋالغان ئاق يۈزلۈك بالا لەگلەكنىڭ پەرۋاز قىلىشىغا
مەھلىيا بولۇپ كەتكەنىدى.

— قولىڭىز يېنىك ئىكەن! — دېدى بالا مەمنۇنىيەت بىلەن
مەسۇمگە قاراپ، — رەھمەت سىزگە، تاغا.

— ۋاھ، سۇبات! لەگلىكىڭ ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ
كەتتى!

— ئەنە، ئاجايىپ غارقىرغىلى تۇردى جۇمۇ.

— بۇ ئاكىمىز لەگلەك ئۇچۇرۇشقا ئۇستا ئىكەن!

بالىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىغا قوشۇلۇپ كەتكەن مەسۇم
بىردەم لەگلەككە قاراپ كۆلۈمسىرەپ تۇردى ۋە ئۆزىنىڭ ئىشى
ئېسىگە كەلدىمۇ مېڭىشقا تەرەددۇتلەندى. ئۇ توختاپ لەگلىكنى
ئۇچۇرتۇپ بەرگەن بالىنىڭ مۇرىسىدىن پەپىلەپ ئۇردى. بالا
مەسۇمگە «نېمە گېپىڭىز بار» دېگەندەك سوئال نەزىرىدە قارىدى.

— سۇبات، مۇشۇ مەھەللەڭلەردە تۇل خوتۇنلار بارمۇ؟ —
ئاستا سورىدى مەسۇم ئۇنىڭدىن، — ئىجارىگە ئولتۇرۇۋاتقانلار
بولسىمۇ بولىدۇ.

سۇبات بىر مەسۇمگە بىر يېنىدىكى بالىلارغا ئىتتىك قارىۋې-
تىپ:

— بارغۇ - ھە، ئاداش، — دېدى ۋە مەسۇمگە قاراپ داۋام
قىلدى، — ئەمما كۆچۈپ كەلگەنلەر يوق.

— ئۇلار ياش تۇل خوتۇنلاردۇر - ھە؟ — ئاسماقچىلاپ
سورىدى مەسۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ياق، ياق، — دېدى سۇبات ھەممىدىن بۇرۇن ئېغىز ئېچىپ، — ھەممىسى قېرى تۇل خوتۇنلار، نېمە قىلاتتىڭىز ئۇلارنى؟

— ئۇلارنى بىرنېمە قىلمايمەن، بىرىنى ئىزدەيتتىم. ئۇ مۇشۇنداق تۇل ئىدى، ئەمما ياش چوكان ئىدى.

— مەھەللىمىزدە ئۇنداق ياش تۇل چوكان يوق، ئاكا.

سۇبات گېپىنى تۈگىتىپ ئۆزىنىڭ لەگلىكى بىلەن بولۇپ كەتتى. باشقا بالىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ نېرىغا كېتىشتى. بۇ گەپ مەسۇم ئۈچۈن بىر زەربە بولسىمۇ، بالىلارنىڭ خۇشاللىقىغا قېتىلىپ كۈلگەن كۈلكىسىلا ئۇنى بۇ غەمدىن خالاس قىلدى. ئۇ ئەمدى نېرىقى مەھەللىگە ئۆتمەكچى بولدى ۋە بىردە كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان لەگلەككە، بىردە لەگلەكنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمۈپ دۇنيانىڭ غەم - قايغۇسى، بار - يوقى ۋە تەلەيلىك - تەلەيسىزلىكى بىلەن كارى بولمىغان بالىلارغا قارىغىنىچە ئۇزاقلاپ كەتتى.

شەھەر سىرتىدىكى مەھەللىلەر يېڭىدىن بەرپا بولۇۋاتقان بولغاچقا، نۇرغۇن قورۇ - جايلارنىڭ دەرۋازىسى ياكى دېرىزە قاپقىقى يوق ئىدى، ھەممىسىلا چۆرىسى گەربىن پەن ياكى شىفىرلار بىلەنلا قورۇقداپ قويۇلغانىدى. مەسۇم گەربىن پەن بىلەن قورشاپ قويۇلغان بىر قورۇنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئىشىك ئالدىدا ھاسىسىغا تايىنىپ بىر قېرى بوۋاي ئولتۇراتتى. مەسۇم ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. بوۋاي مەسۇمنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغالدى - دە، ھاسىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ يەنە بىر قولىنىمۇ ھاسىسىنىڭ تۆپىسىگە ئالدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋاي، — دېدى مەسۇم ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېكرام بىلەن، — ياخشى تۇرۇۋېسىزمۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاللا يولۇڭنى بەرسۇن، — دېدى بوۋاي ئۆز تىلىكىنى ئىزھار قىلىپ، — قەيەردىن كېلىشىڭ،

ناھىيىدىنمۇ، سەھرادىنمۇ؟ ئۇزاق يول باسقاندەك چىرايىڭدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئولتۇر.

— خوش، بوۋاي، مەن بىرىنى ئىزدەپ شەھەردىن چىققانىدىم.

— كىمنى ئىزدەيتتىڭ؟

— بۇ مەھەللەڭلەردە ئىجارىگە ئولتۇرۇۋاتقان تۇل چوكانلار بارمۇ؟ — مەسئۇم شۇ گەپنى ئارانلا قىلالىدى، — بىر يېقىن تونۇشۇمنى ئىزدەيتتىم.

— ھازىر تۇل چوكانلار جىققۇ، — دېدى بوۋاي مەسئۇمگە پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ، — ھازىرقى ياشلار ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيدۇ، ئالدى - كەينىگە قارىماي مۇھەببەتلىشىپ ھاپىلا - شاپىلا توي قىلىشىدۇ، جىق بولسا بىر ھەپتە ياكى بىر ئاي، بولمىسا تېخى ئەتىسىلا چاچلىشىپ ئاجرىشىدۇ. ئەر ئايالنى تاشلاپ كېتىۋاتقان ياكى ئايال ئېرىنى تاشلاپ خېتىنى ئېلىۋاتقان... ھازىرقى ياشلار گەپپە تۇرمايدۇ، ساختىلىق، سۆلەتۋازلىققا ئامراق. بىر - بىرىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى قىلمايدۇ، شۇڭا، مەھەللە - مەھەللىدە بويتاق چوكان بىلەن بويتاق يىگىت تولا، بىزنىڭ مەھەللىدىلا بىرنەچچىسى تېپىلىدۇ، ئاڭلىسام، ھەممىسى رېستوراندا تېپىشىپ، رېستوراندا توي قىلىپ، يەنە شۇ رېستوراندا ئاجرىشىپ يۈرگەنلەر ئىكەن!

مەسئۇمنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى. ئۇ، گويا بوۋاينىڭ سۆزىدىن ئۆزىنىڭ ئىزدىگەن ئادىمىنىڭ ھاقارەتلىك ئاقىۋەتكە قالغان بىر تۇل چوكان ئىكەنلىكىنى كۆرگەندەك قىلدى. شۇ تۇل چوكانلارنىڭ بىرى گۈزەل، غۇنچە لەۋلىك تۇتىگۈلمىدۇر؟ تۇتىگۈل راستتىنلا مۇشۇ مەھەللىدە ياشاۋاتقان تۇل خوتۇن، بويتاق ئەرلەر ئارىسىدا بولسا ھازىر قانداق ياشاۋاتقاندۇر، ھېلىقى زوراۋان، كۈنچى بۇرۇتلۇق بىلەن نىكاھلىنىۋالغانمىدۇ؟ مەسئۇمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەقىدە بىلەن ھەدىيە قىلغان ھېلىقى بەش يۈز سوم پۇلى بىكارغىلا
زايە بولۇپ كېتەرمۇ؟!

— ئىزدىگىنىڭ تۇل خوتۇنمۇ، بويتاق ئەرمۇ؟— بوۋاينىڭ
سوئالى مەسۇمنىڭ ئەمدىلا ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان خىيالىنىڭ بېلى-
گە تەپتى. — تۇل خوتۇن يەنە كېلىپ تۇل چوكانلاردىن ئىزدە-
سەڭ، ھېزىم پۇچۇقنىڭ ئۆيىدە بىرى بار، سىدىق پورنىڭكىدە
بىرى بار، ئاۋۇ چەتتە سەلىم گىرىنىڭ ئۆيىدە بىرى بار، شۇنداق-
لا جىق دەپ ئاڭلىدىم، لېكىن كۆرگىنىم يوق، بېرىپ سۈرۈشتە
قىلىپ باققىن، ئىزدىگىنىڭ شۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ قالار.

— رەھمەت، بوۋاي، — مەسۇم تەۋەززۇ بىلەن خوشلىشىپ
تۇل چوكانلار ئولتۇرغان ئۆي تەرەپكە كەتتى. ئىزدەپمۇ تاپتى،
لېكىن تۇتىگۈل يوق بولۇپ چىقتى. شۇنچىلىك كۆپ تۇل چوكان-
لارنى تاپتى، ئارىسىدا تۇتىگۈلنىڭ يوقلۇقى مەسۇمگە ئەلەم قىل-
دى. ئۇ مەيۈسلىنىپ مەھەللىنىڭ ئايىغى ئارقىلىق باشقا بىر
مەھەللىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بۇ مەھەللىدە سورىغۇدەك بىرىنىمۇ
ئۇچرىتالمىدى. ئالدىغا بىر – ئىككى ئايال ئۇچرىدى، لېكىن
ئۇلار ئاغزى – بۇرنىنى قارا ياغلىق بىلەن توسۇۋېلىپ، بىر جۈپ
كۆزىنىلا ئوچۇق قويغان چوكانلار بولغاچقا، مەسۇم گەپ قىلىشقا
جۈرئەت قىلالمىدى. بەزىدە سوراپ باققانمۇ بولدى، بىراق ئۇلار
ئەركەك زاتىغا يەنە كېلىپ ناتونۇش ئەركەكلەرگە گەپ قىلىپ
تۇرۇشنى نامەھرەم بىلدىمۇ ياكى كۈنچى ئەرلىرىنىڭ تاسادىپىي
كۆرۈپ قېلىپ، ئۆيگە قايتقىنىدا جەھەننەمنىڭ ئازاب – ئوقۇبى-
تىنى كۆرسىتىشىدىن قورقتىمۇ ئەيتاۋۇر مەسۇمنىڭ سوئالىنى
جاۋابسىز قالدۇرۇپ ئۈن چىقىشماي ئۆتۈپ كېتىشتى. مەسۇم
ئۇلارغا بىردە غەزەپلەنسە، بىردە ھېسداشلىق قىلدى. مانا نېمە-
دېگەن ياخشى، ئۆزىنىڭ ئىپپەت – نومۇسىنى قورۇقداپ، ھەتتا
يۈزىگە ئەركەك چىۋىنىنىڭ قونۇشىنىمۇ راۋا كۆرمىگەن بۇ چوكان-
لار بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ پەقەت بىرلا ئەركەككە مەڭگۈ بەخشەندە

بولغانلىقىنى نامايان قىلىپ يۈرۈپتۇ. دۇنيادىكى ئاياللار-
نىڭ خۇلقى - مىجەزى ئوخشاشمايدۇ. خىلمۇخىل خۇي - پەيلى-
لىك ئايال جىنسىتىكىلەرمۇ كۆپقۇ. ئۇلارمۇ شۇلارنىڭ بىر تۇرد-
غۇ، غۇلجا باغلىرىدا ئالمىلار تۈرلۈك - تۈمەن، رەڭدار
بولغاندىلا ئاندىن ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلغاندەك، ئاياللارمۇ
ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقىنى ئوخشاشمىغان تۇرمۇش ئادىتىدە ئىپادىلى-
نىشى كېرەك - دە....

مەسۇم ئۆز خىياللىرىغا بەند بولۇپ جىمجىت، ئادەم-
لەر ئاندا - ساندىلا كۆرۈنىدىغان مەھەللىنىڭ بىر بېشىغا چىقىپ
قالغانلىقىنى سەزمىدى. كۈننىڭ شۇنچە ئىسسىپ كېتىۋاتقىنىغا
قارىماي تەسكەي سوقما تام تۈۋىلىرىدە ئۈستى مەينەتلىشىپ قارا
پاتقاققا مىلەنگەن قار دۆۋىلىرى تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن مەسۇمگە
قىش تېخى تۈگىمىگەندەك سېزىلدى. كۆڭلىدە ئۆز مەشۇقىنى
ئىزدەپ تاغۇ دەشتلەرنى كەزگەن ئاشىقلارنىڭ چەككەن رىيازەتلى-
رىنى ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى جاپاسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، مىيى-
قىدا كۈلۈپ قويدى: «ساراڭ بولما، مەسۇم، قېرىغىنىڭدا
ئىشقى - سەۋدايىلىقىغا گىرىپتار بولۇپ مەھەللىمۇ مەھەللە كې-
زىپ يۈرىسەن، تۇل چوكانلارنى سۈرۈشتە قىلىسەن، شۇنچە كۆپ
مەھەللىدە، شۇنچە نۇرغۇن تۇل خوتۇن - تۇل چوكانلار ئارىسى-
دىن تۈتىگۈلنى تېپىش ئەنقارنىڭ تۇخۇمىنى ئىزدىمەكتىنمۇ تەس
ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتامسەن. ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلماي، ئۆيۈڭگە
كېتىۋال، ئەگەر بۇ قىلىقىڭنى مەرۈپ گۆش بىلىپ قالسا سېنى
‹ئابدۇرېھىم ئاشىق› تەك بىر تېيىنسىز بەندىگە ئايلاندۇرۇپ،
شاڭخو قىلىپ ئۆلتۇرىدۇ، مەھەللىدىكىلەر ئالدىدا بېشىڭنى كۆ-
تۈرگۈسىز قىلىۋېتىدۇ...» مەسۇم ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ ئارقى-
سىغا بۇرۇلدى، بۇرۇلمىسىمۇ بولمايتتى. مەھەللىنىڭ ئاخىرى
كەڭ كەتكەن ئېتىزلىققا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئېتىزدا باللار
ۋە ئاياللار يۈرەتتى. مەسۇم ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىدە كۆكى تېرىۋاتقىنىنى بىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. راست، بىدە كۆكى چىقىدىغان پەسىل بولغاچقا، مەھەللىدىكىلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىرى بىدىلىككە يىغىلغانىدى. بايا مەھەللىنىڭ تىمتاسلىقىقا چۆمگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى مەسۇم ئەمدى بىلدى. زېمىن باغرىدا قايتىدىن كۆكلەپ، بىخ سۈرۈپ ئۈنىدىغان بىدىنىڭ سىمۋولى زادى نېمە؟! ھايات ۋە يەنە ھايات! زىمىستان قىشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئەمدى ھاياتنىڭ يېڭى بىر كۆكلەم پەسلىنى كۈتىۋېلىشتا ئىنساننىڭ ئەڭ ئالدىدا ئېغىز تېگىدىغىنى نېمە؟! بىدە كۆكى! بۇ يېڭى ئاشنى يېگەن ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ يەنە باشقىدىن يېڭى بىر ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىنى چىن يۈرىكىدىن ھېس قىلىدۇ. دەل شۇنداق پەيتتە مەسۇمنىڭمۇ ئۆزىنىڭ يېڭى بىر مەشۇقىنى ئىزدەپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان! ئەگەر تەلىيى بولسا، خۇددى بىدە كۆكىگە ئېغىز تەگكەن ئىنسانلاردەك ئۇمۇ ئۆزىنىڭ يېڭى ئاشىقىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيدۇ. ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ كۆك چۆچۈرىسى ئەتكۈزۈپ يەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى قازان سىتىېۋالىدۇ. ئۇ چاغدا يېڭى قازان، يېڭى ئاش، يېڭى خوتۇن، ھەممىسى يېڭىلىنىدۇ، يېڭى قازاننىڭ ئېشى تاتلىق بولىدۇ. يېڭى خوتۇنچۇ، ئۇنى بىردىمە، ئۇ ھەم چىرايلىق، ھەم ياش چوكان تۇرسا...

ئۇ شۇ ئويلاردا ئاغزىنى تەمشىتىپ بېدىلىك تەرەپكە قاراپ قويدى. بىردىنلا ئارقىدىكى ھويلىدا كۆتۈرۈلگەن ۋاڭ - چۇڭ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى. بويىنىنى سوزۇپ قاشا ئۈستىدىن ھويلىغا قارىدى. تاراق - تۇرۇق ئاۋاز بىلەن ئىشىك ئېچىلىپ ھويلىغا بىر ئايال چىقتى. ئارقىسىدىنلا بىر ئەر كىشى سوگدىشىپ چىقىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئۇنداق قىلما، مەن سېنى دەپ خىزمىتىمدىن ئايرىلدىم، ھېلىقى قېرى بەزدىن ئۆچۈمنى ئالىمەن دەپ مۇشۇ كۈنگە قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ۋاپاسىزلىق قىلساڭ، ئەل - ئاغىنىلىرىم-

نىڭ ئالدىدا قانداقمۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن؟
مەسۇم ئۇ ئىككىسىنىڭ يىراقتىن كۆرۈپ بۇ بىر ئىككى ئەر - خوتۇننىڭ جېدىلى ئوخشايدۇ، ئاستا كېتىۋالايچۇ، دېگەن ئويدا مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، لېكىن تونۇش بىر ئاۋاز، تونۇش بىر ئىسىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.
— ياق، مەن سىزدىن تويدۇم، توي قىلماي تۇرۇپ مېنى مۇنچىلىك كۇنلەپ، كۈن كۆرسەتمەيۋاتىسىز، توي قىلغاندىن كېيىن كۆرگۈلۈكۈم بار ئوخشايدۇ، — ئايال ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ ئەرگە ۋارقىراپ سۆزلەۋاتاتتى، — ياق بولدى، ئايرىلىپ كېتەيلى، ئايرىلىپ كەتكىنىم كەتكەن... ئارقامغا كىرىۋالماڭ! بەربىر سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن، تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمايدۇ. ئۆز يولىڭىزنى تېپىۋېلىڭ!
— ئۇنداق قىلماڭ، تۇتىگۈل! ...مەن سىزنى جېنىمدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن، سىز ماڭا تەگمىسىڭىز سىزنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئۆزۈممۇ ئۆلۈۋالىمەن.
— ۋييەي، قورقاچ بولغىيتىم، — تۇتىگۈل مەسخىرە بىلەن تەرىنى تۈردى، — مېنى قورقۇتۇپ ئالالىتتىڭىزمۇ، ئۇخلاپ چۈشىڭىز، ئەمدى مېنىڭ ئارقامغا كىرىۋالماڭ، ھېلىمۇ نەچچە ئۆي يەڭگۈشلەپ بولدۇم، سىزدىن قۇتۇلالمىدىم، نېمىدېگەن بۇدۇشقاقتەك ئادەمسىز، ئادەممۇ مۇنداق قېلىن بەز بولىدىكەن، سىزگە گەپ كار قىلمامدۇ؟!
— تۇتىگۈل، ئۇنداق دېمەڭ، سىزنىڭ ماقۇل بولغان گېپىڭىزنىلا ئاڭلىغۇم كېلىدۇ، باشقا گەپنى ئاڭلىسام يۈرىكىم ئېچىشىپ، بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ كېتىمەن، مەن سىزگە ئاشىق. بۇ دۇنيادا ھەرقانداق شەرتىڭىزگە چىدايمەن.
— سىزدىن بىزار بولدۇم، — دېدى تۇتىگۈل ئاخىر، — گېپىڭىز چىرايلىق بولغىنى بىلەن قىلىقىڭىز سەت، سىزمۇ بەختىڭىزنى باشقىلاردىن ئىزدەڭ، مەنمۇ بەختىمنى باش-

قىلاردىن تېپىۋالاي، مۇنداق قىلىۋەرسىڭىز مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىيمەن؟...

مەسۇم «تۇتىگۈل!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپلا يۈرىكى «جىغ-غىدە» قىلىپ قالدى. قورۇ تام تەرەپكە سىلجىپ قورۇ ئىچىگە زەن سالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھېلىقى كۈنكى ئامانلىق ساقلاش خادىمى تۇراتتى. نېرىسىدا بولسا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان تۇتىگۈلنى كۆرۈپ يا خۇشال بولۇشنى، يا مۇنۇ جېدەلدىن پەيدا بولغان كۆڭۈلسىزلىكتىن قايغۇرۇشنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.

— كېتىڭ، ئەمدى مېنى ئىزدەپمۇ كەلمەڭ! — ۋارقىرىدى تۇتىگۈل ئۇنى قورۇدىن ئىتتىرىپ چىقىرىپ.

كوچەپ ئىتتىرىلگەن ئىمىرەمزە سەنتۈرۈلۈپ ئىشىك ئالدى-غىلا كېلىپ قالغان مەسۇمگە ئۇرۇلۇپ كەتكىلى تاس - تاسلا قالدى.

— ۋۇي، بۇ سەنمىدىڭ، ئۇكا، — ھەيران بولۇپ سورىدى مەسۇم ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، — كوپكوندۇزدە ئايالالارنى قوغداپ يۈ-رەمسەن، نېمە؟!

— ۋۇي - ۋۇي، سەن نەدىن ئۇندۇڭ، قېرى بەز!

— مەسۇمكا، — تۇتىگۈلنىڭ قىزىرىپ كەينىدىن تاتارغان چىرايىنى ھەيرانلىق قاپلىدى. ئاندىن مەسۇمنى ئۇچۇق چىراي بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى، — ئۆيگە كىرىڭ، مەسۇمكا، سىزنى بۇ مەھەللىگە قانداق شامالالار ئۇچۇرۇپ كەلدى.

— ھۇ، قېرى بەز! — ئىمىرەمزە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز تۇرغان مەسۇمنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ سىلكىدى. مەسۇمنىڭ شى-لەپىسى ئۇچۇپ يەرگە چۈشتى. تۇتىگۈل بېرىپ يەردىن شىلەپىنى ئېلىپ قاقتى. بۇنى كۆرگەن ئىمىرەمزىنىڭ چىشلىرى گەز - گەز بولۇپ كەتتى.

— مۇشۇ تۇرقى سېنى نېمە قىلىۋەتسەم بولار! —

ۋارقىرىدى يەنە ئىمىرەمزە، — مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىپ بىراقلا سولاقتا ياتايمۇ ياكى ئېتىلىپ كېتەيمۇ!

— مۇشۇ تۇرقى بوغساڭ، ئۇكا، بىر سۇپۇرگە چىدىماس قىمەن شۇ، — دېدى مەسۇم چاقچاق ئارىلاش ھىجىيىپ قويۇپ، — ئەمدى يەنە نېمە قىلساڭ بولاتتى؟ ئۆتكەندە قىلىدىغان قىلىقىڭنى قىلدىڭ، ئەمدى مەندە نېمە گۇناھ، ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ تېرىپ قويۇپ مېنىڭدىن كۆرگىنىڭ نېمىسى، تازا چىدىماس بىرنېمە ئىكەنسەن جۇمۇ، ئۇكا.

— مەندە نېمە گۇناھ دەيسەنغۇ، دۆيۈز قېرى بەز! — ۋارقىرىدى ئىمىرەمزە، — خىزمىتىمدىن ئايرىدىڭ، قوغلاندىم، ئۇنى ئاز دەپ توي قىلىدىغان خوتۇنۇمنى تارتىۋېلىپ بارىسەن، سەن قېرى كاداڭ! قولۇڭدىكى پۇلۇڭغا ئىشىنەمسەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

ئىككى رەقىب قاتتىق تۇتۇشماقتا ئىدى، بىر - بىرىنى تارتىپ، سۆرەپ، دۆشكەلەپ ئۇيان - بۇيان ئىتتىرىشەتتى. تۇتىگۇل بولسا نېمە قىلىشنى بىلمەي بىردە لېۋىنى چىشلەپ، بىردە بارمىقىنى چىشلەپ، بىردە ئۇنىڭغا، بىردە بۇنىڭغا «بولدى قىلىڭلار، مەھەللىدە بىرى كۆرسە سەت!» دەيتتى. لېكىن ھەر ئىككىلا رەقىبنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. بۇ ئىككى رەقىبنىڭ بىرى ياش، ئەمما مەغلۇبىيەتتىن ئاچچىق ئەلەم چېكىپ، ھوش - كاللىسىنى يوقاتقان، يەنە بىرى، قېرى بولۇپ غالىب رەقىب ئىدى. ئۇ شۇ تاپتىكى خۇشاللىقىنىڭ شېرىن لەززىتىدىن روھلىنىپ ھەدەپ ئىمىرەمزىگە تۈۋلايتتى:

— ئۇكا، بۇنداق سەتچىلىكنى قوي، چاۋاك دېگەن ئىككى قولدىن چىقىدۇ، ئىشەنمىسەڭ تۇتىگۇلدىن سوراپ باققىن. مەن ئالىدىغان ئۇ قىزىڭنى سېنىڭدىن يالتايتقىنىم يوق! ھەممە سەۋەبى ئۆزۈڭدىن ئىزدە. خوتۇن كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمىگەندىكىن نېمىشقا ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالىسەن؟ بولدى

مەنمۇ دېمىگەن بولاي، سەنمۇ ئاڭلىمىغان بول، تۇتىگۇل ئۆزى بىرنېمە دېسۇن، بىز ياقا سىقىشىپ يۈرمەيلى. قېنى، تۇتىگۇل، ئۆزىڭىز بىرنېمە دەڭا، مۇشۇ يەردىلا غېزى غاز، ئۆردىكى ئۆردەك بولۇپ كەتسۇن!

تۇتىگۇل ئىككى لايىقنىڭ بىرىنى تاللاش ئۈچۈن ئەمدى كەسكىن بىر قارارغا كەلمىسە بولمايتتى. بۇ يەردە مەسۇمنىڭ كۆڭلى توق، خاتىرجەم ئىدى. ئىمىرەمزە بولسا دەككە ـ دۈككىدە تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇ هازىر تۇتىگۇلنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ پەيلىنى بۇزماقچى بولۇۋاتاتتى.

— مەسۇمكامدا نېمە گۇناھ، — دېدى تۇتىگۇل ئىمىرەمزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بېرىپ، گېپىڭىز بولسا مېنى ئۇرۇڭ، تىللاڭ، قېنى مەن سىزنىڭ خوتۇن كىشىنى ئۇرىدىغان نوچىلىقىڭىزنى بىر كۆرۈپ باقاي.

ئىمىرەمزە مەسۇمنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بېرىپ، تۇتىگۇلنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ بىر پەس قاراپ تۇردى.

— قېنى ئېيتىڭە، سىز زادى مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈدىڭىزما، نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز، مەن ھەممە نېمەمنى سىزگە بېغىشلىدىم، سىزنى دەپ رېستوراندىن ھەيدەلدىم، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، تۇتىگۇل، سىز مېنى تاشلاپ كەتمەڭ! ئاشۇ سەت قېرى بەزنىڭ نەرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟! ئېيتىڭە!

ئىمىرەمزە بۇ سۆزلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي سۆزلەيتتى. ئۇ ئاخىر ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ توختاپ قالدى ۋە ئاخىر ئېغىر تىنىپ قويۇپ:

— قېنى دەڭا، قاچان توي قىلىمىز، تويلۇقلىرىمىزنى قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك ئالاي، — دېدى.

— ياق، ئىمىرەمزە، سىز خاپا بولماڭ، بىز چىرايلىقچە ئايرىلىپ كېتەيلى، مەن سىز بىلەن توي قىلالمايمەن.

— كۆڭلىڭىزدە ئاشۇ قېرى بەز بار، شۇنداقمۇ؟!

— ......

— سىز ئۇنى سۆيىسىز، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىسىز، ئۇ سىزنىڭ قوينىڭىزغا كىرىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ......

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسىز، بوپتۇ، مەن كەتتىم. مەن سىزنىڭ ئاشۇ قېرى بىلەن توي قىلغىنىڭىزنى بىر كۆرەي!...

ئىمىرەمزە شۇ گەپ بىلەن تەڭ ياقىسىنى جۇندەپ كىيىملىرىنى قېقىشتۇردى ـ دە، ئىشىكتىن چىقىپ كوچا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتتى. ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان تاكسىنى توسۇپ چۈشتى ـ دە، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ تاكى كۆزدىن يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ تۇرغان مەسۇم يەر ئاستىدىن تۇتىدىگۈلگە قارىدى. تۇتىگۈل بىردىنلا كۇندەك ئېچىلىپ مەسۇمنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتتى:

— ئۆيگە تارتىمىغۇچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋېرەمسىز، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت! — دېدى ۋە، — بۇدۇشقاقتىن قۇتۇلدۇق، — دەپ قوشۇپ قويدى.

مەسۇم ئۆيگە كىردى. بىر ئېغىز ئۆي شۇنداق رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. مەسۇم ئىچىدە: «مېنىڭ ئۆيۈممۇ قاچان شۇنداق بولار» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيگە كىرگەن تۇتىگۈل مەسۇمنىڭ ئۆيگە سىنچىلاپ قاراپ كېتىشىدىن بىرنېمە ھېس قىلغان بولسا كېرەك، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ بۇ كۈلۈشى بىلەن مەسۇمنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ ئوماق ۋە چىرايلىق بولۇپ كۆرۈندى. ئۇ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، تۇتىگۈلنى قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. تۇتىگۈل نازلانديۇ، لېكىن ئۆزىنى چەتكە تارتمىدى. مەسۇم چاڭقىغان دىلىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن لېۋىنى ئۇنىڭ غۇنچىدەك تۇرغان لېۋىگە چىڭگىدە باستى ۋە ئۇزاققىچە ئاجراتماي سۆيدى. تاكى ئىككىسى نەپەس ئالالماي قالغاندىلا ئېغىر تىنىشقان ھالدا لەۋلىرىنى

ئاجرىتىشتى. تۇتىگۈل مەسۇمگە تەلمۈرۈپ قارىدى ـ دە ئاستا پىچىرلىدى:

ــ ئۆزىڭىز قېرىغان بىلەن كۆڭلىڭىز قېرىمىغان ئادەم ئىكەنسىز، ئىشقى ـ مۇھەببىتىڭىزگە ئىمىرەمزىنىڭ مۇھەببىتى سۇ قۇيۇپمۇ بېرەلمەيدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا مەنمۇ بۇ قېتىم ئەرنى خاتا تاللىماپتىمەن. شۇنداقمۇ، مەسۇم؟

ــ شۇنداق جېنىم، مەنمۇ خوتۇننى خاتا تاللىمىغاندەك تۇرىـ مەن، سىز بىلەن ئۆمۈرلۈك ئۆتسەم دەيمەن، مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشكىنىم مېنىڭ بەختىم، سىز ياشلىق ھاياتىڭىزنى مەندەك بىر قېرىغا تەقدىم قىلماقچى بولۇۋاتىسىز، مەن بۇ ئەقىدىڭىزنى چوقۇم ئاقلايمەن، جېنىم، سىز ماڭا ۋاپادار خوتۇن بولسىڭىزلا.

ــ ئىشەنمەمسىز؟ ئەگەر ئۇنداق نىيىتىم بولمىسا ئاۋۇ چارپاقنى قوغلىۋېتەتتىممۇ؟!

ــ ئىشىنىمەن، جېنىم، سىزنى پۈتۈن شەھەرنى كېزىپ چىققاندەك ئىزدىدىم، ئاخىر تاپتىم، مۇرادىمغا يەتكۈزۈك...

مەسۇم تۇتىگۈلنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا باستى. لېكىن تۇتىگۈل ئۇنىڭغا ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن قارشى تۇردى:

ــ كۈندۈزى سەت بولىدۇ، قوشنىلار كۆرۈپ قالسا ئۆلگىـ نىمىز شۇ، كۈندۈزى ئەر ـ ئايال بىللە بولسا كۆن چىرقىرايدۇ دېگەن گەپمۇ بار. بولمايدۇ، نىماچۈۋالا ئالدىرايسىز، ئەمدى مېنى سىزدىن ھېچكىممۇ تارتىۋالالمايدۇ. مەن سىزگىلا مەنـ سۇپ، بىلەمسىز، سىزگىلا!

مەسۇم ئاتەشتەك ئۇرغۇغان شەھۋانىي نەپسىنى بېسىشقا مەجبۇر بولدى. باسقاندىمۇ تەستە باستى. ئۇزاقتىن ئىشلىمەي كۈچ يىغىۋاتقان جىنسىي بەزلىرى ئەمدى شىددەت بىلەن ئويغىـ نىپ، ھەرىكەتكە كەلگەندە ئۇشتۇمتۇت ئارقىسىغا چېكىنىدى. خەپ نۆۋىتى ئەمەس ئىكەن ـ دە...

مەغلۇبىيەت بىلەن پەسكويغا چۈشكەن مەسۇم تۆتىگۇلنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن، ئاناردەك قىپقىزىل مەڭزىدىن، ئىپار ھىدى كېلىپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرىدىن ھەدەپ سۆيگىلى تۇردى. ئۇ، قانچىلىك سۆيسىمۇ يەنىلا قانمىغاندەك، سۆيگەنسېرى سۆيگۈسى كېلەتتى. ھەممە نېمىنىڭ ئوخشاشلا ئىنسانىنىڭمۇ، ئاڭسىز مەخلۇقلارنىڭمۇ ياش ۋە زىلۋا چېغى قەدىرلىنىك ۋە سۆيۈملۈك بولىدىغان ئوخشايدۇ، نېمىدېگەن خۇش پۇراق ھىد، نېمىدېگەن شېرىن لەززەتلىك تەم، نېمىدېگەن چىرايلىق، گۈزەل ھۆسن بۇ. مۇھەببەتنىڭ شەربىتىگە چۆمۈلۈۋاتقان مەسۇم خىيالىدا شۇلارنى ئۆتكۈزەتتى.

— مەن سىزگە كۆك چۆچۈرىسى تۈگۈپ بېرەي، ياخشى كۆرەمسىز، مەسۇم؟ — تۆتىگۇل ئۆزىدىن يىگىرمە ياش چوڭ بۇ ئادەمنى ئۆز تەختۇشىدەك ئاتىدى. مەسۇم بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھۇزۇرلاندى. ھەتتا ئۇنىڭ مۇنداق چاقىرىشىنى ئۆزى ئۈچۈن تۈگىمەس بىر ئامەت دەپ بىلدى. شۇ تاپتا مەسۇمنىڭ خۇشاللىقتىن چاقنىغان كۆزلىرى تۆتىگۇلگە تىكىلىپلا قالغانىدى. ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. مەسۇم تۆتىگۇلنى قولىدىن تارتىپ كارىۋاتنىڭ چېتىگە ئولتۇرغۇزدى، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. تۆتىگۇلنىڭ ئوتتەك قىزىرىپ چاقناپ تۇرغان چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىدىن يېنىشلاپ، يېنىشلاپ سۆيدى. ئۇ سۆيۈپ قانمايتتى. سۆيگەنسېرى شەھۋانىي نەپسى تاقىلداپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

تۆتىگۇل مەسۇمنىڭ ئىسكەنجىسىدىن مىڭ تەستە قۇتۇلۇپ چىقىپ كۆك چۆچۈرىسى ئېتىشكە تەييارلاندى. مەسۇم تۆردە باداشقاننى قۇرۇپ كارىۋاتقا يۆلىنىپ تامدا ئېسىقلىق دۇتارنى قولىغا ئالدى. دۇتار ئالاھىدە ئىشلەنگەن بولۇپ، دەستىسىدە ئۈيغۇر نەقىشچىلىقىنىڭ ئاجايىپ يۇكسەك ماھارىتى نامايان قىلىنغانىدى. دۇتارنىڭ قورسىقىمۇ شۇنداق نەپىس ئىشلەنگەن بو-

لۇپ، قولىنىڭ تارغا تېگىشى هامان ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر كۈي تۆكۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. دۇتار مەسۇمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ بىر پەدە چېلىشقا تەييارلاندى. دۇتارنى قولىغا ئالسىلا مۇنۇ بىر ناخشىغا توۋلايتتى:

تال چىۋىقتەك بەللىرىڭگە،
چاسى ياغلىقىڭ بولاي.
ئۆرگۈلۈپ قامچا سالساڭ،
چۆرگۈلۈپ تەزىم قىلاي...

— مۇنداقمۇ هۇنىرىم بار دەڭا، — دېدى تۇتىگۈل ئۇنىڭ ناخشىسىنى بۆلۈپ، — بايا دېگەنتىمغۇ، دېگىنىم راست ئىكەن، مەنمۇ بىلىپ دەيمەن جۇمۇڭ.

— نېمە دېگەنتىڭىز، جېنىم، — دېدى مەسۇم تۇتىگۈلگە تەلمۈرۈپ. تۇتىگۈل چۆچۈرە تۈگكەن بولۇپ يەرگە قارىۋالدى ۋە يەر ئاستىدىن سۆزلىگەندەك:

— ئۆزىڭىز قېرىغان بىلەن كۆڭلىڭىز ياش ئىكەن، دېگەنتىمغۇ، ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

مەسۇم كۈلۈپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ تېرىسىگە سىغمايتتى. ئۇ داۋاملىق كۈيلەيتتى:

قارىچۇقۇمنى قۇشلايمەن،
پەللەرىمنى قويۇپ شاخدا.
يارىم بىلەن ئوينايمەن،
دۈشمىنىمنى قويۇپ داغدا...

— ۋييەي، كارامەت ئېيتىۋەتتىڭىز! مەسۇم، — دېدى تۇتىگۈل ئۇنىڭغا زوق بىلەن تىكىلىپ، — ئەمدى كۆڭلۇمدىكى-

دەك ئادەمگە ئۇچراشقان ئوخشايمەن. گۈلمۇ غۇنچە ۋاقتىدا چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ، پورەكلەپ ئېچىلىپ، توزۇپ كېتەي دېگەندە شۇنداق گۈزەل بولۇپ ئېچىلىپ كېتىدۇ، سىزمۇ خۇددى شۇ گۈلگە ئوخشاش ياش غۇنچە ۋاقتىڭىزدا ئەمەس، يېشىڭىز چوڭايغاندا ئېچىلىۋاتقان ئوخشايسىز - ھە! گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسىز؟ بۇ گەپلىرىمنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، ئۇنتۇماڭ جۇمۇ.

— سىزنىڭ غۇنچە لېۋىڭىزدىن تۆكۈلگەن دۇردانىلەرنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، ئۇنتۇمايمەن، سىزلا ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىسىڭىزلا.

— ھېلىتىنلا شۇ گەپنى قىلىۋاتامسىز، — دېدى تۇتىگۈل چۆچۈرىنى قازانغا سېلىۋېتىپ، — ۋەدەمدە تۇرىمەن، ئىرادەمنى سىناپ كۆرمەكچى بولسىڭىز، قولۇمنى مۇشۇ كۆك چۆچۈرىسى سېلىۋاتقان قايناق سۇغا تىق دېسىڭىز ھازىرلا تىقىمەن!

— ھە، ياق، ياق، مۇنداقلا دەپ قويۇشۇم، — مەسۇم دۇتارنى تامغا يۆلەپلا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك قازان بېشىغا كەلدى - دە، تۇتىگۈلنىڭ چۆچۈرە سېلىۋاتقان ئاپئاق بىلەكلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ سۆيدى. سۆيگۈ تەپتىدىن ھەر ئىككىسى ئۆزىنى قاچۇرمىدى. قازان بېشىدىلا يەنە بىر پەس ياشلىق تۇيغۇلىرىنى ئىشقا سېلىپ قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ كەتتى...

بىر پەستىن كېيىن، كۆك چۆچۈرىسىمۇ پىشتى. ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ يېيىشتى. ئارقىدىن قەنت چاي دەملىشىپ ئىچىشتى. يەنە بىردەم مۇھەببەت لەززىتىگە چۆمگەندىن كېيىن، مەسۇم ئورنىدىن قوزغالدى. كۈن كەچ كىرىپ قالغانىدى.

— يۇرۇڭ، مېنىڭ ئۆيۈمگە كېتىمىز، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭغا قەتئىي قىلىپ، — توي كۆچۈرۈشمۇ ئوخشاشلا بىر ئۆيدىن يەنە بىر ئۆيگە يۆتكىلىشقۇ.

— شۇنداقمۇ، بوپتۇ ئەمىسە، — دەرھال قېتىلدى تۇتىگۈل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە كىيىمىنى كىيىپ جاندۇنۇشقا باشلىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈم بەك خالىي، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭغا، — جەزمەن ياقتۇرۇپ قالىسىز، كەتمەي شۇ يەردىلا قالامسىزكىن تېخى؟

— قالسام قالدىم، يەنىلا سىزگە باغلىق...

— بۇ يەردە قوشنىلىرىڭىز بىزگە تۆشۈكتەك تىكىلىپ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ.

— مۇنداق پايلاقچىلار ھەممىلا مەھەللىدە بار، — دېدى تۇتىگۇل ئىرەنسىز ھالدا قاش - كۆزىگە سۈرمە سۈرۈۋېتىپ.

— مانا ئەمدى تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتتىڭىز؟ — دېدى مەسۇم تۇتىگۇلگە پۇتۇن ئىشقى - زوقى بىلەن تىكىلىپ قاراپ ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ لېۋىدىن سۆيمەكچى بولدى. بىراق، تۇتىگۇل نازۇك بارماقلىرى بىلەن مەسۇمنىڭ ئاغزىنى توستى.

— بولدى قىلىڭ ئەمدى، لەۋ سۈرۈخۇم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ، — سىزگىمۇ يۇقۇپ قالسا سىرتتا بىرى كۆرسە سەت بولىدۇ.

— يۇقسا يۇقمامدۇ، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ بولۇپ، لېۋىنى تۇتىگۇلنىڭ لېۋىگە يېقىنلاشتۇردى، — سىزنى سۈرۈپ قويغاندۇر دەپ ئويلاپ قالار شۇ.

ئىككىسى يەنە بىر پەس سۆيۈشۈپ تۇرۇشتى. ئاندىن مەسۇم ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ تالاغا ئېلىپ ماڭدى. تۇتىگۇلنى يەنە ئازراق لەۋ سۈرۈخى سۈرۈۋالاي دېگىنىگىمۇ ئۇنىمىدى. تۇتىگۇل ئىشىكنى قۇلۇپلاشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. ئۇلار قورۇدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا قوشنىلارنى دېرىزىلەردىن ماراۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئەتەي بىلمىگەنگە سېلىپ تالاغا چىقىشتى. ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تاكسىنى توستى - دە، «پاقا مەھەللىسى»گە قاراپ راۋان بولۇشتى. يول ئۈستىدە «قىزىلگۈل» رېستورانىدا بىر پەس كۆڭۈل ئېچىپ ئۆتۈشتى...

## ئالتىنچى باب

ھايات دېگەن مانا شۇنداق ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ. تۇنۇگۇنلا ئىشق پىراقىدا ئاھ ـ ۋاھ دەپ يۈرگەن مەسۇم ئۆزى تەلپۈنگەن ياش، گۈزەل چوكاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىغا زادىلا ئىشەنمىگەندەك تۇتىگۇلگە يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراتتى. بايا «قىزىلگۈل» رېستورانىنىڭ ئالدىدا تاكسىدىن چۈشكەندە ھەممە خەق بۇ ئىككىسىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ كېتىشتى، ئۇلارنى ئىشارە قىلىپ پىچىرلاشتى.

تاماقتىن كېيىن سوغۇق ئىچىملىك ئىچىۋاتقاندا ئۆزلىرىنىڭ يېنىدىكى جوزىدا ئولتۇرغان چاقچاقچىلارنىڭ گەپلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالدى.

— نېمىسىدۇر، ئاداش، ئوبدانىراق قاراپ باقە؟

— نېمىسى بولسا بولمامدۇ، ئىشقىلىپ، بەزدەك ئادەملەر بېزىرىپ يۈرۈپ. ئۇياتچان، ياش جۇۋانلارنى ئېلىۋالىدۇ.

— شۇنداقمىدۇر، تەلىيى بار، قېرى بەز ئىكەن، بىزگە نېمىشقا شۇندىقى ئۇچرىمايدىغاندۇر؟

— ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن سەنمۇ بەز بولۇۋال.

— ھا! ھا! ...

— ھى، ... ھى، ! ھى... ىي!

مەسۇم ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىمىغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى. تۇتىگۇلمۇ ئاڭلىغان بولسا كېرەك، بىرخىل نازۇ كەرەشمە بىلەن جىلمىيىپ قويۇپ ئىچىملىكنى ئىچىپ ئولتۇرۇۋەردى. مەسۇممۇ ئىچىدە قاتتىق ئۆرتەندى. ئۆزىگە ھاقارەتتەك تۇيۇلۇۋاتقان بۇ چاقچاققا جاۋابمۇ قايتۇرغان بولاتتى. لېكىن، تونۇمىغان بۇرادەرلەر بىلەن ئۇشۇقچە تەرگىشىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدى. پەقەت ئىچىدە: «ھۆسنىڭ يەتسە سەنمۇ گۈل قىس!» دەپ پىچىرلاپ قويدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قىزىلگۈل» رېستوراندىن چىقىپ يەنە تاكسىغا چۈشكەن مەسۇم تاكسىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا تۇتىگۈلنى چىڭگىدە قۇچاقلىغان پېتى ئولتۇردى، بىر قولىدا ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئوينايتتى. ئۇ تاكسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، خوتۇنىنى ئارقىدىكى ئورۇندۇققا ھۇۋقۇشتەك يالغۇز ئولتۇرغۇزۇپ قويىدىغان ئەخمەقلەردىن ئەمەس، بىللە ئولتۇرۇپ، بىللە لەززەتلىنىش كېرەك. مۇنداق قىلغاندا، ئاشىقنىڭ بەدىنىگە بەدەنلىرىڭ تېگىپ تۇرسا، خۇددى توك ئۆتۈشۈپ زەرەتلەنگەندەك بولىسەن، يۈرىكىڭدە بىر خىل شېرىن لەززەت ئويغىنىدۇ، مۇنداق راھەتتىن بەھرىمەن بولالمىغانلارنىڭ ھەممىسى لايغەزەل ئەخمەقلەردۇر…

ماشىنا «پاقا مەھەللىسى» نىڭ ئېغىزىدا توختىدى، مەسۇم ماشىنىنى شۇ يەردە توختاشقا بۇيرۇغانىدى، مەھەللىدە ئىشىك ئالدىدا تاكسىدىن چۈشسە تازا ياخشى بولمايتتى، چۈنكى تېخى بويتاقلىق ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان مەسۇمگە نىسبەتەن، تېخى نىكاھىغا ئالمىغان بىر ياش چوكاننى يېتەكلەپ ئۆيگە كىرىش مەھەللىنىڭ ئار - نومۇسىنى ساقلىمىغانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. ئەقەللىيسى، مەھەللىدىكىلەرنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنىمۇ ساقلىشى كېرەك، ھەر ھالدا ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىش ئۆزىگىمۇ، مەھەللىگىمۇ ياخشى. مەسۇم تاكسىنى يولغا سېلىۋېتىپ، تۇتىگۈلنى يېتەكلەشكە قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ قولى قاراڭغۇدا تۇتىگۈلنىڭ ئوتتەك قىزىق قولىنى ئىزدەپ تاپتى. مۇھەببەتلەشكەن ئەر - ئايال بىر - بىرىنى قولتۇقلىدى. مەسۇمنىڭ قاراڭغۇدا غۇۋا كۆرۈنگەن چىرايىدا مەمنۇنىيەت بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى، تېخى ئەل ياتار چېغى بولمىسىمۇ كوچا ئېغىزى ئادەمدىن خالىي ئىدى، دۇكانلارنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈلگەندەك قىلاتتى. ئەمدىلا كۆمۈش رەڭ نۇرىنى چېچىپ كېلىۋاتـ

قان ئايمۇ ئېگىز بىنالارنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتات-تى. مەسۇم ھەر كۈنى كەچ ئۆيىگە — ياق غېرىب كۆلبىسىگە مۇشۇ تەرزدە تىكەندەك يالغۇز ۋە روھسىز ھالدا قايتاتتى. ئۆيدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان ھېچكىمى يوق ئىدى. سوغۇق، مۇز-دەك ئورۇنغا كىرىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئەرلىك جىنسنى كۈچەيتىدىغان دورىلار ھەققىدە بېرىلگەن ئېلانلارلا مەلھەم بولاتتى. بۇگۈنچۇ؟! دۇنيا باشقىچە، مەسۇممۇ باشقىچە. بۇ-گۈن ئۇ ئۆزى ئىشقىدا كۆيگەن، ئۆزىدىن خېلىلا ياش چوكاننى باغرىغا باسىدۇ، بۇنىڭغا ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. پەقەت نومۇس كۈچىدىن بۇ ياش چوكاننى بىر ئاز پىنھان تۇتۇشى لازىم...

مەسۇم ئاشۇ خىياللار بىلەن ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالدى. مەھەللە ئىچىنى غۇۋا ئاي نۇرى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. مەھەللىدىكىلەر چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك، سۇس يېشىل ئېكران نۇرىنىڭ غۇۋا يورۇقى دېرىزىلەردىن تالاغا كۆرۈنەتتى. مەسۇم كوچىدا ئۆزىگە ھېچكىم ئۇچرىمىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇش بولدى. ئۇ دوقمۇشتىن قايرى-لىپ ئۆزى بىلەن يانمۇ يان كېلىۋاتقان تۇتىگۈلنى ئالدىغا ئۆتكۈز-دى ـ دە، يانچۇقىدىن تالا ئىشىكىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىزدىدى.

— ئەمدى كەلدىڭلارمۇ؟!

ئۇشتۇمتۇت يېنىدىن چىققان بۇ ئاۋازدىن ھەرئىككىسى چۆچ-چۈپ كەتتى. مەسۇم ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مەرۇپ گۆشنىڭ تۇر-غانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

— ھە، سەنمىدىڭ، مەرۇپ، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن ئاچ-قۇچلىرىنى ئېلىۋېتىپ، — مەھەللىنى كۆزەت قىلىپ يۈرۈپسەن ـ دە.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، سەندەكلەرنى قوغدىمىساق ئۇۋالىغا قالىمىز، — مەرۇپ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە تۇتىگۈلگە سىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىلاپ قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، — مۇبارەك بولسۇن، يېڭى كېلىننى ئەپقېچىپ كەلمىگەنسەن، يېنىڭدا مەن كۆرۈپ باقمىغان بىر گۈزەل چوكان تۇرىدىغۇ؟

— تۇرىدۇ، قاچانغىچە تۇرمايتتى، — مەسۇم ئۇنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بۇ يەردە پەيدا بولغىنىغا ئىچىدە نارازى بولدى، — قېنى ئۆيگە كىرىڭلار.

ئۇلار بىرلىكتە ئۆيگە كىرىشتى. چىراغنى يېقىپ تېلېۋىزور قويۇشتى. مەسۇم چاي دەملەشكە تۇتۇش قىلدى، بىراق، تۇتىگۇل مەن قىلاي دەپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى.

— سىز مېھمان، ئولتۇرۇۋېرىڭ، مەسۇمكامنىڭ قولى ئەپلىك، — دېدى مەرۇپ ئۇنى توسۇپ، — دەملىگەن چېيى ئاغزىڭىزدا قالىدۇ. ناۋات چېيىنى ئىچىسىڭىزغۇ بۇ ئۆيدىن كېتەلمەيلا قالىسىز.

مەرۇپنىڭ ئۇچۇرۇشلىرى ھەر ئىككىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى. چاي ئىچىلىپ بولدى. تۇنمۇ بىر يەرگە باردى. ئەلياتقۇ بولدى. ئۇچىلىسىنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى. ئاخىر، تۇتىگۇل كەتمەكچى بولدى. مەرۇپمۇ ئۇنىڭ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ ئورنىدىن بالدۇرراق قوزغالدى.

— سىلەر ئولتۇرۇڭلار، مەن چىقاي، — مەرۇپ ئورنىدىن قوزغالدى ــ دە، تۇتىگۇلگىمۇ قاراپ كۈلگىنىچە داۋام قىلدى، — مەسۇمكا، خېلى مۇراد ــ مەقسىتىڭگە يەتكەندەك قىلىسەن، تۇتىگۇلمۇ ياش، گۈزەل چوكان ئىكەن، ئۆزۈڭمۇ شۇندىقنى ئىزدەپ يۈرەتتىڭ، ھازىرغىچە توققۇز گۈلۈك ئېچىلىسىمۇ، بىر گۈلۈك ئېچىلماي ئۇن قىلالماستىن جاھاندىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتىڭ، ئەمدى ئېچىلىپتۇ. مانا كۆرۈۋاتىمىز، تۇتىگۇل تىرناقتا توختىغۇدەك چوكان ئىكەن.

— ۋىيەي، نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىسىز، مەرۇپجان، — دېدى تۇتىگۇلمۇ مەرۇپنىڭ ماختاشلىرىغا مەست بولۇپ، — ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس.

— بولدى، بولدى، كەمتەرلىك قىلماڭ، خۇدايىم بەرگەن گۈزەل ھۆسنىڭىز بىلەن ئۆز بەختىڭىزنى تاپسىڭىز بىزمۇ خۇش بولىمىز، ئۆيىمىزدە قورۇلۇپ قالغان قېرى خوتۇنلىرىمىزنى قۇچاقلاپ يۈرگىنى ئوتتۇز يىل بولدى، بىزمۇ زېرىكمىدۇق. سىزنىڭ ھۆسن - جامالىڭىز باشقىچە ئىكەن، كونىلارنىڭ «چىراغ تۈۋىدە قىز كۆرمەڭ، كېچىسى بۆز» دېگەن گېپى بار، لېكىنزە، مەسۇمكامنىڭ چىراغلىرىنىمۇ قوشۇپ نۇرلاندۇرۇۋەتكەندەك قىلىسىز.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدى تۇتىگۈل يالاڭ پەلتوسىنى كىيىۋېتىپ.

مەرۇپ ھىجىيىپ تۇرۇپ بىرنېمىنى ئويلىغاندەك قىلدى ۋە سىرتقا چىقىپ قورۇنىڭ چىرىغىنى يورۇتتى. مەرۇپ ئىككىسى تالا ئىشكىنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ گۇدۇڭلاشقىلى تۇردى.

— مەسۇمكا، بۇ كېچىدە بىرنىڭ خوتۇننى ئەپقېچىپ كەلمىگەنسەن - ھە! ؟ — پىچىرلىدى مەرۇپ ئۆي تەرەپكە قاراپ، — رېستوراندىن ئۇلجا تاپتىڭمۇ - يە؟ مۇنداقلا رېستوران بالاسى تەگكەنلەرغۇ...

— قانداق بىلدىڭ؟ ! — سورىدى مەسۇم ئوخشاشلا پىچىرلاپ.

— ئاشۇ چىراي - ھۆسنى بىلەن رېستوراننى ئاۋات قىلىپ يۈرگەنلەردىنمىكىن دەيمىنا، جالاپ ئەمەستۇر، مەسۇمكا...

— رېستوراندا ئىشلىگەن، — جاۋاب بەردى مەسۇم ئاچچىق بىلەن، — ئۇ جالاپ ئەمەس، ئۇنى ئەمرىمگە ئالىمەن، خوتۇنسىز ھايات جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھەرقايسىڭ خوتۇنۇڭنى قۇچاقلاپ يېتىپ مېنىڭ خوتۇن ئېلىشىم بىلەن كارىڭ بولۇشمىدى، يالغۇزلۇق جېنىمدىن جاق تويدۇردى. نېمە بولسا بولسۇن جالاپ بولسىمۇ ئالىمەن، جالاپنى ئالغىلى بولمامدىكەن؟ مەھەللىدىكىلەر مەسۇم بىز ئۆيىگە ياش بىر چوكاننى ھەتتا بىر جالاپنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

ئەكىرىۋاپتۇ دېسىمۇ دېسۇن. مەھەللە ـ كوي ئالدىدا «ھاڭگا»
دېگەن سەت لەقىمىمنى يوقىتىش ئۈچۈن مەنمۇ جالاپ ئالمىسام
بولمىدى، ماڭا زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق سەت لەقەم قويۇلۇپ
قالدى؟ جالاپ بولسىمۇ بىر خوتۇننىڭ بولمىغىنى ئۈچۈنمۇ؟
خوتۇن ئېلىپ خوتۇن قويغىنىم ئۈچۈن شۇنداقمۇ ـ يە؟ دېگىنە،
گۆش، نېمانداق چىشىڭنى يېرىپ بىرنېمە دېيەلمەي تۇرۇپ كەت-
تىڭ؟ سېنىڭ يېغىرىڭغا تەگمىگەندىمەن، توغرا، سەن مېنى بىر
ئاھانەتتىن قۇتۇلدۇرغان، لېكىن ئۇ تاسادىپىي ئىش. مەستچى-
لىكتە قىلىنغان سەتچىلىك. بىراق، شۇ ئەسكى ئىشىنىڭمۇ بىر
ياخشى خاسىيىتى بولدى. تۇتىگۈل بىلەن تونۇشتۇم، ئۇ مېنىڭ
ساپ مۇھەببىتىمنى، ئۆزۈم قېرى بولسامۇ ئىشقى ـ ھەۋىسىم-
نىڭ ياش يىگىتلەرنىڭكىدەك ئۇرغۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدى.
ئاخىر، مەن رەقىبىمنى يېڭىپ تۇتىگۈلنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشتىم.
ئۇمۇ ئاشۇ گۈزەل جامالى بىلەن ماڭا شەيدا بولدى. بۇ نېمىلىك-
تىن بىلەمسەن؟! بىلمەيسەن، سەن بىلمەيسەن، گۆش، ساڭا
تېرىدەك پۇرلىشىپ كەتكەن چىرايى بىلەن ئۆزۈڭگىلا چىرايلىق
كۆرۈنىدىغان سەت خوتۇنۇڭ بولسىلا بولدى، شۇنىلا بىلىسەن،
بىزدەكلەرنى خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويىدىغان «خوتۇن
بېدىكى»، «خوتۇنپەرەس»، «خوتۇن سارىڭى»، «ھاڭگا» دې-
گەندەك ناملار بىلەن ئاتايسەن. مانا بۇلار مەھەللىنىڭ سېنىڭدەك
بىر پايلاقچىغا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى. سەن قولۇمدا خوتۇن تۇرمى-
غانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئاشۇ يوتقان يىغدى خوتۇنلارنىڭ خۇي ـ
پەيلىدىن كۆرمەيسەن. تۇتىگۈلمۇ شۇنداق ئاياللار ئارىسىدىن
چىققانغۇ دېيىشىڭ مۇمكىن، لېكىن ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆز
لايىقىنى تاپالماي، ئۆز بەختىدىن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش راھىتىدىن
ئۆز ئەركىنلىكىنى ئىزدەپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرى. مەن ئۇنى ئا-
شۇنداق ئاياللارنىڭ ئارىسىدىن تاللىۋالدىم. ياق، تەقدىر مېنى
ئۇچراشتۇردى. رېستورانغا بارىدىغان بەزى ئاياللارنىڭ ئۆز ئائى-

لىسىنى بۇزۇشى، ئېرىنى تاشلاپ كېتىشى بۇزۇقچىلىقتىنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ئۇلار ھاياتتىن ئۆزىنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئىسىۋىسىنى ئالالمىغان ياكى تاپالمىغان. شۇڭا، ئۇلار ئۆزىگە مۇھەببەت لەززىتىنى بەرگەن ياكى شۇنى ۋەدە قىلغان ئەرلەرگە ئىنتىلىدۇ، رېستوران ئۇلارغا سورۇن ھازىرلاپ بەردى. مەن بۈگۈن ئۆز بەختىمنى رېستوراندىن تاپتىم. بىر قېرىنى، مۇھەببەت ئوتىدىن ئەسەرمۇ قالماي تېنى مۇزلاشقا باشلىغان يالغۇز - يېگانە ئىنساننى بىر ياش چوكان ئۆز مۇھەببىتىنىڭ يالقۇنى بىلەن ئىللىتىپ تىرىلدۈردى، مانا ئەمدى يېڭى بىر تۇرمۇشقا ئېرىشتۇرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ مەھەللە ئالدىدا يەرگە قاراپ، تىرناق تاتىلايدىغان ئىش قىلمىدىم، ئەمدى سېنىڭ «مەسۇم ھاڭگا»، «مەسۇم بەز» دېگەندەك لەقەملەرنى ئۆزگەرتىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، - مەرۇپ ئۇكا، يېڭى خوتۇننى يېڭىياچە ئىسىم، يېڭىياچە قىياپەت بىلەن ئۆيۈمگە ئەكىرگىلى قوي. پايلاقچىلىقىڭنى يىغىشتۇرۇپ، خوتۇنۇڭنىڭ قوينىنى تاپ، بەلكىم ھازىر خوتۇنۇڭ يالغۇزلۇقتىن ئۆزىنىمۇ ئىسسىتالماي يېرىم يۇمۇق كۆزلىرىدە ئىشىككە تەلمۈرۈپ ياتىدىغاندۇر.

— مەسۇمكا، مېنى نېمە دېسەڭ دېگىن، ئەمما نىكاھسىز ئايال بىلەن بىرگە ياتساڭ بولمايدۇ، — مەرۇپ مەسۇمنىڭ قولىقى تۈۋىدىلا پىچىرلىدى، — زىنا قىلغان بولىسەن، بۇ مۇسۇلمان باللىسىغا بەكمۇ چوڭ گۇناھ، ئاللا كەچۈرمەيدۇ سېنى. زىناخورلۇق، بەش چوڭ گۇناھنىڭ ئىچىدىكى بىر چوڭ گۇناھ، ئىشىڭ ئىلگىرى باسمايدۇ، ھەتتا پالاكەتكە يولۇقىسەن. شۇڭا، توي قىلمىساڭمۇ نىكاھ قىلىۋال، ئاندىن نېمە قىلساڭ قىلمامسەن، بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىلكىدىكى ئىش. نىكاھسىز ئىش قىلىپ يۈرمە، ئىككى مۇسۇلماندىن تۆرەلگەن ئادەم باللىسى نىكاھسىز ئىش قىلسا ھامان بىر پېشكەللىككە ئۇچرايدۇ.

مەسۇم بۇ گەپتىن ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا توي خېتى ئېلىش، نىكاھ قىلىش دېگەنلەر ناھايىتى ئۇزاق بىر جەرياندەك سېزىلمەكتە ئىدى، تەقەززاسى قىستىغان بۇ ئادەم هازىر هېچنېمىگە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئاخىر ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— هازىرلا بىر موللىنى تېپىپ كەلمەمسەن، مە-رۇپ ئۇكا، — دېدى.

— مۇشۇ كەچتىما؟ — هەيران بولدى مەرۇپ، — موللىلارنىڭ هەممىسى هازىر تەرىتى سۇنۇپ ئىسسىق ئورۇندا ئۇخلاۋاتىدۇ، ئات - تۆگە سويساڭمۇ كەلمەيدۇ.

— يۈز سوملۇقتىن بىرنى قويساڭمۇ كەلمەمدۇ؟ — سورىدى مەسۇم.

— ئىككىنى قويساڭمۇ كەلمەيدۇ، — دېدى مەرۇپ ۋە بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — مۇنداق بولسۇن، مە-سۇمكا، سەن بۈگۈنچە سەۋر قىلىپ يېتىپ تۇر، بىر ئاخشامنىڭ يېنىشى يوق. ئەتە كۈندۈزى مەن كىچىكئاخۇن موللىغا ياكى چوڭئاخۇن داموللىنىڭكىگە بېرىپ ئۇلارغا يالۋۇرۇپ باقاي، ئۇلار قىزىل خەت ئالماي تۇرۇپ نىكاھنى ئوقۇپ قويالارمىكىن...

— نېمە؟! ئەتە!... هازىرلا دېسەڭچۇ، هېلىقى يوغان تىزد-ىدىن ئىككىنى بېرەي.

— ياق بولمايدۇ، ئالدى بىلەن ئۇلارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەيدىغان گەپ، مەسۇمكا، بولمىسا ئۇلارمۇ ئۆز بېشىدىن قورقىدۇ. سىياسىي كېڭەش دېگەنلەر ئۇلارنىڭ قولىقىغا قاتتىق قۇيۇۋەتكەن گەپ. «قىزىل خەت» سىز نىكاھ ئوقۇسا تانابىنى تارتىپ قويىدۇ.

— پوشكالچىلارمۇ ئەتىۋارلىق بولۇپ كەتتى دېگەن-نە، مەرۇپ، — دېدى مەسۇم تىت - تىت بولۇپ، — قانداق قىلغۇلۇق؟ بولدى، مەرۇپ، سەن كېتىۋەرگىن، خوتۇنۇڭمۇ

قاراپ ياتقاندۇر، مۇشۇ بىر ئاخشامغا ھېچ نەرسە بولماس.

— ياق، ياق ھەرگىز بولمايدۇ... زىناخورلۇق...

ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ قورۇغا چىقىپ كەلگەن تۇتىگۇلنىڭ ئۆزى بۆلۈۋەتتى. ئۇ، ئاستا قەدەم بىلەن ئۇلارغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە بىرخىل يېقىملىق تەبەسسۇم ۋە زۆرۈر ئىلتىجا بىلەن مەسۇمگە قارىدى. مەسۇم مەرۇپتىن يىراقلاپ تۇتىگۇلنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ئۇنىڭ پەلتوسىنىڭ ئۇستىدىن مۇ-رىلىرىگە يېپىلىپ چۈشكەن سۇمبۇل چاچلىرىنى تۇزەشتۇرۇپ كۆزلىرىگە مېھربانلىق بىلەن تىكىلدى. مۇھەببەت يېڭىدىن باش-لانغاندا نەقەدەر قايناق، نەقەدەر ئوتلۇق بولىدۇ - ھە! مەسۇم بىلەن تۇتىگۇل گەرچە كېچە قاراڭغۇلۇقىدا بىر - بىرىنىڭ يۈزد-نى روشەن كۆرەلمىسىمۇ، كۆزلىرىدىن چاچرىغان ئىشق نۇرلە-رى ئۇلارنىڭ يۈرەك بېغىشلىرىغىچە بېرىپ يەتتى.

— مەن كېتەي، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى تۇتى-گۇل، — سىلەر ئۆيگە كىرىپ پاراڭلىشىڭلار.

— بۇ... مۇشۇ كەچتىما...، — نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلىدى مەسۇم، — بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئايال كىشى كېچىدە يۈرمەيدىغان.

مەسۇمنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆيۈنگەنلىك، سە-مىمىي بىر پاك ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇراتتى. مەرۇپچۇ؟ ئۇ، بۇ ئايالنىڭ مەھەللىنى بۇلغىماي تېزرەك كېتىشىنى خالايتتى، ھەت-تا كەسكىن تەدبىر بىلەن ئۇنى كەتكۈزۈۋەتكۇسى كېلەتتى. شۇڭا ئۇ تېزلا ئېغىز ئاچتى:

— تاكسى بارغۇ، تاكسى بىخەتەر، ئىشىك ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدۇ.

مەسۇم ئىتتىك بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا ھومايدى، ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئەلپازىنى كەچتە مەرۇپ ئانچە پەرق ئېتىپ كەتمىدى. نومۇس كۈچى ئەسىر قىلغان تۇتىگۇل بۇ يەردىن بۇگۈن ئاخشام قەتئىي

كېتىش قارارىغا كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئائىللىق نومۇسى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. مەسۇم توسۇپ باقتى. تۇتىگۇل ئۇنى ئىنتايىن مۇلايىم، ئىنتايىن سىپايىلىك بىلەن ياندۇردى. ھېچ ئامال بولمىدى. ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تاكسى توسۇشقا توغرا كەلدى. تاكسىمۇ كەلدى، مەسۇم تۇتىگۇلنى ھېچقانداق ھۆل قىلماي، قۇرۇقلا يولغا سېلىپ قويۇۋاتقىنىدىن ئىبغىر خۇرسىد- نىپ يانچۇقىدىن ئەللىك سوملۇق پۇلدىن بىرنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. يېنىدا مەرۇپ بولغاچقىمىكىن، تۇتىگۇل پۇل- نى زادىلا ئالغىلى ئۇنىمىدى، مەسۇم پۇلنى زورمۇزور تۇتىگۇل- نىڭ يانچۇقىغا تىقتى ۋە مەرۇپنىڭ كۆزىچىلا ئۇنىڭ خۇشبۇي ئائىللىق پۇراپ تۇرغان مەڭزىدىن بېسىپ سۆيۈپ قويدى.

— خەيرخوش، ئەتە ئەتىگەندە يېنىمىزغا بارىمەن، جېنىم، — دېدى مەسۇم ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى يېپىۋېتىپ، — مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ، سىزگە ئالتۇن جابدۇق ئالغىلى چىقىمىز...

تۇتىگۇل ئىنتايىن بەختىيار كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىد- تىپ قويدى. تاكسى ئورنىدىن قوزغالدى. مەسۇمگە يۈرىكى خۇددى شۇ تاكسى بىلەن تەڭلا يۇلۇنۇپ ئۆزىدىن يىراقلاپ كەتكەند- دەك سېزىلدى. ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى قىزىل چىراغنىڭ يو- رۇقىدا تۇتىگۇلنىڭ غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا كۆرۈنگەن گۈڭگا سىيما- سى خېلىغىچە مەسۇمنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى.

— راستتىنلا ئاشىق ئىكەنسەن، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — ئالدىرىما، ئەتىلا ئەكېلىۋا- لىسەن، نېمانچە بېرىلىپ كەتتىڭ، خۇددى ئۆمرۈڭ بويى خوتۇن يۈزى كۆرمىگەندەكلا قىلىسەنغۇ.

— بۇگۇن ماڭا كۆشەندىلىك قىلدىڭ - دە، پايلاقچى، — دېدى مەسۇم زەردە بىلەن مەرۇپكە تىكىلىپ، — نىكاھ دېگەننى كېيىنچە ئوقۇتۇۋەتسەكمۇ بولاتتىغۇ، نىكاھ، نىكاھ، دەپ كۆ-

زۇمگە كىرىۋالدىك، تۇتىگۇلمۇ ئاڭلاپ قالغان ئوخشايدۇ، شۇنچە تۇتسامىمۇ ئۇنىماي كېتىپ قالدى. نىكاھ ئوقۇمىغانغا نېمە بولاتتى؟ ياكى بىرى جەرىمانە ئالاتتىمۇ؟

— ھەرگىز ئۇنداق دېمە، يامان بولىدۇ، — دېدى مەرۇپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، — زىنا قىلغان بولىسەن، مەنمۇ كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغانغا سالارمەن، مەھەللىدىكىلەر ياش بىر چوكاننى ئۆيۈڭگە ئەكىرىپ بىر ئاخشام ياتقىنىڭنى بىلىپلا قالسا، مەسئۇل ساقچى ئوسمانجانغا دەپلا سېنى ساقچىخانىغا ئاپىرىشتىن يانمايدۇ، ئەڭ ئېغىر دېگەندە ئۈچ مىڭ سوم جەرىمانە قويىدۇ. پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسەن!

— ئالىدىغان ئايالىم تۇرسا، مېنىڭ نېمە قىلىشىم بىلەن كارى نېمە ئۇلارنىڭ، — ۋارقىرىدى مەسۇم ئاچچىقلاپ، — ئالىدىغان خوتۇن بىلەن بىر ئاخشام ياتقانغىمۇ جەرىمانە دېسە، سەن قاراپ تۇرارسەنمۇ؟

— مەنمۇ ئالىدىغان ئايالىڭ ئىكەنلىكىگە ئىسپات بېرىمەن، ئەمما يالغۇز مېنىڭلا گېپىم ئۆتمەيدۇ - دە، مەسۇمكا!

— سەنمۇ مەھەللىنىڭ كۆزەتچىسىغۇ، ساقچىنىڭ ئالدىدا گېپىڭ ئۆتمەمدۇ؟ بولدى، بولدى، مېنى ياش خوتۇننىڭ قوينىغا كىرىپ كېتەرمۇ دەپ ئىچ تارلىق قىلدىڭ، خوتۇن ئالماي بويتاق يۈرگىنىمدە ماڭا بىرى مۇنۇ خوتۇننى ئالامسەن دېگىنى يوق، ئەمدى ئۆزۈم بىرنى تېپىپ، ئۆيۈمگە ئەكەلسەم ئىگە چىقىۋاتىدۇ، قىزىق، خوتۇن ئالساملا سېنىڭ ماڭا تەستىق سېلىپ، «ياخشى بولىدۇ» ياكى «يامان بولىدۇ» دەپ ئايرىپ بېرىشىڭ لازىم ئىكەن - دە. شۇ گېپىڭ بىلەن كېتىپ قالدى، قونسىمۇ بولۇۋېرەتتى، ئۇ ئىچكىرىكى ئۆيدە، مەن دالاندا يېتىۋېرەتتىم، سېنىڭ دېگىنىڭدەك، ئۇنىڭغا نىكاھسىز چېقىلمايتتىم، بىكارلا كەتكۈزۈۋەتتىڭ، ئۇ ئۆيۈمدە تۇرسا كۆڭلۈم توق، ئۆزۈم خۇشال، بەختىيارمان ئۇخلار ئىدىم. ئەتىسى كەيپىم چاغ تۇرغان بولاتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ سەمىمىي ـ سادىقلىقىمنى، مۇسۇلمانچىلىق-نىڭ قائىدە ـ يوسۇنىنى قىلماي تۇرۇپ ناشايان ئىشلارنى قىلىش-تىن ساقلىنىدىغان قەتئىي ئىرادەمنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان بىر پەيتنى كەتكۈزۈۋەتتىڭ، گۆش، يەنە شۇ گۆشلۇ-كۇڭنى قىلدىڭ!

— مەسۇمكا، بولدى ئۆزۈڭنى ئاقلىما، ياش بىر چوكاننى ساراي ئۆيۈڭگە ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزۈڭ دالاندا ياتىدىغان مەسۇم بەز سەن ئەمەس ـ دە، — مەرۇپ قەتئىي ئاۋازدا سۆزلەپ مەسۇمە-گە يېقىنلاپ كەلدى ـ دە، داۋام قىلدى، — بۇ خۇددى مۇشۇكنىڭ ئالدىغا بىر پارچە بەزنى قويۇپ، يېمەيدۇ دېگەندەكلا بىر گەپ.

— توغرا، مۇشۇكنىڭ ئالدىغا بەز قويساڭ تۇراتتىمۇ؟ — ماقۇللىدى مەسۇم ئۆيىگە ماڭغاچ، — يەنە كېلىپ مايلىق بەز.

— يەنە تېخى قېرى بەز، ئۇياتچان، چىرايلىق ياش چوكان ئالماقچى بولغان مەسۇم بەز، — مەرۇپ شۇ گەپ بىلەن ئۆيىگە ماڭدى، — ئاللاغا ئامانەت، مەسۇمكا، بۈگۈن بىر كېچە ساڭا ئۇيقۇ يوق بولىدىغان بولدى.

مەرۇپ شۇ گېپى بىلەن تەڭ پىخىلداپ كۈلدى. مەسۇم تېرىكتى. چۈنكى مەرۇپ تۇتىنگۈلنى مەھەللىدىن ئەتەي ھەيدىتىۋې-تىپ مەسۇمگە تاكتاكچىلىق قىلغانىدى. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ بۇ ئىشىمۇ توغرا. مەھەللىنىڭ ئابرۇيى مۇھىم، ئەگەر بۇ گەپ باشقا مەھەللىدىكىلەرگە يېتىپ كەتسە، مەسۇمنى ئەمەس بەلكى پۈ-تۈن مەھەللىنى «ھاڭگىلار مەھەللىسى» دېيىشتىن يانمايدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئاغزىنى پۇل بېرىپمۇ ياپقىلى بولمايدۇ، مەسۇمە-نىڭ «ھاڭگا» لىقى ئۆزى بىلەنلا كەتمەيدۇ، پۈتۈن مەھەللىنىڭ نامى بۇلغىنىدۇ. ئۇ چاغدا مەسۇمنىڭ تۇتىنگۈلگە بولغان مۇھەببە-تى ساپ ۋە شەھۋانىي ئىستەكلەردىن خالىي بولسىمۇ، مەھەللى-دىكى كىشىلىك تۇرمۇش ئېكرانىغا قارا سايە تاشلاپ قويىدۇ...

مەرۇپ ئاشۇ ئويلاردا مەسۇمنى تۈن قاراڭغۇلۇقى باسقان

كوچا دوقمۇشىدىكى ئۆيىگە كىر گۈزۈۋەتتى ـ دە، ئاندىن كېلىپ ئۆز قورۇسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

سەھەر توخۇسى چىللاش بىلەن تەڭ ھەممە جانلىق ئويغاندى. مەسچىتلەردىنمۇ ئەزاننىڭ مۇڭلۇق ۋە جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇگۈن مۇشۇ ئاۋازلار بىلەن تەڭلا ئويغىنىپ كەتكەن مەسۇمنىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئورنىدىن دەس تۇرۇپ يۇيۇنۇپ تاراندى، يۈز ـ بويۇنلىرىغا گۇپۇلدىتىپ ئەتىر چاچتى. تېرموستىن ئازراقلا ناشتىلىق نانغا تۇشلۇق قايناق سۇنى قۇيدى ـ دە، يېرىمىنىمۇ ئوتلىماي چىقىپ كەتتى. ئىشىك ئالدىدا مەرۇپ ئۇچرىدى.

— مۇبارەك بولسۇن سەھەردە مەسچىتكە ماڭغان ئوخشىماسەن، مەسۇمكا، بەختىڭنى بەرگەن ئاللانى مەسچىتتە بىر ياد ئېتەي دەپسەن ـ دە، — مەرۇپنىڭ بۇ سۆزلىرى مەسۇمنىڭ چىشىغا مۇشت ئۇرغاندەك تەگدى.

— ۋاي، ياقەي، — دېدى مەسۇم قاق سەھەردە ئىشىك ئالدىدا ئۇچرىغان مەرۇپكە ھومىيىپ قاراپ، — تۇتىگۇل بىلەن ۋەدىلەشكەن ئىشىمغا كېتىۋاتىمەن، ئۆزۈڭچۇ، مېنىڭ ئىشىكىمدە ئۆلگەن ئاتىنىڭ تاقىسىنى ئىزدەپ يۈرەمسەن؟

— چاقچىقىڭ جايىدا، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ زورمۇزور ھىجىيىپ، — قارىماسەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بېلىم ئاغرىپ ياخشى بولمايۋاتىدۇ، بەزىدە ئىككى بىقىنىم قىسىپ كېتىدۇ، دوختۇرغا بارسام ئارقىچىلاپ يۇگۇر دەپ بۇيرۇدى، يۇگۇرۇپ كەلدىم.

— ھە مۇنداق دېگىن! — دېدى مەسۇم مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ، — سەن يەنە بىر كېسەللىكنى دېمەيۋاتىسەن، ئىككى بىقىنىڭ قىسقان بولسا بۆرىكىڭ ئاجىزلاپتۇ. بەلكىم تۇخۇمدىنىڭغىمۇ زەخمەت يېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۆرەكنى، بولۇپمۇ ئەرلىك بۆرەكنى كۈچەيتىدىغان دورىلارنى ماڭا ئوخشاش كۆپلەپ ئىچىپ بەرگىن، ئوڭشىلىپ كېتىسەن.

www.uyghurkitap.com

مەسۇم شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا يېنىغا كېلىپ قالغان تاكسىغا چۇشۇپ يۇرۇپ كەتتى. مەرۇپمۇ كەينىچە يۇگۇرۇپ ئۆز قورۇسى تەرەپكە يول ئالدى.

تەقەززالىق بىلەن تەشنالىق بىرلەشكەندە كىشىنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. شەھەر كوچىلىرىدا ئەتىگەنلىك كوچا سۇپۇرىدىغانلاردىن باشقا تېخى ھېچكىمنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. قاتناش بېكەتلىرىدە ئەتىگەنلىك چاي ساتىدىغانلارمۇ ئەمدىلا ئۆز تەنزىلىرىنى تۇزمەكتە ئىدى. مەسۇم ئۇلارغا قاراپ بۇگۇن ئۆزىنىڭ زادى نېمە بولغانلىقىنى، نېمە ئۇچۇن باشقا كۇندىكىدەك بىر ھازاغىچە ئۇخلىماي تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. بۇگۇن ئۇنىڭ ھاياتىدا زور ئۆزگىرىش بولغان تۇنجى سەھەر. ھازىر ئۆزى ۋەدە بەرگەن، ئۆزى ئاشىق - بىقارار بولغان جانانىنىڭ قېشىغا كېتىۋاتىدۇ. بەلكى ئۇ جانان شۇ تاپتا ئاپئاق كىرلىك تارتقان يوتقانىنىڭ ئىچىدە گۇلزارلىق ئىچىدە ئېچىلغان ئاق لەيلىدەك سوزۇلۇپ ياتقاندۇر. يۇمران ۋە ئاپئاق بەدىنى كۆرۈنۇپ تۇرىدىغان ئاق شايىدا تىكىلگەن رۇباشكىسى بىلەنلا ياتقان بولسا، بەلكىم تېخى ئويغانمىغان بولسا، مەسۇم ئۇنى شۇ ھالىتىدىلا بىر كۆرسە قانچىلىك راھەتلەنگەن بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئايال جىنسىغا بولغان تەلپۇنۇشىنى، شەھۋانىيلىقىنى قاندۇرۇش ئۇچۇن كېتىۋاتقانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغىنى يوق ... ئۇ خىيال قىلغانسېرى تاكسى شۇنچە ئاستا كېتىۋاتقاندەك، تۇتىگۇلنىڭ كوچىسى تېخىمۇ يىراقلىشىۋاتقاندەك بىلىندى. تاكسىچى مەسۇمنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تۇتىگۇل ئىجارە ئولتۇرۇۋاتقان قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. مەسۇم تاكسىنى يولغا سېلىۋېتىپ، دەرۋازا ھالقىسىنى شىرىقلاتتى. بىردەمدىن كېيىنلا «كىم؟!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ قورۇ ئىگىسى دەرۋازا تۇۋىدە پەيدا بولدى.

— مەن، تاغا، ئىشىكنى ئاچسىلا، — دېدى مەسۇم مۇلايىم

ئاۋازدا، — قوشنىڭىزدا مۇھىم ئىشىم بار ئىدى.

زەنجىر شاراقلىدى. دەرۋازا ئېچىلىپ، بوۋاينىڭ ئاپئاق ساقاللىق يۈزى كۆرۈندى. ئۇ چېچىنى پاكىز قىرىپ بېشىغا ئاق شاپاق بۆك كىيگەنىدى، چىرايىدىن بىر خىل نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— قاق سەھەردە نامازنى بۇزۇپ خەقنىڭ ئىشىكىدە نېمە قىلىسەن؟ ئۇكا، — دېدى بوۋاي مەسۇمگە ئىشىكنى يوغان ئېچى بېرىۋېتىپ، — ئۇ چوكاندا شۇنچىلىك زۆرۈر ئىشىڭ بارمىدى؟ خەقنىڭ ئايىغى يەرگە تەگكەندە كەلسەڭمۇ ئۇ چوكان قېچىپ كەتمەس ئىدى. ھەر ئىش بولسا، يولىدا بولسۇن - دە...

بوۋاي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى. مەسۇم مىڭ بىر خىجىللىقتا ئىشىكنى زەنجىرلەپ تۇتىگۈل ئولتۇرغان ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قارىدى. تۇتىگۈل ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ دېرىزە پەردى- سىنى قايرىپ قاراۋاتاتتى. مەسۇمنىڭ ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭغى- نىنى كۆرۈپ دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈردى - دە، كۆزدىن غايىب بولدى. مەسۇم ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە «شىرىق» قىلىپ ئىشىك ئىلغۇچىنىڭ كۆتۈرۈلگىنىنى، ساپما كەشنىڭ يېنىك شىپىرلى- غان ئاۋازى ئاڭلىدى. دېمەك، تۇتىگۈل ھەممىنى بىلىپ، سې- زىپ تۇرۇپتۇ. مەسۇمنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ھەممە تەييارلىق- نى قىلىپ قويغىنى ئېنىق. مەسۇم ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ، تۇتىگۈلنى بايا خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش ھا- لەتتە كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئويلىغىنى راست بولۇپ چىققان- دى. تۇتىگۈلنىڭ مۇشۇ تۇرقى خۇددى كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆيىدە تامغا ئېسىلغان رەسىمدىكى قولۋاقتا ئۈزۈپ يۈرگەن سۇ پەرىلىرى- نىڭ ئۆزىگىلا ئوخشايتتى. مەسۇم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. تۇتى- گۈلنى رۇۋاشكىسى بىلەنلا قۇچاقلاپ سۆيدى. سۆيگەنگە قانىدىغان- دەك ئەمەس ئىدى. مەسۇم ئۇنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا باستى. لېكىن تۇتىگۈل يەنىلا غالىب كەلدى.

— قوشنا ـ قولۇملار ئالدىدا سەت بولىدۇ، — دېدى ئۇ تىترىگەن ئاۋازادا، — بۇ ھويلىدا قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرەمەن؟ ھەر ئىككىلىمىز يۈيۈقسىز بولىمىز، تېخى ناشتىمۇ قىلمىدىم، بۇ ئۆيدە داس تاراڭشىپ قالسا قوشنىلار ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ.

— نېمە كارىم، — دېدى مەسۇم ئېغىر ـ ئېغىر تىنغىنىچە تۇتىگۈلنى يەۋەتكۈدەك سۆيۈپ، — مەن سۆيسەم ئۆز خوتۇنۇمنى، ئۆز مەھبۇبەمنى سۆيدۇم، باستىم، خەقنىڭ خوتۇنىنى باسقىنىم يوق، قېنى كىمنىڭ چىشى پاتىدىكىن؟

— ھە راست، ئاخشام ھېلىقى ساراڭ مېنى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ، — دېدى تۇتىگۈل بىر خىل ئۆچمەنلىك بىلەن، — قوشنىلار ئارىلىشىپ مىڭ تەستە قوغلاپ چىقاردۇق. ئۆي ئىگىسى ئەھلى ئادەم بولغاچقا، بۇنى توغرا چۈشەندى. بىراق مېنى «باش ئاغرىقىڭىز كۆپ ئىكەن، ئۆيىنى بىكارلاپ بەرسىڭىز بولامدىكىن» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ، خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن قاق سەھەردە سىز كېلىپ دەرۋازا قاقتىڭىز، بوۋايغا تازا تىك كەلدى ـ دە...

— چىشىغا مۇشت ئۇرغاندەك بولدى دەڭا...، — گەپنى خۇلاسىلىدى مەسۇم، — بولدى ئەمدى، بۈگۈن ئالدى بىلەن سىزگە ئالتۇن جابدۇق ئالايلى، ئاندىن ئۆي كۆچۈرۈش ماشىنىسىدىن بىرنى باشلاپ كېلىپ ئۆيىۋاقىڭىزنى بېسىپ كېتەيلى. سىزمۇ ئايرىم ئولتۇرۇۋەرمەڭ، تۇل ئايالنىڭ ئوڭايلا گېپى چىقىدۇ.

— سىز بىلەن تېخى توي خېتى ئالمىساق، — دېدى تۇتىگۈل ناز بىلەن، — قانداق بىللە تۇرىمىز، ھېچبولمىغاندا نىكاھ ئوقۇتۇۋالساق بولاتتى.

— بۈگۈن كەچ شۇ ئىشنى قىلىمىز، — دېدى مەسۇم كەسكىن ھالدا، — مەنمۇ سىزدىن ئايرىلىپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىمايدىكەنمەن...

ئۇلار ئىككىسى پاراڭلاشقاچ ئۆيىنى يىغىشتۇرۇشتى. چاي دەملەپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ ئىچىشتى. ئۆي ئىشىكى ئېچىۋېتىلگەچكە، قازان مەشتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنىدىن ئىللىغان ئۆي ئىچى ئەتىياز سەھىرىنىڭ سالقىن ھاۋاسىغا تولغانىدى. مەسۇم قىبلە تامغا ئېسىلغان گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسىقلىق تۇرغان ھېلىقى نەپىس دۇتارنى يەنە زوق بىلەن قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتنىڭ شېرىن سېزىملىرى كېزەتتى. مەسۇم دۇتار كۆرسە تۇرالمايلا قالاتتى. ئۇ ئۆز زامانىسىدا «مەسۇم دۇتارچى» دەپ نام ئالغانىدى. دەريا بويىدىكى باراۋەت، «لېسكىن بېغى» دىكى سەيلە - ساياھەت، «مۇتەللىپ باغچىسى» دىكى يىغىلىش - مەشرەپلەردە ئۇنىڭ قولىدىن دۇتار چۈشمەيتتى. مايسارەڭ گىمناستۇركىسىنىڭ ئوڭ يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرۈپ قويۇپ مەستخۇشلۇق بىلەن دۇتار چالاتتى. ئۇ ھازىرمۇ شۇ ئادىتى بويىچە ئۆز جانانىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ «مۇڭ قىلىش» قا باشلىدى:

تەلپۈندۈرگىن ئىزگۇ تىلەككە،
ئېھ، يار مەندىن كېچىپ كەتمەي ۋاز.
بولۇپ قالاي ھاياتىڭ ئۈچۈن،
تاڭ سەھەردە چىللىغان خوراز...

ناخشا ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ۋە مۇڭلۇق كۈيى بىلەن تۇتىگۇلنى مەھلىيا قىلدى. مەسۇمنىڭ بىغۇبار قەلبىدىن چىققان بۇ ناخشا ئۆي ئىچىدە ياڭرىدى، تۇتىگۇل جىممىدە ئولتۇرۇپ زېھنى بىلەن تىڭشىدى. ئۇنىڭ مۆلدۈردەك قارا كۆزلىرى مۇڭلاندى، ئىشقى ئوتىدا ئۇچقۇنلىغاندەك كۆرۈنگەن كۆز قارىچۇقىسىدا مەسۇمنىڭ ئىللىق سىيماسى كۆرۈنگەندەك قىلدى. تۇتىگۇل شۇ تاپتا ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك يالقۇنى ئۇنى كۆي-

دورۇپ كۆل قىلىش تەرىپىگە ئۆتكەنىدى. شۇنداق، ئايال زاتىنىڭ نازۇك ھېسسىي قوزغىلىشى ئەرلەرنىڭكىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق بولىدۇ دېسە ئارتۇق كەتمەس! ...

ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بارغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن يەكشەنبە، شەھەرنىڭ بازار كۈنى. توي سودىلىقىنى قىلىپ بولۇپ، مەسۇمنىڭ ئۆيىگە چىقىش، كەچتە نىكاھ ئوقۇتۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش كېرەك. نىكاھ ئوقۇتۇلمىسا، مەرۇپ گۆشنىڭ بېزىرىپ تۇرۇۋېلىپ ئىككىسىگە كۈن بەرمەيدىغانلىقى ئېنىق. ئۇلار ئىشىكنى ئېتىپ تالاغا چىقىشتى ۋە يانمۇيان ماڭغىنىچە قورۇنى كېسىپ ئۆتۈپ كوچىغا قاراپ ماڭدى. قوشنىلار دېرىزە پەردىسىنىڭ كەينىدىن مارىشاتتى، ئۆزئارا كۈسۈرلىشىپ كۈلۈشەتتى، ئۇلارنى كۆرسىتىپ بىر ـ بىرى بىلەن ئىما ـ ئىشارەت قىلىشاتتى.

«ئالتۇن دەۋر» زىبۇزىننەت ماگىزىنى ئۆزىنىڭ چاقناپ تۇرغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى بىلەن خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى. ئاياللار دۇنياسىغا خاس بۇ زىبۇزىننەتلەر، ئۇلارنىڭ قەددىنى ئەرلەردىن نەچچە باراۋەر كۆتۈرۈش ئۈچۈنلا ياسالغاندەك قىلاتتى. ئۇلار پارلاپ تۇرغان چىراغ شولىسىدا رەڭمۇرەڭ نۇرلارنى چاقنىتىپ مەسۇم بىلەن تۇتىگۈلنىڭ كۆزلىرىنى تولاشتۇرۇۋەتتى. مەسۇم مەغرۇر قىياپەتتە ئەينەكلىك پوكەينىڭ قېشىغا كەلدى. پوكەي ئىچىدە ھەرخىل ئالتۇن ـ كۈمۈش زەنجىرلەر، ئېسىل تاشلاردىن كۆز قويۇلغان ئۈزۈكلەر ۋە بىلەزۈكلەر ئۇنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. تۇتىگۈل خۇشاللىقىدىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئۇنچىقماي قاراپ تۇراتتى. مەسۇم ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ كۈلۈپ قويدى.

— قېنى ئۆزىڭىز خالىغاندىن ئۈچ خىلىنىلا تاللاڭ، — دېدى مەسۇم تۇتىگۈلگە يېقىن چاپلىشىپ تۇرۇپ.

تۇتىگۈل ئۇنىڭغا ئىللىق تەبەسسۇمدە جىلمىيىپ قويۇپ،

مال ساتقۇچىغا بۇرۇلدى. ئالدى بىلەن ئالتۇن زەنجىرنى، ئاندىن ئۈيۈل ئالتۇن ئۈزۈك بىلەن ئالتۇن ھالقىنى كۆردى. ئىككىسى بۇ زىبۇزىننەتلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ نەپىس ئىشلەنگەنلىكىنى ماختىشىپ تۇرۇشىغا مەسۇمنىڭ دولىسىغا بىرى «پاققىدە» ئۇردى. مەسۇم بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى. تۇتىگۇلمۇ كەينىدە بىر سەت چوقۇر ئادەمنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ تېزلا ئالدىغا قارىۋالدى. ئۇ چوقۇر ئادەم مەسۇمنى بىر چەتكە تارتىپ ئىككىسى قىزغىن پاراڭغا چۈشۈشتى.

— ئەجەب چىرايلىق، ياش چوكان تېپىۋاپسىنا، سەت قېرى بەز، — دېدى چوقۇر ئادەم ئۇنىڭ قۇلىقىغىلا پىچىرلاپ، — قەيەردىن تاپتىڭ؟ سەن بېزەڭ بەز، ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىپ ماقۇل كەلتۇرگەنسەن ھەرقاچان... قارا، ئاداش، مەنمۇ بىر ياش چىرايلىق چوكاننى تېپىۋالدىم، ئەنە ئاۋۇ تۇرغان شۇ.

مەسۇم بۇرۇلۇپ پوكەي تەرەپكە قارىدى. ئەينەكلىك پوكەي يېنىدا ئالتۇن بىلەزۈكنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈۋاتقان ئايالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— بەئەينى سۈرەتقۇ، — دېدى ئۇ بىرخىل ئۆكۈنۈش بىلەن، — قەيەردىن تاپتىڭ؟ بولىدىكەن. ئالتۇن بىلەن كۆزىنى ئېتىپسەندە، بولمىسا سەندەك سەت چوقۇرغا ئۇنايتتىمۇ؟!

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، مەسۇم، — دېدى چوقۇر ئادەم ھىجىيىپ قويۇپ، — كۆڭۈل مەسىلىسى جۇمۇ، كۆڭۈل.

— ئۆز ئايالىڭچۇ؟ — كوچىلاپ سورىدى مەسۇم، — قويۇۋېتىپسەن - دە، ساۋۇتۇم؟

— ياق، ئۇمۇ بار، ئەمما قېرىپ سەتلىشىپ كەتتى، — ساۋۇت چوقۇر يۈزىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس خىجىللىقنى يوشۇرماقچى بولغاندەك يەنە ھىجىيىپ قويدى، — بۇ ياش خوتۇننى توقاللىققا ئالدىم، ئاداش.

— قوش نىكاھلىقمەن دېگىنە ساۋۇت، — دېدى مەسۇم مە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈسلىنىپ، — بولمايدۇ. ئىككى كېمىنىڭ بېشىنى دەسسىگەن ئادەم سۇغا غەرق بولىدۇ. دەرياغا چۈشۈپ ھالاك بولىسەن!
— مانا ساپساقلا يۈرمەمدىمەن، — دېدى ساۋۇت بوي بەر-مەي، — سىزگە تېگىمەن دەپ چاپلىشىپلىۋالدى، قانداق قىلىمەن؟ ئامال بولمىدى، نەچچە بالا بىلەن خوتۇننى قويۇۋېتىشنىڭ ئورنى يوق، ئۇنىمۇ باقاي، بۇنىمۇ باقاي دېدىمغۇ. بۇمۇ سەن بىلەن ماڭا كەلگەن ئامەت دېگىنە. يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان ئايالللار ئارىسىدا بىرنەچچە خىل ئەرنىڭ بازىرى چىققان. بىلەمسەن؟ بۇنىمۇ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. دەسلەپكىسى، قىزلار كادىرلارغا تېگىش دەۋرى، بۇ دەۋردە قىزلار قېرى بولسىمۇ كادىر بولسىلا تېگىۋالاتتى. قېرى كادىرلارمۇ ئۆزلىرىنى پەرۋانىدەك ئۈرۈۋپ تۇرغان قىزلارنى كۆرۈپ ئۆيىنى بۇزۇپ بولسىمۇ شۇلارغا ئۆيلىنەتتى. كېيىن بۇمۇ سۇسلىشىپ يوقىلىپ كەتتى. ئارقىدىنلا قىزلارنىڭ ھەربىيلەرگە تېگىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئۇ چاغدا ھەربىيلەرنىڭ پۇلى جىق، تەمىناتى ياخشى ئىدى. بۇمۇ ئاخىر سۇغا چىلاشتى. كەينىدىنلا قىزلار شوپۇرلارغا تېگىدىغان بولۇۋالدى. شوپۇرلار سەپەر ئۈستىدە يۈتقان - كۆرپىسىنى ماشىنىدا سۆرەپلا يۈرگەچكە، خوتۇن دېگەن يولدا، بالا دېگەن بەلدە دەپ قويۇپ، ئۆچرىغان شەھەردە بىرنى ئېلىپ تاشلاپ قويۇپ يۈرۈۋەردى، كېيىن ئۇلارنىڭ كاززاپلىقى بىلىنىپ قېلىپ بۇ ئىشمۇ توزغاقتەك توزۇپ كەتتى. تۇرۇپلا يەنە خىزمەتچىگىمۇ ئامەت كەلدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەرھالدا دېھقان بىچارىلەردىن ياخشى ئىدى، نومۇرغا ئىشلەيدىغان دېھقانلار ئۇزۇن تىنىمىز چاغلىق نەرسىگە كۆچى يەتمىگەندە، خىزمەتچى قولىدا پۇلنى شاراقشىتىپ خەجلەيتتى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، پۇل دېگەن نېمىنى قىزىقتۇرمايدۇ. خوتۇن كىشىنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالىدىغان پۇل بۇ يەردىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى. مانا ئەمدى ئويلاپ باق، ئېرىدىن ئاجراشقان ياش چوكانلار ياكى ئېرى تاشلاپ كەتكەن تول

جوۋانلار ھەتتا ئېپپېتىنى ساقلىماي ئاقىۋەت تاشلىۋېتىلگەن ئا-
تاقا قىز، ئەمەلىيەتتە چوكانلار پېنسىيىگە چىققان قېرىلارغا
تەگكىلى تۇردى. ئۇلار نىكاھ ئوقۇتۇپلا ئۆي تۇتۇۋاتىدۇ ياكى
بولمىسا ئاشنا ئويناۋاتىدۇ، چۈنكى پېنسىيىگە چىققان قېرىلار-
نىڭ ئايالىرى يازدا ئاپتاپقا تاشلىۋەتكەن ئەسكى تېرىدەك قورۇ-
لۇپ سەتلىشىپ كەتكەن. بۇ قېرى جادۇلار ئۆمۈر بويى خوتۇن-
دىن يوشۇرۇپ يىغقان پۇللىرىنى ئەنە شۇنداق چوكانلارغا ئايىماي
خەجلەيدۇ. قىرىق يىللىق، ئەللىك يىللىق «كۈمۈش توي»،
«ئالتۇن توي» قىلغان خوتۇنلىرىغا ئېلىپ بەرمىگەن ئېسىل
زىبۇزىننەتلەرنى ئاشۇلارغا ئېلىپ بېرىپ پۈتۈن بويىنى ئالتۇنغا
كۆمىدۇ. دېگىنىنى قىلىپ بېرىدۇ. سىلىق - يۇمشاق مۇئا-
مىلە قىلىدۇ. پۇت - قولىنىڭ مادارى يوقلىرى ساڭا ئوخشاش،
قۇۋۋەت دورىلىرى بىلەن بىر ئامال قىلىپ نەپسىنى قاندۇرىدۇ.
تەلىيىمىزگە زامان تەرەققىي قىلىپ شەھۋانىيلىقنىڭ دورىلىرىنى
چىقىرىپ بەرگىنىنى قارىمامسەن. دېمىسىمۇ بىزگە كەلگەن بىر
ئامەت - دە بۇ. قانداق دېدىم؟ تولا سۆزلەپ ۋاقتىڭنى ئېلىپ
قويدۇم، ئاداش، رەپىقەڭ تولا قاراپ كۆزى تېشىلىپ كېتەيلا
دېدى. مېنىڭ جانانىممۇ كۈتۈپ زېرىكتى بولغاي ماڭا ئالىيىپ
كېتىپ بارىدۇ. ئەمىسە كەتتىم، خەيرخوش، مېنىڭكىگە ياش
خوتۇنۇڭنى ئېلىپ بارغىن. «تارانچى» مەھەللىسىگە چىقىپ زى-
بىرنىسا خانىمنىڭ ئۆيى قايسى دېسەڭ ھەممىسى كۆرسىتىپ
قويىدۇ. مەن يېڭىياچە بولغاچقا بىلمەيدۇ.

— توختا، ۋالاقتەگكۇر، — دېدى مەسۇم كۈلۈپ، — يەنە
شۇ شائىرلىقىڭنى قىلىۋاتامسەن؟ ھېلىقى نېمىتا؟ پېنسىيىگە
چىققانلار ھەققىدە يېزىۋاتقان رومانىڭچۇ؟ ھە، «قېرى بويتاق»
دېگەن ئەسىرىڭچۇ؟

— يېزىۋاتىمەن، يېزىۋاتىمەن، — دېدى ساۋۇت بېشىنى
ئېرغىتىپ، — ئەمدى ئۇنىڭغا سېنىمۇ كىرگۈزىدىغان بولدۇم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېرى بەز. بەزلىكىڭنى راسا بىر كەلتۈرمىسەم بولمايدۇ. قېرى بەز ئادەمنىڭ چىرايلىق بىر چوكاننى قانداق قىلىپ ئالغانلىقىغا ھەرقانداق ئادەم قىزىقىدۇ ـ دە.

— بوپتۇ، بوپتۇ، ياز، ئەمما لەقىمىمنى يازما.

— ھا... ھا!

ھەرئىككىسى تەڭلا كۈلۈشتى. مەسۇم ئەمدىلا كېتەي دەپ تۇرغان ساۋۇتنىڭ يېڭىدىن تارتىپ قولىغا پىچىرلاپ قويدى. ساۋۇتمۇ بېشى بىلەن تەستىق ئىشارىسى قىلدى.

— مەنمۇ سەن ئالغاندىن ئالىمەن، — دېدى مەسۇم تۇتىگۈلنىڭ كۈتۈپ تەقەززا بولغان ئەلپازىغا قاراپ بىئارام بولغان ھالدا.

— نېمىدېگەن تۇگىمىگەن گەپ بۇ، — دېدى تۇتىگۈل نازۇكەرەشمە بىلەن قاپاقلىرىنى سوزۇپ، — ئۈچ خىل دەۋاتاتتىڭىز، مانا تاللاپ قويدۇم.

— بولىدۇ، بولىدۇ، جېنىم خېنىم، — تۇتىگۈلگە ھەربىيچە چاس بەردى مەسۇم. بۇنى كۆرگەن مال ساتقۇچى ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. ھەتتا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاغزىنى توسۇۋالدى.

— قېنى ھېسابلاڭ، — دېدى مەسۇم مال ساتقۇچىغا تۇتىگۈل تاللىغان ھالقا، زەنجىر ۋە ئۈزۈكنى كۆرسىتىپ.

مال ساتقۇچى ھېسابلاش ماشىنىسىدا بىردەمدىلا ھېسابلاپ چىقىرىپ مەسۇمگە كۆرسەتتى. زىبۇزىننەتلەر بەش مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك بىر سوم بولغانىدى.

— سىز خاپا بولماي بۇلارنى ئايرىم قويۇپ تۇرۇڭ، — دېدى مەسۇم ئىنتايىن تەۋەززۇ بىلەن مال ساتقۇچىغا تەلمۈرۈپ، — مەن مۇنۇ كارتۇچكامغا بانكىدىن پۇل ئاچىقاي، قانداق دەيسىز؟ سىزنى كۈتتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇم.

— ياقەي، — دېدى مال ساتقۇچى كۈلۈپ.

تۆتىگۈل ھەيران بولۇپ مەسۇمگە قارىدى. مەسۇم ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ بىر چەتكە تارتتى - دە، قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ھېلىقى ئىمىرەمزە دېگەن مۇناپىقنى مۇشۇ يەردە غىل-پال كۆرگەنىدەك قىلدىم، ئۇ نېمىشقا بىزنىڭ ئارقىمىزدىن ئەگە-شىپ يۈرىدۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي، — دېدى تۆتىگۈل ھەيران بولۇپ، — ئىچى تارلىق قىلىۋاتقاندۇر ھەرقاچان. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشى!

— ھېلىمۇ ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن، — داۋام قىلدى مە-سۇم، — ئۇ دېگەن قىپقىزىل بۇلاڭچى. چىدىمىغان يەردىن بىزنى بۇلاشتىنمۇ يانمايدۇ. بانكىدىن ئۈن مىڭ سوم ئالغىنىمىزنى كۆرۈپ بۇلاپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟!

— ئۇنداق قىلىشقا بېشى ئۇنمۇ، بۇ كۇندە بىرىنىڭ پۇلىنى بىرى بۇلاپ كېتەلەيتتىمۇ؟ — تۆتىگۈل ئەتراپىغا ناھايىتى ئېھتى-يات بىلەن قاراشقا باشلىدى لېكىن بۇ ئەتراپتا ئىمىرەمزىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

— ئېھتىيات قىلغىنىمىز تۈزۈك. بۇلانغان پۇلنىڭ ساق قايتقىنىنى نەدىن كۆرگەنسىز، پۇل ئىشى دەڭە، بولدى مەن ئايرىم كېلىپ غىپپىدە ئەكېتەي. ئۈن مىڭ سومنىڭ قالغىنىغا ئۆي جاھازلىرى، گىلەم، يىپەك پالاسلارنى ئالايلى، قانداق دەي-سىز؟

— بوپتۇ، ئەگەر شۇنداق ئەھۋال بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا ئىككىمىزنىڭ كۈچىمۇ يەتمەيدۇ. بانكىدىن ئاچىققان پۇلنى ئوغ-رى بۇلاپ كەتسە يەنە كېلىپ دۆشمىنىمىز ئېلىپ قاچسا بانكا ساقچىسىنىڭ نېمە كارى. قانۇن سورىغىچە پۇلمۇ تۈزۈپ بولار.

— ئەمىسە، ئۆي جاھازلىرى دۇكىنىغا، ئاندىن گىلەم باز-رىغا بارايلى.

ئىككىسى شۇنداق پۇتۇشكەندىن كېيىن، مەسۇم تۇتىگۇل بىلەن ياندىشىپ «ئالتۇن دەۋر» زىبۇ زىننەت دۇكىنىدىن چىقتى. تاكسىغا چۈشۈپ غۇلجىنىڭ ئاۋات كوچىسىدىكى «ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلار» ئۆي جاھازلىرى دۇكىنىغا بېرىپ ئارىلىدى، ئاندىن «تاشلەپكە» بازىرىدىكى گىلەم بازىرىغا بېرىپ گىلەم كۆردى. ھەرئىككىلا يەردە مالنى ئەتىسى ئەكېتىش ئۈچۈن ئون سومدىن زاكالەت پۇلى بەردى. مەسۇمنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىغا قاراپ تۇتىگۇلمۇ خاتىرجەم بولدى.

چۈش مەزگىلى. ئىككىسى تاماقنى «گۇلزار» رېستوراندا يېدى. مەسۇمنىڭ كەيپى چاغ بولغاچقا، خوتەننىڭ قىزىل ئۈزۈم شارابىدىن بىر بوتۇلكا كۆتۈرۈۋەتتى. شېرىن سۆھبەتلەر، كەلگۈسىدىكى بەختلىك تۇرمۇش. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ تۇگىمەس مېھىر - مۇھەببىتى ھەققىدىكى پارىڭى كۈن غەربكە ئەگىپ، قاش قارايغىچە داۋام قىلدى. مەھەللىگە يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقاندا كىرمىسە، جامائەتنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىدىن، مەھەللىنىڭ پايلاقچىسى مەرۇپنىڭ «ئۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ، مۇنداق قىلساڭ يامان بولىدۇ» دېگەنلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولمايتتى.

مەسۇم ئۆز مەھبۇبەسى بىلەن دەل ئۆزى كۆڭلىگە پۈككەن ۋاقتى — تۈن قاراڭغۇلۇقىدا مەھەللە دوقمۇشىدا تاكسىدىن چۈشتى. مەھەللە تۇگەل ئۇيقۇغا چۆمگەن بولسىمۇ، مەسۇم بىرى كۆرۈپ قالامدىكىن، دېگەن دەككە - دۇككىدە ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى. ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. كۆرۈنسىمۇ قاراڭغۇدا كىملىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇغىنىسى ئۇ يۈرىكى بىر ئىشنى تۇيۇپ تۇرغاندەك دەممۇدەم ئەتراپىغا قارىغۇسى كېلەتتى. ئۇ، يېنىدىن ئاچقۇچىنى ئېلىپ تالانىڭ ئىشكىنى ئەمدى ئېچىشقا تەمشىلىۋېدى، يېنىدىلا بىر قارا سايە پەيدا بولدى.

— كىم سەنۇي؟ — چۆچۈپ ۋارقىرىدى مەسۇم.
تۇتىگۇلمۇ بۇ تۇيۇقسىز پەيدا بولغان كۆلەڭگىدىن چۆچۈپ ئۆزىنى مەسۇمنىڭ يېنىغا ئاتتى.
— نېمانچىۋالا چۆچۈيدىغان بولۇپ كەتتىڭ؟
تونۇش ئاۋازدىن كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەن مەسۇم زورمۇزور ھىجىيىپ قويدى ۋە تۇتىگۇلگە قاراپ ھېچ ئىش يوق، ئىشارىسىنى قىلدى. لېكىن قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىڭ چىرايىنى پەرق ئەتكىلى بولمىغاچقا، تۇتىگۇل كۆز ئىشارىسىنى كۆرەلمىدى.
— مەرۋېمۇ سەن؟ ئەجەب چۆچۈتتىڭا، ئۇكا، — نارازى بولغان ئاھاڭدا گەپ قىلدى مەسۇم، — مەن دەپ، شەپە بېرىپ قويساڭ بولمامدۇ.
— قاراڭغۇ چۈشۈپ مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئايىغى بېسىققاندىن كېيىن، تالاغا چىقىۋېدىم، مۇشۇ يەردە بىرىنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، گۇمانلىنىپ ئۆيۈڭنىڭ قېشىغا كەلدىم، مېنى كۆرۈپ تىكىۋەتتىمۇ، قانداق، زادىلا تاپالمىدىم، مۇشۇنىڭ بىلەن بەشىنچى قېتىم چىقىشىم. ئۆيۈڭدىن ئەنسىرىدىم، يوقلۇ-قۇڭنى كۆرۈپ ئۆيۈڭنى سىيپاپ ماڭمىسۇن، دېدىم. ھەرخىل ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى. بارىنى ئوغرى ئالسا، قالغىنىنى رەم-چى، دەپ ئەمدىلا بىر خوتۇن تېپىپ، ئۆيلىنەي دېگىنىڭدە، ئۆيۈڭ قۇرۇقدىلىپ قالسا، بۇ خانىم سېنىڭ تۆت تېمىڭغا تەگمەي-دۇ - دە.
— بۇ يەڭگەڭ ئۇنداق ۋاپاسىزلاردىن ئەمەس، — مەسۇم تۇتىگۇلنىڭ مۈرىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن پەپىلەپ قويدى، — مەن ئامان بولساملا دۇنيا تېپىلىدىغۇ، مال - دۇنيا ئۈچۈن تېگىدىغان چوكان ئەمەس بۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا جېنىمنى پىدا دەپ يۈرگەن ئاشىقمەن.
— ئېلىشمىغۇچە تېپىشماس دەپ قېنى، ئالدى بىلەن نىكاھ ئوقۇتۇپ، تويۇڭنى قىلغىنا، ئاندىن كۆرەرمىز، — مەرۋېپ شۇ

گەپ بىلەن تەڭ ئۇلارغا سوغدىشىپلا ئۆيگە كىردى.

— مەرۇپ ئۇكا، ھېلىقى كىچىكئاخۇن دېگەن مولللىنى چاقىرىپ كەلمەمسەن؟ نىكاھ ئوقۇتماي سەندىن قۇتۇلالمايدىغان بولدۇم، — مەسۇم مەرۇپنى ئىشقا بۇيرۇدى.

مەرۇپمۇ مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ شەرتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ماقۇل بولۇپ مېڭىشقا تەييارلاندى. ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋې-تىپ مەسۇمنى سىرتقا چىقىشقا شەرەت قىلدى.

— مەسۇمكا، مەن كېتىپلا جىنىسى بەزلىرىڭ مىدىراپ يۈرمىسۇن يەنە، — دېدى مەرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — ھەر ئىش بولسا نىكاھ قىلغاندىن كېيىن بولسۇن جۇمۇ، شەيتى-نىڭ ئىتتىك ئادەمسەن، بىرنېمە دەپ بولمايدۇ.

— خاتىرجەم بول، ئۇكا، يەڭگەڭگە چېقىلمايمەن، — دېدى مەسۇممۇ ھىجىيىپ، — ئاشۇ كۈنكى گېپىڭدىن كېيىن، ئۇمۇ سېنىڭ رايىڭغا باقىدىغان بولۇۋالدى.

— ھەببەللى، مانا يارايسەن، بولمىسا ھارامزادە بالا تېپىپ قويىسەن، نىكاھسىز تۇغۇلغان بالاڭ ئەيىبناق ياكى بىرەر يېرى كەمتۈك تۇغۇلۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالمايسەن. گېپىمنى ئاڭلا جۇمۇ، مەسۇمكا.

— سۆيسەمغۇ بولار؟

— ئەر ـ ئايال يالغۇز قالغاندا سۆيۈشىدۇ، يەنە بىرى ··· بولدىلا دېمىسەممۇ بىلىسەن، مەن كەتتىم···

مەسۇم مەرۇپنى يولغا سېلىۋېتىپلا ئۆيگە كىرىپ، تۇتىگۈلگە ئاچ بۆرىدەك ئېتىلدى. بايا ئىچكەن قىزىل ئۈزۈم ھارىقىنىڭ كەيپىدە ئۇنىڭ ھېسسىياتى پەلەككە يەتكەنىدى، يۈرىكى قاتتىق سالاتتى. مەسۇم تۇتىگۈلنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا باستى ۋە چىڭڭىدە قۇچاقلاپ سۆيدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق ھالىتىگە يەتكەندە تالادىن «تىرىق» قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەسۇم تۇتىگۈلنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ دېگۈدەك چۈشتى. تۇتىگۈلمۇ ئۆزىنىڭ پۇر-

لەشكەن كىيىملىرىنى تۈزىتىپ، كارىۋات ئۈستىدىكى يۇرلىشىپ كەتكەن ئەدىيالنى جۆندەپ قويدى. ئۆي ئوتتۇرىسىدا تۇرغان مەسئۇم سىرتقا قولاق سېلىۋېتىپ، مەرۇپ بۇنچىلىك تېز يېتىپ كېلەلمەس، دەپمۇ ئويلىدى. لېكىن ئۇ، دېرىزىگە يېقىنلا يەردە ئاياغ تاۋۇشىنى ئېنىق ئاڭلىغانىدى. مەسئۇمنىڭ يېشى ئەللىككە تاقاشقان بولسىمۇ، لېكىن قولاق، كۆزلىرى ياش يىگىتلەرنىڭ-كىدەك سەگەك ئىدى. ئۇ، ئېھتىيات بىلەن سىرتقا چىقتى. قورۇ تىمتاسلىققا چۆككەنىدى.

مەسئۇم سىرتتا بىر پەس تۇردى، ئەمدىلا بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىرىشكە تەمشىلىۋىدى، كوچا ئىشىكى تاراقشىپ ئېچىلىپ ئىك-كى ئادەم كىرىپ كەلدى. مەسئۇم مەرۇپ باشلاپ كەلگەن ئاخۇنۇم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆيگە باشلى-دى. تۇتىگۇل قاراڭغۇ دالانغا ئۆزىنى ئالدى. جوزا قويۇلۇپ چاي تارتىلدى. قىسقا - قىسقا پاراڭلار بىلەن چايمۇ تېزلا ئىچىلىپ بولدى.

— كىچىك موللىكا، — دېدى مەسئۇم يۈز سوم پۇلنى داستىد-خان ئۈستىگە قويۇپ، — بېشىمنى ئوڭلىۋالاي دېگەن، نىكاھ قىلىپ قويسىڭىز، توينى كېيىن قىلىۋالساق دېگەنىدۇق.

— تولا بەلەن ئىش بوپتۇ، — دېدى كىچىكئاخۇن موللا ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇپ، — چوكان توينىڭ ئاددىي ئۆتكىنى ياخشى. ھۆكۈمەتمۇ شۇنى تەكىتلەۋاتىمىدۇ. قېنى ئەمىسە، ۋا-قىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. تۇتۇش قىلايلى، بىر چىنە شاكىراب سۇيىگە پارچە نان چىلاپ ئەكېلىڭلار، بولۇڭلار.

— شېكەر سۇيى دەپ ئاڭلىۋېدىم، — دېدى مەسئۇم شاكىراب-نى ئىچىشنى تەس كۆرۈپ، — شېكەر سۇيى بولسا ئەر - خوتۇن بەكمۇ ئېجىل - ئىناق ئۆتۈپ كېتىدىكەن. شۇنداقمۇ، موللىكا؟

— نىكاھتا ئەزەلدىن شاكىراب ئىشلىتىلىدۇ، — دېدى كى-چىكئاخۇن موللا، — جاھاندا تۇزدەك تەملىك نەرسە يوق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەر ـ خوتۇننىمۇ شۇ تۇزدەك تەملىك ئۆتسۇن دېگەن گەپ. قېنى، خەت، توي خېتىچۇ؟

مەرۇپ بىلەن مەسۇم بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ھە، بىر ـ بىرىڭلارغا قارايسىلەرغۇ، — ھەيران بولۇپ سورىدى كىچىكئاخۇن موللا، — قىزىل خەت بولمىسا نىكاھ ئوقۇلمايدۇ جۇمۇ، بۇ توغرۇلۇق سىياسىي كېڭەشتىن بىرگە پەرمان بار، نىكاھ ئىشلىرىغا قاراڭغۇ بازارلىق قىلساق بولمايدۇ. چاتاق چىقسا كاللام بىلەن جاۋاب بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. قىزىل خەت بولمىسا مەن كەتتىم.

كىچىكئاخۇن موللا ئورنىدىن قوزغالدى. مەسۇم ئالدىراپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى بۇگۇنمۇ پېشكەللىككە ئۇچرىغانىدى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، موللىكا، — مەسۇم گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا مەرۇپ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېغىز ئاچتى، — مەسۇمكام كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ قويسا ئۆزلىرىمۇ گۇناھىكەبىرگە شېرىك بولۇپ قالىلا.

— يوقسۇ، پۇلنى دەپ نىكاھ قىلغان بىلەن ھازىر تۆت تامنىڭمۇ كۆز ـ قۇلىقى بار دېسىلە، ئەتىلا سىياسىي كېڭەشنىڭ زالىدا باشنى چاتراققا قىسىپ، تىرناق تاتلايدىغان ئىش چىقىدۇ. ئازغىنا نەپنى دەپ ئۆمۈرلۈك نېسىۋەمدىن ئايرىلىپ قالىمەن. ئۇ چاغدا تۇگمىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قالغاندەكلا ئىش بولىدۇ دېسىلە، ئەپەندىم.

— ئۇنداق بولسا يەنە يۈز سوم قېتىپ بېرەيلى، — مەسۇم ئالدىراپ يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ داستىخانغا قويدى، — گەپ شۇ يەردىلا قالسۇن. سىلىنىڭ بۇ كەچتە نىكاھ ئوقۇپ پۇل ئالغانلىرىنى بىر خۇدا بىلسۇن، بىر بىز بىلەيلى.

— يوقسۇ، يوقسۇ، پۇل قاتمىسىلا، مەن كەتتىم. باشقا بىر موللىنى تېپىپ نىكاھ ئوقۇتۇۋالسىلا.

كىچىكئاخۇن موللا ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى.

— ئاپىرىپ قويسىلا، مەرۇپجان، — دېدى كىچىكئاخۇن موللا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، — قانداق كەلگەن بولسام شۇنداق كېتىۋالاي. موتولىرى بارمۇ؟ كاللىمۇ يېمەي، چىشمۇ چاقماي، تىنچ قۇلاق ئۆيۈمگە بېرىۋالاي...

— ۋېلىسىپىت بارغۇ، بوپتۇ ئاپىرىپ قوياي، لېكىن، نە-گاھ ئوقۇمىدىلا، مەسۇمكامنىڭ كۆڭلىگە سۇ يۇگۇرۇپ قالسا، گۇناھ ئۆزلىرىگە بولىدىغان بولدى.

— شۇنىداق بولمايىچۇ، — دېىدى بىۇ گىەپ خىۇشياققان مەسۇم، — ئۆيۈمگە موللىنىڭ ئايىغى يەتتىمۇ، بولدى. ئەمدى بىز ئەر - خوتۇن دېگەن گەپ. گۇناھ بولسا ئاخۇنۇم بىلەن تەڭ شېرىك.

— بار ئويۇنىنى سىز ئويناپ، — دېدى كىچىكئاخۇن موللا كىنايە ئارىلاش، — دەردىڭىزنى بىز تارتىدىكەنمىز - دە، مەسۇم-جان، سەۋر قىلىڭ، قىزىل خەتنى ئالغاندىن كېيىن قونداققا چىقسىڭىز مۇ كېچىكمەيسىز.

كىچىكئاخۇن موللا قېيىداپ ماڭدى. مەرۇپجان نەچچە يېرى-دىن شىرىقلاپ تۇرىدىغان كونا ۋېلىسىپىتنى يېتەكلەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى ۋە بىردىنلا ئېسىگە بىر ئىش كەلگەندەك توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى - دە، ۋېلىسىپىتنى توختىتىپ قويۇپ مەسۇمنىڭ قېشىغا كەلدى.

— مەسۇمكا، ئىشىڭ قامىلاشمايۋاتىدۇ جىۇمۇ، — دېدى ئۇ، — مەن مۇنۇ كىچىكئاخۇن موللىنى ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىپ چوڭئاخۇن موللىنى باشلاپ كېلەي. چوڭنىڭ هامان چوڭلۇقى بار دېگىنە، سەن يەنە هاپىلا - شاپىلا بىر ئىش قىلىپ يۈرمىگىن جۇمۇ.

مەرۇپ شۇ گەپنى قىلىپ ھىجيىپ قويدى. مەسۇممۇ ئەگە-شىپ كۈلۈپ قويدى - دە:

— توخۇنى چوقۇپ يەيدۇ، موللىنى ئوقۇپ يەيدۇ دېسەم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ مولللام يېمەيدىغان چىقىپ قالدى، ئۇكا، سەن بىر ئامال قىلغىن، ھېلىقى چوڭئاخۇن دېگىنىڭنى تاپ. ئامال بار ھازىرلا باشلاپ كەلگىن، — دېدى.

— بىر ئامالىنى قىلاي، — دېدى مەرۇپمۇ ۋەدە بېرىپ، — ئاڭغىچە سەن بەز يېمەي تۇر، سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭ خۇددى مۇشۇكنىڭ ئالدىغا بەز قويغاندەكلا بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ جۇمۇ.

— مۇشۇكنىڭ ئالدىغا بەز قويساڭ تۇراتتىمۇ، ئەمىسە بول چاققان، يەڭگەڭ ئىككىمىز يولۇڭغا قاراپ ئولتۇرىمىز.

مەرۇپ كىچىكئاخۇن موللىنى ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ ئەكەتتى. ئۇلارنىڭ قارىسى تۇن قاراڭغۇلۇقىدا بىر-دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. مەسۇم تاقىتى تاق بولۇپ ئۆيگە كىردى. ئۆيلەرنى بىر قۇر يىغىشتۇرۇپ قويۇپ كېتىشكە تەييار-لىنىپ تۇرغان تۇتىگۈلنى كۆرۈپ مەسۇم چىدىيالمىدى، يەنە قۇچاقلاپ كارىۋاتقا باستى. كۆكرىكىدىن مىجىقلاپ غۇنچە لې-ۋىدىن بېسىپ سۆيدى. تۇتىگۈلنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىشقا باشلىدى. لېكىن تۇتىگۈل:

— مەرۇپجان كېلىپ قالىدۇ، سەت، — دەپ تۇرۇۋالدى.

دەل شۇ چاغدا دېرىزە تۈۋىدە شىپىرلىغان ئاياغ تاۋۇشى يەنە ئاڭلاندى. مەسۇم بۇ ئاۋازنىڭ يەنىلا بايا ئاڭلانغان ئاياغ تاۋۇشىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى سەزدى. چاچراپ ئورنىدىن تۇرغان مەسۇم ئۆي ئوتتۇرىسىدا بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. مەرۇپ مېنىڭدىن گۇمانلىنىپ ماراپ يۈرگەنمىدۇر ياكى بۇ مە-ھەللىدىكى كەپسىز باللارنىڭ ئەر - خوتۇنلارنى مارىلاپ تاماشا قىلىدىغان قىلىقلىرىمىدۇر، ئۇنداقتا مەھەللىدىكىلەر مېنىڭ بۇ ئىشىمنى بىلىپ بولغانمىدۇر؟

مەسۇم شۇ ئوي بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ھويلىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. بايا ئېنىق ئاڭلانغان ئاياغ تاۋۇشىدىن بىر ئادەمنىڭ ئىشىك تۈۋىگە ھەتتا دېرىزە تۈۋىگىچە كەلگىنى ئېنىق

تۇرسا، يەنە نېمىدەپ ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ؟ مەرۇپنىڭ ئويۇنمى-دۇر - يە، ئەگەر ئۇ بولسا نېمىدەپ ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرىدۇ، بۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟ يا بولمىسا ئىمىرەمزە دېگەن ھېلىقى مۇش-تۇمزورمىدۇر، ئۇنىڭ ئۆيۈمگىچە ئاياغ بېسىشىغا نېمە ھەققى بار؟! ئۇنىمىغان خوتۇننىڭ كەينىگە كىرىۋېلىش تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمىغاندەكلا ئىشقۇ. قورقۇتۇش، چۆچۈتۇش كارغا كەلمىگەندە يالۋۇرۇش، يېلىنىشلارمۇ ئوخشاشلا كارغا كەل-مەيدۇ - دە... لېكىن پەيلىنى بۇزغان بولسىچۇ؟... ھەي، نەدىكى خىياللارنى قىلىدۇ كىشى، توۋا دېگىنە، بىر خوتۇن كىشى ئۇچۇن يامانلىق ئويلاش، يەنە كېلىپ ئۆزىنى ياخشى كۆرمىگەن بىر چوكان ئۇچۇن جېدەل - ماجىرا قىلىش، تىللىشىش، ھەتتا قەست قىلىش ئەقىلگە سىغمىدىغان ئىشمۇ؟ دۇنيادا نېمە تولا، خوتۇن تولا! بىرى ئۇنىمىسا يەنە بىرى ئۇنايدۇ ئەمەسمۇ. گۈزەل-لىكنى دېسەڭ بىر - بىرىدىن قېلىشقۇچىلىكى يوق. ياش بىر يىگىتنىڭ ئۇنىمىغان خوتۇن ئۇچۇن بوسۇغامغىچە ئارقامدىن ما-راپ كېلىشى، راستتىنلا ئەقىلگە سىغمىدىغان ئىش ئەمەس - دە. قويغىنا، يوقىلاڭ خىياللارنى قىلماي، ماڭا شۇنداق ئاڭلانغان بولۇشى مۇمكىن...

تالا ئىشىكىنىڭ ئىچىلىشى مەسۇمىنىڭ خىياللىرىنى بۆلدى. مەرۇپ يەنە بىر كىشى بىلەن بىللە قورۇغا كىرگەنىدى. ئۇلار يېقىنلاپ كەلدى، مەرۇپ باشلاپ كەلگىنى موللا چوڭئاخۇن بو-لۇپ چىقتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، چوڭئاخۇن موللام، — دېدى مە-سۇم، موللا چوڭئاخۇننىڭ قولىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئىككى قولىدا تۇتۇشقا ئالدىراپ، — كېچىدە سىلىنى ئاۋارە قىلى-دىغان بولدۇق.

— نېمە ئىش ئىدى؟ — دېدى موللا چوڭئاخۇن، — بۈگۈن ئاخشام قىلمىسا زادىلا بولمايدىغان قانداق زۆرۈر ئىش ئۇ؟

— ئۆيگە كىرىشسىلە، — دېدى مەسۇم يەنە شۇنداقلا مۇلا-يىملىق بىلەن، — ئاندىن بىرنېمە دېيىشەيلى.

موللا چوڭئاخۇن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن دۇئا قىلدى، ئاندىن «نېمە ئىش؟ قېنى دەڭ» دېگەندەك ھەر ئىككىسىگە تەڭلا قارىدى. موللا چوڭئاخۇن بايا ئۆيگە كىرگەندە قاراڭغۇ دالاندا بىر ئايال كىشىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ئىشنىڭ تەكتىگە يېتىپ بولغانىدى. مەرۇپ ئەسلىدە ئۇنى بۇ كەچتە كەلمەي قالمى-سۇن دەپ مەسۇمنىڭ ئۆيىدە زورۇر بىر ئىش چىقىپ قالغانلىقى-نى، بۇ ئىشنى ئۆيگە بارغاندا مەسۇمنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلايدى-غانلىقىنى ئېيتىپ باشلاپ كەلگەنىدى. موللا چوڭئاخۇن خۇدالىق ئالەمدە ساۋاب ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان ئادەم بولغاچقا، بۇ ئەلياتقۇ چاغدا بۇ يەرگە كېلىشنى ئېغىر كۆرمەي، مەرۇپنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇپ كەلگەنىدى. موللا چوڭئا-خۇن مەسۇمنىڭ ئاغزىدىن ھەممىنى ئۇقتى.

— قىزىل قەغەزلەرلار بولمىسا نىكاھ ئوقۇشقا بولمايدۇ، — دېدى موللا چوڭئاخۇنمۇ ئوخشاشلا موللا كىچىكئاخۇننىڭ گېپىنى تەكرارلاپ، — بەك تەس، بەك تەس بولۇپ كەتتى. «قىزىل خەت» ئالالمىغۇدەك نەرسىلەر بار، ئاۋۋال شۇنى ئالمامسىلەر، نىكاھ ئوقۇش بىردەملىكلا ئىشقۇ.

— ئالدىمىز، ئالدىمىز، — دېدى مەسۇم ئالدىراپ سۆزلەپ، — ھازىر ئالدىراپ قالدۇق، شۇنىڭغىچە سىلىنى ... بولمىسا...

— سىلىنى نىكاھ ئوقۇپ قويۇپ تۇرسا دېۋىدۇق، — دېدى مەرۇپ گەپنى تارتىۋېلىپ، — بولمىسا، نىكاھسىز ناشايان ئىشلا-رنى قىلىپ ھارامدىن بالا تېپىلىپ قالسا ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالامدۇ دېگەنلا گەپ...

— تولىمۇ ئوبدان گەپ ئىكەن، — دېدى موللا چوڭ-ئاخۇن، — لېكىن «قىزىل خەت» ئالماپسىلەر، ئوقۇپ قويسام

قوياي، لېكىن ئالدى بىلەن ئالدىمغا ئايلىقىمنى ئۈچ يۈز سومدىن بىر يىللىق مائاشىمنى قويۇڭلار، ئاندىن ئىشىڭلارنى پۈتتۈرۈپ كېتەي، سىلەر مېنى كۆرمىگەن بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ھېچ يەردە كۆرمىگەن بولاي، تۆگە كۆردۈڭمۇ، ياق! بىر لا ئاللانىڭ ئالدىدا قەرزىمىزنى ئادا قىلغان بولايلى، قېنى، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

مەرۇپ بىلەن مەسۇم بىر-بىرىگە قاراپ قېلىشتى. مەسۇمنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ مۇنچىلىك نۇرغۇن پۇلنى قەيەردىن تاپىمەن دېگەندەك قىلىپ مەرۇپكە يېنىشلاپ قارايتتى.

— بۇ... بۇ... قانداق بولۇپ كەتتى ئەمدى، — دېدى مەسۇم ئاخىر دۇدۇقلاپ، — بۇ ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز سوم پۇل دېگەن گەپ، بىۇ... بىۇ... يەردە ئىككى يىۈز سوم-لا بار ئىدى، شۇنىڭغا...

— قويسىلا يوق گەپنى، — موللا چوڭئاخۇن خاپا بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، — ھازىر تۆت تامنىڭ قۇلىقى بار، ئەتىلا تەشكىلگە يېتىدۇ دېسىلە، سىلىنىڭ تۆت تال پۇللىرىنى ئېلىپ قويسام، يىللىق مائاشىمدىن قۇرۇق قالىمەن ئەمەسمۇ.

مەرۇپ ئارىغا چۈشەلمەي ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ ئېھتىيات بىلەن بىر گەپ قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى سەزدى. مەسۇمنىڭ ئىشىمۇ زۆرۈر ئىدى. ئۇلار نىكاھسىز يۈرۈۋەرسە مەھەللىنىڭ ئالدىدىمۇ سەت. چۈنكى مەرۇپ ئۆزىمۇ بۇ ئىشقا ھەقدار بولۇپ قالغانىدى، كېيىنچە زىناخورلۇق نەتىجىسىدە نىكاھسىز بالا تۇغۇلۇپ قالسا، ئۆزىنىڭمۇ چېتىلىپ گەپ-چۆچەككە قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىش تۈپەيلى مەھەللىدە «سولامچى» دېگەن شەرمەندە ئاتاقتا قېلىشىدىن چۆچۈيتتى. مەھەللىدە چاياندەك چاقىدىغان، تىلىدىن زەھەر تامىدىغان بالا تەگكەن پېتىنە-پاساتچىلار بار. ئۇلار مەسۇمنىمۇ، مەرۇپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىمۇ تىل ـ ئاھانەت ئىچىدە كۆن ئالدۇرماي قويىدۇ.
مەرۇپ شۇ خىياللاردا، ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىۋالغان موللا چوڭئاخۇنغا قارىدى. موللا چوڭئاخۇننىڭ ئۇنىڭغا ھومىيىپ تۇراتتى:
— مېنى ئاپىرىپ قويىسىلا، مەرۇپجان، يوقىلاڭ ئىشقا كەچتە مېنى ئاۋارە قىلىپ ياشلاپ كېلىپلا، بۇ تېخى پۇشمىغان، ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىش ئىكەن ئەمەسمۇ، ئۇ غول بالا دېگەن ئارقا ـ ئالدىنى ئويلاپ ئىش قىلىدىغان جۇمۇ.
مەرۇپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك خىجالەت بولدى. مەسۇمنىڭ يەرگە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا موللا چوڭئاخۇننى رازى قىلغۇدەك كۆپ پۇل يوق ئىدى. مەرۇپجان موللا چوڭئاخۇن بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇنى يەنە ئاپىرىپ قويۇش كېرەك. مەرۇپ خۇددى خوتۇننى ئۆزى ئالىدىغاندەك جاپا چېكىۋاتقىنىغا ئىچىدە ئاچچىق يۇتۇپ يولىغا راۋان بولدى.
مەسۇم تۇتىگۈل بىلەن يالغۇز قالدى. ئۇ، كارىۋاتقا يۆلىنىپ تۇتىگۈل بىلەن يانمۇ يان تۇردى. ھەرئىككىسى ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. ئارىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. مەسۇم نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. تۇتىگۈلنى بېسىپ سۆيۈپ ئۆزىنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىدى. لېكىن مەرۇپنىڭ توسالغۇسى، تۇتىگۈلنىڭ قارشىلىقى بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.
— بىز ئەمدى ئالدىراپ كەتمەيلى، خەت ئېلىپ، نىكاھ ئوقۇتۇپ ئاندىن بىر ئۆيدە تۇرايلى، — دېدى تۇتىگۈل كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، — بولمىسا مەھەللىدە ھەرئىككىمىزنىڭ نامىغا سەت، قانداق باش كۆتۈرۈپ يۈرىمىز، نىكاھسىز يۈرسەك ئىشلىرىمىز ئىلگىرى باسمايدۇ. بىزنى نەس باسىدۇ.
— جېنىم تۇتىگۈل، خەت ـ پەت، نىكاھ ـ پىكاھ دەپ ئولتۇرساق بۇ ئىش يەنە بىر ئايدىمۇ تۈگىمەيدۇ. مەن قانداقمۇ

چىدايمەن؟ ھازىرمۇ تاقىتىم تاق بولۇپ تۇرىدۇ، مەرۋپ پۈتلە-شىپ يۈرمىگەن بولسا، مەن ئاللىقاچان ۋەسلىگىزگە يەتكەن بولاتتىم. ئۇقتىڭىزمۇ، جېنىم، — مەسۇم تۇتىگۇلنى چىڭگىدە قۇچاقلىغىنىچە شۇ گەپلەرنى قىلدى.

— ئۇنداق بولسا ئەتىلا ھەممىنى تەييارلاڭ، — دېدى تۇتى-گۇل بىر قارارغا كېلىپ، — ئالتۇن جابدۇقلارنى ئەكېلىڭ، ئۈينى ھېلىقى جاھازلار بىلەن بېزەيلى، ماڭىمۇ كىيىم - كېچەك-لەرنى كۆرسىتىۋېدىڭىز، ئۇنىمۇ ئەكېلىپ ھەممىنى تەق قىلىڭ، ئاندى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە تۇرۇۋېرىمەن. خەت ئالساقتۇر - ئالمى-ساقتۇر، نىكاھ ئوقۇتساقتۇر، ئوقۇتمىساقتۇر، تۇرۇۋېرەيلى، مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئاغزىنى مەرۋپ ئۆزى باسار.

— ئاغزىڭىزغا ناۋات سالايمۇ، جېنىم، — دېدى مەسۇم تۇتىگۇلنى يەنىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ كارىۋاتقا بېسىپ تۇرۇپ، — شۇ ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ جۇمۇ، مەنمۇ ئەتە سىزنىڭ زىبۇزىننەتلىرى-ڭىزنى تەييار قىلاي، ئۆينى يېڭى جاھازلار بىلەن بېزەي. بۇ گۈزەل ھۆسن - جامالىڭىز بىلەن مىنىڭ بۇ غېرىب كۆلبەمدە قانداقمۇ تۇراتتىڭىز؟ مەنمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سىزنىڭ بۇ ئېغىلخانىدا زادىلا قونغىڭىز يوق، ئۆينىڭ مەينەتلىكىنى كۆڭلى-ڭىز كۆتۈرمىدى، تۇنجى قېتىم كۆڭلىڭىزنى بېرىپ ئىشقى نەپ-سىڭىزگە قانىدىغان كېچىنى مۇنداق قۇرۇق، تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى خالىمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟ بىلىپ قويۇڭ، سىز خا-لىمىغان ئىشنى مەنمۇ ھەرگىز قىلمايمەن...

ھويلىدا ۋېلىسىپىتنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئىككىسى ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ ھەرقاي-سىسى ئۆز ئورنىدا تۇرۇۋالدى، مەرۋپ ئۆيگە كىرىپ ھەرئىككى-سىگە گۇمان بىلەن كۆلۈمسىرەپ قويدى.

— مەن كەلگۈچە كۆزنى غىل - پال قىلىپلا بىر ئىشلارنى قىلىۋالمىغانسىلەر - ھە! ؟ — دېدى ئۇ چاقچاق ئارىلاش ھىجە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىمپ، — كارىۋات ئۈگتەي - تۈگتەي بولۇپ كېتىپتىغۇ! ؟...
— چوڭغۇ ئىش بولمىدى، — دېدى مەسۇمىمۇ ھىجىيىپ.
ھەرئىككىسى قاقاقلاپ كۈلدى. تۇتىگۈل چاپىنىنى ئېلىپ كېتىشكە تەرەددۇتلەندى. مەسۇم ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى. بۈگۈن ئىكاھ ئوقۇلغان بولسا تۇتىگۈلنى ئېلىپ قالماقچى بولغانىدى، لېكىن نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى. مەرۇپ بولسا تۇتىگۈلنى كەتكۈزۈۋېتىش تەرەپدارى ئىدى.
— مەسۇمكا، ئۇنى قويۇپ بەرگۈك يوق - ھە، — دېدى مەرۇپ تۇتىگۈل دالان ئۆيگە چىققاندىن كېيىن شىۋىرلاپ سۆزلەپ، — بىلىمەن، سېنىڭ بۈگۈن بەز يېگۈك بار ئىدى. مەن بولمىسام ...
— شۇ، بەز يېگۈم بار ئىدى، يەنە كېلىپ چىرايلىق بەز دېگىنە، لېكىن سەن يېدۈرگىلى قويمايۋاتىسەن، مەرۇپ، سەن ئولتۇرۇپ تۇر، مەن تۇتىگۈلنى تاكسىغا سېلىۋېتىپ كىرەي، ئاندىن سەن بىلەن قىلىدىغان مۇھىم مەسلىھەت بار.
— بول ئەمىسە، چارچاپ كەتتىم، سېنىڭ غالچىلىقىڭنى قىلىمەن دەپ ئۆلەيلا دېدىم، ئۇيقۇمۇ كېلىپ كەتتى.
— ئۇنداق ئەمەس، قېرى خوتۇنۇمنىڭ قويىنىغا كىرگۈم كەلدى دېسەڭلا بولمىدىمۇ، گۆش!
— ئەمىسە بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىدەپ بەزدەك تۇرىسەن، — مەرۇپ شۇ گەپ بىلەن بايا موللا چوڭئاخۇنغا سالغان كۆرپە ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى.
مەسۇم تالا ئىشىكى تۈۋىدە ئۆزىنى ساقلاۋاتقان تۇتىگۈلنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. مەرۇپ مەسۇم چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۆيگە بىرلا كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، بۇلۇڭدىكى ئۈستەل ئۈستىگە ئون تۆت دىيۇيملىق تېلېۋىزور قويۇلغانىدى. ئۆيگە ياتقۇزۇلغان خىش ئۈستىگە كەك پالاس سېلىنغان، ئوتتۇرىغا قويۇلغان جوزا ئۈستىدە بايا راسلىغان چاي-

نىڭ چىنە - قاچىلىرى تېخىچە يېيىلىپ تۇراتتى. تۇتىگۇل ئۇنى يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا كېرەك، مەسۇم ئۇنى جوزىنى يىغىشتۇرۇشقىمۇ قويماي كارىۋات ئۈستىگە باسقاندەك قىلىدۇ، ئەنە كارىۋات ئۈستىدىكى كۆرپە - يوتقانغا يېپىلغان ئەدىيال مايتۇق - سايتۇق بولۇپ كېتىپتۇ. «ھەي، كاساپەت مېنىڭ يوقلۇقۇمدا كۆزنى غىل - پال قىلىپلا ئىشنى جۆندەپتۇ - دە، ھوي يۈيۈقسىزلار، مانا مۇشۇنداق ئەمەسمۇ، ئۆينىمۇ بۇلغايدۇ، مەھەللىنىمۇ بۇلغايدۇ، مېنىمۇ ‹شوۋىچى› قىلىدۇ ئەمەسمۇ بۇ بەز، بۇ قېرى بەز بۇ چىرايلىق چوكاننى قەيەردىنمۇ تېپىۋالغاندۇر؟ يەنە كېلىپ ئۇمۇ قېرى سەت بەزگە ئامراق بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ…»

مەسۇمنىڭ ئۆيگە قايتىپ كىرىشى مەرۋۇپنىڭ تاققا - تۇققا خىياللىرىنىڭ بېلىگە تەپتى. مەسۇم مەرۋۇپنىڭ قېشىغىلا چۆكتى. قولىنى مەرۋۇپنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا كۆڭلىدە مەرۋۇپكە دەيدىغان مۇھىم گېپى باردەك قىلاتتى. مەرۋۇپمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى.

— قېنى، گېپىڭنى قىل، مەسۇمكا، — دېدى مەرۋۇپ ئالدىراپ، — سەندىن قۇتۇلالمايدىغان بولدۇم، ئاشۇ چوكاننى ساڭا ئېلىپ بېرىپ ئاندىن قۇتۇلىمىسام، ماڭىمۇ كۈن بەرمەيدىغان ئوخشايسەن.

— مۇنداق گەپ ئىدى…، — مەسۇم شۇ گەپ بىلەن تەڭ دېرىزە تەرەپكە قارىدى ۋە يەنە مەرۋۇپكە بۇرۇلۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — ئارقىمىزدىن بىرى مارىلايدىغان بولۇۋالدى، مەرۋۇپ ئۇكا، ئەسلى بۇ ئىشنى سېنى قىلىۋاتامدىكىن، دەپتىمەن، كېيىن سېنىڭ ئەمەسلىكىڭنى بىلىپ باشقا بىرىدىن گۇمانلاندىم…

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كىمدىن؟ — مەرۇپ ياتقان يېرىدە ئۆرە ئولتۇردى - دە، كۆزلىرىنى مەسۇمگە تىكتى.

— تۇتىگۇلنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغان ھېلىقى نائەھلىدىن ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ، — جاۋاب بەردى مەسۇم، — ئاشۇ قارا كۆڭۈل، بىرەر سۇيىقەست ئويلاپ يۈرەمدۇ دەيمىنا...

— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ ھەيران بولغىنىچە سۆزىنى داۋام قىلىپ، — خەقنىڭ خوتۇنىنى بۇلاپ ئەكېلىۋالمىساڭ ساڭا نېمىدەپ سۇيىقەست قىلىدۇ. گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار دەپ ھەرقىسما گەپنى قىلىدىكەنسەن، خوتۇن خەق كىمنى خالىسا شۇنىڭغا تەگمەمدۇ؟ سەنمىچۇ، مەسۇمكا، گاچچىدا خەت ئېلىپ، نىكاھ ئوقۇتۇپلا تىنچىمىدىڭ. ئاۋارىچىلىكىدىن قاچتىڭ. نېمە كۇن بۇ؟ ياش يىگىتلەردەك سۆرىشىپ يۈرۈۋاتىسەن، مەھەللىدە گەپ ئاۋۇپ كەتتى. دۈشمىنىڭمۇ چىقىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

— قىزىل خەت ئېلىپ، نىكاھ ئوقۇتۇش ئۈچۈنمۇ تالاي پۇل كېتىدۇ، مەرۇپ ئۇكا، — دېدى مەسۇم ئېغىر خۇرسىنىپ، — پۇلنىڭ ئورنىنى قىلمايمەنمۇ، قالغىنى بىردەملىك ئىشقۇ، شۇڭا، سەن ماڭا ياردەم قىل. ماڭا ياردىمىڭ زۆرۈر، ئۇكا.

— ياردەم قىلاي، — دېدى مەرۇپ چىن دىلىدىن، — ئەمما قانداق ياردەم قىلىمەن، ساڭا قانداق ياردىمىم لازىم؟

مەسۇم دېرىزە تەرەپكە ئىتتىك قارىدى. خۇددى بۇ گەپنى مەرۇپتىن باشقىسى ئاڭلاپ قالمىسۇن دېگەننى قىلىپ قولىنى ئاغزىغا ئاپاردى - دە، مەرۇپنىڭ قۇلىقىغا خېلى ئۇزاققىچە پىچىرلىدى. مەرۇپنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. ئورنىدىن قوزغىلىپ - قوزغىلىپ قويۇپ يەنە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن مەسۇمنىڭ بۇ گەپلىرىگە ھەم ھەيران بولسا، ھەم ئامالسىز قىلىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاخىرى ئۇ مەسۇمنىڭ پىچىرلاشلى-

ـرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى ـ دە،
سورىدى:
— قايسى ساۋۇتنى دەيسەنۇي؟ بۇ شەھەردە ساۋۇت دېگىنىڭ
جىققۇ.
— ۋەي، ھېلىقى ساۋۇت داۋۇتچۇ، شائىرلىق قىلىمەن دەپ
يېرىم يولدا توختاپ قالغان، ساۋۇت «چىرايلىق» مۇ دەپ قويى-
مىز. ھازىر چىرايلىق بىر تارانچى چوكاننى ئېلىۋېلىپ «تاران-
چى» مەھەللىسىدە ئۆي تۇتۇۋاپتۇ. ئىلگىرىكى ئايالىدىن بەش
قىزى بار، ئۇنىمۇ قويۇۋەتمەپتۇ. ھېلىقى كىچىك خوتۇنىنىڭ
چىرايلىقلىقىنى دېمەمسەن، بىزنىڭ تۇتىگۇللەر ئۇنىڭ قولىغا سۇ
قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ.
— نېمانچە ھەسەت قىلىسەن، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ
كۈلۈپ، — ئۆزى چىرايلىق بولغاندىن كېيىن، چىرايلىق خوتۇن
ئالغاندۇر. ئىلگىرىكى خوتۇنى بەشنى تۇغقىچە ماكچىيىپ سەتلى-
شىپ كەتكەندۇر بەلكىم.
— ساۋۇتنى چىرايلىق دېگىنىم، ئۇنىڭ سەتلىكىدىن چىققان
گەپ، ئۇكا، راستىتىنلا گۆش جۇمۇ سەن، گېپىمدىن
بىلمىدىڭمۇ؟
— مۇنداق دېگىن، — ھىجىيىپ قويدى مەرۇپ، — بەزدەك
قېلىن ئەرلەر، چىرايلىق، ئۇياتچان چوكانلارنى ئېلىۋالغاندەك،
ئۆزى سەت بولسىمۇ قىلىقى چىرايلىق بولسا، چىرايلىق خوتۇننى
ئېلىۋالغاندۇر. بۇنىڭ نېمە ھەيران قالارلىق يېرى بار،
مەسۇمكا؟
— بوپتۇ، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، — دېدى مەسۇم
مەرۇپنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ، — سەن شۇ «تارانچى» مەھەللىسى-
گە بېرىپ ساۋۇت داۋۇتنى تاپ، ئۇنىڭغا سېنى مېنىڭ ئەۋەتكەن-
لىكىمنى ئېيت. ئۇ ساڭا ھەممىنى توغرىلاپ بېرىدۇ.
— ئۇنىمىسچۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ياق، ئۇ ئۇنداق نامەردلەردىن ئەمەس، لەۋزىدە تۇرىدىغان يىگىت.

— بوپتۇ ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، — ئورنىدىن قوزغالدى مەرۇپ ۋە ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئۇ ياقتا قانداقتۇر شىپىرلىدىغان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلانغاندەك بولدى. لېكىن، مەرۇپ بۇنىڭغا ئېرەنشىمىدى.

— توختا، قەيەرگە بارسەن، تېخى گەپ تۈگىگىنى يوق، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭغا يېقىنلاپ ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ۋاي - ۋۇي، مەسۇمكا، ئۇنىڭغا خوتۇن ئۇنارمۇ، — مەرۇپ ئۆزىنى بىردىنلا نېرىگە قاچۇرۇپ ھەيران بولۇپ سورىدى، — سەن خوتۇن ئالغۇچە جېنىمنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان بولدۇڭ - دە، خوتۇننى خۇددى مەن ئۇچۇن ئېلىپ بېرىدىغاندەك...

— سەندىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كېتىدىمەن، ئۇكا، — يالۋۇردى مەسۇم، — بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ، بىر يامانلىق جۇمۇ...

— بوپتۇ، بوپتۇ، مەسۇمكا، ئورۇنۇپ باقاي، ماقۇل دەپ قالسا تەلىيىڭ، ئەمىسە مەن كەتتىم.

— ماقۇل ئەمىسە شۇنداق بولسۇن!...

مەسۇمنىڭ شۇ گېپى بىلەن تەڭلا ئىشىك ئالدىدا «تىرىق» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئۆگزىدىنمۇ غارسىلدىغان بىر سۇرلۇك تىۋىش كېلىپ جىمىپ كەتتى. ھەرئىككىسى ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى - دە، چىرايى ئۆڭگەن ھالدا ئۆزلىرىنى سىرتقا ئاتتى. قورۇدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. قورۇ ئىشىكى يېپىق تۇراتتى. تىرىقلىغان زادى نېمىنىڭ ئاۋازىدۇر؟ بۇ قورۇنى مارىلاپ يۈرگەن زادى كىمدۇر؟...

ئىككىسى شۇ خىيالدا قورۇنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە

ئاختۇردى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا، قورۇننىڭ نېرىسىدىكى نەر-سىلەرنى ئانچە پەرق ئېتىپ كەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا، بۇ قورۇ-غا كىرگەن ئوغرىمۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئوڭاي قېچىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەرۇپ قورۇنى ئاختۇرۇۋېتىپ ھېچ نەرسە تاپالمىدى. مەسۇممۇ قورۇنى قورۇق ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ بىر ئىشنى «گۇپپىدە» ئېسىد-گە ئېلىپ، — بايا ئۆگزىمۇ غىرسىلىغاندەك قىلىۋېدى، يۈرە، چىقىپ باقايلى.

ئىككىسى قورۇ سەيناسىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ ئۇششاق چالمىلارنىڭ پۇتلىرىغا ئۇرۇلغىنىنى سەزدى. پاكىز سۇپۇرۇپ قويسا بىر ھەپتىگىچىمۇ داڭگال چۈشمەيدىغان بۇ قورۇدا نېمىدې-گەن جىق چالما بۇ، قەيەردىن چۈشكەندۇر؟ مەسۇم شۇ ئويلاردا قاراڭغۇ تۈن ئاسمىنىدا چاراقلاپ يېنىۋاتقان سانسىز يۇلتۇزلارغا قارىدى، تۈن قاراڭغۇلۇقىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن ئۆگزە گىرۋەك-لىرى خۇددى ئاسمانغا تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئىككى-سى شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ، ئۆگزىنىڭ گىرۋەكلىرىگىچە سىنچىلاپ قارىدى. ئارقا تام گىرۋىكىدىن ئېلىنغان كېسەك ئۆگزىدىلا چېقىلغانلىقى مانا مەن دەپ تۇراتتى. بىرى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كېسەك چېقىپتۇ. بۇ چالمىلارنى تولۇق ئىشلىتىپ بولمىغاچقا، يەنە ئازراق بىر قىسمى چېچىلىپ تۇراتتى. ھەر ئىكك-كىسى بۇ چالمىلارغا قاراپ بايا قورۇغا چۆرۈلگەن چالمىلارنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىگە جەزم قىلدى. باش ئەتىياز بولغاچقا، ھاۋا سوغۇق ئىدى. مەسۇم ئۆگزىگە يالاڭ چىققاچقا تېنى شۈركۈندى.

— مەسۇمكا، ماۋۇ يەرگە كېلە، — ئۆگزىنىڭ نېرىقى گىر-ۋىكىگە كەتكەن مەرۇپ مەسۇمنى چاقىردى، — مانا قارا، كىمنىڭ قىلىقىدۇ بۇ؟

مەسۇم مەرۇپنىڭ قېشىغا ئىتتىك باردى. مەرۇپ ئۆينىڭ

تۇرخۇن قېشىدا تۇرۇۋېلىپ، تۇرخۇنغا تىقىلغان لاتا - پۇتىلارنى ھەدەپ تارتقۇشلاۋاتاتتى. مەسۇم ھەيران بولۇپ مەرۇپكە قارىدى.

— بۇ سېنى ئۆلسۇن دەپ قەستلىگەن بىرىنىڭ ئىشىغۇ، — دېدى مەرۇپ، تۇرخۇنغا چىڭداپ تىقىۋېتىلگەن لاتا - پۇتىلارنى تارتىۋېلىۋېتىپ، — ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىسەنغۇ، مەسۇمكا، ئالە بۇلارنى، ئۆيگە ئەكىرىپ قاراپ باقايلى، ئايالىلارنىڭ كۆڭلىكى، كونا لاتا - پۇتىلاردەك تۇرىدۇ.

— مېنى كەچتە ئىس ئېلىپ ئۆلسۇن دېگەن كىمدۇر؟ — دېدى مەسۇم زەئىپ ئاۋازدا.

ئۇ لاتا - پۇتىلارنى بىر چەتكە ئالدى - دە، تۇرخۇن ئىچىدە چالىسى قالغان بولمىسۇن دەپ قولىنى تىقىپ باقتى، كۆڭلىكنىڭ يېڭى تۇرخۇننىڭ قارا قۇرۇمى بىلەن بۇلغاندى. لېكىن مەسۇمنىڭ بۇنىڭغا ئېتىبار قىلىشقىمۇ ماجالى قالمىغانىدى. ئىككىسى شۇ ئۆيگە كىرىپ لاتا - پۇتىلارنى چىراغ ئاستىدا يېيىپ كۆرۈشتى. بۇ ئايال كىشىنىڭ كۆڭلەكلىرى، ھەتتا كونا رۇباشكىلىرىدەك بىرنېمىلەر ئىدى. مەسۇم ئۆزىنىڭ كېچىدە مەشكە كۆمۈر سېلىپ قويۇپ ئۇخلايدىغانلىقىنى ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى قانداق بىلىپ قالغاندۇر؟ بۇ يەنە تۇتىنگولنىڭ كىيىم - كېچىكى بولۇپ يۈرمىسۇن، پەقەت تۇتىنگوللا ئۇنىڭ كېچىدە ئوت قالاپ ياتىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. بۇ مۇمكىن ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭ كىيىم - كېچىكىدىن پايدىلانغان بىرىمىدۇر - يا؟... مېنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلىغان زادى كىمدۇر؟ تۇتىنگولنى تارتىۋالغىنىم ئۈچۈن ھېلىقى نائەھلى كۆرەلمەي شۇنداق قىلىۋاتامدۇر - يە؟

ئايىغى چىقماس خىياللارغا بەند بولغان مەسۇم بىر پەس جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. مەرۇپ بايىقى ئاياغ تاۋۇشىدەك ئاڭلانغان ئاۋازنىڭ ئۆگزىدىن تاشلانغان چالما ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى.

— مەسۇمكا، بىز بايا قورۇنى ئاختۇرۇپ يۈرگەندە ئۇ ئۆگزىنىڭ ئارقا تېمىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قېچىپ كېتىپتۇ، — دېدى مەرۇپ ئويلىنىپ تۇرۇپ، — بۇ نېمە قىلغىنىدۇر، بىزنى قايمۇقتۇرغىنىمىدۇر ياكى تۇتىگۇلنى سېنىڭ بىلەن بىللە ياتقان دەپ پەرەز قىلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدىمۇ - يە؟ ئۇنىڭ قول سالماقچى بولغان ئادىمى سەنمۇ، تۇتىگۇلمۇ، ئەمدى ھېزى بولمىساڭ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، مەسۇمكا، ئەمدى كەچتە ئوت قالاپ ياتما، خەت ئېلىپ، نىكاھ قىلىشۋېلىشقا تېزرەك تۇتۇش قىل. شۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلىرىڭنىڭ يولى ئېتىلىدۇ، دوستلىرىڭنىڭمۇ ئاغزى بېسىقىدۇ.

— شۇنداق قىلايلى، ھەممە گەپ سەندە قالدى، مەرۇپ ئۇكا، — دېدى مەسۇم تىترىگەن ئاۋازدا، — راست دېمىسىمۇ، دۈشمەنلىك بولۇپ قالغاندەك تۇرىمەن.

— دېدىمغۇ، مەسۇمكا، نىكاھسىز بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىگىن دەپ، خۇدا بىر ساقلاپتۇ - دە، بولمىسا سېنى قەست باسار ئىكەن، مۇسۇلمان بالىسى يۈيۈقسىز يۈرسە بىرەر پۈتلىكاشاڭغا يولۇقىدۇ، بايا مەن كەتكەندە، تايىنىڭ قىستاپ كەتكەن بولسا ۋالاق - ۋۇلۇق بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىگەنسەن - ھە، مەسۇمكا، سېنى مارىلايمىز دەپ مەھەللىدىكىلەر كەلگەن بولسا، زىنا قىلىپ يۈرگىنىڭنى كۆرۈپ چىشى قېرىشتىمىكىن، دەيمىنا؟

— ياقەي، ئۇكا، ئۆتكەندە قىلغان نەسىھىتىڭنى ئەستە چىڭ ساقلاۋاتىمەن، جۇمۇ، مەسۇمكاڭنى ئۇنچىۋالامۇ سۇيۇق، بىغەرەز ئادەممىكىن دەپمۇ كەتمە.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، مەن كەتتىم ئەمىسە، ئىشقىلىپ، ھوشيارراق ياتقىن. خۇدا خالىسا، ئەتە كۆرۈشەيلى.

— مەن سېنىڭ يولۇڭغا قارايمەن، ئۇكا، ئىشلارنى تېزرەك پۈتتۈرۈۋېتەرسەن.

— خۇدايىم بۇيرۇسا...

— ماقۇل ئەمىسە...

ئىككىسى تۇن يېرىمىدا ئەنە شۇنداق خوشلاشتى. جىمجىت-لىق ھۆكۈم سۈرگەن مەھەللىدە، دەرۋازىنىڭ غىچىلداپ ئېچىلى-شى، تاقاقنىڭ ئېتىلىشى، يولغا يېيىتىلغان خىش ئۈستىدە ماڭ-غان ئاياغ ئاۋازىنىڭ بىر پەس داۋام قىلىشى بىلەن ئەتراپ يەنە جىمجىتلىق ئىچىدە قالدى. مەسۇم مەرۇپنى يولغا سېلىۋېتىپ ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنىمۇ چىڭگىدە ئىلدى. ئۇنىڭ بايىقى ئىش-تىن تېخىچە تېنى شۈركۈنۈپ تۇراتتى. ھەرھالدا بۇ دۇنيادا رىزقى تۈگىمەپتۇ. ئۇ، شۇنىڭغىلا خۇش ئىدى. ئەگەر مەرۇپ بولمىغاندا، ئۇنى ئىس ئېلىپ ئۆلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ياق، بۇ مەرۇپنىڭ دېگىنىدەك ئالىلانىڭ ئۇنىڭغا قىلغان شاپا-ئىتى — ھايات قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەب. تېخى تۇتىگۈلنىڭ ۋىسالىغا يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ھەسرەت - نادامەت ۋە ئارزۇ - ئارمان بىلەن كەتمەمدۇ؟! ئۇ چاغدا ئۆلسىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدۇ. نېمە بولسىمۇ تۇتىگۈلنى ئۆيگە ئەكىرىۋالغاندىن كېيىن بولسۇن - دە، تۇتىگۈل ئۇ مېنىڭ بەخت قۇشۇم، ئۆيۈمە-نىڭ گۈلى، قەلبىمنىڭ ئۆچمەس چىرىغى، قېرىغاندا تاپقان مۇھەببەت چولپىنىم... مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن. بىزگە ئەمدى ھېچكىممۇ سۇيىقەست قىلالمايدۇ. بىزنى ھەرقانداق كۈچ ئايرىۋېتەلمەيدۇ. بىزنى ھەرقانداق جاللات - قاتىلمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەلمەيدۇ...

مەسۇم يوتقانغا كىرىپ شۇ خىياللارغا غەرق بولدى. ئې-لېكتر چىرىغىنى ئۆچۈردى. ئۆي ئىچى قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ، ئۇنى يەنە سۈر باستى. ئۇ، قورقۇنچ باسقانسېرى، ئۆزى بىلىدى-غان ئايەتلەرنى ئىچىدە ئوقۇپ ئەتراپىغا ھۈردى. كۆزىنى چىڭگىد-دە يۇمۇپ يېتىپ بىر پەستىن كېيىنلا ئۇخلاپ قالدى. ئارقىدىنلا چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر قارا ئىت ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلگەن-

دى، نەدىندۇر پەيدا بولغان تۇتىگۇلمۇ ئىتنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. مەسۇم تۇتىگۇلنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

«تۇتىگۇل، ئۆزىڭىزنى چەتكە ئېلىڭ، غالجىر ئىت ئىكەن!»

تۇتىگۇل ئىتنى ئەمدى كۆرگەن بولسا كېرەك، قورقۇپ كەتكىنىدىن جېنىنىڭ بارىچە چىرقىراپ ئۆزىنى مەسۇمنىڭ قوچىقىغا ئاتتى. مەسۇم تۇتىگۇلنى تۇتۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئىت مەسۇمنى تاشلاپ، تۇتىگۇلگە ئېتىلدى، چوڭلۇقى موزايدەك كېلىدىغان قارا ئىت، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا تۇتىگۇلنى بېسىۋېلىپ تالاشقا باشلىدى، ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش باشلاندى. مەسۇم ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ قارا ئىتنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزالمىدى. تۇتىگۇلنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاھ - ۋاھلىرى ئالەمنى بىر ئالدى...

«تۇتىگۇل! تۇتىگۇل! قارا ئىت سىزنى تالاپ ئۆلتۈرىدىغان بولدى. ۋاي ئەمدى قانداق قىلاي!» مەسۇم ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. قاراڭغۇ ئۆي جىمجىتلىقى ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك بىر ھاڭ ئىچىدە تۇرغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى. ئۇ، چىراغنى ياندۇردى، كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشتى. بايىقى قارا باسقان چۈشتىن ئۇ قارا تەرگە چۆمگەنىدى. مەسۇم كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە ئارتىپ قويغان يۈز لۆڭگىسىنى ئېلىپ باش - كۆزىنى سۈرتتى، كارىۋاتتىن چۈشمەي بىر پەس ئولتۇردى. قانداقلا بولمىسۇن، تۇتىگۇلنى ئۆيگە ئەكېلىۋېلىش كېرەك. دۈشمەنلىك بولۇپ قالغىنى ئېنىق، ئەمما ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. تۇتىگۇلنى ئەتىلا ئۆيگە ئەكېلىۋېلىپ كەتكۈزمەيدۇ، ھەممە ئىش ئۇنىڭ چۈشىگە ئايان بولدى. ئالىمادىن بىر ئىشلار بولۇپ قالسا، تۇتىگۇلدىن ئايرىلىپ قېلىپ، ھەسرەت چېكىپ يۈرگەندىن كۆرە، بالدۇرراق ئۆيگە ئەكېلىۋالغىنى تۈزۈك. «قىزىل خەت»، «نىكاھ - پىكاھ» دېگەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەرنى ئالدىرىماي بىر ياقلىق قىلىنىشالىسىمۇ بولىدۇ. «قىزىل خەت»، «نىكاھ» دېگەنلەر ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بىر شەكىل، مۇھەببەتكە ھېچقاچان توسالغۇ بولالمايدۇ. مۇھەببەتكە نېمە تەڭ كەلسۇن! يەنە كېلىپ قېرىغاندىكى مۇھەببەت بەك تاتلىق بولىدىكەن. مۇھەببەتنىڭ شەرتى بولمايدىغۇ، ئۇنداق شەرتلەرنى ئادا قىلىمەن دەپ يۈرمەي تۇتىنگۈلنى ئۆيگە ئەكېلىشال-سا بولمىدىمۇ.

مەسئۇم باش - ئايىغى يوق خىياللار بىلەن ئولتۇرۇپ كەت-تى. تېرموستىن قايناق سۇ قۇيۇپ بايا قارا باسقاندا ۋارقىراۋې-رىپ قۇرۇپ كەتكەن گېلىنى نەمدىۋالدى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇ ياققا ماڭدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئەتىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى، كۆڭلى بىئارام بولۇپ تۇرات-تى. ۋاقىتنى بىلمەك بولۇپ تام سائىتىگە قارىدى. سائەت ئىستىرېلكىسى ئون بىر يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ، ناھا-يىتى ئۇزاق ئۇخلىغاندەك قىلىشىدى، لېكىن ۋاقىت ئەمدىلا تۈن يېرىمىگە يېقىنلىشىپ قاپتۇ. ئىچى پۇشۇپ تېلېۋىزورنى ئېچىپ باقماقچى بولدى. تېلېۋىزورنىمۇ ئاچتى. سىملىق تېلېۋىزوردا تېخىچىلا شياڭگاڭنىڭ «قاباھەتلىك سۆيگۇ» ناملىق ھېكايە فىلى-مى قويۇلۇۋاتاتتى. ئۇ بۇ فىلىمنى ئىلگىرى كۆرۈپ بولغاچقا تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلىماقچى بولۇۋىدى، ئارقىدىنلا ئېلان بېرىپ قالدى. مەسئۇم ئارقىچە مېڭىپ بېرىپ كارىۋىتىغا ئولتۇر-دى، قىزىقارلىق بۇ ئېلاننى كۆرۈپ ئۇنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچى-لىپ كەتكەندەك بولدى، قۇۋۋەتكە تولغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئېلاندا دەل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىر دورىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بېرىلىۋاتاتتى.

«بور!... بور كاپسۇلى! پاھ - ھا! دەل مېنىڭ ئىزدەيدىغى-نىمدىن ئىكەن، ئەرلىك باھنى كۈچەيتىپ، چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ، تۇغماس خوتۇننىمۇ تۇغدۇرۇۋېتىدۇ، تۇغد-

دىغان خوتۇنلارنى كۆپلەپ تۇغدۇرىدۇ. بۇ دېگەنلىرى راست بولسا نېمىدېگەن چوڭ ئامەت. مانا توي قىلىشىمغا ئۇلگۇرتۇپلا بىر كاپسۇلىنى چىقىرىپتۇ. بۇنىڭدىن ئەتىلا ئېلىپ ئىچىش كېرەك. بىر كاپسۇلى سىزگە راھەت، ھاياتىڭىزغا بەخت ئاتا قىلىدۇ، دېگىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ، مەسۇم، بەلەن ئىش بولدى، بەلەن ئىش!... مەن ئەتىلا توي بولىدىغان قېرى يىگىتمەن، بەيگىگە تاڭشۇرۇلغان ئارغىماقتەك بولۇشۇم كېرەك. مەن خوتۇن ئالىمەن، يەنە كېلىپ ياش چوكان ئالىمەن، خۇددى بەزگە تاشلانغان مۇشۇكتەك قىزغىن، چەبدەس بولۇشۇم كېرەك. مەن بىر ياش خوتۇننىڭ ئىشقى - مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان قېرى يىگىتمەن، لېكىن، بۇ ياش چوكاننىڭ شەھۋانىي نەپسىنى ياش يىگىتلەردەك ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان شەھۋانىي كۈچ بىلەن قاندۇرۇشۇم كېرەك. بولمىسا مەن ئۇنى ئالتۇن زېبۇزىنەتكە بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە كۆمۈۋەتكىنىم بىلەنمۇ بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ، ئۆيۈمگە باغلاپ قويغىنىم بىلەنمۇ ھەرگىز تۇرمايدۇ. ياش خوتۇنغا شەھۋانىي بەز كېرەك، شەھۋانىي بەز، ئۇقتۇڭمۇ، مەسۇم!»

مەسۇم يېرىم پىچىرلاپ تۇرۇپ شۇ گەپلەرنى قىلغان بولدى. ھازىر ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاشۇ دورا كىرىپلىۋالغانىدى. خوتۇن ئېلىشنىڭ ئۆزى بىر جەڭ. ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىڭ ئۆزى ئەرلىك ئىززەت - نەپسىگە باغلىق تۇرسا، يەنە نېمىدەپ ئۇ دورىنى ئىچمەيدىكەن؟! بۇ دورا ئۇنىڭ ياش خوتۇنىنى قولىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش - تۇرالماسلىقىغا باغلىق ھەل قىلغۇچ ۋاستە. ئۇ بولمىسا مەسۇم بەربات بولىدۇ، ئالغان ياش خوتۇنىمۇ ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنىڭ بەزگە قانمىغانلىقى ۋەجىدىن تالاغا قاراپ كېتىدۇ. «ئاھ بىر كاپسۇلى — بۇقا كاپسۇلى! سەن مېنىڭ بۇقىدەك كۈچلۈك تۇرۇپ ياش خوتۇنۇمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىد-

شىمغا ئاتا قىلىنغان جىسمانىي ۋە مەنىۋى روھ!...»

مەسۇم تېلېۋىزورنى ئۆچۈردى. ئەمدى ئۇنىڭغا باشقىسى لازىم ئەمەس ئىدى. ئۆزىگە كېرەكلىك يېرىنى كۆرسىلا شۇ كۇپايە ئىدى. ئۇ، خىلمۇخىل گادىرماچ خىياللىرىنى سۈرۈپ بولغۇچە تۈن نىسپىدىن ئاشقانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىددىيلەشكەن نېرۋىلىرىنى هاردۇق ئالدۇرۇش ئۈچۈن يەنە يوتقانغا كىردى. چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياستۇققا بېشىنى قويۇش بىلەن تەڭ ئۆگزىدە بىرىنىڭ ناهايىتى ئېهتىيات بىلەن ماڭغان شەپىسى ئاڭلاندى، «ئوغرى؟!» — ئىچىدە ئويلىدى مەسۇم، — مېنىڭ ئۆيۈمنى كۆزلەۋاتقان زادى كىمدۇر؟!» ئۇ دەرهال چىراغنى ياندۇردى، شۇئان ئۆگزىدە ئالدىراپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى بىلەن تەڭ كىمدۇر بىرىنىڭ ئۆگزىنىڭ ئارقىسىدىن سىيرىلىپ چۈشكىنى گۇپۇلدەپ يۇگۇرگەن ئاياغ ئاۋازىنىڭ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تۇردى. بۇ زادى قانداق ئوغرىدۇر، مال ئوغرىسىمۇ ياكى خوتۇن ئوغرىسىمۇ؟ مال ئوغرىسى بولسا مېنىڭ تويلۇق ئالغان ماللىرىمنى كۆزلەۋاتىدۇ. ئەگەر خوتۇن ئوغرىسى بولسا، ئۇ جەزمەن ئىمىرەمزە. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇتتۇرۇپ قويغان بۇ ياش چوكىنىنى ماڭا بەرگۈسى يوق! ئىچىگە ئوت كەتكەندەك قىلىپ تۇتىگۇل بىلەن مېنىڭ ئارقامدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈپ نېمە قىلماقچىدۇر، قانداق سۇيىقەست ئويلاۋاتقاندۇر؟! ئادەم دېگەن بۇ مەخلۇق مەغلۇپ بولۇپ چىدىيالماي قالغىنىدا هەر ئىشتىن يانمايدۇ جۇمۇ...

مۇشۇ خىياللارغا بەند بولغان مەسۇم قولىغا بولۇڭدا يۆلەكلىك تۇرغان جوتۇ سېپىنى ئېلىپ قورۇغا چىقتى. قورۇ چىرىغىنى ياندۇردى. دەرۋازا تۈۋىگە بېرىپ كوچىدا نېمە شەپە بارلىقىنى تىڭتىڭلاپ باقتى. مەهەللە غەرق ئۇيقۇدا ئىدى. ئۇ بىردەم دارۋازا تۈۋىدە تۇرۇپ كەينىگە ياندى. قورۇنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىغا بېرىپ قارىيىپ كۆرۈنگەن نەرسىلەرگە كالتەكنى كۈچ بىلەن

ئۇردى. ئۇنىڭ ئۇرغىنى ياكى تەپكىنى پلاستىماسسا خالتىلىرىغا ئېلىپ دۈۋىلەپ قويۇلغان ئەخلەتلەر ياكى ئۆيىنىڭ كونا ئاداسقىلىرى بولۇپ چىقتى. ئۇ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ بۇ قىلىقىغا كۈلكىسى كەلدى. ھېلىلا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سۇر بېسىپ قارا تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى. ئەگەر ئەر يۈرەك باتۇر بولسا شۇئان يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ كىملىكىنى ھېچبولمىغاندا ئىنسانمۇ، جىنمۇ ياكى ئەرۋاھمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ ئۆيىنى مارىلاپ يۈرگەن بۇ شەپىنىڭ زادى كىملىكىنى نېرىدىن بولسىمۇ كۆرگەن بولاتتى. كونىلارنىڭ شەھەر ئېلىنغاندىن كېيىن، باتۇر كۆپىيىدۇ دېگىنى راست ئىكەن، ئوغرى قاچقاندىن كېيىن، قورۇغا چىققىنى نېمىسى، ئۇنىڭدىن كۆرە ئورنىدىن تۇرماي يوتقان ئىچىدە يېتىپلا ۋارقىراپ قويسا بولمايتتىمۇ؟ دېمىسىمۇ چىراغ يېقىپ قويۇۋېدى، ئوغرى قورقۇپ قېچىپ كەتتى! تۇرۇپلا ئۇنى يەنە سۇر باستى. قاراملىقىنى قارا، ئوغرى بىرنەچچە بولغان بولسا، ئۇ قانداق قىلىپ تەڭ كېلەلەيتتى؟ كاللىسىغا بىرنىلا قويسا، قېرى جېنى غىقلا قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى ئوغرى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن چىققىنى ئالەمچە چوڭ ئىش بوپتۇ. ئەتىلا، ياش چوكاننى ئۆيىگە ئەكېلىشنى ئويلاپ، زور تەييارلىق قىلىۋاتقاندا بېشىغا كالتەك يەپ، ئوڭدىسىغا ياتسا، ئۇنى كۆرگەن تۇتىڭگۇلمۇ بىرەر كۈن قاراپ بېقىپلا، ئىش ئەپلەشمەيۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى تاقاپ قېچىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ چاغدا مەھەللە ئالدىدا شەرمەندە بولۇپلا قالماي نۇرغۇن قەرزگىمۇ بوغۇلۇپ كېتىدۇ. مىڭ تەستە كەلتۈرۈۋاتقان خوتۇنىنىڭ قول ئۇچىنى تۇتماي تۇرۇپ ھەممىدىن قۇرۇق قالسا قانداق بولغىنى؟ ئۇ چاغدا ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كېتەر. ياق، ياق! ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇ ئۆزىگە ئاللادىن قۇت ـ ئامەت تىلەيدۇ. ئاللا مۆمىن بەندىلىرىنى نائۇمىد قويمايدۇ. مانا بەخت قۇشىنىڭ پېشانەمگە قونۇشىغا بىرلا ئاخشام ۋاقىت قالدى. بۇمۇ

ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، ئىنسان نىيەتنى دۇرۇس تۇتسىلا ئاللا مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ. نىيەت خالىس ئوخشايدۇ، نىيىتى خالىس ئادەمدىن جىنمۇ قورقىدۇ دېگەن گەپ بار. بابا ئوغرىمۇ چىراغ يېنىشى بىلەن قۇيرۇقىنى خادا قىلدى، يەنى قورقۇپ قېچىپ كەتتى. يالغۇزلۇقتىن بۆكى زېمىنغا چۈشۈپ كەتسە ئېلىپ بېرىدىغان كىشىنىڭ تايىنى يوق ئىدى، نىيىتى خالىس بولغاچقا مانا بىر ياش چوكان ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىۋاتىدۇ. مەرۇپنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا بۇمۇ ئاللانىڭ ھىممىتى. بىرلا ئىش كەم بولۇۋاتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ نىكاھ ئىشى كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەرۇپ ئۇنىڭدىن نىكاھسىز ياش چوكاننىڭ قوينىغا كىرىپ سالارمۇ، ئۇ چاغدا ئاللانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ پالاكەت باسارمۇ، دەپ ئەنسىرەيدۇ. نىكاھسىز بىر ـ ئىككى كۈن خوتۇن قىلغانغا گۇناھكار بولۇپمۇ كەتمەس، خۇدايىم ساقلار، ۋاقتىنچە ئۆزى بىلىدىغان سۈرە ـ ئايەتلەرنى ئوقۇپ تۇرسىمۇ بولار ياكى مەرۇپكە ئوقۇتار، راست، مەرۇپنىڭ ئۆزى بارغۇ، چالا ئوقۇسىمۇ، بىرگە ھېساب، قالغىنىنى خۇدايىم كەچۈرىدۇ، مەھەللىدىكىلەر نېمە دېسە دېسۇن، بەندىنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس... توغرا، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئەتە ھېلىقى «بۇقا كاپسۇلى»نى ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، «گۇلىستان»دا دەۋاتاتتى. ئۇنى ئىچىپ راسا بىر كۈچلىنىۋالسا، تومۇر ـ تومۇرلىرى چىڭقىلىپ روھى جۇش ئۇرسا، پەيلىرى ئوقيانىڭ كىرىچىدەك چىڭقىدە تارتىلىپ تۇرسا، ھەربىر ئاتقان ئوقى كۆڭۈلدىكىدەك تەگمەمدۇ. ھەي ـ ھەي بور كاپسۇلى، بۇقا كاپسۇلى راستىنلا بۇقىدەك ئۇركۇتۇۋەتسەڭ نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە. ئەتە ئۇنى جەزمەن ئالىدۇ، تۇتىگۇلگە كۆرسەتمەي ئالىدۇ، كۆرسەتمەي ئىچىدۇ، تېخى بەدىنىدە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ بارلىقىنى، ھەرگىزمۇ قېرىپ قالمىغىنىنى بىر نامايان قىلىدۇ... تۇتىگۇل ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس بولۇپ قېتىپلا قالىدۇ.

مەسئۇم ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈنغا سوزۇلغان خىياللار بىلەن تورۇسقا قاراپ ياتتى. كۆزىگە ئۇيقۇمۇ كەلمىدى. خىياللارنىڭ تولىلىقىدىنمۇ ياكى تۇتىگۇلنى ئۆيگە ئەكىلىۋىلىشىنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇدىن يىراق ئىدى. بىردىنلا باش توخۇنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەسئۇم بۇنىڭدىن ھەيران بولدى. تۈن كىچە چىللىغان توخۇ زادى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، بۇمۇ مەرۋېتىنىڭ پەتىۋاسى ئىدى. ھازىر راستتىنلا تۈن كىچىمىدۇر؟ ئۇنىڭ بۇ گۇمانلىرىغا جاۋاب بەرگەندەك بىر ئازدىن كېيىنلا نېرىقى مەھەللىدىكى مەسچىتتىن بامدات نامىزىغا تۇرىدىغانلارنى ئويغىتىدىغان «سالات» ئاۋازى ئاڭلاندى:

«ئەسسالاتۇخەيرۇل مىنەلنەۋۇم!...»

تاڭ ئېتىپ قاپتۇ. كېچىچە كىرپىك قاقمىغان مەسئۇم ئەمدى ئۇگىدەك بېسىۋاتقىنىنى سەزدى. شېرىن ئۇيقۇ ئۆزىنىڭ غالىب كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇگۈنكى كېچە ئاۋۋال شېرىن ھەمسۆھبەت، ئاندىن ئەنسىزچىلىك، ئاخىرىدا بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن تۈگىمەس خىياللار بىلەن ئۆتتى. يالغۇزلۇقنىڭ شۇنداق يەرلىرى يامان ـ دە، مۇبادا تۇتىگۇل يېنىدا پۇشۇلداپ ئۇخلىغان بولسا، مەسئۇممۇ ئۇيقۇدىن قېلىپ، قۇرۇق خىياللار بىلەن تاڭ ئاتقۇزمىغان بولاتتى. كېچىچە ئۇيقۇسىز قالدى، ئەمدى ئازراق كۆز ئىلىۋالمىسىمۇ بولمايدۇ. ئەتىكى ئىشلار، ياق بۈگۈنكى ئىشلار ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۈگۈن كېچە تۇتىگۇل بىلەن دىدارلاشقاندا كۆزىگە ئۇيقۇمۇ كەلمەس، ياش چوكاننىڭ شەھۋانىي ئىشقى پۈتۈن بەدىنىگىنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىدىن، ئىلىك ـ ئىلىكلىرىگىدىن كېلىدىغان روھنى قوزغايدۇ... مەسئۇم شۇلارنى ئويلىغىنىچە، كۈن قىزىلىدا شېرىن ئۇيقۇ ئۇچۇن جان پىدا قىلىپ، غەرق مەست ئۇخلايدىغان بەندىلەر قاتارىدا تىمتاسلىق ئىچىدە پۇشۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يەتتىنچى باب

كۈن چىقتى. مەسۇمنىڭمۇ كېچىچە كۈتكىنى شۇ ئىدى. ئۇ، كىچىككىنە بولسىمۇ قىيىنىپ ئۇخلىغانىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ناھايىتى كۆپ. ئالدى بىلەن دورا سېتىۋالىدۇ، ئاندىن پىششىق يېمەكلىكلەردىن كۆپلەپ ئېلىشى كېرەك. ئا-ساسلىق ئىشنى بۈگۈن پۈتتۈرۈۋېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ غە-نىيمەت. تۈنگۈلمۇ يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپ ئۆيگە قامىلىپ ئول-تۇرۇپتۇ. تەنھا جېنىغا ئۆي ئىجارە ئېلىش، قازان قاينىتىش... دېگەنلەرگە تالاي پۇل كېتىدۇ. شۇڭا مەسۇم بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋەرسۇن، ھامان بىر ياستۇقتا باش قويىدىغان بولغاندىكىن، كەينىگە سۆرەشنىڭ نېمە ھاجىتى...

مەسۇم شۇ قارارغا كېلىپ ئەتىگەندىلا مەرۇپنى ئۆيدىن چا-قىرىپ چىقتى. ئاخشام تاپشۇرغان ئىشى بويىچە ئۇنى تاكسى بىلەن يولغا سالدى ـ دە، ئۆزى بازارغا كەتتى. بۈگۈن ئۆيگە گۆش، ياغ، ئوتياش ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملارنى ئەكەلمىسە بولمايدۇ. غورىگىل تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئەسكى ئادىتىنى بۈگۈن يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ يېڭىچە بىر ئادەت تىكلىشى كېرەك. چۈنكى ئۇ بۈگۈن ئۆز تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان بىر گۈزەل جانانىنىڭ ۋەسلىگە يېتىدۇ. بۇ چوڭ ئامەتنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن تېز تۇتۇش قىلىش كېرەك. مەسۇم بۈگۈن بازاردا پۇلنى ناھايىتى سېخىيلىق بىلەن خەجلەۋې-تىپ ئاشۇ خىياللار بىلەن بەند بولدى. كۆڭلى بولسا ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن قوزغالغان ئوتلۇق مۇھەببەت بەئەينى ماگمىدەك قايناۋاتاتتى. ۋاھ، ياش يى-گىتلەرنىڭكىدەك چاپچىپ تۇرغان كۆڭلىگە ھېچنېمە تەڭ كېلەل-مەيتتى. ساقىلىنى پاكىز قىرغان، خۇشبۇي ئەتىرنىڭ ھىدلىرى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇرغان مەسۇمنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئەر ـ

ئاياللار ئۇنىڭغا بىر قارىۋەتمەستىن ئۆتۈپ كەتمەيتتى. يېڭى شىدە-لەپە، يېڭى كاستۇم - بۇرۇلكىسى، پارقىراپ تۇرغان شىبلىتى، ھەتتا پۇتىغا كىيىۋالغان قارامتۇل يىپەك پايپاقلىرىدىن ئۇنىڭ تويى بولىدىغان ياش يىگىتتىنمۇ بەكرەك كەيپى چاغ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

بازارلىقنى ئېلىپ بالدۇر قايتقان مەسۇم ئۆيگە كېلىپلا ھەممىنى جاي - جايىغا قويۇپ ئۆينى راسلىدى. ئۆي - جاھازلىرىنى ئەكەلگەن مەھەللە ھارۋىكەشمۇ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. يېڭى دەۋر پاسونىدىكى ئۆي جاھازلىرى، مەسۇمنىڭ غېرىب كۆڭلىنى ئاجايىپ تۇسكە كىرگۈزدى. مەسۇم بويتاق ھۇجرىسى بىلەن ئەمدى مەڭگۈلۈككە خوشلاشماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. تۇتىگول بوسۇغىدىن قەدەم باسسىلا مەسۇمنىڭ ئىلگىرىكى ھەممە ھالىتىگە — يالغۇزلۇقتىن مۇڭ - ھەسرەتكە پېتىپ ئولتۇرۇشىغا، ئۆي ئىچىدىكى مەينەتچىلىككە، بويتاقچىلىقتىن پەيدا بولغان روھسىز، چۈشكۈن شەھۋانىي ئىشقىغا خاتىمە بەرگىلى بولاتتى. مانا ئەمدى ئۆيمۇ يېڭىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. مەرۇپ كەلسىلا ھەممە ئىش پۈتىدۇ...

مەسۇمنىڭ خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا قورۇدا ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. مەسۇم ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى. مەرۇپ قايتىپ كەلگەنىدى. مەرۇپ ئۆيگە ئۇنچىقماي كىرىپلا مەسۇمنىڭ قولىغا ئالتۇن زەنجىر، ئالتۇن زىرە، ئالتۇن بىلەزۈكلەرنى تۇتقۇزۇپ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى.

— ئالتۇننىڭ سۈرى بار جۇمۇ، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ قولياغلىقنى قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — كەم دېگەندە يەتتە مىڭ تەڭگىلىك ئوقەت ئىكەن. يولدا چۈشۈرۈپ قويماي دەپ قويۇن يانچۇقۇمنى ماڭدامدا بىر تۇتۇپ ماڭدىم. يائاللا، دۇنيا بولمىسا ئۇنىڭ دەردى، بولسا ئۇنىڭ تەشۋىشى... ئەمدى يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نېمەڭ كەم؟ ئۆي جاھازلىرىنى بىردەمدىلا كەلتۈرۈپ بولۇپسەن، چاققان ئىكەنسەن جۇمۇ.

— ئوكا، سەن بولمىساڭ قانداق قىلاتتىم، — دېدى مەسۇم خۇش بولۇپ، — تۇغقىنىممۇ سەن، قوشنامممۇ سەن، ئاغىنەممۇ سەن بولدۇڭ، تويدا ساڭا بىر يىگىتلىك بوسۇت قىلايچۇ، يىگىت قولدىشى بولىسەن ـ دە ماڭا!

— ۋاھ، قېرى يىگىتكە، قېرى قولداش! بەلەن ئوقەت بولدى ـ دە، — مەرۇپ شۇ گەپ بىلەن تەڭ ھۆزۈرلىنىپ كۈلدى، مەسۇممۇ ئەگەشتى.

— كەل، ئىككىمىز ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ يەنە مەسلىھەت قىلىشۋالايلى، — دېدى مەسۇم بايا بازاردىن ئەكەلگەن تاتلىق - تۇرۇملارنى جوزىغا تىزغاندىن كېيىن، — قارا، ئوكا، سەن بولمىساڭ خوتۇننى قانداق ئالاتتىمكىنتاڭ؟

— خوتۇننى مەن ئۇچۇنلا ئېلىپ بېرىدىغاندەك قىلىۋاتىسەن-غۇ، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپمۇ ئۇلاپلا، — مەسلىھەت دېگىنىڭ شۇ گەپمىدى؟ يە باشقا گېپىڭمۇ بارمۇ؟

مەسۇم چاي ئىچكەچ ئاخشامقى چۈشنى ئۆردى. مەرۇپ ئۇنىڭغا چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتمايلا قويدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىمۇ بىر تۈگۈن باردەك قىلاتتى. تۈنۈگۈنكى «مورا ۋەقەسى» ئۇلارغا ھوشيار بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەندەك قىلاتتى.

— ياش چوكان ئېلىۋاتىسەن، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، — شۇڭا دۈشمىنىڭ يوق دېگىلى بولمايدۇ، ھەر ھالدا باشقىلارنىڭ خوتۇننى بۇلىۋالمىساڭمۇ، ئالماقچى بولغان لايىقىنى تارتىۋالدىڭ، بۇغۇ خوتۇننىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش، يەتتىنچى خوتۇنۇڭنى ئېلىش ئالدىدا تۇرۇ-سەن، ئەمدى ئۆيكەڭنى بېسىۋېلىپ مۇشۇنىڭ بىلەن توختاپ قالساڭ بولامدىكىن، قېرىپ پۈت ـ قولىنىڭ مادارى كەتمەيدىغان كىم بار؟ مىڭ ياشقا كىرگەن لوقمانمۇ، ئۆلۈمگە ھىيلىلەر

قىلغانۇ، ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىغان، بەندە ھاياتقا، خۇددى سەن خوتۇنغا تويمىغاندەك تويمايدۇ، ياش پېتى تۇرسام دەيدۇ، لېكىن تەقدىر رەھىمسىز كېلىدۇ. ئەتىلا قېرىپ ھاسىغا چۈشىسەن، كۆزۈڭ ئاجىزلايدۇ، تەمتىلەيسەن، پۇتۇڭدا قۇۋۋەت قالمايدۇ، ئالدىڭغا كەلگەنگىلا ئىگە بولىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىسەن. مۇشۇ ئالغان خوتۇنۇڭ ئىنساپلىق بولسىلا كەلگۈسىدە ھاجىتىڭدىن چىقىدىغان دىيانەتلىك ئايالىڭ بولۇپ قالىدۇ، ئۇ تېخى ياش، سەن قېرىدىڭ، شۇڭا ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىل، ۋاپادار ئەر بول، ئۇ سېنى ئالدىدا ئۇزىتىۋېتىپ، ئارقاڭدا يىغاڭنى يىغلاپ، «ۋاي مۇرەببىيىم، مۇرەببىيىم، سېنى قانداق ئۇنتاي، مۇرەببىيىم، سېنىڭغۇ ئۇنتۇرمەن، ھېلىقى بىرنېمەڭنى قانداق ئۇنتۇرمەن!...» دەپ يىغلاپ قالسۇن جۇمۇ.

— گەپنىڭ ئاخىرىنى چاقچاققا ئايلاندۇردۇڭغۇ، گۆش! — دېدى مەسۇم مىيىقىدا كۈلۈپ، — سېنىڭ چاقچاق ئارىلاشتۇرمايدىغان گېپىڭ زادى يوقمۇ؟! مۇشۇنداق پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ تۇرغىنىمدا يوقىلاڭ گېپىڭنى قوي. مەن ئەمدى تۇتىڭۇلنىڭ قېشىغا باراي، ئۇ مېنى كۇتۇپ كۆزى تۆت بولدى، باشقا گېپىڭ بارمۇ؟

— يەنىلا نەسىھەت گېپىم، مەسۇمكا، ھازىرچە نەپسىڭنى يىغىپ تۇر. نىكاھ ئوقۇماي تۇرۇپ، ئادەمنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ يۈرمە، ئۆيۈڭنىمۇ ياسىدۇق. ئالتۇن جابدۇقۇڭنىمۇ تەييارلىدۇق. نىكاھىڭلا قالدى. ئىككى مۇسۇلماندىن تۆرەلگەن بەندىسەن، بىزنىڭ كۆزىمىزنى بويىغىنىڭ بىلەن ياراتقان ئىگىسىنىڭ ئالدىدا ئاشكارىلىنىپ قالىسەن. مەسۇمكا، ھەممە بالايىئاپەتنىڭ باشلىنىشى زىناخورلۇقتىن كېلىدۇ، بىلەمسەن؟

— بولدى، بولدى، ئۇكا، نىكاھ قىلماي تۇرۇپ يەڭگەڭگە چېقىلىشقا بولمايدۇ، بىلىۋاتىمەن، بۇ نەسىھىتىڭنى ئېسىمدە تۇتىمەن. ماڭا قارىغىنا، ئامالسىزلىقتىن چالا ـ بۇلا تېگىپ كەتسىمۇ بولمامدۇ، ئۇكا؟

— مانا، مانا يەنە كونا كېسىلىك قوزغىلىپ جۆيلۈگىنى تۇردۇك، مەسۇمكا، — دەپ تېرىكتى مەرۇپ، — زادى بولمايدۇ، دېدىمغۇ، قىزىل خېتىڭنى ئۆزۈملا مېڭىپ ھەل قىلاي، ئاندىن موللا كىچىكئاخۇننى باشلاپ كېلىپ نىكاھ ئوقۇتۇۋالايلى، ئاندىن نېمە قىلساڭ قىلمامسەن، كىم بىلەن كېمىنىڭ نېمە كارى؟

— خوپ، دېگىنىڭ ئورۇنلۇق، مەرۇپ ئۇكا، ئەمىسە مەن ماڭاي. سېنى ئۆيدىن ھەيدىگەندەك قىلىۋاتىمەن. خاپا بولماسسەن؟

— بىلىۋاتىمەن، ياش خوتۇنۇڭنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىسەن — دە.

— كۆڭلۈمنىڭغۇ چۈشىنىپ تۇرسەن، ئۇكا، ئەمما، ئاشۇ بەزنى يېگۈزگىلى قويماۋاتىسەن — دە، خەت — پەت، نىكاھ — پىكاھ دېگەنلەر چاپچىپ تۇرغان كۆڭۈلنى توسۇيالامدۇ؟ بەزنى يەپ بولۇپ ئاندىن خەت ئالساقمۇ، نىكاھ ئوقۇساقمۇ بولاتتى…

— مانا، مانا يەنە جۆيلۈدۈڭ … سەن ئاۋۋال تۇتىنگۈلنى ئەكەلگىن. مەن يەنە سەن بىلەن مۇشۇ ئۆيدە بىللە بولىمەن. بولمىسا، تۇتىنگۈلگە نىكاھسىزلا چېقىلىپ قويغۇدەكسەن.

— كەچتىچۇ؟ — سورىدى مەسۇم كۈلۈشنى ياكى يىغلاشنى بىلمىگەن بىر ھالەتتە چىرايى ئۆزگۈپ.

— كەچتە ئۆيىگە تاكسى بىلەن يولغا سېلىپ قويىسەن. نىكاھسىز بىللە بولساڭ ئۆيۈڭ تۈزۈيدۇ، ئۆيۈڭدە بەرىكەت بولمايدۇ، مەھەللىنى بۇلغايسەن، سەن شۇنچە ياشقا كىرىپ بۇ ئىشنى قىلساڭ، ياشلار سەندىن ئۆگىنىپ نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ ئويلاپ كۆر، «ئورۇك ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، سەن ئىززەت — ھۆرمىتىڭنى، بولغۇسى ئايالىڭنىڭ ئىززەت — ھۆرمىتىنى ساقلىشىڭ كېرەك، بولمىسا مەھەللىدىكىلەر خوتۇنۇڭنى كۆزىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. قانداق دەيسەن، ھە، راست، ئۆيۈڭگە ئەتىر چېچىۋېتىشنى ئۇنتۇما!

— ماقۇل، ئۇكا، ماقۇل، — دېدى مەسۇم بىر پەس ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، ئەمىسە مەن ماڭدىم...

مەسۇمنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئېيتىلىۋاتقاندەك بىرخىل سۇس كەيپىيات ئىچىدە ئاڭلانغانىدى. ئادەمنىڭ ئاغزىدا دېگىنى ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە ئويلىغىنى ھېساب. مەسۇم كۆڭلىدە قانداق ئويلارنىڭ بارلىقىنى مەرۇپكە تولۇق دېمىگەنىدى. مەرۇپمۇ ئۇنىڭ نەسىھەتكە قۇلاق سېلىپ شەرىئەت يولىنى تۇتۇشىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇلار ئىككىسى ئەنە شۇنداق سىرلىق خىياللارغا چىرمىلىپ، كۈن چۈشتىن قايرىلغاندىلا خوشلاشتى. مەسۇم تاكسى توسۇپ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرى تەرەپكە يول ئالدى. مەرۇپ مەسۇمنى ئۇزىتىۋېتىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

مەسۇم «گۈلىستان» سودا سارىيى ئالدىدا تاكسىدىن چۈشتى، ئاخشام تېلېۋىزوردىن كۆرگەن «بۇقا كاپسۇلى» مۇشۇ يەردە سېتىلاتتى. ئۇ، بۇ دورىنى ئالغانلىقىنى تۇتىگۇلدىن مەخپىي تۇتقۇسى كەلدى. دورىنى ئالدىيۇ، تۇتىگۇلنىڭ قېشىغا ئەمەس، يەنە ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. ئۇ بۇ دورىنى ئىچكەندىن كېيىن، قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۈنۈمىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى مال ساتقۇچىدىن بىلىۋالغانىدى. ئارىلىقتىكى ۋاقىتنى ھېسابلاپ كۆردى، ئۆيىدە ئارامخۇدا دورىنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئالتۇن جابدۇقلارنى ئېلىپ تۇتىگۇلنىڭ يېنىغا بارسىمۇ ئۈلگۈرەلەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. مەسۇم ئۆيىگە كىرىپلا ئالدىراپ - تېنەپ دورا شىشىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى - دە، ئەتىگەن پىيالىدە قالغان قايناق سۇ بىلەن ئىچىۋەتتى. ئۇ بەكمۇ ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى مەرۇپ كىرىپ قالغۇدەك بولسا بىرمۇنچە ئىش تېرىپ بۇ نازۇك ئىشقا پۇتلىكاشاڭ بولماي قالمايتتى. ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ئۆيدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. دې-

گەندەك، سىرتتا يەنە ئايىغ تاۋۇشى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا مەرۇپ-نىڭ «مەسۇمكا» دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئىمىلەرنى تىقىشتۇرۇپ كىتىۋاتىسەنۇي، مەسۇمكا، — دىدى مەرۇپ بوسۇغا ئاتلاپلا، — شۇنچىلىك تىز بىرىپ كەلدىڭمۇ، قىنى تۇتىگۇل، كۆرۇنمەيدىغۇ، مەندىن قىزغىنىپ يوشۇرۇپ قويدۇڭمۇ - يە.

— يوشۇرۇپ قويىدىغان قونچاقمىتى يەڭگەڭ، — دىدى مەسۇم مەرۇپنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولغىنىغا تىرىكىپ، — سىنىڭسىز بىرەر ئىش قىلغىنى بولارمۇ؟

— مىنىڭسىز ئىش قىلالمايسەن، مەسۇمكا، — دىدى مەرۇپمۇ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، — ساڭا جۇۋالدۇرۇز كىرەك، بولۇپمۇ مىنىڭ جۇۋالدۇرۇزۇم كىرەك، ئەقىللىقا ئىشارە، نادانغا جۇۋالدۇرۇز دىگەننى بىلمىگەنمىدىڭ، بولمىسا ئىشنى بۇزۇپ قويىسەن، مەقسىتىڭگىمۇ يىتەلمەيسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەسۇم تىرىكتى. ئۇ ئۆزىدىن خىلىلا كىچىك بىر شۇمتەكنىڭ ئۆزىنى شۇنچىلىك چۇشۇرۇۋاتقىنىغا چىدىيالمىدى.

— مەرۇپ ئۇكا، ئۆزۇڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا دىگەن گەپ بار جۇمۇ، — دىدى مەسۇم قولىغا قولۇپنى ئىلىپ ۋە مەرۇپنى ئۆيدىن ھەيدىگەندەك قىلىپ تالاغا ماڭدى، — مەن كەتتىم، كىچىدە ئاۋارە بولۇپ ئۆيۈمنىمۇ كۆزەت قىلىپ يۇرمە، ئەمدى ھىچ ئىش بولمايدۇ. ئالتۇن جابدۇقلارنىمۇ ئىلىۋالدىم.

— تۇتىگۇلنىڭ بويىنىغا ئىسىپ قوياي دەپسەن - دە، مەسۇمكا، بولمىسا ئۆيۈڭگە كەلمەسمىكىن، ئۇركۇتۇپ قويغان ئوخشىمامسەن؟

— گۇزەل چوكانغا ئالتۇن زىبۇ زىننەت يارىشىدۇ، — دىدى مەسۇم مەيدىسىنى كىرىپ تۇرۇپ، — ئۆزۇڭدىن بۇيان خوتۇن

يۈزى كۆرمىگەن مەندەك بىر بويتاق ئۇچۇن بۇ تېخىمۇ قالتىس ئىش، ئاپاڭنى داداڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە دېگىنىمۇ شۇ. يەڭگەڭنى ئۆيۈمگە پەردازسىز باشلاپ كەلمەي دەۋاتىمەنغۇ، ئۇكا، قانداق دەيسەن؟

— شۇنداق قىل، مەسۇمكا، — دېدى مەرۇپ بىر ئاز كىنايە ئارىلاش، — دۇنيادا بىر سەنلا خوتۇن ئېلىۋاتقاندەك قىلىۋاتىسەنغۇتاك...

— خوتۇن ئالماق مۇھىم، — دېدى مەسۇم تالا ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىۋېتىپ، — خوتۇنسىز تۇرمۇشنىڭ تەمى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ.

ئۇلار ئىككىسى يەنە مەھەللە دوقمۇشىدا ئايرىلىشتى. مەسۇم تاكسى توسۇپ ئۇدۇل تۇتىگۇلنىڭ قېشىغا راۋان بولدى. مەسۇم تۇتىگۇلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تاكسىدىن چۈشكەندە، مەسۇمنى ئۆيىدە كۈتۈۋېرىپ زېرىككەن تۇتىگۇل ئىشىكنى ئەمدىلا ئېتىپ كوچىغا ماڭغانىدى. ئىشىك ئالدىدا تۇتىگۇلنى كۆرگەن مەسۇم بىر پەس ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. تۇتىگۇل ئۇنىڭ كۆزىگە بۆلەكچىلا گۈزەللىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئەمدى كەلدىڭىزمۇ؟ — سورىدى تۇتىگۇل بىرخىل نازۇكەرەشمە بىلەن رەنجىگەندەك قىلىپ، — كۈتۈۋېرىپ زېرىكتىم، ئۆيگە نەرسە - كېرەكلەر ئەكىرەي دەپ ماڭغانىدىم.

مەسۇم تاكسىنى يولغا سېلىۋېتىپ، تۇتىگۇلنىڭ قولىدىن ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئالدىدا ئۆزى كىردى. ئارقىسىدىن كىرگەن تۇتىگۇلنى بۇرۇلۇپلا قۇچاقلىدى ۋە بىر قولىدا ئىشىكنى چىڭگىدە تارتىپ تۇرۇپ ئىلغۇچىنى ئىلدى.

— جېنىم تۇتىگۇل، مېنىڭدىن رەنجىمىگەنسىز؟ — دېدى ئۇ تۇتىگۇلنىڭ بېلىدىن ئىككى قوللاپ قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتىپ، — سىزنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىڭىزنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپتىمەن، يېرىم يولدا ئۆيگە يەنە قايتىشقا توغرا كەلدى. شۇڭا،

كېچىكىپ قالدىم، مېنى كەچۈرۈڭ، جېنىم.

مەسۇم شۇ گەپلەرنى قىلغاچ يانچۇقىدىن ئالتۇن جابدۇقلارنى ئېلىپ، ئالدى بىلەن تۇتىگۇلنىڭ بويىنىغا ئالتۇن زەنجىرنى تاقىدى، ئارقىدىن چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىدىكى يالغان ھالقىنى ئېلىۋېتىپ ئورنىغا ئالتۇن زىرىنى تاقىدى. نازۇك، ئاپئاق بارماقلىرىغا قوش ئۆيۈل ئالتۇن ئۈزۈكنى تاقىدى.

— ئۈزۈكمۇ ئاپسىز ـ دە، — دېدى تۇتىگۇل بايىقى ئاچچىقى نەلەرگىدۇر يوقالغاندىن كېيىن ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، — بەكمۇ چىقىمدار بوپسىز.

— ياقەي، سىز ئۈچۈن جېنىمدىن باشقا ھەممە نەرسىنى سېلىپ بېرىشكە رازىمەن، — دېدى مەسۇم تۇتىگۇلنىڭ غۇنچە لېۋىدىن بېسىپ سۆيگەندىن كېيىن، تىترىگەن ئاۋازدا، — بۇ يەردە يەنە بار، — ئۇ ئالتۇن بىلەزۈكنى چىقىرىپ، تۇتىگۇلنىڭ بېلىكىنى تۇتتى ۋە نېپىز گىرىپ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى تۈرۈپ قويۇپ، بىلەزۈكنى سېلىپ قويدى.

— پاھ ـ ھا! قىز تويى قىلغۇدەكسىز، — دېدى تۇتىگۇل نازلىنىپ، — مەن چوكان تۇرسام.

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قىز تويى دېگەن نېمە؟ — دېدى مەسۇم ۋە تۇتىگۇلنى قۇچاقلاپ دەس كۆتۈردى ـ دە، كارىۋاتقا ئەكېلىپ باستى. ئۇنىڭ شەھۋانىيلىقى ئويغانغانىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، شۇنچە ئالتۇن جابدۇقنى بەرگەندىن كېيىن نېمىلا قىلسا بولۇۋېرەتتى. شۇڭا، ئۇ، دەرھاللا تۇتىگۇلنىڭ ئىشتان پايپىقىنىڭ بېغىغا ئېسىلدى.

— قوشنىلار كىرىپ قالسا، نومۇستىن ئۆلگىنىمىز شۇ، — دېدى تۇتىگۇلمۇ زەئىپ ئاۋازدا تىترەپ سۆزلەپ، — كۈندۈزى ئۇنداق قىلمايلى، كۆن خالىمايدۇ، كۆن چىرقىرايدۇ، مەسۇم، يامان بولىدۇ. كەچتە سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كېتەيلى، شۇ يەردە تۈنجى توي كېچىسىنىڭ شېرىن پەيزىنى سۈرەيلى. بۇ

يەردىكى دەككە ـ دۈككىچىلىكتە ھەقىقىي لەززىتىنى چىن يۈرۈ-كىمىزدىن ھېس قىلىپ، چاڭقىغان دىلىمىزنى قاندۇرالايمىز. بۈگۈن كەچتىن باشلاپ مەن سىزنىڭ، مەسۇم، ھازىر ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالايلى.

— ئۆزۈمنى ئۇتتەك ئۇرۇپ تۇرغاندا، رايىمنى قايتۇرىسىز ئەمەسمۇ، تۇتىگۈل، نېمىشقا شۇنداق قىلىسىز؟ مۇشۇنداق ئۇش-تۇمتۇت تۇتۇشۇپ قېلىشنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق قىزىقى بولىدۇ، يۈرەككە داۋا لەززىتى بولىدۇ ئەمەسمۇ، نېمىشقا، مېنى چۈشەن-مەيدىغانسىز؟ دېمىسىمۇ كونىلارنىڭ كاۋاپ نېمىشقا تاتلىق دېسە، كۆلگە مىلەپ يېگەچكە، جالاپ نېمىشقا تاتلىق دېسە، ھاپىلا ـ شاپىلا ئەتكەچكە دېگىنى راست جۇمۇ.

— ھە، مېنى جالاپ كۆرۈۋېتىپسىز ـ دە، مەسۇم، — دېدى تۇتىگۈل بىردىنلا رەنجىپ ۋە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشتىنىنى ئوڭشاپ كۆڭلىكىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

— ياق، ياق، بۇ بىر تەمسىل، جېنىم، — مەسۇم قىلغان گېپىگە پۇشايمان قىلىپ ئاغزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى. ھەيران بولغان تۇتىگۈل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالمىغاندا يەنە نەچچىنى ئۇرۇ-دىغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

— ئوينىشىپ دېگىنىم ئۇ، — دېدى تۇتىگۈل مەسۇمنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، مەسۇممۇ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى. ئىككىسى يەنە بىردەمدىلا يارىشىۋالدى.

بۈگۈن ئۇلار ئالدى بىلەن «چىمەنزار» رېستورانىدا تۇنجى توي مۇراسىمىنى پىنھان ئۆتكۈزۈشىدىغان بولۇشتى، تۇرۇپلا بۇنىڭدىن يالتايدى. شەھەرلىك مەدەنىيەت مەركىزىگە بېرىشنى ئويلاشتى. ئۇ يەرنىڭ ئايرىم خانىلىرىدا بەكمۇ ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرغىنى بولىدىكەن. تۇرۇپلا بۇ يەردىنمۇ يالتايدى. دەريا بويىدىكى سەيلە ـ ساياھەت رېستورانلىرىنىڭ بىرىگە بارسۇنمۇ؟ لېكىن بۇ يەردىكى رېستورانلارنىڭ ئەتراپى تەرەتخانىغا ئايلىنىپ

رېستوراندا ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ دىمىقىغا دەريا سۈيىنىڭ نەم-خۇش سالقىن ھاۋاسى بىلەن تەڭ نىجاسەتنىڭ بەتبۇي پۇرىقى كېلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر قېتىم، رېستوران ئارىلاپ تۇتىگۈلنى ئىزدەپ يۈرگىنىدە شۇ يەرگە كىرگەنىدى. ياق، يەنىلا «چىمەنزار» ياخشى! شۇنداق قىلىپ توي مۇراسىمىنى ئىككىسى يالغۇزلا «چىمەنزار»دا ئۆتكۈزىدىغان، ئاندىن ئەلياتقۇغا يېقىن مەسۇمنىڭ ئۆيىگە كېتىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى. مەسۇم ئەمدى ئۆيىدىن تۇتىگۈلنى كەتكۈزمەيدىغانلىقىنى «قىزىل خەت»، «نىكاھ» دېگەنلەرنى «شېرىن ھەپتە» ئۆتكەندىن كېيىن ئالسىمۇ كېچىكمەيدىغانلىقىنى قايتا- قايتا تەكرارلاپ، تۇتىگۈلنىڭ قولىقىغا قۇيۇۋەتتى.

«چىمەنزار» رېستورانى ئاۋات ئىدى. ئۇلار ئايرىم ئۆيدە ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلاندى. ئۇلار بىر پەس تانسا ئويناپ، يەپ - ئىچىشكەندىن كېيىن، تۇرۇپلا مەسۇمنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېلىپ قالدى. تۇتىگۈل ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— ماڭا قارىڭا، تۇتىگۈل، — دېدى مەسۇم تۇتىگۈلنىڭ ئېڭىكىنى ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، — كۆڭلۈمگە بىر يېڭى ئىش كېلىۋاتىدۇ، مەن سىز بىلەن رېستوراندا تونۇشقان، رېستوراندا مۇھەببەتلەشكەن. مەن مۇھەببىتىمىزنىڭ خۇددى مۇشۇ «چىمەنزار» رېستورانىدەك مەڭگۈ يېشىللىق ئىچىدە ياشناپ تۇرۇشىنى، ھەرگىزمۇ سولۇپ، سارغىيىپ قالماسلىقىنى خالايمەن. بىز توي مۇراسىمىمىزنى يەنىمۇ ئەۋجىگە چىقىرايلى، شۇڭا، بىز بۇ يەردە بىردەم ئولتۇرۇپ ئاندىن «قىزىلگۈل» رېستورانىغا يۆتكىلەيلى. بىزنىڭ كېيىنكى ھاياتىمىز، بولۇپمۇ سىزنىڭ مەندەك بىر قېرىغا تەقدىم قىلغان ياش ھاياتىڭىز قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك رەڭ ئېلىپ، رەڭدار قىياپىتىنى خەلقىئالەم ئالدىدا نامايان قىلسۇن.

— ۋىيىيەي، ئەجەبمۇ شائىرلاردەك گەپ قىلىدىكەنسىز!

مەسۇم، — دېدى تۇتىگۈل نازۇكەرەشمە بىلەن، — كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ نەرسە ـ ھە! كۆڭلۈممۇ شۇنداق قىلساق دەپ تۇيۇپ تۇراتتى. مانا سىز ئېغىزىڭىزدىن چىقىرىۋاتىسىز. ئاھ خۇدا! سىزگە مېنى ئۇچراشتۇرغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ كۆڭلۈمدە بىر ئىللىق ئىشقى سەۋدايىلىق ئويغانغانىدى، قېرى ئادەمگە نېمانچىۋالا قىلىمەنۇي، دەپ سىزنى ئۆزۈمگە سەت كۆرسىتىش ئۈچۈن زورمۇزور يامان تىللار بىلەن تىللىدىم، لېكىن، سىز يېپپىشىپ تۇردىڭىز...

— قاچقاننى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، جېنىم، — دېدى مەسۇم تۇتىگۈلنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ كۈلگەن ھالدا، — تىللىسىڭىز، خۇشاللاندىم، نەپرەتلەنسىڭىز ئۆزۈمنى بەختىيار سەزدىم.

مەسۇم «قىزىلگۈل» رېستورانىدىمۇ، يولدا تاكسىدا كېتىۋېتىپ ئارقا ئورۇندۇقتا تۇتىگۈلنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپمۇ، شۇ گەپلەرنى تەكرارلىدى، ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ، جاۋغىيىدا ئاق بۇژغۇن پەيدا بولغاندىمۇ گېپىنى توختاتمىدى. ئۇنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاجايىپ لىرىكىلىق سۆزلىرى ئۇلار مەھەللە دوقمۇشىدىن ئۆيىگە مېڭىپ كىرىپ كېتىش ئۈچۈن كوچىدا تاكسىدىن چۈشكەندىلا ئاندىن ئاياغلاشتى.

— مانا يېتىپ كەلدۇق، — دېدى مەسۇم تۇتىگۈلنى قولتۇقىدىن ئېلىپ، — ئەمما، ھېلىقى مەھەللە كۆزەتچىسىدىن پەخەس بولايلى، بولمىسا ئۇ قىلتاقچى بىزگە كۈشەندە بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالمايلى، بەلكى ئۇ، ھازىر بىزنى قاچان كېلەركىن دەپ مارىلاپ يۈرىدىغاندۇر...

— مەرۇپنى دەمسىز؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى تۇتىگۈل، — يېقىن ئادىمىڭىزغۇ، يەنە نېمە بولدى؟

— بۈگۈن ئاخشام شۇنداق قىلمىساق بولمايدۇ، ئۇ بار يەردە بىر ئىش قىلغىلى بولمايدۇ دەڭا، تۇتىگۈل، — دېدى مەسۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى ئاقلاپ، — تونجى شېرىن ئاخشامنى بىزگە ئارامخودا ئۆتكۈزگىلى قويسۇن دەۋاتىمەن.

ئۇلار ئىككىسى مەھەللىگە ئوغرىلىقچە كىرگەندەك يول يا- قىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىدىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ كېلىۋاتاتتى. مەسۇم مەھەللىنىڭ چېتىگە جايلاشقان قورۇسىنى يوغان قاپاق تېرەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ بىر پەس كۆزىتىپ تۇردى. دەرۋازا ئالدىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ھازىر قو- لۇپنى ئېچىپ غىپپىدە كىرىۋېلىشنىڭ تازا ياخشى پەيتىكەن دەپ تۇرغىنىدا ئىشىك ئالدىدا بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن مەرۇپ ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ دەرۋازىغا بىر دوقۇر ۋۇۋېتىپ، ئىشىك ئالدىدا بىر پەس تۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەتتى ۋە مەھەللە دوقمۇشىدىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. مەسۇم ئەمدى پۇرسەتنى قولدىن بەرگۈسى كەلمى- دى. ئۇ تۇتىگۈلنى قولىدىن تۇتۇپ سۆرىگەندەكلا ئېلىپ ماڭدى. دەرۋازا قۇلۇپىنى ئېچىپ ئالدىدا تۇتىگۈلنى كىرگۈزۈۋەتتى، ئار- قىدىن ئۆزى كىرىپ دەرۋازا قاپقىقىنى ئېھتىيات بىلەن ياپتى. دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ ئارىسىدىكى قول پاتىدىغان ئارىلىق- تىن سىرتتىنىڭ زەنجىرىنى ئىلدى ۋە بىر ئاماللاپ تېشىدىن قۇلۇپ- لىۋالدى.

— ئوھ! — مەسۇم بىر يورۇش ئېھتىيات ئاماللىرىنى پۈت- تۈرگەندىن كېيىن، دەرۋازىغا يۆلىنىپ زوڭزايدى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئېسەنكىرەپ تۇرۇپ قالغان تۇتىگۈلمۇ كۆڭلىكىنى يىغىپ تىزىنى قۇچاقلىغىنىچە مەسۇمگە يۆلەنگىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇردى:

— نېمە بولدىڭىز؟

— جىم، — پىچىرلىدى مەسۇم كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لې- ۋىگە بېسىپ تۇرۇپ، — ئارقىمىزدىن بىرى مارىلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئىككىسى تىمتاس بولۇپ قالدى، بىر پەستىن كېيىن كو-

چىدا دەرۋازىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. كىمدۇر بىرى دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ قۇلۇپنى تۇتۇپ كۆردى. بۇ مەرۇپ ئىدى. مەسۇمگە ھەتتا ئۇنىڭ ئېغىر پۇشۇلدىغان تىنىقىمۇ ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا قۇلۇپنى شىرىقشىتىپ ئۆزىچە غودۇڭشىدى:

— ھازىرلا ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرگەندەك قىلىۋىدىم، بىر دەمنىڭ ئىچىدە قەيەرگە كەتتى. جىندەك يوقىلىپ كەتتىغۇ، راست كۆردۇممۇ - يالغانمۇ؟

مەرۇپ دەرۋازا ئالدىدا بىر دەم تۇردى. دەرۋازا ئارىلىقىدىن مارايمۇ باقتى. قورۇ ئىچىدە باشقا ھېچقانداق شەپە بولمىغاچقا كۆڭلى ئورنىغا چۈشتىمۇ، يەنە بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كوچا ناخشىلىرىنىڭ بىرىگە غىڭشىغىنىچە ئۆيى تەرەپكە يول ئالدى.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن، مەسۇم ئۇھ دەپ چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى. بۈگۈنكى توي ئاخشىمىغا مەرۇپ چات كىرىۋېلىپ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇۋالارمۇ دەپ بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدى. ئەگەر ئۇ مەسۇمنىڭ تۇتىگۈل بىلەن بىللە كېلىپ ئۆيگە كىرگىنىنى كۆرۈپلا قالسا، «مەھەللىنى بۇلغايسەن» دېگەن گېپى بىلەن تۇتىگۈلنى تاكى ئۆيىگە كەتكۈزۈۋەتمىگۈچە ئۆيىدىن قوزغالماي ئولتۇرۇۋالغان بولاتتى. مەسۇمنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى تۇتىگۈل ئويلاپ يېتەلەيتتى. ئۇ بۈگۈن ئاخشام ئىككىسى يالغۇز قېلىشنى، ھېچكىمنىڭمۇ ئارىلاشماسلىقىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئىككىسى قورۇدىمۇ ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ ئۆيگە كىرىشتى. مەسۇم چىراغنى يورۇتماي تۇرۇپ قورۇغا قارايدىغان دېرىزىلەرنى ئەدىيال بىلەن مەھكەم دۇملىدى. سىرتقا چىراغ شولىسى چۈشمەسلىككە ئىشەنچ باغلىغاندىن كېيىن، ئاندىن چىراغنى يورۇتتى. پاھ - ھا! ئۆي خۇددى يېڭىدىن تويى بولغان ياش قىز - يىگىتنىڭ ياسىداق ھۇجرىسىدەك بېزەلگەنىدى. بىر چەتتە ئەينەكلىك ئىشكاپ، يېڭى لۆم - لۆم كارىۋات، ھازىر ھەممە ئۆيلەردە مودا بولۇۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمە توققۇز دېۋىملىق رەڭلىك تېلېۋىزور، تېلېۋىزور ئېلا-
نىدا ھەدەپ ماختىلىۋاتقان «مېلىك» توڭلاتقۇسى، «قوش چاي-
كا» ماركىلىق كىر ئالغۇ، يېڭى ئۇستەل - ئورۇندۇقلارنىڭ ئادەم
ئۆزىنىڭ سايىسىنى كۆرگۈدەك سۈزۈك پارقىراقلىقى كىشىنىڭ
زوقىنى كەلتۈرەتتى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭىدىن ئالدىڭىزمۇ؟ — سورىدى
تۇتىگۈل كەلگۈسى ئۆيىنىڭ جابدۇقلىرىنى ناھايىتى ئېھتىيات
بىلەن سىلاپ كۆرۈپ، — بىز كۆرمىگەن نەرسىلەرنىمۇ
ئاپسىزغۇ.

— سىز ئۈچۈن، — دېدى مەسۇم مەغرۇرانە ھىجىيىپ، —
ھەممىنى سىز ئۈچۈن ئالدىم، سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىز ئۈچۈن
ئالدىم، بوپتۇمۇ؟

— بوپتۇ، — دېدى تۇتىگۈل خۇشاللىنىپ ۋە مەسۇمگە بەخت
كۆلكىسى بىلەن قارىدى. ئاندىن ئۆزىنى باسالماي ئۇنىڭ قۇچىقى-
غا ئۆزىنى ئاتتى. بويىنىغا گىرە سېلىپ ھەدەپ سۆيگىلى تۇردى.
بۇ تۇتىگۈلنىڭ مەسۇمگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېسىلىپ ئۆزى-
نىڭ يوشۇرۇن ئىشقى سەۋدايىلىقىنى ئىپادىلىگەن تۇنجى سۆيۈشى
ئىدى. مەسۇممۇ مۇنداق قىزغىن كەيپىياتنىڭ قۇربانى بولۇشقا
ئارانلا تۇرغانىدى، ئۇ تۇتىگۈلنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈۋېلىپ
كارىۋاتقا ياتقۇزدى، ئىشقى ئوتىنىڭ كىشى يۈرىكىنى لەرزىگە
سالىدىغان بىر ھاراراتى ھەر ئىككىسىنى سىمابتەك ئېرىتتى.
ئىككىيلەن ئېرىتىلگەن تۆمۈر ئېقىنىدەك بىر - بىرىگە قېتىلىپ
كەتتى. ئەمدىلىكتە ئىشقىۋازلىقتا قىلتاقچىلىق قىلىدىغان
مەرۇپنىڭ، «قىزىل قەغەز» دېگەنلەرنىڭ ئادەمنى ھېيىقتۇرىدى-
غان سۆزلىرى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋاشاڭ قىلىنغان قوغۇنلۇقچى-
لىكمۇ ئېتىبارى قالمىغانىدى. ئۇلار بۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ
ھەقىقىي ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئەر - خوتۇن بولغانىدى.
ئىككىسى ئىشقى شەھۋانىيلىقىغا قېنىشقاندىن كېيىن، كېيىملى-

ـرىنى سېلىپ ئورۇنغا كىرىشتى. ئۇزۇنغىچە پاراڭ سېلىشتى. تۇتىگۇل تاقىغان ئالتۇن جابدۇقلار ئۇنىڭ ئاپئاق، سۇزۇك بەدىنىدە يارىشىملىق بىر قىياپەت ھاسىل قىلىپ جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— مۇشۇ ئالتۇنلارنىڭ قىممىتى ئون مىڭ سومدىن ئاشىدۇ، — دېدى تۇتىگۇل ئۆزى بەھرىمەن بولۇۋاتقان بەختىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولۇپ، — ئۆيىمىزدىكى جابدۇقلارمۇ ئاز دېگەندە ئون مىڭ، مېنى بىر قىز مېلىغا ئاپسىز جۇمۇڭ.

— بىر قىز مېلى ئايلانسۇن، — مەسۇم تۇتىگۇلنى ئېڭىكىدىن تۇتۇپ ئەركىلەتتى، — مۇشۇ چوكانلىقىڭىزنى ئون قىز مېلىغا تېگىشمەيمەن. سىز مېنىڭ بەخت يۇلتۇزۇم، سىز مېنىڭ بويتاقلىق ۋە غېرىبلىق تۇرمۇشۇمغا يېڭىدىن ھايات بېغىشلىغان، يېڭىدىن كۈچ ئاتا قىلغان «ئارمان قۇۋۋەت تالقىنى» بولۇپ قالدىڭىز.

— مەن سىزگە ئۈنچىلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنى بەرمىگەندىمەن، — دېدى تۇتىگۇلمۇ نۆۋىتىدە، — مەن سىزگە ئۆزۈمنىلا بېغىشلىدىم شۇ.

— شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك، جېنىم، — مەسۇم تۇتىگۇلنى باغرىغا تاڭدى، غۇنچە لېۋىدىن چىڭڭىدە بېسىپ سۆيدى. ئۇلار شۇنچىلىك قىزغىن، شۇنچىلىك ئۇزاق سۆيۈشتىكى، ھەتتا تىنالماي قېلىشتى، شۇ ئەسنادا ئۆگزىدىن غاراسلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇلار چۆچۈپ جىمىدە تۇرۇپ قېلىشتى. مەسۇم دەرھال يىپنى تارتىپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىگە چۆكتى. پوشۇلدىغان ئاۋازلارلا بۇ ئۆيدە ئادەم بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئۆگزىدىكى غاراسلىغان ئاۋاز توختاپ قالدى. ھەممە ياق جىمجىتلىققا چۆمدى. ئىككىيلەن ئۆگزىدە شەپە ئاڭلىنارمىكىن دەپ قۇلاق سېلىپ يېتىشتى، لېكىن يەنىلا جىمجىت ئىدى.

— ئوغرى مۇشۇك بولۇشى مۇمكىن، — دېدى تۇتىگۇل پىچىرلاپ.

— ياق، مۇشۇكنىڭ شۇنچە ئېغىرلىقى بولامتىمۇ، — مەسۇم قايىل بولمىدى، — بۇ ئادەم مۇشۇك، راستىنلا ئادەم مۇشۇك! نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىدىكىنا؟

تۇتىگۇل مەسۇمنىڭ سۆزلىرىدىن قورقتىمۇ قانداق، چىڭ-گىدە يېپىشىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. مەسۇمنىڭ مەيدىسىدىكى قويۇق تۈكلەرنى نازۇك بارماقلىرىدا بىر هازاغىچە سىلاپ ياتتى. ئارقىدىن تۈكلۈك مەيدىسىگە يۈزىنى يېقىپ يېتىش راھەت بىلىن-گەندەك بىر هازاغىچە تىپتىنچ يېتىپ كەتتى. ئۇ گويا خىيال دەرياسىغا غەرق بولغاندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايتتى. بەلكىم ئەمدىكى مەسۇم بىلەن بىللە ئۆتكۈزىدىغان هاياتىنى ئويلاۋاتقاندۇر، ئۆزىنى بەخت ۋە يېڭى تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن بەھرىمەن قىلغان كىشى بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈش ئۇنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان كۈتكەن ئارزۇلىرى-نىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر بەلكى، مەسۇممۇ ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. بىزگە ئەگىشىپ يۈرگەن زادى قانداق سايىدۇر، زادى كىمدۇر، ئۇ بىزنىڭ مېلىمىزنى كۆزلەۋاتامدۇر، جېنىمىزنىمۇ؟ مالغا كەلگەن بولسا ئاسان، جانغا كەلگىنىنى خۇدا ساقلىسۇن!

— نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاۋاتىسىز؟ — سورىدى تۇتىگۇل مەسۇمنىڭ پىچىرلىشىدىن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى بىلەلمەي، — نېمە خىياللارنى قىلىۋاتىسىز؟

— سىزنى ئويلاۋاتىمەن، سىزنى، — دېدى مەسۇم گەپنى يۆتكەپ، — سىزنى قانداق قىلسام بەختلىك قىلالايمەن دەپ ئويلا-ۋاتىمەن...

— راستىنلا شائىرلاردەك ئويلايدىكەنسىز، — دېدى تۇتى-گۇل خۇشاللىنىپ، — شائىرلاردەك گەپ قىلىدىكەنسىز.

— دېمىسىڭىزمۇ ساۋۇت داۋۇت شائىرلىقنى مەندىن ئۆگەن-

گەن، ھېساممۇ مېنىڭ ئالدىمدا چاقچاق قىلالمايدۇ، ساۋۇت داۋۇت شائىرلىقنى قاملاشتۇرالماي يېرىم يولدا تاشلاپ قويدى. ھېسام بولسا داڭق چىقاردى. مەن يەنە شۇ بويتاقچىلىق بىلەن بىر بۇلۇڭدا بويۇن قىسىپ قېلىۋەردىم، ئەمما، سىزگە يولۇقۇپ ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىشقا باشلىدىم، دۇنيا ماڭا باشقىچە بىر يېڭى قىياپەتتە كۆرۈنۈۋاتىدۇ...

ئۆگزىدىكى غىرسلاش يەنە باشلاندى. مەسۇم گېپىنى ئۈزۈپ قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. نېمىشقىدۇر ئىچ - ئىچىدىن تىترەك ئولاشماقتا ئىدى. تۇتىگۇل ھەيران بولۇپ سورىدى:

— بەكمۇ تىترەپ كېتىۋاتىسىز، قورقۇۋاتامسىز نېمە؟

— ياقەي، ئۆزۈمچىلا تىترەپ كېتىۋاتىمەنغۇ تاڭ، — مەسۇم ئۆزىدىكى تىترەكنى بېسىشقا تىرىشتى. لېكىن، تىترەك ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ تىترىگەنسېرى تۇتىگۇلنى چىڭ قۇچاقلاپ باغرىغا باساتتى. تۇتىگۇل ئورنىدىن تۇردى ۋە تېرموستىن قايناق سۇ قۇيۇپ، مەسۇمگە دورا ئىچۈرمەكچى بولدى. لېكىن ئۆگزىدىكى شەپىدىن قورقۇپ چىراغنى يورۇتالمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە قول - بېشى يۇيۇقسىز بولۇپ، كۆڭلى بىر خىل مەينەتچىلىكتىن يىرگىنىپ تۇرغاچقا، ھېچ ئىش قىلالماي ئورنىغا بېرىپ ياتتى. شۇ ئەسنادا، ئۆگزىدىكى غىرسلاش ئارقا تام تەرەپكە سىلجىپ، يەرگە سىيرىلىپ چۈشكەندەك شىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھەممە جىمجىتلىققا چۆكتى.

— كەتتى! — پىچىرلىدى مەسۇم ۋە كۆكرىكىدىن بېسىپ تۇرغان يوغان تاشنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەندەك يېنىك نەپەس ئېلىپ قويدى.

— ئۇھ! — دەۋەتتى تۇتىگۇلمۇ قورقۇنچتىن خالاس بولۇپ.

باش توخۇنىڭ چىللىغىنى ئاڭلاندى، ئارقىدىنلا مەزىنىنىڭ

جامائەتنى بامداتقا چاقىرىپ ئەزان ئېيتقان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— بامدات ۋاقتى بوپتۇ، — دېدى مەسۇم تۇتىگۇلنىڭ قولاق تۇۋىدىلا پىچىرلاپ، — دېمەك ئۆگزىدىكى مەيلى كىم بولسۇن، دەرۋازا ۋە ئۆي ئىشىكلىرىنىڭ قولۇپلاقلىقىغا قاراپ بىزنى تېخى قايتىپ كەلمىدى دەپ ئويلاپ، بىزنى ماراپ ياتقان گەپ، تاڭ ئېتىپ كوچىغا ئادەم چىققاندىن كېيىنلا، كىشىلەرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قاچقان بولۇشى ئېھتىمال.

ئەسلىدە مەسۇم ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ مەرۋىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن، ئۆگزىدىكى شەپە ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بولدى. تاڭ ئېتىپ، ئۆگزىدىكى شەپە يوقالغاندىن كېيىن، مەسۇمنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ھېلىقى تىترەكلىرىمۇ بېسىقىپ قالدى. ئىككىسى تۈن بويى ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە قىلىغان ھەرىكەتلىرىدىن زىيادە چارچاپ بىر - بىرىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىچە شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولۇشتى. مەرۋىنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا، كېچىچە ئەيش - ئىشرەت، زىنا - شەھۋانىيلىق بىلەن مەشغۇل بولۇپ، سەھەرنىڭ ھاياتقا بەرىكەت ئاتا قىلىدىغان ئالتۇن چېغى باشلانغاندا قان - يىرىڭ ئىچىدە ئۇخلايدىغان بەندىلەردەك بۇ ئىككىسىمۇ ئۇيقۇغا كەتتى.

قانچىلىك ئۇخلىغىنى نامەلۇم، ئۇلار ئۇيقۇغا قېنىپ، كۆزلىرىنى ئېچىشقاندا ئۆينىڭ ئىچى يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى. دېرىزىلەرگە تارتىلغان ئەدىياللار تېخى ئېلىۋېتىلمىگەچكە، ئۆيگە يورۇق چۈشۈش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. مەسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىدىكى ئەدىياللارنى ئېلىۋېتىشى ھامان ئۆي ئىچى لاپپىدە يورۇپ كەتتى. مەسۇم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تام سائىتىگە قارىدى. كۈن چۈش بولغانىدى. ھەر ئىككىسى تۇرۇپ ئۆزلىرىنى يۇيۇشتى. كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن مەسۇم خۇشال ئىدى.

ئۇ، بۇگۇنمۇ قۇلۇپلاقلىق ئۆيدە ئولتۇرۇپ، كەچتە رېستورانغا بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ گەپ تۇتىگۇلگىمۇ ياقتى.

— بىز شېرىن ئايىنىڭ تۇنجى كۇنلىرىنى شۇنداق ئۆتكۇزەيلى، — دېدى مەسۇم داستىخان ئۇستىدە، — كۇندۇزى ئۆينى تېشىدىن قۇلۇپلاپ ئىچىدە ئارامخۇدا ئۇخلايلى، كېچىسى، رېستوران تاللاپ ئوينايلى، قانداق، دەيسىز تۇتىگۇل، شۇنداق قىلساق ھېلىقى مەرۇپ دېگەن رودۇپاي بىزگە چاپلىشۋالمايدۇ، ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن دىدار قېنىشىپ ئوينىشىمىزغا يول ئېچىلىدۇ. قېنى بولىۇك بىردەمىدىلا كەچ كىرىدۇ، جابدۇنۇۋېرىڭ.

تۇتىگۇل ماقۇل بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مەسۇمنىڭ يېنىدا ئېسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ بۇرنىغا گۇپۇلدەپ پۇرىغان سۇيدۇكنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

— ئۆي سۇيدۇك پۇرايدىغۇ، — دېدى تۇتىگۇل ھەيران بولۇپ، — سىز تەرەپتىن كېلىۋاتىدۇ، ماڭا قارىڭە، سىز بايا تالاغا چىققاندا مەينەت نەرسە يۇقتۇرۇپ كىرمىگەنسىز ـ ھە؟

— ياقــەي — ، ... دېدى مــەسۇم بــوينىغىچە قىزارغان ھالدا، — مەن نېمە يۇقتۇراتتىم؟ سىزگە شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقان ئوخشايدۇ، ئەتىر چېچىۋەتسىڭىزلا بولمىدىمۇ.

مەسۇم قورۇغا چىقىپ كەتتى. تۇتىگۇل ئاياغلارنى كارىۋات ئاستىغا تىقىۋېتىش ئۇچۇن ئېگىشتى ۋە بىرنېمىنىڭ پوملاقلىق تورغىنىنى كۆرۇپ قولىغا ئالدى. بۇ مەسۇمنىڭ كالتە ئىشتىنى بولۇپ ھۆل پېتىچە پوملاقلىق تۇراتتى. ئىشتاننى سىلكىپ ئېچىۋىدى، سۇيدۇك پۇراپ كەتتى. مەسۇم كېچىچە سىيىپ قويۇپ مۇشۇ يەرگە پوملاقلاپ تاشلىۋەتكەنىدۇر، بايا كۆرپىدىكى نەملىكمۇ بىكار ئەمەسكەن ـ دە! تۇتىگۇل ئەمدىلا چۇشەندى. مەسۇمدىن گۇپۇلدەپ سۇيدۇك پۇراپ تۇرۇشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن! چوپچوڭ ئەر كىشى يەنە كېلىپ ئەللىككە تاقاشقان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى توختاتقان بىر ئادەم ئورنىغا سىيىپ ياتارمۇ، ئەقىلگە سىغمايدىغانلا بىر گەپقۇ. راستتىنلا شۇنداق بولسا، تۇتىگۇل تاللاپ ـ تاللاپ تازىغا ئۇچرىغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەمدىن خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي...

مەسۇمنىڭ ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ تۇتىگۇلنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ئۇ قولىدىكىنى كارىۋات ئاستىغا يوشۇرۇشقا ئاران ئۈلگۈردى.

— ئەتىرنى تاپالمىدىمغۇ، — دېدى تۇتىگۇل مەسۇمنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن، — ئۆيگە چېچىۋېتەي دېگەنتىم.

مەسۇم ئەتىرنى بۇلۇڭدىكى بىر يەردىن ئېلىپ بەردى. تۇتىگۇل ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىگە ئەتىر چاچتى. ئۆي ئىچى بىردەمدىلا ئەتىرنىڭ خۇشبۇي ھىدىغا تولدى. بايىقى سۈيدۈك پۇراقلىرىمۇ قالمىدى. كەچ كىرىشكە يەنە ئازراق ۋاقىت بار ئىدى. شۇڭا ئىككىسى يانمۇ يان ئولتۇرۇپ، تۇتىگۇل دەملىگەن چاينى نازۇنېمەتلەر بىلەن ئىچكەچ كۆڭۈللۈك پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. كەلگۈسىدە باللىق بولۇپ قالسا ئىسمىنى نېمە قويىدىغانلىقىنى، مەسۇمنىڭ مىڭ سوم مائاشىنى تېجەپ، ئۆيلەرنى باشقىدىن تۈزەشتۈرىدىغانلىقىنى، تۇتىگۇلنىڭمۇ بىر يەردە ئىشلەپ، پۇل تېپىپ، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ پەردىسىنى ناھايىتى ئېسىل رەختلەردىن تىكتۈرۈپ تاقايدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتتا ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆھبەتلەر بولدى. كۈنمۇ كەچ كىردى. مەھەللىدە ئاياغ ئاۋازى سىلىككەندە ئۇلار ئۆيدىن چىقىشتى ۋە قورۇ دەرۋازىسىنى قانداق پەم بىلەن ئاچقان بولسا، يەنە شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن قۇلۇپلاپ رېستوران تەرەپكە يول ئالدى.

ئۈچ كۈن ئۇدا شۇنداق داۋام قىلدى. مەرۇپ گاھ كەچتە، گاھ كۈندۈزى كېلىپ، دەرۋازىدىكى قۇلۇپنىڭ زادىلا ئېچىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى ـ دە، ئاچچىق بىلەن يەرگە تۈكۈرۈپ

كېتىپ قالاتتى. مەسۇم قوْدوْققا چوْشكەن تاشتەك ئىز ـ دېرەك ـ سىز يوقىلىپ كەتكەندى. ئوْ، جەزمەن توْتىگوْل بىلەن بىر يەردە زىناخورلوْق قىلىۋاتىدوْ. مەروْپتىن قوْتوْلماي توْروْپ بىر ئىش قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. شوْڭا ئوْ ئاشنىسىنى ئىلىپ شەھەرنىڭ بوْلوْڭ ـ پوْچقاقلىرىدا قېچىپ يوْرىدوْ. مېھ ـ مانسارايلاردا يېتىپ يوْرەمدىغاندوْر ياكى ئوْۋوْلاپ يوْيوْپ قويوْش موْنچىلىرىدا توْنەۋاتامدىغاندوْر؟ هە، راست، شەخسلەر ئېچىۋال ـ غان خالىي ياتاقلارمۇ بار، پوْللا بەرسە ئىككىسىنى قونداْ ـ روْۋېرىدوْ...

مەروْپ هەر قېتىم مەسوْمنى ئىزدەپ ئوْنىڭ ئىشىكىگە كەل ـ گەندە ئاشوْنداق خىياللار بىلەن بىر هازا توْروْپ كېتەتتى. شوْغى ـ نىسى، ئوْنىڭ قانداق ئويوْن ئويناۋاتقانلىقىنى زادىلا پەرەز قىلىپ يېتەلمەيتتى.

مەروْپ ئادىتى بويىچە مەسوْم غايىب بولوْپ ئوْچىنچى كوْنى ئەتىگەندىموْ ئوْنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى. دەرۋازا تېخىچە قوْلوْپلاقلىق توْراتتى. شوْ ئەسنادا ساۋوْت داۋوْتموْ كېلىپ قال ـ دى.

— شائىر ئەپەندى، قانداق ئەهۋاللىرى؟ — دېدى مەروْپ ئوْنىڭغا قول ئوْزىتىپ، — بوْياققا كەپلا.

— هە ـ ە، ماۋوْ مەسوْمنى ئىزدەپ يوْرگەنگە ئوْچ كوْن بولدى، — دېدى ساۋوْت داۋوْت تېرىككەندەك قىلىپ، — كەلسەملا دەرۋازا قوْلوْپلاقلىق توْرىدوْ. مەن تېخى سىزنى ئىزدەي دەپ توْروْۋېدىم.

— مەنموْ شوْ، شائىر ئەپەندى، مەنموْ ئوْنى خوْددى سىزگە ئوخشاشلا تاپالماي يوْرىمەن، — دېدى مەروْپ پەركايى ئوْچقان هالدا.

— هېلىقى نەرسىلەرنىڭ ئوْچ كوْنلوْك موْهلىتى توش ـ قاندى، — دېدى ساۋوْت داۋوْت مەروْپكە تىكىلىپ، — ئوْزوْك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋەدە بېرىپ ئەكەتكەنىدىڭ! ئەمدى ئۆزۈڭ ئېلىپ ئاپىرىپ بەر-گىن، بىزنىڭ كىچىك خوتۇن بېشىمنى ئوچاق ئېتىۋەتتى. تېخى ئۇ ئالتۇن جابدۇقلارنى سېتىۋېتىپسەن دەپ ماڭا كۆكەرمىلىك قىلىشۋاتىدۇ، ئۇلارنى تېزدىن تاپمىسام كىچىك خوتۇندىن ئايرى-لىپ قالغۇدەكمەن، ئۇكا، قېنى بىرنېمە دېمەمسەن؟!

— سىلىمۇ شۇ ياش خوتۇندىن ئايرىلىپ قالماسلىقنىڭ غې-مىدە يۈرۈپلا - دە، شائىر ئەپەندى، — مەرۇپ ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى، — مەسۇمكاممۇ شۇ، كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ ئىككى تاش-نىڭ ئارىلىقىدا ئۆلىدىغان ئوخشىمامدىمەن؟ ماقۇل ئەمىسە، مە-سۇمكامنى سىزمۇ ئىزدەڭ، مەنمۇ ئىزدەي، قەيەردە كۆرسەك شۇ يەردىلا بىر - بىرىمىزگە خەۋەر قىلايلى.

ئىككىسى مەسۇمنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئايرىلىشتى. مەرۇپ يەنە بىردەم كۈتۈپ بېقىپ ئۆيىگە كېتىپ قالدى. يەنە كەچ كىردى. مەرۇپ مەسۇمنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىۋېرىپ زېرىكتى. ئەمدى ئۇ مەسۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماس بولۇپ چەتكە چىق-تى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى مەسۇم بىلەن تۇتىگۈلنىڭ تاڭ ئاتار ئويۇنىغا تازا يول ئېچىپ بەردى. ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ پىنھان ئىشلىرى بۈگۈن تۈتىنچى ئاخشامغا قەدەم قويدى. مەسۇم ئۆزىنىڭ يېڭى مەھبۇبەسى بىلەن شەھەر رېستورانلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى. قاد-غۇدەك ئوينىدى. ئىچتى، يېدى. تۇتىگۈلمۇ رەڭدار شارابلاردىن مەسۇم بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئىچتى. ئۇنىڭ بۇرۇندىن قىزىل ھاراقلارنى ئىچىپ ئادەتلەنگەنلىكىنى مەسۇم ئەمدى بىلدى. بۈ-گۈن كەچ ئىككىسى غەرق مەست ھالەتتە دەرۋازا ئالدىدا تاكسى-دىن چۈشتى. تاڭ ئاتايلا دەپ قالغانىدى. شۇ ئەسنادا بامدات نامىزىغا توۋلىغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەسۇم تاكسىنى يولغا سېلىۋېتىپ يېنىدىن ئاچقۇچىنى ئال-دىيۇ، قۇلۇپنى ئاچالمىدى. تۇتىگۈلمۇ ئېچىپ باقتى، ئاچالمى-دى. ئۇلار بۈگۈن خېلىلا ئېغىر مەست ئىدى. مەسۇم سەنتۇرۇل-

گىنىچە بىر هازا ئېيتىشىپ قولۇپنى ئاران ئاچتى. ئىككىسى قورۇغا كىرىپ دەرۋازىنى قايتا قولۇپلاشنى ئۇنتۇدى. ئۆينىڭ ئىشىكىنى سىرتتىن قولۇپلاشنىمۇ پۇتۇنلەي ئەستىن چىقاردى. هازىر ئۇلارنىڭ ئىشىكنى ئېچىشتىن قولۇپلاپ قويۇپ، دېرىزىدىن چۈشكۈدەك مادارىمۇ يوق ئىدى. ھەر ئىككىسى ئىشىكنى يېپىپ قويۇپلا ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنى مىڭ بىر تەستە يېشىپ يېرىم يالىڭاچ هالدا ئۆزلىرىنى كارىۋاتقا ئېتىشتى. بىر دەم پومىلاقلى-شىپ قۇچاقلاشتى ـ دە، ئۇيقۇغا كېتىشتى...

تۇتىگۇل قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى پەرق ئېتەلمىدى، تام سائىتىگە قارىۋېدى، سائەت ئەتىگەن ئونىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەسۇمنى ئويغىتىش ئۈچۈن يوتقاننى قايرىپ ئۇنى نوقۇشلىدى. مەسۇم ئۇيقۇلۇق هالدا ئىككىنچى بىر يېقىغا ئۆرۈلدى. تۇتىگۇل ئۇنىڭ ئاستىنىڭ نەم تۇرغىنىنى كۆرۈپ هەيران بولدى. بايا سۈيدۈك پۈرىقى باردەك هېس قىلغان بولسىمۇ، قەيەردىن پۇرا-ۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەنىدى. ئۇ هەرقانچە قىلىپمۇ چوپچوڭ بىر ئادەمنىڭ ئورنىغا سىيىپ قويىدىغانلىقىنى ئەقلىگە سىغدۇ-رالمىدى.

— مەسۇم، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئاستىڭىز هۆل تۇرىدۇ. سىيىپ قويدىڭىزمۇ، نېمە؟ — ئاخىر چىدىيالماي شۇ گەپنى قىلدى تۇتىگۇل.

مەسۇم بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ئاخشامقى مەستلىكىدىن يېشىلمىگەن خامۇشلۇقى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاستىغا قارىدى. چوڭ ئادەمنىڭ سۈيدۈ-كىدىن كېلىدىغان بىر خىل قاڭسىق پۇراق راستتىنلا كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى. تۇتىگۇل بۇ پۇراقتىن سەسكىنىپ نېرىراق بېرىپ تۇردى.

— مەستلىكنىڭ ئالامىتى، — دېدى مەسۇم ئەيىبكاردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — مېنى كەچۈرۈڭ، ئاخشام ئېغىر

مەست بولۇپ كېتىپتىمەن.

— چوپچوك ئادەممۇ ئورنىغا سىيىپ ياتىدىكەن - ھە! — دېدى تۇتىگۇل كۆرپىنى قورۇغا يېيىش ئۈچۈن ئاچقىپ كېتىۋې- تىپ، — كېلىڭ سۇ قۇيۇپ بېرەي، چايقىۋېتەي، بىرى كۆرسە سەت!

— كىم كۆرەتتى، جېنىم، سىزلا دەپ يۈرمىسىڭىز ھېچ- كىم بىلمەيدۇ، — دېدى مەسۇم بۇ ئىشنى قاپتىلىغىمۇ ئالماي. ئۇنىڭ قىلىنىلىقىدىن تۇتىگۇل رەنجىگەندەك قىلدى.

— نەچچە ۋاقىتتىن ئۆيىنىڭ سۇيدۇك پۇرىشى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە، — دېدى تۇتىگۇل كىنايە ئارىلاش، — ئەتىرمۇ كار قىلماپتۇ. ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا دېگىنى شۇ - دە. مېنىڭ ئەمدىكى ئۆمرۈم سىزنىڭ سۇيدۇكىڭىزنى تازىلاش بىلەن ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. سۇيدۇككە كۆمۈلۈپ ئۆلسەم مېنى كىممۇ ياد ئېتەر.

— مۇشۇ بىر قېتىملىق ئىشقا نېمانچە قىلىپ كېتى- سىز...، — دېدى مەسۇم ئاغرىنىپ، — سىزمۇ ئالدىڭىز قىچى- شىپ كەچكىچە تاتلايدىكەنسىزغۇ، مەن بۇ ئىشىڭىزنى يۈزىڭىزگە سالمىسام، نېمانچە ئەسەپ كېتىسىز، مەستلىكتە بولغان ئىش تۇرسا...

— مېنىڭمۇ سىزنىڭ ھاراق ئىچۈرگىنىڭىزدىن بولدىغۇ، — تۇتىگۇل ئۆزىنى ئاقلىدى، — ئىچمەيمەن دېسەم، زورلاپ ئىچۈ- رۈپ...

— ئەسلىدە كېسىلىڭىز بار - دە، بولمىسا قوزغىلات- تىمۇ؟ — دېدى مەسۇم زەردە بىلەن، — رېستوراندا تاپقان بۇ كېسىلىڭىزنى ماڭا دۆڭگىمەڭ.

تۇتىگۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە كارىۋاتقا دۈم يېتىۋالدى. مەسۇم ئىشنىڭ يوغىناپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەمدى تۇتىگۇلنى بەزلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ تۇتە-

گۈلنى قۇچاقلاپ يۈلىدى ۋە باغرىغا چىڭگىدە بېسىپ تۇردى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، تۇتىگۈل، سىزنى ھەرگىز رەنجىتكۈم يوق ئىدى، مېنى تىللاڭ، مېنى ئۇرۇڭ، لاخشىگىردە ئوت سېلىپ مۈشۈ يامان ئېغىزىمنى كۆيدۈرۈڭ، مەن سىزگە ناماقۇل بولۇپ، باش ئېگىمەن، بېشىمغا دەسسەڭ، نېمە قىلسىڭىز قىلىڭ، مانا مەن تۇرۇپ بېرىمەن، سىزنى بېشىمدا كۆتۈرىمەن، شەھەرنىڭ خانىشى قاتارىدا ئاسرايمەن، دۇنيانىڭ گۈزەللىرى قاتارىدا جەۋلان قىلدۇرىمەن، تۇرمۇشنىڭ راھىتىدىن ھۇزۇرلاندۇرىمەن!...

— نېمە دەۋاتىسەنۋي، مەسۇمكا، تۇتىگۈلنىڭ ئۇستىگە ئېڭىشۋېلىپ، ئەپسۇن ئوقۇۋاتمىغانسەن؟! — مەرۇپنىڭ بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيگە كىرگىنىگە قەدەر ھېچنېمە سەزمىگەن مەسۇم ئۇنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۆزىنى ئوڭشاپ ئورنىدىن تۇردى. تۇتىگۈلمۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— كەل، ئۇكا، — دېدى ئۇ، — مۇنۇ ئورۇندۇققا كەل، قەيەردىن كېلىشىڭ، نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن؟

— نېمە قىلاتتىم، نەچچە كۈن بولدى دىدار كۆرسەتمىدىڭ، — دېدى مەرۇپ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، — بۈگۈن قارىسام دەرۋازاڭ ئوچۇق تۇردۇ، سېنى بار ئىكەن دەپ كىردىم، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىككىڭلار توينى يالغۇزلا ئۆتكۈزۈۋالغان ئوخشىمامسىلەر؟

— ۋاي، ئۇكا، توي ئويناپمەن دېسەڭ ئالدىمىزدىغۇ تېخى، — مەسۇم سۇس ئاۋازدا غودۇڭشىدى، — مانا ئەمدى قىزىل قەغەزنى ئالىمىز، ئاندىن نىكاھ...

— ياخشىمۇ سىلەر، ئەپەندىلەر، خانىملار، — دەپ ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ساۋۇت داۋۇت. مەسۇم ئۇنى كۆرۈپ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى ۋە نېمە قىلارىنى بىلمەي لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كەل، ۋۇي تارانچى، بارمۇسەن، يوقىرى ئۆت، نېمان-چىۋالا پەگاھدا تۇرۇۋالىسەن؟ — ھودۇقۇشنى بېسىپ شۇ گەپ-لەرنى ئارانلا دېيەلىدى مەسۇم.

— بولدى، بولدى مۇشۇ يەردىلا ئولتۇراي، — دېدى ساۋۇت داۋۇت ئېغىر تىنىپ قويۇپ، — ئوغۇل بالا دېگەن قىلغان ۋەدى-سىگە ۋاپا قىلىدۇ. ئۈچ كۈن مۆھلەت دېۋىدىڭ، ئالتىنچى كۈنگە قەدەم قويدى، مەن ساڭا ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ ئون مىڭ تەڭگىلىك ئالتۇن جابدۇقنى تۇتقۇزۇپ قويدۇم، ۋەدەڭدە تۇرمى-دىڭ، كىچىك خوتۇن مەندىن يامانلاپ خېتىنى ئالماقچى، ئالتۇن جابدۇقلارنى بەرگىنە، ئەكېتەي. ياق، بولدى! چېيىڭنىمۇ ئىچ-مەي، قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ يېڭى خوتۇنۇم ئۈچ كۈنلۈك تاقاپ تۇردۇ، دەپ ئادەم ئەۋەتىپسەن، ئەۋەتكەن ئادىمىڭ ئۆلمىدى، ئەنە ھايات، مېنى مۇنداقمۇ ئاۋارە قىلامسەن، ئۆيۈڭ تاقاق، قەيەرگە كەتكىنىڭنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئارقاڭدىن ئىزدەپ سەر-سان بولۇپ كەتتىم. بوپتۇ ئۆيلىنىۋالسۇن دېسەم، ماڭا شۇنچىۋالا جاپا قىلامسەن؟

ساۋۇت داۋۇت قايناپلا كەتتى. ھەممە گەپنى دالان ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان تۇتىگۈل ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ دۇنيادا مۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن - ھە! مەسۇم ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى سىزگە ئالدىم دەۋاتامتى؟ تېخى ئۇلار نەق بىز كۆرگەن زىبۇ زىننەتلەرنىڭ ئۆزى تۇرسا، قانداق قىلىپ ساۋۇت داۋۇتنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ بولۇپ قالىدۇ...

تۇتىگۈلنىڭ خىياللىرى تۈگىمەي تۇرۇپ دالان ئۆيدە مەسۇم پەيدا بولدى. تۇتىگۈل ئاچچىق ئەلەمدىن قىزارغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ - نەپرەت ئارىلاش يەنە قانداقتۇر ئېچىنىش ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى.

— گەپىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ دەيمەن، — ئەيىبكارلاردەك بېشىنى ئېگىپ تۇتىگۈلنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى

مەسۇم، — سىزنىڭ ھېلىقى ئالتۇن جابدۇقلىرىڭىزغا سەككىز مىڭ سوم كېتىدىكەن، پۇل كارتۇچكامدا يەتتە مىڭ بار ئىكەن، پۇلنى تاپقۇچە مۇنۇ ئاغىنەمنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئۆتنە قىلىپ سىزگە تاقاپ تۇرغانىدىم... خاپا بولماڭ، جېنىم، يانچۇقۇمدىكى يەتتە مىڭلىق پۇل كارتوچكىسىنى قولىڭىزغا بېرەي، سىز تۇتۇڭ، مۇنۇ ھېچنېمە كۆرمىگەن پەسنىڭ بىرنېمىلىرىنى قولىغا بېرىۋېتەيلى، كۆزدىن يوقالسۇن، مۇشۇ تۇرقى ئۇنى كۆرەر كۆزۈم يوق!

تۇتىگۇل مەسۇمنىڭ يالغانچىلىقىغا قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى، لېكىن قولىدىكى پۇل كارتوچكىسىغا قاراپ يەنە يۇمشاپ قالدى، پۇل بولسىلا، قىلمىغان ئىشنى قىلغىلى، بۇزۇلغاننى تۈزىگىلى، رەنجىگەن كۆڭۈلنى خۇش قىلغىلى بولىدىغۇ، تۇتىگۇل شۇلارنى ئويلاپ بويىنىدىكى، قۇلىقىدىكى ۋە بىلىكىدىكى ھەممە ئالتۇن زىبۇ زىننەتلەرنى چىقىرىپ بەردى. شۇئان، ئۇنىڭغا كۆڭلى ھاڭدەك بوش قالغاندەك تۇيۇلدى. مال ـ دۇنيايىم بار دەپ يۈرگەن كىشى توساتتىنلا ھەممىدىن قۇرۇق قالغاندا يۈرىكىدە قوزغىلىدىغان ئېچىنىش ۋە چۈشكۈنلۈك تۇتىگۇلدىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئالدانغىنىغىمۇ ياكى بىر ساختىپەز قېرىنىڭ قولىغا تاسادىپىي چۈشۈپ قالغىنىغىمۇ بۇقۇلداپ يىغلاپلا كەتتى. ساۋۇت داۋۇت بىلەن مەرۇپنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئۇلار مەسۇم ئارىيەتكە ئېلىپ تۇرغان زىبۇ زىننەت ۋە ئۆي جاھازلىرىنى تالاغا توشۇغىلى تۇردى. مەرۇپنىڭ قەيەردىندۇر يېتىپ كەلگەن ئاتۇشلۇق ئايالى ئۆز نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى، كۆتۈرەلمىگىنىگە مەرۇپنى چاقىردى.

— ھەي مەرۇپ، تۇرىسەنغۇ، كۆتۈرمەمسەن ماۋۇنى! — ۋارقىرىدى ئۇ، جاھازلارنى ئورنىدىن قوزغاۋېتىپ، — نەدىكى بىر مەينەت ـ پاسكىنىلارغا ئارىيەت بېرىپ تۇرايلى دېمىگەن بولساڭ بۇنداق ئاۋارىچىلىك بولمايتتى، بۇنداق يۇيۇقسىز بىرنېمىلەرنىڭ

ئۆيدە تۇرۇپ نەس بېسىپ قالمىسۇن. بۇلارنى ئېلى دەرياسىغا چىلاپ، كوچا سوپۇنىدا يۇيۇپ تازىلىمىسا پاكىزلانمايدۇ، ئەر كىشىمۇ شۇنداق بىغەرەز بولىدىكەن، قوشناڭ قارىغۇ بولسا، بىر كۆزۈڭنى قىس دەپ، سېنىڭمۇ مېنى قويۇۋېتىپ، ياش چوكان ئالغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟ ھەي، جۇلدۇر كېپەن تارانچى! كۇرەك جۇۋىنى يېپىنىپ تام يۆلەيدىغان قەلەندەرنىڭ بالىسى!

— ھاشىخان! ئېغىزغا بېقىپ سۆزلەيلى جۇمۇ، — مەرۇپ ئۆي جاھازلىرىنى ئايالى بىلەن يۆتكەپ قورۇغا ئاچىقىۋېتىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ ئەمەس يېلىنىپ سۆزلىدى، — سادىغاڭ كېتەي ئاغزىڭنى يۇمساڭچۇ، نەرسىلىرىڭ قولۇڭدا تۇرمامدۇ، نېمانچە مال - دۇنياغا ئامراق خوتۇنسەن؟

— ئەمىسە قەلەندەرلىكىڭنى قىلساڭ بولماسمىدى، — ۋايسىدى يەنە ھاشىخان، — بۇ نەرسىلەر مېنىڭ پۇلۇمغا كەلگەن، سەن پېشانەڭدىن تەر ئاققۇزۇپ، ئاچ - توق قېلىپ، جېنىڭنى قىيناپ تاپمىغان. شۇڭا ئاشۇنداق دەيسەن - دە، ئاڭلاپ تۇر، مېنى سەن ئالمىغان، سېنى مەن ئالغان!

— ئاپلا، ھاشىخان! بولدى قىل دەيمەن، يۇزۇمنى تۆك- تۇڭ، زۇۋاندارلىقىڭنى يىغىشتۇر!

— بۇ مەسۇم سىيگەككە خوتۇن ئېلىشىپ بەرگىنىڭگە قارى- غاندا، ئۇ، ساڭىمۇ ياش خوتۇن تېپىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئوخشىمامدا، ھىي، قېلىن ئوغرى، دېگىنە، ياش جالاپتىن بىرد- گە بوزۇلدۇڭمۇ - يە، چاترىقىڭنى يېرىۋېتىمەن، ھوي شوۋىچى، يا قىزىل قەغىزى، يا نىكاھى يوق بۇ يۇيۇقسىزلارنىڭ شوۋىسىنى ئىچىپ چىقىپ ئۆيۇمنىڭ بەرىكىتىنى ئۇچۇرما گۆش باش!

— ئاپلا، بولدى قىل دەيمەن، ھاشىخان، مېنى دېمىسەڭمۇ ئاۋۇ بەش بالىمىزنىڭ يۈزىنى قىل دەيمەن! — مەرۇپنى تەر بېسىپ كەتتى. ئۇنى قىلىۋاتقان ئىشى ئەمەس، بەلكى ھاشىخاد- نىڭ زەھەردەك ئاھانەت سۆزلىرى تەرلىتىۋەتكەنىدى. ئۇ ئايالىغا

گەپ ياندۇرالمايتتى. چۈنكى، شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، تىنىمسىز ئوقەت قىلىپ ئۆيىنى مال ـ دۇنياغا كۆمۈۋەتكەن بۇ ئايالنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ تىلى قىسقا ئىدى، ئۆتكەندە ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە مالغا كەتكىنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆينىڭ ئىسىل جاھازلىرىنى مەسۇمنىڭ ئۆيىگە قويۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاچىققانىدى، قىرنشقاندەك مەسۇم بەش كۈن ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتتى. مەرۈپ خوتۇنى كەلگۈچە جاھازلىرىنى ئاچىقىپ يەنە ئۆز جايىغا قويۇۋېتەلمىدى. مانا بۇگۈنكى ئاھانەت ـ دەشنەم شۇ ۋەجىدىن بولغاندى. مەرۈپ ساددا، تۈز كۆڭۈللۈكى تۈپەيلى بىرمۇنچە ئىزا ـ ئاھانەتكە قالدى.

مەرۈپ ئايالىنىڭ تىل ـ ئاھانەتلىرىگە سۈكۈت قىلىپ ھەدەپ توشۇق توشۇيتتى. ئېغىر نەرسىلەرنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرۈپ تەلەپ ـ تەپچىرەپ كەتسىمۇ مىنۇت توختىماي يۈگۈرەيتتى، يىغىشتۇراتتى.

ئاخىر، مەسۇمنىڭ ئۆيى يەنە بۇرۇنقى قىياپىتىگە كەلدى. ساۋۇت داۋۇتمۇ تۇتىگۈلنىڭ قول، بويۇن ۋە قۇلاقلىرىدىكى جىبىمى زىبۇزىننەتلەرنى ئەكەتتى. تۇتىگۈلنىڭ يېقىندىلا ئېغىر ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن زىننەتلىنىپ تۇرغان بوي ـ تۇرقى ئەمدى قۇپقۇرۇق ـ يېنىك بولۇپ قالدى. نېمىدېگەن ئەلەم بۇ! ساڭا ئالدىم، سېنىڭ نەرسىلىرىڭ دەپ بويىنغا ئاسقان، نازۇك بارماقلىرى ۋە ئاپئاق بىلەكلىرىگە سالغان ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى ئەمدى خەقتىن ئارىيەتكە ئالغان نەرسىلەر بولۇپ چىقسا كىشىگە ئەلەم قىلمامدۇ! ئايال كىشىنىڭ «مېھىر ھەققى» دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟ ئۆينىڭ بىردەمدىلا قۇرۇق تۆت تامغا ئايلىنىپ قېلىشىمۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرد ـ ئەلەم. بازاردىن ئېشەك ئالسىمۇ ئۇنىڭغا توقۇم ياكى چوم ئالىدىغۇ كىشى. بۇ قېرى ئۆزىدىن يىگىرمە بەش ياش كىچىك چوكانىنى ئېلىپ ئۆيىدە بەش كۈن سولاپ ياتسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە «تويلۇق» دەپ ئالغان نەرسىلىرد-

نىڭ ھەممىسى خەقنىڭ بولۇپ چىقسا، تۇتىگۇل ئالدانغان بول-مامدۇ؟

تۇتىگۇل شۇ ئويلاردا بۇقۇلداپ يىغلىدى. مەسۇمنىڭ ياغلىما گەپلىرى، ئالداشلىرى كار قىلمىدى. مەسۇم تۇتىگۇلگە نېمە دېيىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپلا قالدى.

— نېمانداق قىلىسىز، جېنىم، — دېدى ئۇ تۇتىگۇلگە بىر هازا قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، — سىزگە زادى پۇل لازىممۇ؟ بۇ دۇنيا پۇل بىلەنلا ئۆرە تۇرىدىغاندەك، ئەر - خوتۇنچىلىق، سۆيگۈ - مۇھەببەت دېگەنلەرمۇ پۇل بىلەنلا روياپقا چىقىدىغاندەك قىلىپ كېتىۋاتىسىز، ئالدىراشلىقتا شۇنداق بولۇپ قالدى، قورقماڭ ...

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىم ئاسقۇ-دىكى كاستۇمىنى ئالدى ۋە قويۇن يانچۇقىدىن پۇل كارتوچكىسىنى چىقىرىپ تۇتىگۇلگە تەڭلىدى.

— ئىشەنمىسىڭىز، مانا، مانا پۇل، سىزگە پۇل كېرەكمۇ، مەن كېرەكمۇ؟! هازىرقى تۇرقىڭىزدىن قارىغاندا سىزگە پۇللا لازىم ئوخشايدۇ. سىز پۇلۇمغا تەگدىڭىزمۇ ياكى ئۆزۈمگىمۇ؟ زادى قايسىغا، دەڭا!

— ۋىيىەي، مەسۇم، سىز شۇنداق دېگەن بىلەنچۇ، — دېدى تۇتىگۇل ئاخىر ئېسەدەپ تۇرۇپ، — دوست - دۇشمەن ئۇنداق ئويلىمايدىكەن، مەنغۇ، سىزنىلا دەپ توي قىلاي دېگەن، سىزنى كۆڭلۈمنى رەنجىتمەيدۇ، دېگىنىمنى قىلىدۇ، دەپ تېگەي دې-گەن. بىراق ھە دېگەندىلا مۇنداق ئىش چىقتى...

— ئۇلگۇرەلمىدىم، جېنىم، مانا پۇل، ئۇلگۇرەلمىدىم، سىزنى بۇ ئۆيگە ئەكىرىۋالغۇچە ئالدىراپ كەتكەن گەپ، ئالدىرى-غان يولدا قالار، دەپ بۇ ئىش چىقتى. سىزنى نېمىدەپ ئالداي، ئالداشقا ھەددىممۇ؟! پەقەتلا سىز بىلەن بىر ياستۇققا باش قو-يۇشقا ئالدىراپ قىلغان ئىش، مانا پۇل، ئۆتكەندە كۆرگەنلىرى-

ىمىزنى بولسا بۇگۇن، بولمىسا ئەتىلا ئەكېلىمىز...
تۇتىگۇل يۇمشاپ قالدى. ئايال كىشى دېگەن ئۆچكە يېغى، ياخشى گەپنىڭ قۇلى، قىرىق ھىيلە - مىكرى بولغان بىلەن ئاسانلا ئالدىنىپ كېتىدىغان خەق! ...
تۇتىگۇل پۇل كارتوچكىسىنى ئالغان ئارىلىقتا مەسۇم شۇلار-نى ئويلاپ يەتتى. تۇتىگۇل ئەمدى نازۇكەرەشمە ھالىتىگە يانغان-دى. خۇشاللانغان مەسۇم ئۇچىسىدىكى كۆڭلەكنىڭ ئۇستىگە ئال-دى ئوچۇق، يانچۇقلۇق پوپايكىسىنى كىيدى - دە، تالاغا ماڭدى.
— مەن بازاردىن گۆش - ئوتياش ئەكېلەي، تاماق ئېتىپ يەيلى، خوتۇن، — دېدى ئۇ تۇتىگۇلگە ھىجىيىپ، — سىز ئۆي ئىچىنى تازىلاپ قويۇڭ.
تۇتىگۇل باش لىڭشىتىپ «ماقۇل» ئىشارىسىنى قىلدى، مەسۇم ئۆزىنىڭ ئاقىلانىلىك بىلەن قىلغان ئىشىغا مەغرۇرلانغان ھالدا بازارغا ماڭدى. تۇتىگۇل مەسۇم مەھەللىدىن يىتىشى بىلەنلا بايىقى كارتوچكىنى ئېلىپ، كوچىنىڭ ئىككىنچى بېشىغا قاراپ ماڭدى. ئۆيىنمۇ ئەتمىدى، دەرۋازىنى يېپىپلا قويدى. پۇل كار-توچكا سېلىنغان كونۋېرتقا كارتوچكىنىڭ مەخپىي نومۇرى بېسىل-غانىدى. ئامەت كەلسە، قوش كېلىپتۇ، دېگەن شۇ - دە، بايا مەسۇم بۇ كارتوچكىدا يەتتە مىڭ سوم بار، بۈگۈن بولمىسا، ئەتىلا بازارغا چىقىپ ئالتۇن جابدۇق ئالىمىز دېگەن. ئەمدى پۇل كارتوچكىسى تۇتىگۇلنىڭ قولىغا ئۆتتى. قانداق قىلسا ئىختىيار ئۆزىدە، يەتتە مىڭ سومنىڭ ئىگىسى ئۆزى بولدى. ئەمدى قانداق قىلسا قىلالايدۇ. خوجايىنىمۇ ئۆزى، بەش كۇنلۇك مېھىر ھەققى ئىككى مىڭ سومدىن بولغاندىمۇ ئون مىڭ سوم دېگەن سۆز، شۇنداق بولماپچۇ، بەش كۇنگىچە بوش قويمىدى بۇ بەز، تېخى بىللە ياتقىنىدا قوينىغا سىيىپ قويۇپ، سۆيدۈك ئازابىنى تارتقى-نىچۇ، چوپچوڭ ئادەمنىڭ سۆيدۈكى ئادەمنىڭ بۇرنىنى يېرىۋەت-كۈدەك قاڭسىق ھەم بەتبۇي پۇرايدىكەن، بۇ ئازابلارنى دېگەندى-

غۇ، ئون مىڭ سوممۇ ئازلىق قىلىدۇ، لېكىن قولىغا كەلگىنى غەنىيمەت، شۇنى ئېلىپلا كۆزىدىن يوقىلىش كېرەك. داغدا قالسۇن بۇ سىيگەك! كىم ئۇنى ياش چوكاننى ئالداپ ئۆيگە ئەكىرىپ، بەش كۈن بىكارغا خوتۇن قىلسۇن دەپتۇ؟! خوتۇن ئالدىغىنىغا تويسۇن ئۇ بەز، ئالدامچى، ساختىپەز سىيگەك!...

تۇتىگۈل شۇ ئويلاردا «باشكۆۋرۈك بانكىسى»غا قانداق كېلىپ قالغىنىنى سەزمىدى، ئۇنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىش بىلەن تەڭ قەدىمىمۇ ئىتتىكلەپ كەتكەندى. ئۇ پۇلنى ئالسىلا بۇ قېرى سىيگەكتىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنىڭ ئىشقى پىراقىدا ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ ئۆلەيلا دەپ قالغان ئىمرەمزىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ، مەسۇم بەزنىڭ كۆزىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇرۇمچىدەك قويىنى كەڭ، ئاۋات، ئەركىن شەھەرگە قېچىپ كېتىدۇ، بىر ئىشنىڭ ئېپىنى قىلىپ، بىرەر خوجايىنىنىڭ پېشىنى تۇتقۇچە يەتتە مىڭ سوم يېتىپ ئاشىدۇ.

تۇتىگۈل شۇ خىياللار بىلەن بانكا خادىمىغا پۇل كارتوچكىسىنى ئۇزاتتى. بىر يۇرۇش مەشغۇلاتتىن كېيىن، «مەخپىي نومۇرنى بېسىڭ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— قانچىلىك پۇل ئالىسىز؟ — سورىدى بانكا خادىمى ئايال تۇتىگۈلگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايى بانكا خادىمىغا ئانچە سېزىلمىدى بولغاي، ئۇ، ئۆز مەشغۇلاتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

— يەتتە مىڭ سوم ئالىمەن، — دېدى تۇتىگۈل تىترىگەن ئاۋازدا.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ قوللىرى خۇددى ئاشۇ يەتتە مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ ساناۋاتقاندەك دىر ـ دىر تىترەۋاتاتتى. بۇ تىترەك ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارقالدى. بانكا خادىمى يەنە بىر پەس كومپيۇتېر مەشغۇلاتى قىلىپ پۇل كارتوچكىسىنى ماگنىتلىق ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يەنە:

— مەخپىي نومۇرنى بېسىڭ، — دېدى.
تۇتىگۇل كونۋېرتتىكى نومۇر بويىچە مەخپىي نومۇرنى كىـ. چىككىنە نومۇر تەكچىسى ئارقىلىق كومپيۇتېرغا كىرگۈزدى. بانكا خادىمى تۇتىگۇلگە بىر قارىۋېتىپ، پۇل كارتوچكىسىنى ئادەم شولىسى كۆرۈنىدىغان پارقىراق گرانىت تاش تەكچىگە قويدى.
— ئون سوملا پۇل بار ئىكەن، — دېدى بانكا خادىمى كىنايە ئارىلاش، — بۇ كارتوچكا كىمنىڭ؟
— يولدىشىمنىڭ، — بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ جاۋاب بەردى تۇتىگۇل تاش تەكچىدە تۇرغان مۇزدەك پۇل كارتوچكىسىنى ئالىقىنىدا بېسىپ تۇرۇپ.
ئالىقىنىدىن تارقالغان سوغۇق ئۇنىڭ پۇتۈن بەدىنىگە يامىرىـ. ماقتا ئىدى. تۇتىگۇل بانكىدىن گاڭگىرىغان هالدا چىقتى، قەيەرـ. گە كېتىۋاتقىنىنى بىلمەي، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە مېڭىۋەردى. بايا مەسۇم سىيگەكنىڭ ئۆز ئاغزىدىن يەتتە مىڭ سوملۇق كارتوچـ. كا دېگەن گەپ جاراڭلىق چىقىۋېدى، ئۇمۇ ئېنىق ئاڭلىغان. مانا ئەمدى ئون سوم بولۇپ چىقتى. بۇ دۇنيادا يالغان گەپ قىلمىسا ياشىيالمايدىغان، ئادەم ئالداپ كۆڭلىنى خۇش قىلمىسا، يېگىنى چىرايىغا چىقمايدىغان مەسۇم بەزدەك قېرى كاداڭلار ئۇچرىغانلا ئادەمنى ئالدايدۇ، ئۇنداقلارنىڭ دامىغا چۈشىدىغانلارمۇ ئاز ئەـ. مەس، مانا تۇتىگۇل نەق ئۆزى...
تۇتىگۇل ئۈچ چاقلىق رىكشى هەيدىگەن بىرىنىڭ قاتتىق تورمۇز قىلغان ۋە «پوش!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن ئېسىگە كەلدى. يەنە بىر قېتىم ئالدانغان چوكاننىڭ چۈشكۈن هالىتى كوچىدا كېتىۋاتقان هەرەڭ ـ سەرەڭ ئادەملەر ئارىسىدا ئاجايىپ ئېچىنىشلىق كۆرۈنەتتى. رىكشىچىنىڭ ۋارقىرىشى بىدـ. لەن كاللىسى سەگىگەن تۇتىگۇل قەيەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى، خۇدايا توۋا، يەنە شۇ مەـ. سۇم سىيگەكنىڭ كوچىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ قاپتۇ. مانا

ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلسىلا «پاقا مەھەللىسى»، بەلكىم مەسۇممۇ گۆش ـ ئوتياشلىرىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندۇر. تۇتىگۇل ئەمدى قەيەرگە بارىدۇ؟ ئۇ ئەمدى مەسۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كارتوچكىنى بېشىغا ئاتسۇن! ئون سوملۇق پۇل كارتوچكىسىنى يەتتە مىڭ سوملۇق دەپ قىلغان ئالدامچىلىقىنى يۈزىگە سېلىپ رەسۋا قىلسۇن!

چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەن تۇتىگۇل ئۆيگە كىرىۋاتقاندا مەھەل-لىدىكى خوتۇنلار ئارقىسىدىن پىچىرلىشىپ: «مەسۇم بەزنىڭ بۇدا ئۆيگە ئەكىرىۋالغان چوكىنى شۇمىش! ...»، «قىرى سىيە-گەكىنىڭ تەلىيى بار ئىكەن جۇمۇگىلار، ئالىدىغان ئايالى شۇ ئىكەن! ...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغىنى قۇلىقىغا كىردى، ئەم-دى مەھەللىدە ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرۈشىنىڭمۇ ھاجىتى قالماپتۇ، ھەممىسى بىلىپ بوپتۇ. تۇتىگۇل ئۆيگە چاندۇرماي كىرىپ كەل-دى. ئۇ ھازىر غەزىپىنى بېسىۋېلىپ مەسۇمگە ئاۋۋالقىدەكلا ئو-چۇق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

— قەيەرگە كەتتىڭىز؟ — سورىدى مەسۇم ئىشىكتىن كى-رىپ كېلىۋاتقان تۇتىگۇلگە ھەيران بولۇپ، — ھەرقاچان بانكىغا بېرىپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— سىز قەيەردىن بىلىسىز؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى تۇتىگۇل.

— يانچۇقۇمدىكى پۇل كارتوچكىسىدىن بىلدىم، — دېدى مەسۇم خاتىرجەم ھالدا ھىجىيىپ قويۇپ، — سىزگە كۆرسەتكە-نىم پۇل قالمىغان كارتوچكا ئىكەن، ئالماشتۇرۇپ قويۇپتىمەن، مانا مۇنىڭدا ئۈچ ئايلىق مائاشىمنى قوشقاندا ئون بىر مىڭ سوم بار...

مەسۇم قىشلىق خۇرۇم چاپىنى ئېسىقلىق تۇرغان ئاسقۇدىن خۇرۇم پالشوپكىسىنى ئالدى ـ دە، قويۇن يانچۇقىدىن يەنە بىر كارتوچكىنى چىقىرىپ تۇتىگۇلگە كۆرسەتتى.

— مانا بانكا نومۇرىمۇ ئوخشاشمايدۇ، — دېدى مەسۇم تۇتىگۇلگە ھېيلىگەرلىك بىلەن ھېجىيىپ، — پۇل ئالسىڭىز مانا مۇنىڭدىن ئېلىڭ، قولىڭىزغا بېرەي، توي كىيىملىرىڭىز، زىبۇ زىننەتلىرىڭىزگە يېتىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، تۇتىگۇل، مەن سىزنى مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزىمەن. بۈگۈن ئەتىگەن بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى يادىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، مېنى كەچۈرۈۋېتىڭ، بولامدۇ، جېنىم!...

مەسۇم تۇتىگۇلنى قۇچاقلاپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى، غۇنچە لېۋىدىن ئاۋۋالقىدەكلا بېسىپ سۆيدى، يەنە ئاللىقانداق نايناق قىلىقلىرى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. تۇتىگۇل ئەيۋەشكە كەلدى.

— ئەتە، جېنىم، ئەتىگە بازارغا چىقايلى، — دېدى مەسۇم تۇتىگۇلنىڭ قۇلاق تۈۋىدىلا پىچىرلاپ، ئۇنىڭدىن بايا چاچقان ئەتىرنىڭ خۇشبۇي ھىدى گۇپۇلدەپ كېلىپ تۇراتتى، — ئالدى بىلەن ئالتۇن جابدۇقلىرىڭىزنى ئالايلى، مۇنۇ ئۆينىڭ بىر تېمىغا لىقلا كېلىدىغان ھېلىقى ئەينەكلىك ئىشكاپنى كۆرۈۋېدىڭىزغۇ، دەل شۇنى ئىككى مىڭ سەككىز يۈز دەپ چىقىرىپ قويۇپتۇ. مېنىڭچە شۇنى ئالايلى، بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ «قىزىل قەغەز»گە ماڭايلى، ئاندىن نىكاھ قىلىۋالايلى - دە، يازنىڭ گۈزەل بىر كۈنىدە رېستوراندا توي چېيى بېرەيلى، توي چېيى بەرگەندە سىز ئاپئاق توي كۆڭلىكىڭىز، گۈللۈك ئاق پوسمىڭىز بىلەن مەيدىڭىزگە ئاناردەك توق قىزىلگۈلنى قاداپ ئىشىك ئالدىدا مېھمانلارنى كۈتۈڭ، مەنمۇ ئاق كۆڭلەك، قارا كاستۇم - بۇرۇلكا، قارا شىبلىت، قارا پايپاق، بېشىمغا قارا ئىنگلىز شىلەپىسى كىيىپ يېنىڭىزدا تۇراي، ياقامغا قادايدىغان قارا كېپىنەك گالىستۇكنى ئەلۋەتتە سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن قاداپ قويۇشىڭىز كېرەك.

مەسۇم يەنە قانداقتۇر كېلەچەك ۋە كېيىنكى ئۆمرىدە تۇتىگۇلدىن بىر پەرزەنت كۆرۈشنى، بۇ پەرزەنتنى مەيلى ئوغۇل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەيلى قىز بولسۇن جەزمەن ئۆزىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، چۈنكى تۇتىگۇل مەسۇمگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەنلىكتىن ئۇنىڭ بويىدا قالغان بالىمۇ مەسۇمنىڭ ئەينى ئۆزى بولۇپ تۇغۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ۋايىسىدى، شادلاندى، ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى. بۇ بەختنىڭ ئوڭاي بەخت ئەمەسلىكىنى، بۇنداق بەختنىڭ كۆرگەنلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ـ قېنىغا پاتماي سۆزلىدى، تۇتىگۇلنى ھۇزۇرلىنىپ قۇچاقلىدى، ئاق تىلەك، بۈيۈك ئارزۇلار بىلەن تولغان پاراڭلار ئۇلار چىراغنى ئۆچۈرۈپ ياتقاندىن كېيىنمۇ ئۈزۈلمىدى، ھېچقانداق كىشى ھەتتا مەرۇپمۇ، ئۆگزىدىكى ھېلىقىدەك غەيرىي شەپىمۇ ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى، بۈگۈن مەرۇپمۇ ئىزدەپ كىرمەدى، كەچتە تۇتىگۇل ئوخشىتىپ لەڭمەن ئەتكەندى، مەسۇم مەرۇپنى چاقىرىپ كىرەيمۇ دېدىيۇ ھېلىقى ئازازۇل، ئاتۇشلۇق خوتۇندىن قورقتى. چۈنكى ئۇ مەسۇمنىڭ ياش خوتۇنلارغا ئۆگىتىپ قويۇشىدىن توسۇپ بولىسمۇ ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى كۆڭۈلسىزلىك تۈپەيلى مەرۇپمۇ خوتۇنىنىڭ كۆزىچە ئۆيدە ئولتۇرغان، ھېچ ياققا چىقمىغان بولۇشى ئېھتىمال. خوپ بولدى. مەرۇپ گۆش باشنىڭ ئەدىپىنى خوتۇنى بەرسۇن، مېنى مارىلاپلا يۈرگەن بۇ گۆش باش ئەمدى ئۆيدە سولىنىپ ياتقاندۇر. مېنىڭ خوتۇن ئېلىشىمغا، خوتۇنۇم بىلەن بىللە يېتىشىمغا پۈتلىكاشاڭ بولمىسۇن، مەن ئۆز ئۆيۈمدە ياش خوتۇنۇمنى ئۆزئارامىمچە قۇچاقلاپ ياتاي.

مەسۇم تۇتىگۇلنى قۇچاقلاپ ياتقىنىچە ئاشۇلارنى ئويلىدى. ئۇ بۈگۈن ئاخشام تازا چارچىغانىدى، بولۇپمۇ تۇتىگۇل ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى. «بور كاپسۇلى — بۇقا كاپسۇلى» دېگەنلەر ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمىگەن بولسا مەسۇم ئاللىقاچان تەڭلىدىكى خېمىردەك بوشىشىپ پۈشۈلداپ ئۇخلاپ قالغان بولاتتى. «ئاھ،

بور كاپسۇلى — بۇقا كاپسۇلى ياشا! ئەرلىك كۈچىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن ياشىغىن!...»

مەسۇم يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدىيۇ، دېيەلمىدى، ئۇيقۇ، شېرىن ئۇيقۇ يامراپ پۈتۈن تېنىنى ئەللەيلىگەندەك ئۆزد-نى راھەت بىر سېزىم ئىچىدە ھېس قىلدى. ئۇ تۇتىگۈلگە قارى-دى. ئۇستەل چىرىغىنى غۇۋا يورۇتۇپ قويغاچقا، تۇتىگۈلنىڭ يۈزىنى قاپلاپ تۇرغان كالتە بۇدۇر چاچلىرى ياستۇق ئۈستىدە يېيىلىپ تۇراتتى، يۇمشاق، يۇمران تال - تال چاچلىرى مەسۇم-نى يۈزىگە تېگىپ، بىر خىل خۇشبۇي ھىد ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. مانا خوتۇن زاتى دېگەن! ئۇ كۆڭۈلنى توق قىلىدۇ، تېنىڭنى راھەتلەندۈرۈپ ئىشقى سەۋدايىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە، ئەڭ ئېگىز چوققىسىغا ئاچىقىدۇ - دە، ئاندىن پەسكە دومىلىتىد-ۋېتىدۇ، پەسكە دومىلاش ھەم راھەت، ھەم ئازاب. راھەتلىكى: شەھۋانىيلىقىڭغا قانىسـەن، ئازابلىقى: كۈچ - قۇۋۋىتىڭنى بىر نۆۋەت يوقىتىسەن...

مەسۇم راھەت ۋە ئازاب ئىچىدە ئۇخلاپ قالدى. سىرتتا بولۇۋاتقان شەپىلەرمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆت-كەنلىكى ئېنىق ئەمەس، تۇتىگۈل ئاشۇ راھەت ۋە ئازابلىق شەھ-ۋانىيلىقتىن كېيىن قاتتىق ئۇخلاپ كەتتى، بىر چاغدا ئۆرۈلۈپ يانغا قارىدى، كۆزىنى تەستە ئېچىپ مەسۇمنىڭمۇ غەرق ئۇيقۇدا ياتقىنىنى كۆرۈپ ئۇنى نوقۇشلىدى، مەسۇم ئويغىنار ئەمەس ئىدى، ئۇ گويا بىر غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقاندەك بەھۇزۇر خورەك تارتماقتا ئىدى. تۇتىگۈل ئۇنىڭ ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتقىنىد-نى كۆرۈپ، ئۇنى ئويغىتىشتىن ۋاز كەچتى. ئۇ ئورنىدىن تۇ-رۇپ سىرتقا قۇلاق سالدى، تىمتاس مەھەللە جىمجىتلىقى بۇ قورۇنىمۇ ئۆز قوينىغا ئالغانىدى. تەرىتى قاتتىق قىستىغان تۇتى-گۈل سىرتقا چىقماقچى بولدى، كېچە - كېچىلەپ رېستورانلاردىن يالغۇز قايتىپ ئۆگىنىپ قالغان تـۇتىگۈل ھـويلىغا چىقىپ،

زەھەر قىلىشتىن قورقارمۇ؟ ئۇنداق تۇتىگۇل تېخى تۇغۇلغىنى يوق. ئۇ ئورنىدىن رۇباشكا بىلەنلا تۇردى، بۈگۈن كەچ يېتىشتىن ئىلگىرى، مەسۇم بىلەن بىر بوتۇلكا «ئىلى قىزىل ئۈزۈم ھارىقى» نى قۇرۇقداپ ياتقانىدى، شۇنىڭ ۋەجىدىنمۇ ئۇ زەھەرى قىستاپ دوۋسۇنى كۆپۈپ تۇرغاچقا تالاغا يۈگۈرۈشكە ئالدىرىدى، ئۇچىسىغا چاپان يېپىنچاقلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى، ئەتىياز ئاخشىمى بولغاچقا، تالامۇ ئانچە سوغۇق ئەمەس ئىدى، ئۇ غۇۋا ئۇستەل چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئىشىك ئىلغۇچىنى تېپىپ، ئىشىكنى ئاچتى، ئىشىك تالاغا ئېچىلىدىغان بولغاچقا، ئىشىكنى يوغان ئاچقان تۇتىگۇل، ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان نەرسىگە يۇمشاق ئۇرۇلغىنىنىمۇ سەزمىدى، شۇ ئەسنادا، ئىشىك ئارقىسىدىن بىر قارا سايە چىقتى - دە، ئەمدىلا تەرەتكە ئولتۇرغان تۇتىگۇلنىڭ بېشىغا بوتۇلكا تەڭلىدى، بوتۇلكىدىن دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان بىر خىل قويۇق سۇيۇقلۇق ئېتىلىپ چىقتى. ئاياغ تاۋۇشىدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلغان تۇتىگۇل كەينىدە بىر سايىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئەسلىدە مەسۇمىنىمۇ تالاغا چىققان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇ خىيالى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا بېشىغا تۆكۈلگەن سۇيۇقلۇقنىڭ دەھشەتلىك ئازابىغا چىدىيالماي، جېنىنىڭ بارىچە چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى، قارا سايە بوتۇلكىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ ھەممىسىنى تۇتىگۇلنىڭ بەدىنىگە چاچتى - دە، بوتۇلكىنى تاشلاپ، ئۆگزىگە قويۇلغان شوتىغا قاراپ يۈگۈردى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقان ئارىلىقتا ئۆگزىگە چىقىپ، ئارقا تامدىن سىيرىلىپ كوچىغا چۈشتى، گۈرسۈلدىگەن ئاياغ ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. تۇتىگۇلنىڭ جىمجىت تۈن ئاسمىنىنى يېرىپ چىرقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغانغان مەسۇم ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئېتىلغان پېتى قورۇغا چىقتى. نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، يەردە چالا بوغۇزلانغان قويدەك پۇت - قولىنى ھەرياققا تاشلاپ ئۆلۈم ھەلقۇمىدا جان تالىشىپ ياتقان تۇتىگۇلنى كۆرۈپ

مەڭدەپ كەتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا يۈگۈرەيتتى، ئاخىر ئېسىنى تېپىپ، يەردە جان تالىشىۋاتقان تۇتىنگۇلنىڭ ھەرياققا پۇلاڭلىتىۋاتقان قولىنى تۇتتى. ئاھ، بۇ نېمە ئىش! ئۇنىڭ قولىغا تۇتىنگۇلنىڭ قۇرۇلۇپ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن رۇباشكىسىنىڭ پۇرۇچلىرى چىقتى، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ چىققىنى نېمىدۇر، ئۇ، قاراڭغۇدا زادى ئېنىق كۆرەلمىدى، بۇ نېمىدۇر؟ بۇ زادى نېمىدۇر - ھە؟ مەسۇم ھەرقانچە قىلىپمۇ بىلەلمىدى. تۇتىنگۇل ھەدەپ چىرقىرايتتى، تېنىدىن پارچە - پارچە گۆشلەرنى كېسىپ ئېلىۋاتقاندەك ئازابلىق ۋارقىرايتتى. مەسۇم تۇتىنگۇلنى قۇچىقىغا ئالدى، لېكىن ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى ئىچ كۆڭلىكى ۋە كالتە تامبىلى ئويۇلۇپ تۆكۈلۈپ قېلىشقا باشلىدى. ئاچچىق بىر ھىد بىلەن تەڭ بەدىنىمۇ ئۆتكۈر پىچاق تىغى تەگكەندەك ئېچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. تۇتىنگۇلنى قۇچىقىغا ئالغاندا قولىغا لوقلا بىر نەرسە يۇلۇنۇپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇتىنگۇلنىڭ بەدىنى ۋە ئۆزىنىڭ بەدىنىمۇ قىپقىزىل قانغا بويالدى، بۇ نېمە ئىش؟ تۇتىنگۇلنى تۇتسىلا بىر پارچە گۆش يۇلۇنۇپ چىقىۋاتىدىغۇ! بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك قاتىللىق! تۇتىنگۇل تىنماي چىرقىرايتتى، تېپىرلايتتى، كۆزلىرى قويۇلۇپ كەتكەنىدى، چاچلىرى بىردىنلا تۆكۈلۈپ بېشى تاقىر تېرىگە ئايلاندى، رۇباشكا ۋە ئۇچ بۇرجەك ئىشتانلىرى بىردەمدىلا تۆكۈلۈپ بەدىنى ئاندىن تۇغما يالىڭاچ بولۇپ قالدى. مەسۇم نېمە قىلارىنى بىلمەي دىر - دىر تىترەيتتى. ئۇ تۇتىنگۇلنى قۇچاقلاپ:

— نـېـمـە بـولـدىـڭىز؟!... كـىـم ئـۇ؟!... قېنـى ئۇ! — ،... دېگەن گەپنىلا قىلالىدى، خالاس. تۇتىنگۇلنىڭ ئازابلىق چىرقىراشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىنى گاس، كۆزىنى كور، ئۆزىنى خامۇش قىلىپ قويدى، پۇت - قولىنى بىرى سېھرىي كۈچ بىلەن چۈشەپ قويغاندەك ئورنىدىن قوزغىلالمىدى، قوزغىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، تۇتىنگۇل مەسۇمگە مەھكەم چاپلىشىپ

توختىماي چىرقىرايتتى، ئاھ، ئۇراتتى! تولغىناتتى...

دەھشەتلىك چىرقىرىغان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغانغان مەھەللە جامائىتى قوزغىلىپ ھويلىغا، ئىشىك ئالدىغا، كوچىغا چىقىشتى. چىرقىرىغان ئاۋاز مەسۇمىنىڭ قورۇسى تەرىپىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. خوتۇنىنىڭ نوقۇشىدىن ئويغانغان مەرۇپ گاڭگىرىغان ھالدا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدا مىدىرلىدى:

— نېمىگە ئويغىتىسەن؟ قېرى كەمپىر، — دېدى ئۇ غودۇڭشىپ.

— سىرتقا قۇلاق سالساڭچۇ، بىرى ئۆلۈۋاتقاندەك چىرقىراپ مەھەللىنى بېشىغا كىيدىغۇ، بولە، چىقىپ قاراپ باقسىن، مەھەللىنىڭ كۆزەتچىسى مۇشۇنداق چاغدا بېشىنى پۈركەپ ياتامدۇ، مەھەللە قوزغىلىپ كەتتى، — ھاشىخان مەرۇپنى تېخىمۇ قاتتىق نوقۇشلايتتى.

مەرۇپ ئۇيقۇلۇق قۇلاق سالدى ـ دە، ئايال كىشىنىڭ قانداقتۇر تونۇش ئۈنى قۇلىقىغا كىرگەندە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ... بۇ... بۇ... نېمە... ئىش؟! — ئۇ ئۇدۇل كەلگەن چاپاننى ئۇچىسىغا يېپتى ـ دە، پۇتىغا كالاچنى سېپىپلا تالاغا چاپتى. قۇلاقنى يارغۇدەك ئېچىنىشلىق ئاۋاز مەسۇمىنىڭ قورۇسى تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. دەرۋازا تۈۋىدە مەھەللىدىكىلەردىن بىرنەچچىسى توپلىشىپ، قورۇ ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ئاۋازغا قۇلاق سېلىپ، پىچىرلىشىپ تۇراتتى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ — ۋارقىرىدى مەرۇپ، — كىرمەمسىلەر.

— دەرۋازا تاقاق ئىكەن، — توپلىشىپ تۇرغانلار تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

مەرۇپ دەرۋازا ئارىلىقىدىن قولىنى تىقىپ باقتى. دەرۋازا قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ

قالدى. ئاندىن دەرۋازا ئارىلىقىدىن قورۇغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— مەسۇمكا، بارمۇ سەن، دەرۋازاڭنى ئاچمامسەن!...
قورۇ ئىچىدىن مەسۇمنىڭ تىترەك ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى:
— مەرۇپ ئۇكا، بارمۇ سەن، مەن تۇرالمايۋاتىمەن، دەرۋازىنى بۇزۇپ كىرىۋەرگىن!
مەرۇپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالدىراپ قالدى، ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى تۇتنگۇلنىڭ چىرقىراۋېرىپ خىرقىراپ كەتكەن ئېچىنىشلىق ئۇنى بېسىپ كەتتى.
— كېلىڭلار، ئاغىنىلەر، دەرۋازىنى بىرلىكتە ئىتتىرەيلى! — مەرۇپ شۇ گەپنى قىلىپ دەرۋازا قاپقىقىنى مۇرىدەپ ئىتتەردى، باشقىلارمۇ ھە ـ ھۇ دېيىشتى. بىر پەستىلا دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى يەرگە گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. كونا دەرۋازا گىرەچىسىدىن ئاجراپ كەتكەنىدى. جامائەت دۈررىدە كىرىپ، مەسۇم بىلەن تۇتنگۇل پومداقلىشىپ ياتقان ئىشىك ئالدىغا توپلاندى. قاراڭغۇدا ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. مەرۇپ ئەتراپقا قارىدى.
— ھەي سونۇر، قورۇنىڭ چىرىغىنى ياق، بول! — ۋارقىرىدى ئۇ. مەسۇم ئۇنىڭغا سول قولىنى ئۇزىتىپ ئىشارە قىلغاچ يېرىم يىغلامسىراپ ۋارقىرىدى:
— بولدى، مەرۇپ ئۇكا، يېنىمغا كەلمە، ساڭا يۇقسا ئامان قالمايسەن، تۇتنگۇلگە چاچقىنى كىسلاتا ئىكەن، ئۇ تالاغا چىققاندا بىرى چېچىۋېتىپ قېچىپ كېتىپتۇ، تۇتنگۇل تۈگەشتى، ئۇكا، ئۇنىڭ ياش جېنىغا زامىن بولدۇق، جېنىم ئۇكا! كىم بۇ ۋەھشىي ئىشنى قىلغاندۇر!؟...
بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەرۇپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرگەن قوشنىلار ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى. سونۇر ھويلا چىرىغىنىڭ يېپىنى تاپالماي تەمتىلەپ يۈرەتتى. مەرۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ھويلا چىرىد-

غىنى ياندۇردى ۋە مەسۇمنىڭ قېشىغا كېلىپ زوڭزايدى، مەسۇم ئۆلۈكتەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، غالىلداپ تىترەيتتى، يېرىم يالىڭاچ بەدىنىدىكى ئىچ كىيىمى تىتىلىپ ئۇچىسىدا پارچە - پۇراتلىرىلا ساڭگىلاپ قالغانىدى، مەرۇپ تۇتىگۈلنىڭ قىپيالىڭاچ تېنىنى كۆرۈپ، ئۇچىسىدىكى چاپىنىنى تۇتىگۈلنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنىگە يېپىپ قويدى. تۇتىگۈلنىڭ تېنى خۇددى بۆرە تالىۋەت-كەن قويدەك تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەنىدى، بېشى چاچسىز كالللىغا ئايلىنىپ قالغاندەك مۇدھىش بىر قىياپەتكە كىرگەنىدى. تۇتىگۈل توختىماي چىرقىرايتتى، ئۇنىمۇ چىرقىراۋېرىپ پۇتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. خىرىلدىغان ئاۋازى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئە-مەس تېنىنىڭ تىتىلىپ كەتكەن يەرلىرىدىن ئۆلۈم ئازابى بىلەن قوشۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەرۇپ تۇتىگۈلنىڭ ئەسلىدى-كى گۈزەل چوكانىنىڭ هازىرقى ئېچىنىشلىق هالىتىگە قاراپ ئىچى سىيرىلدى، ئۇنى يىغا تۇتتى. ئۇ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ، قولىنىڭ دۈمبىسىدە كۆز يېشىنى سۈرتۈپ ۋارقىرىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى يىغا ئارىلاش تىترەپ كەتتى:

— هەي، سونۇر، قېنى سەن! ...

— مانا مەن، مەرۇپكا، — دېدى سونۇر مەرۇپنىڭ قېشىدىلا ۋارقىراپ.

— نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، «جىددىي قۇتقۇزۇش» قا تېلېفون بەرمەمسەن، ساڭا بايا دېگەنىدىمغۇ، تېخىچە تېلېفون بەرمە-دىڭمۇ؟! — مەرۇپ غەزەپلەندى. شۇ تاپتا ئۇ ئەقلى كېسىلىپ كەتكەندەك، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى.

— ئۇنداق گەپنى قىلمىدىڭ، مەرۇپكا، — دېدى سونۇر ئۆزىنى ئاقلاپ، — مانا ئەمدى دېدىڭ...

— دېمىسەمۇ هەرقايسىڭلار ئەقىل ئىگىسىغۇ! ... بىر ئىن-سان قىيىنىلىپ ئۆلۈم ئازابىدا جان تالىشىۋاتسا قاراپ تۇرامسى-لەر؟ قېنى ئادەمگەرچىلىك، قېنى ئىنسانىي مېھىر - شەپقەت،

قېنى قوشنىدارچىلىق؟! «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن گەپمۇ بارغۇ، باللار...

مەھەللىدىكىلەر مەرۋىنىڭ گېپىنى «ئۆيدىكى ئايالىڭلارنى چاقىرىپ چىقماي نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن!؟» دېگەندەك چۈشەندى. قاراپ تۇرغانلار دەرھال ئورنىدىن مىدىراشتى، بەزىلىرى خوتۇنلىرىنى چاقىرىپ چىقتى. بىر ئايال ئۆيدىن كۆڭلەك ئاچىقىپ تۇتىگۇلنىڭ قىپيالىڭاچ بەدىنىگە كىيدۈرمەكچى بولدى. ئۇلار كۆڭلەك كىيدۈرگەندە شۇنداق ئاۋايلاپ ھەرىكەت قىلىسىمۇ تۇتىگۇل ئازابلىنىپ چىرقىرايتتى، يىغلايتتى، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ خىرقىرايتتى. ئۇ، خۇددى ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ياۋايى مەخلۇقتەك تولغۇنۇپ ياتاتتى. ئاياللار ئۇنىڭغا قاراشتىنمۇ ئەيمىنىشتى، لېكىن ئايالنىڭ ئىشىنى ئايال قىلمىسا بولمايتتى. ئۇلار تۇتىگۇلگە كۆڭلەك كىيدۈرگەندە قوللىرى تەگكەنلا يەردىن بىر پارچە گۆش تىتىلىپ چىقاتتى. بۇنى كۆرۈپ خوتۇنلار «تووۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى. مەسۇم تۇتىگۇلنىڭ بىچارە - ئازابلىق ھالىتىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ئۇ ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە تۇتىگۇلنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئاتماقچى بولاتتى. بىراق مەرۋۇپ ئۇنى مەھكەم قولتۇقلىۋالغانىدى. مەسۇم تۇتىگۇلنىڭ دەردىگە دەرمان بولالمىغانلىقىغا ئازابلىنىپ جۆيلۈگەندەك غىڭشىيتتى:

— ئاھ، تۇتىگۇل، گۇلدەك ئۆمرىڭىز غازاڭ بولدى، ئۇن گۈلىڭىزنىڭ بىرى ئېچىلماي تۈرۈپ توزۇپ كېتىدىغان بولدىڭىز، مەن سىزنىڭ ياش جېنىڭىزغا زامىن بولدۇم، بۇ ۋەھشىيلىك، بۇ بالايىقازا سىزدەك ياش غۇنچىغا كەلگۈچە مېنىڭدەك پىچاقتىن قورقماس قېرى كالىغا كەلسىچۇ! سىز ئۆلگىچە، مەن ئۆلسەمچۇ! سىزگە چاچقان كېسلاتانى ماڭا چاچسىچۇ! نېمىدەپ سىزگە، سىزدەك گۈزەل، ياش جانانغا چاچىدۇ؟ ئەمدى سەھرادىكى قېرى دادىڭىز، قېرى ئاپىڭىزغا نېمە دەيمەن؟ بۇ پېشكەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىك ئۇلارنىڭ چۈشىگە ئايانمۇ بولغاندۇر، ئاھ، تۇتىگۇل! بىچارە
تۇتىگۇل، تارتىۋاتقان ئازابىڭىزنى سېزىۋاتىمەن، ئەمما ئۇنى تەڭ
تارتىشقا ئامالىم يوق. بىلىمەن، بۇ زەھەرلىك سۇنى ئەسلىدە
ماڭا چاچماقچى بولغان، لېكىن، سىز ئورنۇمغا ئالمىشىپ قالدى-
ڭىز! مېنىڭ قېرى، تاشلاندۇق جېنىمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن،
ئۆزۈڭىزنىڭ ياش غۇنچە جېنىڭىزنى پىدا قىلدىڭىز، مەن قارا
كۆڭۈل، مەن سىزنىڭ پەرىشتە سۈپەت كۆڭلىڭىزنى چۈشەنمە-
دىم، مەن قارىغۇ، سىزنىڭ پەزىلىتىڭىزنى كۆرەلمىدىم، مېنى
كەچۈرۈڭ، تۇتىگۇل! سىز ئۆلمەڭ، مەن ئۆلەي! ئاھ، تۇتى-
گۇل!...

مەسۇم غەرق بىھوش ھالەتتە خىرقىراپ قالغىنىغا قارىماي
نالە قىلاتتى، سۆزلەيتتى. ئەتراپىدىكى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۇ-
نىڭغا بەزىلىرى ئېچىنىش، بەزىلىرى ھەيرانلىق، بەزىلىرى ھەتتا
نەپرەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كاللىسىنى خىلمۇخىل
خىياللار چىرمىۋالغانىدى. يەردە دومىلاپ ئېڭراپ، ئېچىنىشلىق
چىرقىراپ ياتقان بۇ ئايال بەلكىم بىرىنىڭ بۇزۇلغان ئايالىدۇر
ياكى ئېرى ئۆلگەن بولسا جان بېقىشنىڭ يولىنى تاپالماي كوچىغا
چىقىپ كەتكەن تۇل خوتۇندۇر، ئۇنداقتا، نېمىشقا ئۇنىڭغا كۆي-
دۈرگۈچى زەھەر — كىسلاتانى چاچىدۇ؟ بەلكى بۇرۇنقى ئوينىشى
ھەسەت قىلغاندۇر، ياكى بۇ خوتۇن بىرىگە تېگىمەن دەپ ئالداپ
پۇلىنى خەجلىۋېلىپ قېچىپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئاچچىق
ئەلىمىگە چىدىماي قاتىللىق قىلغاندۇر، ئىشقىلىپ، بۇ ئايالنىڭ
بىر رەزىللىكى ياكى سەۋەنلىكى بولمىسا بۇ ئاقىۋەتكە قالمىغان
بولاتتى...

بۇ يەردە قاراپ تۇرغانلار ئەنە شۇ تەرزدە تۈرلۈك قىياسلاردا
بولاتتى. ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقان مەسۇم قوشاق قاتقاندەك تىنماي
سۆزلەيتتى:

«ئاران تاپقاندا مەھبۇبەم، مېنى تاشلاپ كېتىدىغان بول-

دۇڭ، غۇنچە لىۋىڭگە قاندۇرماي، كۆزۈمنى ياشلاپ كېتىدىغان بولدۇڭ، تېخى غۇنچە بوي ئىدىڭ، ياشاپ، كۈلسەڭ بولماتتى، سەن ئۆلگىچە مېنىڭدەك قېرى ئۆلسەم بولماتتى!...»

ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ قوشاققا ئوخشاپ كېتىدىغان هازىسىنى ئاڭلاپ، تېنى ئۆلمەي ئېڭراپ ياتقان ئادەمگە هازا ئېچىۋاتقان بۇ ئادەمگە بىر دە كۈلگىسى كەلسە، بىر دە تووۋا دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى. ئۇنى كۆرگەن مەرۇپمۇ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى:

— مەسۇمكا، نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈۋاتىسەن، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالساڭ بولامدىكى، مەن ساڭا نېمە دېگەن؟ ناشايان ئىشلارنى قىلمىغان بولساڭ، ساڭا مۇشۇ تارتقۇلۇق يوق ئىدى، ئەمدى نېمىدەپ ئۆلمىگەن ئادەمگە هازا ئاچىسەن؟ ئالدىرىغىنىڭمۇ ـ يە؟! تۇر ئورنۇڭدىن كىيىمىڭنى كىي، هازىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسى كېلىدۇ، ئالدىرايدۇ، ئۇنىڭ سائىتى پالان تەڭگە ئۇقتۇڭمۇ؟ بۇ يەردە مەسۇمنىڭ كىيىنىشىگە قاراپ تۇرمايدۇ.

— ۋاي، مەرۇپ، دېگىنىڭ كەلدى ئەمەسمۇ، سەن دانىشمەنمۇ ياكى پال ئاچقانمىدىڭ، ئۆگزىدىن كەلگەن شەپە بىكار ئەمەس ئىكەن، تۇتىگۇل چىرقىراپ ئۆزىنى يەرگە تاشلىغاندا، چۆچۈپ ئويغاندىم، شۇ چاغدا ئۆگزىنى بىرى غارسىلداپ دەسسىگىنىچە ئارقا تامدىن چۈشۈپ كەتتى. قورۇغا چىقسام ئەنە ئاۋۇ بوتۇلكا تۇتىگۇلنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ، تۇتىگۇل بولسا مانا مۇشۇ هالدا ئازابلىنىپ يېتىپتۇ، ئاھ، تۇتىگۇل، بۇ بالا ـ قازا مېنىڭ قېرى جېنىمغا كەلسىچۇ، ئاھ، مەن قانداق قىلاي...

مەسۇمنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپ مەھەللە بېشىدا قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ بىرخىل ئاۋازدا سىگنال بېرىپ كەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممە ئوپۇر ـ توپۇر بولۇشتى، سونۇر دەرۋازىغا، دەرۋازىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. هايال ئۆتمەي ماشىنىمۇ يېتىپ كېلىپ دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. ماشىنىدىن دوختۇر ۋە سېستىرالار ئالدىراپ چۈشۈشتى ۋە ماشىنىنىڭ قورۇغا كىرەلمەي-

دىغانلىقىنى كۆرۈپ نوسلكىنى ئەكىرىپ كېلىشتى.

— ئاغرىق قەيەردە؟ — سورىدى ئالدىدا ماڭغان دوختۇر ئاق خالىتىنىڭ يانچۇقىدىن ماسكىسىنى ئېلىپ تاقاۋېتىپ.

— مانا ماۋۇ يەردە! — سونۇر يول ئېچىپ تۇرغان كۆپچەـ لىكنىڭ ئارىسىدىن مېڭىپ تۇتىنگۇلنىڭ قېشىدا توختىدى. مەـ سۇم يەرگە دۇم يېتىپ نېمىلەرنىدۇر دەپ غەلىتە بىر ئاۋازدا سۆزلەيتتى، يــەر بېغىرلايتتــى، بارماقــلىرىدا يــەرنى تاتلاپ، توپا ـ تاشنى چاڭگاللاپ ئېلىپ مەيدىسىگە چاچاتتى.

— بولدى قىل، مەسۇمكا، دوختۇر كەلدى! — مەرۈپ ئەمدى چىدىيالمىدى، — بولدى قىل دەيمەن، ئەمدى يىغلىغىنىڭـ نىڭ نېمە پايدىسى، تۇتىنگۇلنى داۋالىتىش كېرەك، بېشىدا يىغـ لاپ ئولتۇرغىنىڭ بىلەن ساقىيىپ قالامتى؟!

— راست دەيسەن. مەرۈپ، ساپساق بىر غۇنچەبوي چوكاننى مۇشۇ هالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئۇ ۋەهشىي قاتىلغا قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، مەرۈپ! ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگىچە ئېلىشىمەن، مەرۈپ، ئاڭلاۋاتامسەن!

— ئاڭلاۋاتىمەن، مەسۇمكا، سەنمۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا، قۇرۇق يىغاڭدىن پايدا بارمۇ؟! — مەسۇمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ چەتكە تارتىۋاتقان مەرۈپ شۇ گەپنى قىلدى. لېكىن، مەسۇم يىغىدىن هېچ توختايدىغاندەك قىلمايتتى.

— مېنى قويۇۋەت، مەرۈپ، مەن ئاشۇ ناكەس سايىققا قېرى جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، مېنى قويۇۋەت، تۇتىنگۇلنىڭ قېشىدا ئاخىرقى قېتىم ئولتۇرۇۋالاي، ئۇنى كۆرۈۋالاي.

— نەرىنى كۆرىسەن، تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن تېنىنى كۆرەمسـەن، تېرىسـى سويۇلۇپ كەتكەن يۈزىنى كۆرەمسەن، ئېقىپ كەتكەن كۆزىنى كۆرەمسەن، تام تۆشۈكىدەك هاڭغىرقاي ئېچىلىپ تۇرغان ئاغزىنى كۆرەمسەن؟!

مەرۈپ يىغلىغىدەك بولۇپ، چىپىلداپ تەرلىگەن پېشانىسىـ

نى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ مەسۈمگە يالۋۇردى، مەسۈم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، سۆرىلىپ يەر بېغىرلاپ ياتاتتى. دوخـ
تۇرلار تۈتىگۈلنى كۆرۈپ، كېسلاتا چېچىلىپتۇ، دەپ جەزم قىـ
لىشتى. ئەمدىكى ئىش داۋالاش ئىدى.

— زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا كىم ئىگە! — سورىدى دوختۇر ئەتراپتىكىلەرگە بىر قۇر قارىغاندىن كېيىن.

مەرۇپ ئالدىغا چىقتى. مەسۈم بايىقىدەك يەر بېغىرلاپ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— مەن ئىگە. سۆڭەك ئىگىسى مەن، قورقماي داۋالاۋەر-
گىن، پۇلۇڭنى مەن سانايمەن. تۈتىگۈلنى پۇل بىلەنلا ئەكسىگە
كەلتۈرەلىسەڭ قانچىلىك پۇل دېسەڭ مەندە بار، — دەپ مەيدىسىـ
گە مۇشتلىدى مەسۈم. مەرۇپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئورنىـ
دىن تۇرغۇزدى.

— بولدى قىل، مەسۈمكا، پېشىڭنى تارتىپ قويۇشقا بىرى لازىممۇ - يە؟ غـۇلجىدا زەي سالـماي ئاتـدىغاندىن سـەن قالدىڭ، — دېدى سونۇر تۈتىگۈلنى نوسىلكىغا سېلىۋاتقان دوخـ
تۇر - سېستىرالارغا ياردەملىشىۋېتىپ.

ئۇ مەسۈمنى بەش قولدەك بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كىرىش - چىقىش قىلمايتتى ھەم ئارىلاشمايتتى. تۈتىگۈل ماشىـ
نىغا سېلىندى، مەسۈم، مەرۇپ قاتارلىقلارمۇ ماشىنىغا چىقىشـ
تى. تۈتىگۈل تىنماي چىرقىرايتتى. شۇ ئەسنادا، مەسۈم يەنە ھازا ئېچىشقا باشلىدى.

— مەسۈمكا، ئەمدى بولدى قىل، — ئاچچىق بىلەن دوق قىلدى مەرۇپ، — ئاغرىقق جىمجىتلىق كېرەك ئۇقتۇڭمۇ! تۈتىـ
گۈل قىينىلىۋاتىدۇ.

— جېنىم ئۇكام، مەن قانداقمۇ چىدىيالايمەن، تۈتىگۈلنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا كىم سەۋەبچى!؟

— سەن، — ئاستا ئەمما قەتئىي جاۋاب بەردى مەرۇپ، —

يەنە كىم بولاتتى؟ سېنى ھەقىقەتەنمۇ گال پىچاقتا تەتۈر بوغۇزلاش كېرەك. مەسۇمكا، ناشايان ئىشلارنى قىلما نەس باسىدۇ، دېسەم قۇلىقىڭغا كىرمىدى، مانا ئەمدى نېمە بولدى! كۆرگۈلۈكۈڭ بار سېنىڭ، تېخى سۆڭەك ئىگىسى مەن دەپ مەيدەڭگە ئۇرسەن.

ماشىنا ئورنىدىن قوزغالدى. مەھەللىدىكىلەرمۇ ئورنىدىن قوزغىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئېغىزلىرىمۇ ئېچىلىشتى.

— مۇنۇ مەسۇم بىزنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقىنى قاراڭلار، — دېدى قوشنىلاردىن بىرى، — قانداقلا بىز بولسا يەۋېرىپ كېكىردىكىگە تۇردى ئۇنىڭ، ئەمدى قانداق ياندۇرار-كىن؟!

— بىرىنىڭ خوتۇنىنى بۇزغان گەپ، — دېدى سونۇر گەپكە قوشۇق سېلىپ، — ئېرى ئەتىنى ئالدى شۇ...

— مەھەللىمىزنى بۇلغاپ بولدى بۇ سىيگەك! — دېدى يەنە بىر قوشنا، — ئالغان خوتۇنلىرىنىڭ ھەممىسى قويىمىزغا سىد-يىپ قويىدىكەن دەپ خېتىنى ئېلىپ كېتىپ قالغاندى، ئۆزىچە مەرۇپكە نېمە دېگۈدەك؟ قويۇۋەتكەن ئالتە خوتۇنغا ئالتە ئەيىب ئارتىپتۇمىش، ئەمدى يەتتىنچىسىگە نېمىدەپ ئەيىب ئارتار؟

— جالاپ ئىكەن، مېنىڭدىن باشقا ئوينىشى بار ئىكەن دەر شۇ، — گەپكە يەنە قوشۇق سالدى سونۇر، — جالاپ جالاپنى تاپىدۇ، مەسۇمكامنى رېستوران جالىپى دەيدىكەن، بۇ ئۇنىڭ ئىلگىرىكى لەقەملىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشۈپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ يېڭى گەپ ئىكەن ئەمىسە...

ئۇلار يەنە نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ قورۇلىرىغا كىرىپ كې-تىشتى. ھەربىر ئۆيدە ئۆز ئالدىغا سۆز - چۆچەك بولدى. ئاخىرى جىمى ئەيىب يەنە بىر ياش چوكاننى ئازدۇرۇپ ئۆيىدە سولاپ ياتقان مەسۇم بەزگە ئارتىلدى. ھەممىدىن مەھەللىنىڭ نەپرىتى يامان. ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن ئادەمنىڭ روناق

تېپىپ ئۆز يولىنى بىلىپ مېڭىشى، قاراڭغۇ جاڭگال ئىچىدە يول تېپىپ مېڭىشتىنمۇ تەس...

قۇتقۇزۇش ماشىنىسى دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن كىرىپلا ئوڭغا بۇرۇلدى. جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى ھازىر مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇ قەدىمىي «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنى، يەنى ئۆز زامانىسىدا سوۋېتلىكلەر سالغان كۆركەم بىنا ئىدى. كېيىن زامان تەرەققىي قىلغانسېرى بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئورنىدى يېڭىدىن - يېڭى ئېگىز بىنالار ئىگىلىدى. بۇ بىنا ئەينى چاغدىكى كۆركەم قىياپىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىر چەتتە غېرىبسىنىپ قالغانىدى. كېيىنچە ئۇ يوغان باش بىر دوختۇرنىڭ تەكلىپى بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئايرىم ئۆزد- نىڭ ئۇنىۋېرسال داۋالاش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن بىر مەزگىل داڭق چىقاردى. نېمە سەۋەبلىكى ئېنىق ئەمەس، يوغان باش دوختۇر بۇ يەردىن يۆتكىۋېتىلدى. ھەرقانداق بىر ماكانىنىڭ ئۆزىگە لايىق كوزىرى بولىدۇ، كوزىرى يوقالسا شۇ ماكانىنىڭ ئىناۋىتى، قىممىتى يوقىلىدۇ...

مەسۇم دەل مۇشۇ ئورۇندا ئۇزۇن يىل ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققان ئاددىي دوختۇر ئىدى. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا سوۋېتلىكلەرنىڭ قولىدا دوختۇرلۇقنى ئۆگەنگەن، تېببىي ئىلىم، رۇس تىلى ۋە لاتىن تىلى بىلەن ئىپادىلەنگەن چاغلاردا ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەم توختىماي تەۋرەنگەن. ئۇ چاغلاردا ئۇ ياش، زېھنى ئوچۇق، روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. تېببىي ئىلىمغا ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ تۇراتتى. رۇس تىلىنى ئانا تىلىدەك سۆزلەيتتى. ياش گۇزەل رۇس قىزى ناستىنكا ئۆزىنىڭ ئۇستازى ھەم سۆيگەن قىزى ئىدى. ئىككىسىنىڭ گۇزەل، شېرىن چاغلىرى قاينام تاشقىنلىقا چۆمگەن ھاياتى بىلەن باغلانغانىدى. ئۇلار يەقەت شەنبە ئاخشىمى- نىلا «ئىسھاقبېك كۇلۇبى» نىڭ رەڭدار چىراغلار بىلەن يورۇتۇل- غان كەڭرى تانسا مەيدانىدا ئۆتكۈزەتتى. مەسۇم تانسىدىن قايتقاند-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دا ناستىنكىنى «نوۋگورود» تىكى كۆتۈرۈپ سىلىنغان تاختايلىق ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياتتى ـ دە، ئەدەب بىلەن خوشلىشىپ، «پات-مانكۆۋرۇك» مەھەللىسىگە قايتىپ كېتەتتى. بىرخىل ئىزدىنىش، بىرخىل ھايات ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تۇراتتى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ 1962 ـ يىلنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق ۋە ئاچارچىلىق يىللىرى باشلاندى. بىرلا بويرۇق بىلەن بارلىق سوۋېتلىكلەر ئۆز ۋەتىنىگە قايتىدىغان بولدى. ناستىنكا بىلەن مەسۇم ھىجران ئوتىدا پۇچىلاندى. نىھايەت، بىر ـ بىرىنى چىن دىلىدىن سۆيگەن ئاشىق ـ مەشۇقلار ئايرىلىشتى. ناستىنكا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىللە يىراق روسىيە زېمىنىغا كەتتى. كېيىنچە مەسۇمغا موسكۋادىن بىر پارچىلا خەت كەلدى. خەتتە ناستىنكا ئۆكۇنۇش، نادامەت ۋە تەقدىرگە تەن بەرگەن ھالدا مەسۇمغىلا ئوخشايدىغان بىر رۇس يىگىتىگە توي قىلغانلىقىنى يازغانىدى. كېيىن، ئۇنىڭدىن زادىلا خەت كەلمىدى. مەسۇممۇ يازمىدى. كېيىنكى ئەنسىز يىللار سوۋېت ئىتتىپاقى كىشىلىرىگە خەت يېزىش ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى تەرەپكە بويۇن سوزۇپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ئەھۋالدا ئۆتتى. تۇرمۇش ۋە مۇھەببەتتىن زەربە يېگەن مەسۇم بىر مەزگىل باش چۆكۈرۈپ خىزمەت قىلىش بىلەنلا بولدى... مانا شۇنىڭدىن بۇيان نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپتۇ، ئادەمنىڭ ئۆمرىدە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئېسىدە قېلىشى ناتايىن، پەقەت ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇرغانلىرىلا مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالىدۇ. يىللار ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ مەسۇم پېنسىيىگە چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ بىناغا دەسسىمىدى، مائاشىنى ئىلگىرى ئەۋەتىپ بېرەتتى. ھازىر بانكىدىن ئۇدۇللا ئېلىۋالىدىغان بولدى. مانا بۈگۈن ئاخشام بۇ چوڭ كېلىشمەسلىك بىلەن كۆڭلى زېدە بولغان ھالدا دەرۋازىدىن كىردى. بىنا ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشكەندە كۆڭلى ئەنسىزلىك بىلەن پاراكەندە بولدى.

شۇ تاپتا ئۇ ھاڭقىيىپ قاراپلا تۇراتتى، مەرۇپ ئۇنىڭ ھوش -
كاللىسىنى يوقاتقان خاموش ئادەمدەك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ
ئېغىر خۇرسىنىپ قويدى.

ماشىنا ئىشىكى ئېچىلدى. نوسىلكىنى پەسكە چۈشۈرۈۋې-
دى، تۇتىگۈل قاتتىق چىرقىرىۋەتتى. چۈنكى، مىدىرلىسىلا ۋۇ-
جۇدىنى دەھشەتلىك ئاغرىق چىرمىۋالاتتى. خىيال دېڭىزىغا غەرق
بولغان مەسۇم تۇتىگۈلنىڭ دەھشەتلىك چىرقىرىشى بىلەن ھوشىغا
كەلدى. ئۇ، ھوشىنى تاپقاندا مەرۇپلەر تۇتىگۈلنى جىددىي قۇتقۇ-
زۇش بۆلۈمىنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ بولغانىدى. مەسۇم ئۇلار-
نىڭ ئارقىسىدىن سۆرىلىپ كىردى. تۇتىگۈل تىنماي چىرقىرايت-
تى. دوختۇرلار ئۇنىڭ بەدىنىنى تازىلىغۇچى سۇيۇقلۇق بىلەن
تازىلاشقا باشلىدى. تۇتىگۈل ئاغرىققا چىدىيالماي تولغىناتتى.
بىر سوتكا قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمىدى، تۇتىگۈل ۋارقىرىۋېرىپ
ئاخىرى ئۈنى پۈتۈپ قالدى. بەدىنىنىڭ بەزى جايلىرى كۆيدۈرگۈ-
چى كىسلاتا سۇيۇقلۇقىدىن كۆيۈپ، چىرىپ كەتكەچكە، خۇددى
ئەسكى مازدەك تىتىلىپ تۆكۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۆمرىدە
نى - نى كېسەللىكلەرنى داۋالاپمۇ قولى تىترىمىگەن، پېشانىسى
تەرلىمىگەن دوختۇرلار بۇ قېتىم تۇتىگۈلنىڭ كىسلاتا بىلەن كۆ-
يۈپ كەتكەن بەدىنىنى كۆرۈپ يۈرىكى جىغىلدىدى. ئۇلار بىچارە
تۇتىگۈلنىڭ ئاغرىق قانداق ئازابىغا چىداۋاتقىنىغا ئەقلى ھەيران
ئىدى.

نىھايەت «دوستلۇق» دوختۇرخانىسىدا ئامال بولمىدى. باش
دوختۇر بۇ كېسەلنى ھەربىي دوختۇرخانىغا يۆتكىمىسە بولمايدى-
غانلىقىنى ئېيتتى. بەلكىم ئۇ يەردە ھەرخىل كۆيدۈرگۈچى بوم-
بىلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان يارىدارلارنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈم-
لۈك داۋاسى بولۇشى مۇمكىن. تەكلىپ قوبۇل قىلىندى. تۇتى-
گۈلنى يەنە ئورنىدىن قوزغاشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئېچىنىش-
لىق ئاۋازى پۈتۈن بىنانى يەنە بېشىغا كىيدى. مەسۇمگە دوختۇر-

لار ئەتەي شۇنداق قىلىۋاتقاندەك، ئۇلار ئاغرىق ئازابىدىن قىينىلىۋاتقان بۇ بىچارىنى داۋالىماستىن بەلكى تەجرىبە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— ھۇ! دوت - بىغەرەزلەر، — ۋارقىرىدى ئۇ تۇتىگۇلنى ئېلىپ ماڭغاندا، — قولىدىن پوق كەلمەيدىغان نان قېپىلار، پارىخورلار، يانچۇقلۇڭغا سالمىغىنىم ئۈچۈن داۋالاشتىن ۋاز كېچىشتىڭمۇ، گېلىڭغا بىر مونەكنى تىققان بولسام، ھېچ بولمىدى دېگەندە ئاغرىقنى پەسەيتەر ئىدىڭ! شۇنچىلىك ئىشمۇ قولۇڭدىن كەلمىدى، قانداق قىلىپ پۇقرانى داۋالاپ يۈرىسەن؟! ھەممىڭ پوق قورساق، كارغا كەلمەس نېمىلەر...

مەسۇمنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىنى بېسىش ئۈچۈن، باش دوختۇر ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— يولداش مەسۇم، ھەممە چارىلەرنى قىلدۇق، ئامال بولمىدى، — دېدى ئۇ كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، مەسۇمنىڭ مۆرىسىگە يېنىك پەپىلىگەن ھالدا، — ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تېخنىكا - تەجرىبىسى ئۈستۈن، شۇڭا يۆتكىدۇق، بىزنىڭ مەقسىتىمىزمۇ ئايالىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش...

مەسۇم «ئايالىڭىزنى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندا «يالت» قىلىپ دوختۇرغا قارىدى، كاللىسىدىن: «راست، شۇنداق بولۇپ قالارمۇ، شۇنداق بولۇپ قالسىكەن خۇدايىم...» دېگەن خىياللار كەچتى. سىلىق گەپ تاشنى ئېرىتەر، دېگەندەك باياتىن غەزەبلىك ئەلپازى بىلەن ھەممىگە زەھىرىنى چېچىۋاتقان مەسۇم كۆزەينەكلىك باش دوختۇرنىڭ سىلىق - سىپايە سۆزلىرىدىن كېيىن جىمىپلا كەتتى. تۇتىگۇل ھەربىي دوختۇرخانىدا ئىككى كۈن ياتتى. ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە بىھوش ھالەتكە ئۆتتى. ئەمدى ئۇنىڭ نېرۋىلىرى دەھشەتلىك ئاغرىق ئازابىنى سەزمەيدىغاندەك قىلاتتى. مەرۇپ تۇتىگۇلنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ: «ئاخىرەت» ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋېتىپتۇ، ئەمدى جېنىغا ئازار بېرىۋەرمەيلى دەپ

ئويلىدى. ئۇ مەھەللىدىن سونۇرنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنى تۇتىگۇلنىڭ يۇرتى — «يالغۇزياغاچ» قا ئەۋەتتى. ئىش بۇ دەرىجىدە يەتكەندە تۇتىگۇلنىڭ ياشانغان ئاتا ـ ئانىسى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپمىسا بولمايتتى. مەسۇم كۆزىنى قىزارتىپ، تامدەك ئاقارغان چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ تۇتىگۇلنىڭ كارىۋىتى قېشىدا غەم ـ غۇسسىگە پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى. شۇ ئەسنادا، ئىشىك «تىرىققىدە» ئېچىلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مەرۇپ كىرىپ كەلدى.

— پۇل بەرگىن، — مەسۇمنىڭ قېشىغا كېلىپ، قۇلىقىغا پىچىرلىدى ئۇ، — ئاخىرەتلىكنى ئۆز پۇلۇمغا ئالدىم، ئەمدى مېيىت ئۇزىتىش، مەسچىت جامائىتىنى رازى قىلىش، يۇرتىدىن كىرگەنلەرنى كۈتۈش دېگەندەك ھەممىگە پۇل لازىم...

— بىلدىم، — مەسۇم يېنىنى كوچىلاپ قولىغا ئىككى خىل پۇل ئامانەت كارتوچكىسىنى ئالدى، — مۇنۇ ئىككىسىنىڭ بىرىدە خېلى پۇل بار ئىدى، ئۆزۈڭ بېرىپ بانكىدىن ئال، خەجلەۋەرگىن، ئەمدى ماڭا پۇلنىڭ كېرىكى يوق. تۇتىگۇلدىن ئايرىلسام تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىمەن، ئۇ، مېنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قەدىرلىگەن ئايال، ئۇ ۋىجدانلىق، ھايالىق، پەزىلەتلىك چوكان ئىكەن. ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم دېگىنى راست ئىكەن. مېنىڭدەك بىر تاشلاندۇق بەزگە ئۆلۈممۇ كەلمەيدىكەن!

— ئۇنداق دېمە، — مەرۇپ ئۇنىڭ قولىدىكى پۇل كارتوچكىسىنى ئېلىۋېتىپ تەسەللى بەردى، — ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، مەسۇمكا، ئاللا رىزقىمىزنى بەرگەنىكەن، شۈكرى دېيىشىمىز كېرەك. ھەرگىز كۇپۇرلۇق قىلمايلى.

مەسۇم بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. مەرۇپ بانكىدىن پۇل ئەكېلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاز ئۆتمەيلا يېنىپ كىردى.

— بانكىدا پۇلۇڭ قالماپتۇ، مەسۇمكا، — دېدى ئۇ مەسۇمنىڭ قولىغا پۇل كارتوچكىلىرىنى تۇتقۇزۇۋېتىپ، — بىرىدە ئون

سومۇڭ بار ئىكەن، يەنە بىرىدە بارمىكىن دېسەم ئۇنىڭدا ئون بىر سوم بار ئىكەن، ناھايىتى بىر سوملا ئارتۇق ئىكەن، خەجلەپ بولۇپسەن...

مەسۇم ئۇنچىقماي يەرگە قارىۋالدى. ئۇلارنىڭ پارىڭى تېخى تۈگىمەيلا، جىددىي بۆلۈم ئىشىكى ئېچىلىپ ئالدىدا سېستىرا، ئارقىدىن بىر بوۋاي بىلەن بىر موماي كىرىپ كەلدى. بوۋاي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئاران ماڭاتتى. ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىدە كارىۋاتتا بىھوش ياتقان تۇتىگۈلگە ئىنتىزارلىق بىلەن قارايتتى.

— ئاھ، قىزىم، نېمە بولغانسەن، مەن نېمىشقا سې-نىڭ يۈز - كۆزلىرىڭنى گۈزەل تۇرقىڭنى كۆرەلمەيمەن، — بوۋاي تىترىگەن گەۋدىسى بىلەن كارىۋاتقا يېقىنلىشىپ، تۇتىگۈل-گە قول ئۇزاتتى. سېستىرا قىز ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— بوۋا، قول ئۇزاتمىسىلا، قىزلىرىنىڭ بەدىنىنى تۇتۇشقا بولمايدۇ، بولمىسا قىزلىرى ئازابلىنىپ كېتىدۇ...

— نېمە دەۋاتىسىز، قىزىم، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟! — موماي زار - زار يىغلىغىنىچە تۇتىگۈلنىڭ كارىۋىتى قېشىدا بوش تۇرغان ئورۇندۇققا كەلدى، سېستىرا قىز ئۇنى ئاۋايلاپ ئولتۇر-غۇزۇپ قويدى، — مەن ئۇنى بۇ ھالدا كۆرەرمەن دەپ ئويلىماپتى-مەن، ھەممىلا يېرىڭ تېڭىق، سېنى كۆرەلمەيمەنغۇ، جېنىم قىزىم، سېنى كىم مۇشۇ ھالغا چۈشۈردى، مەسۇم دېگەن قېرى جادى سېنى ئازدۇردى، دېگەنىدى، قېنى ئۇ ۋەھشىي يالماۋۇز، قېنى ئۇ ئادەمخور! ئاڭلىسام ئۇ ئالغان ئالتە خوتۇنىنىڭ ھەممى-سىنى ئۆلتۈرۈپ بولغانىكەن، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلگەنمۇ، قىزىم، سەن نېمىشقا بۇ قىلتاققا چۈشكەنسەن - ھە!

موماي چاچلىرىنى يۇلۇپ زارلىناتتى، ھەدەپ ياش تۆكەتتى. ئۇ شۇ ئارىدا ياشتىن قىزارغان كۆزلىرىدە بىرلۇمدىكىلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى.

— ئۇ قېرى يالماۋۇز، خوتۇنپەرەسنى مۇشۇ يەردە ئولتۇرد-

دۇ دېگەنىدىغۇ، ھە، سەن ئوخشىمامسەن!
مومای يەرگە قاراپ ئولتۇرغان مەسۇمگە قاراپ ئېتىلدى.
— ھە، پېسەندە قېرى يالماۋۇز، قىزىمنى تۆلەپ بەر، قىزىمنىڭ جېنىغا زامىن بولغان سەن قانخور جاللات، جاھاندا خوتۇن تېپىلماي، مېنىڭ قىزىمغا كۆزۈڭ چۈشكەنمىدى. سەن ئۆلسەڭ بولمامدۇ، قىزىم نېمىشقا ئۆلىدۇ، ئۇنىڭغا چاچقان كۆيدۈرگىنى ساڭا چاچسا بولماسمىدى!
ئانا مەسۇمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئۆزىگە تارتتى، يۈزىگە تۈكۈردى، يۇلقىدى، سېسترا قىز بېرىپ موماينى ئاجراتتى:
— ئاپا، بۆلۈمدە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقا بولمايدۇ.
مەرۇپمۇ ئارىلاشتى. موماينىڭ كىرىشكەن بارماقلىرى مەسۇمنىڭ يىرتىلغان ياقىسىدىن ئاجرىمايتتى. ئۆز ھەمراھىنىڭ مىجەزىنى بىلمىدىغان بوۋاي ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.
— بولدى قىل، ئانىسى، ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بولغان ئىشقا نېمە ئامالىڭ بار، مىڭ ئالتۇپىلاڭ كۆتۈرگىنىڭ بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. مۇنداق قىلىپ دۇنيادا بولۇۋاتقان ناھەقچىلىكلەرنى تۈگىتەلمەيسەن، ياراتقان ئاللانىڭ ئۆزىگە ئاسان، بەندىسىگە مۇشكۇل...
بوۋاينىڭ سۆزى بىلەن بۆلۈم ئىچى تىنىتاس بولدى. مەسۇم سېمونت يەردىلا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئىككى تىزىنى قۇچاقلىغان جۇپ قولى دىر ـ دىر تىترەيتتى. ئۇ ئوبدانلا چۆچۈگەنىدى. تۇتىگۇل ياتقان بۆلۈم خېلى ۋاقىت تىماتاسلىقتا چۆمگەنىدى، چاشگاھ ۋاقتى بولغاندا، يەنە يىغا ـ زارىغا تولدى. تۇتىگۇل ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى قەدىمىنى مېڭىپ تۈگىتىپ، ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. ئىشلارغا يەنىلا مەرۇپ يۈگۈردى. مەسۇم خۇددى گاراڭ ۋە غەرق مەست ئادەمدەك ئولتۇرغان يېرىدە مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. تۇتىگۇلنىڭ نامىزى «قارادۆڭ مەسچىتى» دە چۈشۈرۈلدى. مېيىتى قارادۆڭ قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى. ئۇ-

نىڭ قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمۇ يىغلاپ داغدۇغا قوزغىمىدى. مېيىتنى ئۈزىتىپ ئۈزۈندىن ئۈزۈنغا سوزۇلۇپ ماڭغان ماشىنىلارمۇ كۆرۈنمىدى، تۇپراق بېشىدا، چىرايىنىڭ سىرىقلىقىدىنمۇ ياكى يەرلىك كولىغاندا توزۇغان سېرىق تۇپراقنىڭ چاڭ ـ توزاڭلىرىدىنمۇ ئەيتاۋۇر يۈزى ساپسېرىق بولۇپ كۆرۈنىدىغان گۆركار بىلەن بىرنەچچە مەسچىت ئاقساقىلى مېيىتنى لەھەتكە قويدى. يۇرت مۇساپىرچىلىقى دېگەن ئەنە شۇ. يورۇق ئالەمدە ئۆزىنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالى بىلەن نى ـ نى يىگىتلەرنى ئاشىق ـ بىقارار قىلغان، مەسۇمىنىڭ قېرىغان كۆڭۈللىرىگىمۇ سۇ يۈگۈرتۈپ ئىشق ئوتىدا كۆيدۈرگەن تۇتىگۇل ئاخىر غېرىب كېپەن بولۇپ ئاخىرەتكە ئۈزىتىلدى. مەزىن ئىچكىرىكى گۆرنىڭ ئاغزىنى كېسەك بىلەن ئېتىشنىڭ ئالدىدا، سوزۇلۇپ ياتقان تۇتىگۇلگە بىرنەچچە كەلىمە ئىمان ئايىتىنى ئۆگىتىپ قايتىپ چىقتى. كەتمەن ۋە گۈرجەكلەردە توپىلار گۈپۈلدەپ تاشلانغىلى تۇردى. مەسۇم بىر يىگىتنىڭ قولىدىن گۈرجەكنى ئېلىپ، قەبرە تۇرغۇزۇلغانغا قەدەر توختىماي توپا تاشلىدى.

ئۇلار خەتمقۇرئاننى تۈگىتىپ تۇپراق بېشىدىن قايتتى. تۇتىگۇلنىڭ قېرى دادىسى بىلەن ئانىسىنى مەرۇپ ئۆيىگە ئەكەتتى. تۇتىگۇلنىڭ يۇرتىدىن كىرگەن جامائەت مەسۇمىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتى. قوشنا ـ قولۇملار ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

ئەتىسى مەسۇمنى دوختۇرخانىدىن چاقىرتىپ ماشىنا كەلدى. دوختۇرخانىغا مەرۇپ بىلەن بىللە باردى. دوختۇرلار ئىشخانىسىدا ھېلىقى كۆزەينەكلىك دوختۇر كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيگەن، كەڭ گالىستۇك تاقىغان ھالدا ئۇستەلدە ئولتۇراتتى.

— ئايالىڭىزنىڭ داۋالىنىش پۇلى... ، — دەپ گەپ باشلىدى ئۇ، مەسۇم بىلەن مەرۇپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، يەنە باشلىققا قارىدى. دوختۇرخانا باشلىقى سۆزىنى داۋام قىلدى، — جەمئىي بەش مىڭ يەتتە يۈز سوم بولۇپتۇ. مېيىت ئۈزىتىش،

نەزىر - چىراغ ۋە باشقا چىقىم ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل يەتتە مىڭ، جەمئىي ئون ئىككى مىڭ يەتتە يۈز سوم. سىز بىزنىڭ كونا كادىرىمىز...

بۆلۈم ئىشكى ئېچىلىپ بىر ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئۈستىلى يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ گېپى تۈگىسۇن دېگەندەك جىممىدە تۇردى.

— سىز بىزنىڭ كونا كادىرىمىز، — سۆزىنى داۋام قىلدى دوختۇرخانا باشلىقى، — بۇ چىقىملارنى تۆلەشكە چامىڭىز يەتمىسە ياردەم قىلىشقا ھەقلىقمىز، شۇڭا، مائاشىڭىزنىڭ سەكسەن پىرسەنتىنى تۇتۇش ھېسابىغا بارلىق قەرزلەرنى تۆلىشىڭىزنى قارار قىلدۇق. مانا مۇنۇ نەزىر - چىراغ ۋە باشقا چىقىم ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل ...

ئۇ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئايالنىڭ قولىدىن نەق پۇل چېكىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— سىز؟ ... ، — مەسۇم ھەيران بولۇپ ئالدىدىكى كۆزەينەكلىك دوختۇرغا قارىدى.

— بۇ بىزنىڭ يېڭىدىن كەلگەن دوختۇرخانا باشلىقىمىز، — دېدى بايىقى ئايال مەسۇمگە قاراپ.

— ھە، ھە، شۇنداقمۇ، بىلمىگەندىن كېيىن ...

— رەھمەت دېمەمسەن، مەسۇمكا، — پىچىرلىدى مەرۇپ.

مەسۇم ئورنىدىن يېرىم قوپۇپ دېدى:

— رەھمەت سىلەرگە...

باشلىق پۇل چېكىنى مەرۇپكە بەردى. مەسۇم بولسا قېتىپ قالغاندەك، بىرلا نۇقتىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىنى خىياللار چىرمىۋالغانىدى. كالپۇكلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىتىپ: «مۇنچىلىك كۆپ قەرزنى قاچانمۇ تۈگىتىپ بولارسەن، مەسۇم، مانا ئەمدى تويە، ياش خوتۇن ئالىمەن دېگىنىڭگە توي، تويدۇڭمۇ بەز! ...» دەپ پىچىرلايتتى. لېكىن بىردىنلا

ئۇنىڭ كاللىسىغا: «ئۆلسەم، ئۆلۈكۈمگىمۇ تۆلەتمەس! ...» دې-
گەن خىيال كەلدى. بۇ خىيالدىن ئۇنى مۇزدەك تەر بېسىپ
كەتتى.

— نېمانداق ھاڭغىيىپ قاراپ تۇرسەن، مەسۇمكا، يۈرە
ئىش تۈگىدى، كېتىمىز، — مەرۇپنىڭ گېپى ئۇنى ھوشىغا
كەلتۈردى.

ئۇلار يېڭى باشلىق بىلەن خوشلىشىپ چىقىشتى ۋە ئاپتو-
بۇسقا چىقىپ ئۆيىگە قايتىشتى. مەرۇپ تۇتىگۇلنىڭ ئاتا - ئانى-
سىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ئۆيىگە كىرىپ
كەتتى. مەسۇمنىڭ ئۆيىدە تۇتىگۇلنىڭ يۇرتداشلىرى بار ئىدى.
ئۇلارنى ئويلاپ، مەسۇممۇ ئۆيىگە يول ئالدى.

مەسۇم ئەمدىلا ئۆيىدىكىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئۇھ،
دەپ ئولتۇرۇشىغا ئۆز تەۋەلىكىدىكى ساقچىخانىدىن بىر ساقچى
كىرىپ كەلدى.

— مەسۇمكا، سىزنى ساقچىخانا باشلىقى سەيدىراخمانكام
چاقىرىۋاتىدۇ، سىز بىلەن سۆزلىشىدىغان گېپى بار ئى-
كەن! ...، — دېدى ئۇ مەسۇمگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

مەسۇمنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ، چىرايى تامدەك
تاتىرىپ كەتتى. تىلى كالۋالىشىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قال-
دى. يېنىدىكى مېھمانلارغا قارىۋىدى، ئۇلارمۇ جىممىدە باش
لىڭشىتىپ قويۇشتى. مەسۇم ئۈنچىقماي ئورنىدىن تۇرۇپ ساق-
چىخانا ساقچىسى بىلەن بىللە ئۆيىدىن چىقتى.

— تۇتىگۇل بىلەن قانۇنسىز ئۆي تۇتۇپسىز - دە، — دېدى
ساقچىخانا باشلىقى سەيدىراخمان مەسۇمنىڭ تۇتىگۇل بىلەن بول-
غان مۇناسىۋىتىنى باشتىن - ئاياغ ئاڭلىغاندىن كېيىن، —
قىزىل قەغىزىڭىز يوق ئىكەن، نىكاھسىز ئىكەنسىلەر، سىز
دۆلەت كادىرى تۇرۇپ، قائىدە - نىزاملارنى بىلمەيتتىڭىزمۇ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇتىگۇل زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، ئادەم مەسى-

لىسى ھەممىدىن مۇھىم، ساقچىغا دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرگىچە تۇتۇپ تۇرۇلىسىز...

مەسۇم بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىلى تۇتۇلۇپ، سەيدىراخمانغا تۆ-شۈكتەك قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆكۈچ سىزىق تارتىلغاندەك كۆ-رۈنگەن پېشانىسىدە سوغۇق تەر تامچىلىرى كۆرۈندى. شۇ تاپتا مەسۇم ئۇلارنى ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

— ھازىرچە قاتىل سىزمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ بۇ بىزگە ئېنىق ئەمەس، — داۋام قىلدى ساقچىخانا باشلىقى، — سىز جىنايەت گۇماندارى قاتارىدا تۇتۇپ تۇرۇلىسىز، ئېنىقلاپ تەكشۈرگەندىن كېيىن سىزنى بىر تەرەپ قىلىمىز، قانداق، پىكرىڭىز بارمۇ؟ بولمىسا ئالدى بىلەن مۇنۇ گرافىكغا قول قويۇڭ، مانا ماۋۇ يەرگە، ئەكېلىڭە، قولىڭىزنى، مانا مۇنۇ يەرگە بارمىقىڭىزنى باسامسىز.

ئىككىسى بىللە ئىشىككە ماڭغاندا، مەسۇم كويزا سالامدى-كىن، دېگەن گۇماندا قوللىرىنى ئالدىغا چىقاردى.

— قېچىپ كەتمەسسىز، مەسۇمكا، — دېدى سەيدىراخمان يېرىم ھجىيىپ قويۇپ، — ئالدىڭىزدا چوڭ بولغاندۇق، شۇنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ كويزا سالمايمەن.

مەسۇم يا ئاق، يا كۆك دەپ ئېغىز ئاچمىدى. ئۇ ھازىر تەپەككۇرسىز ماشىنا ئادەمدەك مىدىرايتتى. خالاس. كۆزلىرى-نىڭ پىلدىرلاپ، پۇت - قوللىرىنىڭ تىترەپ تۇرغىنىلا ئۇنىڭ تېنىدە جان بارلىقىدىن گۇۋاھلىق بېرەتتى. ئۆز كەسپىنى پىش-شىق بىلىدىغان سەيدىراخمان ئادەم ئۆز ئەركىنلىكىدىن ئايرىلغان-دا قانداق ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇ-ڭا، ئۇ، مەسۇمگە ناھايىتى سىلىق مۇئامىلىدە بولدى. قولتۇقى-دىن يۆلەپ ئىشىك ئالدىغا ئاچىقتى. ئۇ يەردە ئۇلارنى كىچىك بىر بولكىۋاي ماشىنا كۈتۈپ تۇراتتى. بۇ ساقچىخانىنىڭ جىنايى رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بىردىنبىر قاتناش قورالى

ئىدى. ماشىنا مەسۇمنى ئېلىپ غۇيۇلداپ يۇرۇپ كەتتى، «بوينى-كېسىك» تەرەپكە بۇرۇلغاندا مەسۇمنىڭ يۇرىكى دۇپۇلدەشكە باش-لىدى. «ئۆلۇپلا كەتسەم بولۇپتىكەن، ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆينى كۆر-گىچە، قاراڭغۇ گۆرنىلا كۆرگەن بولسام...» مەسۇمنىڭ بۇ خى-ياللىرى تاكى تۇرمە دەرۋازىسىغىچە داۋام قىلدى. قارا دەرۋازى-دىن كىرىپلا يۇرىكى جايىغا چۈشتى. «بۇ يەردىمۇ ئادەملەر بار ئىكەنغۇ، بۇ يەردىمۇ ئىنسانىي ھايات داۋام قىلىۋېتىپتىغۇ... ئىنسان بالىسى بىر تۆشۈكتىن چىقىپ يەنە بىر تۆشۈككە كىرگۇ-چە نېمىلەرنى كۆرمەيدۇ، نېمە دەردلەرنى تارتمايدۇ، پېشانەڭگە يېزىلغان ئىشنى تارتماي ئامالىڭ يوق...»

مەسۇمنىڭ خىياللىرى ئۇ تۇرمە كامېرىغا كىرىپ، تۆمۈر ئىشىك قاراسلاپ ئېتىلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. كامېردا بىر-مۇنچە مەھبۇس ئولتۇرۇشاتتى. بەزىلىرى ئۇنىڭغا سوئال قويدى:

— نېمە گۇناھ قىلىپ كىرىپ قالدىڭىز؟...

— سىزنى قانچە قېتىم سوراق قىلىشتى؟...

— بۇگۇن كىردىڭىزمۇ - يە؟...

مەسۇم ھېچقايسىغا جاۋاب بەرمىدى. ئۇ گويا ئېسىنى يوقات-قان ئادەمدەك كامېرنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق تۈڭلۈكىگە قاراپ قېتىپلا قالغانىدى. ئۇنىڭغا ھازىر ھېچقانداق گەپ، ھېچقانداق ئاۋاز، شەپە - تۇرتۇشلەرمۇ كار قىلمايتتى.

— گەپ سورىسا بەزدەكلا قاراپ تۇرىدىغۇ...

— بەزمۇ نېمە بۇ ئادەم... بوپتۇلا، ئۆز ھالىغا قويايلى...

مەھبۇسلار شۇنداق دېيىشىپ ھەرقايسىسى ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. مەسۇمگە تەرەت تۇڭىغا يېقىنلا بىر جايدىن ئورۇن تەگدى. مەسۇم ئۇ يەرگە بارماي بوسۇغىدىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى.

كامېرنى قاراڭغۇلۇق باستى، چىراغ يېقىلدى. كەچكى تاماقمۇ كەلدى، مەسۇم تامىقىنى باشقا مەھبۇسلەرگە ئۆلەشتۇ-

رۇپ بېرىۋەتتى. ئۇلارمۇ ھېچقانداق تەپ تارتماستىنلا شاپىلدىتىپ يېيىشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلار يېڭى مەھبۇسنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. مەسۇم كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. تاڭ ئاتتى. ئەتىگەنلىك تەرەتكە چىقىش ئۈچۈن كامېر ئىشىكلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. بىر كەمدە مەسۇملەرنىڭ ئىشىكىمۇ شاراقلاپ ئېچىلدى.

— سىز مېنى چىڭگىدە تۇتۇۋېلىڭ، مەن نېمە قىلسام سىزمۇ شۇنداق قىلىڭ، بولامدۇ، — دېدى چوڭ ياشتىكى بىر مەھبۇس مەسۇمگە.

مەسۇم باش لىڭشىتىپلا قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تولىشىپ پۇت - قولىدا جان قالمىغانىدى، پۇۋدىۋەتسە ئۇچۇپ كېتەيلا دەپ تۇراتتى.

ئىشىك ئېچىلىپ گۇندىپاينىڭ سۈرلۈك چىرايى كۆرۈندى.

— قورقماڭ، — پىچىرلىدى ھېلىقى چوڭ ياشتىكى مەھبۇس، — مەن قىلغاندەك قىلىڭ، بولمىسا دۈمبىڭىزگە بىر توپ ئاچقۇچ يەيسىز...

مەھبۇسلار ئىشىك ئالدىغا چىقىپ تىزلا تىزلىنىشتى. تەرەت تۇڭىنى كۆتۈرگەن ھېلىقى چوڭ ياشتىكى مەھبۇس ۋارقىرىدى:

— دوكلات، بەنجاڭ! تەرەتكە!

گۇندىپاي ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— ماڭ!...

ھەممە مەھبۇسلار دۈكۈرلىشىپ، تۈرمە قورۇسىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ھاجەتخانىغا قاراپ چېپىشتى، قانداق تېز بارغان بولسا، شۇنداق تېز تەرەت قىلىشتى. تەرەتتىن كېيىن يەنە تىزلىنىپ دوكلات قىلىشتى. رۇخسەت بېرىلگەندىن كېيىن، يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن كامېرغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. مەسۇم يولدا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى چوڭ ياشتىكى مەھبۇس ئۇنى يۆلىۋالدى. بولمىسا يىقىلىپ چۈ-

شۇپ، ھېلىقى گۈندىپاينىڭ قولىدا تۇرغان بىر توپ ئاچقۇچ بىلەن ئۆلگۈدەك دۇمبا يېگەن بولاتتى.

مەسۇم مەھبۇسلارغا قوشۇلۇپ كامېرغا كىردى، تۆمۈر ئىشىكنىڭ ئېتىلىشى بىلەن تەڭلا ھۆركىرەپ ئېتىلىپ يىغلىۋەتتى. مەھبۇسلار ھاڭ ـ تاڭ قالدى. مەسۇمنىڭ چوڭ ياشتىكى ئادەم تۇرۇپ يىغلىغىنىنى كۆرۈپ زاڭلىق قىلغانلارمۇ بولدى.

— بولدى، چوڭ سۆزلىمەڭلار، — دېدى ھېلىقى چوڭ ياشتىكى مەھبۇس، — نى ـ نى پالۋانلارنى، يۈرت سورىغان نوچىلارنى يىغلاتقان يەر بۇ...

شۇنىڭ بىلەن كامېر ئىچى تىمتاسلىقتا چۆكتى. بىر دەمدىن كېيىن، كامېر ئىشىكىنىڭ بىر چىنە پاتقىدەكلا ياسالغان تۆشۈكىدىن تۈرمە ئاشپىزى سۇنغان بىر چىنە داغ سۇ بىلەن ئىككى موما كۆرۈندى. مەسۇم ئالدىدىكى بۇ نەرسىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەركىن دۇنيادىكى ھاياتىدا ئاش ـ نانلارنى خارلاپ، تۆكۈۋەتكەن چاغلىرى بولغانمىدۇر، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلماي كۈپۈرلۈق قىلغان يەرلىرى بارمىدۇر...

مەسۇم ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، ئۇنداق ئىش قىلغانلىقىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدى. ئانىسى رەھمەتلىك جاھان تۇتۇشتا ئېدىتلىك ئادەم ئىدى. ئانىسى رەھمەتلىكنىڭمۇ بۇزۇپ ـ چاچقىنىنى كۆرمىگەن، ئۆزىمۇ خوتۇن يەڭگۈشلەپ يۈرگىنى بىلەن ئىسراپچىلىقتىن يىراق ئىدى. تۈرمە ھاياتى مەسۇمنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئاتا ـ ئانىسىنى، تۇتقان جاھانىنى قايتىدىن ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى. مانا شۇنداق قىلىپ، مەسۇمنىڭ كۈنلىرى تۈرمىدە ئۆتۈشكە باشلىدى...

مەرۇپ سونۇرنىڭ خەۋىرىدىن چۆچۈپ مەسۇمنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى. ئۆيدىكى مېھمانلار سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار مەسۇمنى ساقچى چاقىرىپ كەتكەنلىكىدىن

باشقا ھېچ نەرسىنى دەپ بېرەلمىدى. ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ كەت-
مەكچى بولۇۋاتاتتى. مەرۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئۈنچىق-
مىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندىچىلىككە تولدى. ئۇ، ئالدى بى-
لەن تۇتىگۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە باشقا مېھمانلارنى يۇرتىغا يولغا
سېلىۋېتىپ ئاندىن مەسۇمنى ئىزدەش قارارىغا كەلدى. مەسۇم-
نىڭ مەرۇپتىن باشقا كىمى بار، كەينىدىن ئىزدەيدىغىنىمۇ،
بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىغىنىمۇ شۇ... مەرۇپ دېگىنىدەك
قىلدى. تۇتىگۇلنىڭ ئاتا - ئانىسىنى مەسۇمنىڭ تەشكىلى بەرگەن
پۇل بىلەن رازى قىلىپ، مېھمانلار بىلەن بىرلىكتە يولغا سال-
دى. مېھمانلارنىمۇ قۇرۇق قويمىدى، ئۇلارغا ئاياللىرىنىڭ دۇكىنى-
دىكى كۆڭلەكلەردىن كىيدۇرۇپ قويدى. قاتناش بېكىتىگىمۇ
ئۇزىتىپ باردى. مېھمانلار يۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مەھەللە
ساقچىخانىسىغا بېرىپ، باشلىق سەيدىراخماننى تەستە تاپتى.
— ئۇكاۋوي، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ — دېدى مەرۇپ سەيدى-
راخماننىڭ ئۇستىلى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ، —
قاتىل جىنايەتچى ئۇ بولمىسا يەنە نېمىدەپ قولغا ئالدىڭلار؟
— مەرۇپكا، سىز مەھەللىنىڭ ئامانلىق ساقلاش خادىمى
تۇرۇپ، مۇشۇنداق ئىشلارغا يول قويدىڭىزمۇ؟ — يېزىۋاتقان دېلو
خاتىرىسىنى قويۇپ مەرۇپكە قارىدى سەيدىراخمان، —
ھۆكۈمەتنىڭ قىزىل قەغەزىنى ئالمىغان ئەر - خوتۇنلار بىر ئۆيدە
تۇرسا بولامدۇ؟ سىز مۇنداق ئىشلارنى توسۇشىڭىز، ھېچبولمى-
غاندا بىزنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇشىڭىز كېرەك. مانا
ئەمدى قاتىللىق دېلوسى تۇغۇلدى. بۇنىڭ جامائەتكە تەسىرى
يامان بولدى. بىز شۇ سەۋەبتىن مەسۇمكامنى توختىتىپ قوي-
دۇق، بىز ئۇنى جىنايەت گۇماندارى ئېنىقلانغانغا قەدەر تۇتۇپ
تۇرىمىز.
— بۇ گېپىڭىزغۇ توغرا، سەيدىراخمان ئۇكا، ھەممىدىن
خەۋىرىم بار ئىدى، ئىككىسى توي قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتات-

تى. مانا مۇنۇ ئاساسىي قاتلام كومىتېتىدىن ئالغان تونۇشتۇرۇشمۇ بار، ئۇنى دېسىڭىز تويلىۇقىنمۇ بىر قۇر ئېلىپ بولغان—،... مەرۇپ گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى ـ دە، گېلىنى قىرىپ قويۇپ داۋام قىلدى،— لېكىن، بالا ـ قازا كۆرۈنۈپ كەلمەيدۇ، دېگەندەك... ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەسۇمكامنىڭ بۆكى زېمىنغا چۈشۈپ كەتسە ئېلىپ كىيدۈرۈپ قويىدىغان كىشىسى يوق، مەھەللىدە مەنلا ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتىم. مەسۇمكام ئۇنداق قارانىيەت ئادەم ئەمەس، قاتىل جەزمەن تېپىلىدۇ، ماڭا ئىشىنىڭ.

— سىزگە ئىشەنمەي قىلىۋاتقان ئىش ئەمەس بۇ،— سەيدىراخمان چۈشەندۈردى مەرۇپكە،— بۇ قانۇن، شۇڭا ئۇ هازىرچە جىنايەت گۇماندارى قاتارىدا تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ.

— قانچىلىك ياتار؟— سورىدى مەرۇپ گۇماندا.

— ئۇنى مەن بىلمەيمەن،— جاۋاب بەردى سەيدىراخمان قاپىقىنى تۈرۈپ،— ئىمكانقەدەر تېز ئېنىقلايمىز، كېچىكتۈرمەيمىز، بۇ ھەقتە قانۇن ـ بەلگىلىمە بار.

— شۇڭغىچە مەسۇمكامنى كېپىللىككە بەرسەڭلار بولماسمۇ،— گەپنى ئەگىتىپ ئۇقتۇرالمىغان مەرۇپ گەپنى ئۇدۇللا قىلدى،— ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، يەنە كېلىپ ئۇ نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلدى. مانا شۇ قەرزلەرنى تەشكىلگە قايتۇرۇشى كېرەك، ئۇنىڭ تۈرمىگە چۈشۈپ قالغىنىدىن تەشكىلى خەۋەر تېپىپ مائاشىنى توختىتىۋەتسە، مەسۇمكامغا ئۇۋال بولىدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق،— دېدى سەيدىراخمان قاپىقىنى تۈرۈپ،— سىز بۇ ئىشلارغا ئارىلاشماڭ.

— ئارىلىشىۋاتقىنىم يوق، ئۇكا، لېكىن مەسۇمكامدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— نېمىشقا؟— ھەيران بولۇپ سورىدى سەيدىراخمان.

— مەسۇمكام قېرىغانسېرى ئالجىپ قالغاندەك بولۇپ قال-

دى، بولۇپمۇ مۇشۇ قاتىللىق يۈز بەرگەندىن كېيىن ئېسى تازا جايىدا ئەمەس، ئاسانمۇ، ئۇكا، بۇ ۋەھشىيانە قانخورلۇقتىن مەھەللىدە نەپرەتلەنمىگىنى يوق، ھەتتا پۈتۈن شەھەرمۇ تاسلا قالدى تەۋرەپ كەتكىلى ... ئادەمگە كىسلاتا چېچىپ ئۆلتۈردى، دېگەن قانداق گەپ! نېمىدەپ شۇنداق قىلىدۇ. تۇتىگۇلنى ھەر-قانچە گۇناھى بولسىمۇ كىسلاتا بىلەن ئۆلتۈرەمدۇ؟! ساراڭ بولايلا دەپ قالدىم. راست، مۇنداق ئىشنى قايسىبىر زامانلاردا بالا ۋاقتىمدا «يېرىم كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى» دېگەن بىر كىنودا كۆرۈۋىدىم، لېكىن ئۇنىڭدا سۇمباتلىق بىر يىگىتنى يۈزىگە كىس-لاتا چېچىپ سەتلەشتۈرۈۋەتكەن، شۇنىڭدىمۇ بىراقلا ئۆلتۈرۈۋەت-مىگەن. بۇ قېتىم مەسۇمكام تۇگەشتى، بىراقلا تۈگىشىدىغان بولدى، ئۇكا.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — سەيدىراخمان تېگى - تەكتى-نى بىلمەكچى بولدى.

— مەسۇمكامنىڭ ئەسلىدىلا نېرۋىسى ئاجىز ئىدى، — مەرۇپ ئەتراپىغا قارىۋېتىپ، سەيدىراخمانغا ئېگىشىپ شىۋىرلى-دى، — بۇ قېتىم بىراقلا ساراڭ بولۇپ كېتىدىغان بولدى، ساراڭغا سوت يوق دېگەن گەپ بارغۇ، ئۇكا، شۇڭلاشقا، كېپىل-لىككە بېرەمدىكىن دەۋاتىمەن.

— ئۇنداق دېيىش ئۇچۇن قانۇن دوختۇرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈش كېرەك، — دېدى سەيدىراخمان قەتئىي قىلىپ، — بولمىسا ئېغىزدىكى گەپ ياكى سىزنىڭ كېپىللىكتىن ئۆتۈشىڭىز بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، غۇلجىدىكى قايسىبىر شائىرنىڭلار...

— ھە، ھە ساۋۇت داۋۇت، — جاۋاب بەردى مەرۇپ خۇددى تەس بىر تېپىشماقنى تېپىۋالغاندەك خۇشاللىنىپ، — شۇنى دەم-سىز؟

— ياقەي، غۇلجىدا شائىر كۆپقۇ، نېمە يېزىپتۇ، دېمەم-سىز، «قانۇن كۆپ، ئىجراسى ئاز» دەپ يېزىپتۇ. بۇ بىزنى

ئىشنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىڭلار دېگىنى، ئاكا.

مەرۇپ سەيدىراخمان بىلەن كۆپ تاكاللاشتى، يالۋۇردى. كېيىنلىككە «تىلخەت» يېزىپ بەرمەكچىمۇ بولدى. لېكىن سەيدىراخمان زادىلا ئۇنىمىدى. ئىش يەنىلا قاتىلنىڭ تېپىلىشىغا باغلىق بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇكا، مەن سىلەرنى بىر يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەي، — دېدى مەرۇپ بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ.

— قېنى، سۆزلەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە...

مەرۇپ تۇتىنگۇلنىڭ رېستوراندىكى كەچۇرمىشلىرىدىن تارتىپ ئىمرەمزىننىڭ مەستانىلىقى، مەسۇمنىڭ ئىشقى سەۋدايىلىقىدىچە ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. سەيدىراخمان ئۆز كەسپىگە پىششىق ساقچى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ زىر - زەۋىرىنى قالدۇرماي يېزىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سوزۇلغان سۆھبىتى ئاياغلاشقان بولدى...

كۈنلەر ئۆتمەكتە ئىدى. مەھەللىدىكى سۆز - چۆچەكلەرمۇ جىمىپ قالغانىدى. مەرۇپ مەسۇمدىن پات - پات خەۋەر ئېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر كۈنى ئۇ مەسۇمنىڭ مائاشىنى ئېلىپ بانكىدا ساقلاپ قويماقچى بولـۇپ دوختـۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ ئالدىغا باردى.

— مەسۇمكامنىڭ مائاشىغا كېلىۋىدىم، — دېدى ئۇ ھېلىقى كۆزەينەكلىك باشلىقنىڭ ئۇستىلىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — بـوغالتىر بـۆلۈمدىكىلەرگـە يـولۇقۇڭ دېگەنىدى.

باشلىق يېنىك يۆتىلىپ قويۇپ مەرۇپكە قارىدى.

— سىز نېمىسى بولىسىز؟ — سورىدى ئۇ، — ھەم قوشنا، ھەم تۇغقىنى بولىمەن دېدىڭىزمۇ؟ ئىش مۇنداق، قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىچە مەسۇمكامنىڭ قاتىللىق دېلوسىغا چېتىش-

لىقى بار ئىكەن، ئىش ئېنىقلىنىپ بىر تەرەپ بولمىغۇچە، ئۇنىڭ مائاشىنى توختىتىلىدۇ.

— توختىتىلىدۇ؟ قاچان ئېرىيدۇ، — ھەيران بولدى مەرۇپ. باشلىق كۈلدى. كۆزەينىكىنى تۈزىتىپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئالدىراش بىر ئىش بارلىقىنى ئېيتىپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. بۇ ئۇنىڭ بۆلۈمدىن چىقىڭ دېگەن جاۋابى ئىدى. مەرۇپمۇ ئۇنىڭ غەلىتە جاۋابىدىن ئاغرىنىپ دومسايغىنىچە چىقىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن دوختۇرخانىغا ئىككىنچىلەپ ئاياغ باسمىدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى، مەسۇم تۈرمىدە يېتىۋەردى. ئۇ، ھەربىر كۈننى بارماق بىلەن ساناپ دېگۈدەك ئۆتكۈزدى، نەچچە قېتىملاپ سوراق قىلىندى، سەيدىراخمان بىر كۈنى كېلىپ، ئىمرەمزە بىلەن بولغان ئىشلارنى باشتىن ـ ئاخىر سوراپ كەتتى. يەنە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىدا ئۇنى بىرى سوراقمۇ قىلمىدى، مەھەللىدىنمۇ ھېچكىم ئىزدەپ كەلمىدى، دوختۇرخانا ئۇ قامىلىپ كەتكەن كۈندىن باشلاپ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، مائاشىنىمۇ توختاتتى. شۇ تەرزدە ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتتى، مەسۇم ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە توساتتىن كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى.

— مەسۇم مەشۇر، بۇياققا چىق! — دېدى گۈندىپاي قولىدىكى بىر توپ ئاچقۇچنى شاراقشىتىپ.

مەسۇمنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. يۈرىكى بىر پەسكە توختاپ قېلىپ ئاندىن ھەربىكەتكە كەلگەندەك دۈپۈلدىدى. خۇشاللىق ۋە قايغۇنى ئالدىن بىلدىغان يۈرەك ئىنسانغا شۇنداق تېز سىگنال بېرىدۇكى، ئىنسان ئۇنىڭدىن خۇشاللىقنىمۇ، قايغۇنىمۇ ئالدىن بىلەلەيدۇ، مەسۇمنىڭ يۈرىكىمۇ ئۇنىڭغا قانداقتۇر ئۈمىدتىن بېشارەت بەرگەندەك دۈپۈلدىمەكتە ئىدى، گۈندىپاي ئۇنى ئوتتۇرىدىكى قارا دەرۋازىغىچە ئۈزىتىپ باردى. دەرۋازا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدىدا سەيدىراخمان قاراپ تۇراتتى. ئۇ قول ئىشارىسى قىلىپ مەسۇمنى بۆلۈم تەرەپكە، يەنى ئۆزىنى داۋاملىق سوراق قىلىدىغان سوراقخانا تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بۆلۈم ئىشىكى ئېچىلدى. سوراقخانىدا بىرقانچە ساقچى ئۆرە تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى يۆلەنچۈكسىز ئورۇندۇقتا قولىغا كويزا سېلىنغان ئىمىرەمزە ئولتۇراتتى. مەسۇم ئۇنى كۆرۈپلا، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سالغىلى تۇردى. بىردىنلا غەزەپتىن تىترەپ، پۈتۈن تېنى جۇغۇلدىدى. قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل سېلىنغان ئىمىرەمزىگە ئېتىلىپ تىل - ئاھانەتنى ياغدۇرۇۋەتتى:

— ھۇ، قانخور جاللات، سەن مېنى ئەڭ ئامراق خوتۇنۇمدىن ئايرىدىڭ. ھۇ، قاتىل قانخور، سېنى چانىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، مېنى ھەممە نېمەمدىن، ھاياتىمدىن، ئەركىنلىكىمدىن، ئۆيۈمدىن، مال - دۇنيايىمدىن، ئايالىمدىن، ھەممىدىن ئايرىدىڭ، ئەمدى بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ نېمە لەززىتى قالدى؟ مەن سېنى مۇشۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، تۇتىگۇل دوزاخ ئازابىدا قىينىلىپ ئۆلۈپ كەتتى. سەندىن تۇتىگۇلنىڭ ئەنتىنى ئېلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق، ئۆلسەم تۇتىگۇلنىڭ قېشىغا بېرىپ ياتىمەن! ھۇ، زەھەرلىك ئىلان! ئادەم قېنى ئىچىدىغان چايان!...

ساقچىلار مەسۇمنى تۇتۇۋالدى، لېكىن ئۇ ئىمىرەمزىگە ئېسىلىۋېلىپ چاپىنىنى يىرتىۋەتتى، ياقىسىغا مەھكەم ئېسىلىۋالدى. ئۇنىڭ جاھىللىقى تۇتقانىدى. كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئىمىرەمزىمۇ مەسۇمگە نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان غەزەپ ئۇچقۇنلىرى مەسۇمنىڭ كۆزىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك شىددەتلىك ۋە قەھرلىك ئىدى. ئىمىرەمزە مەسۇمنىڭ دېۋەيلەشلىرىگە خېلى سۈكۈت قىلدى. ئاخىر، ئۇنىڭ بېشەملىكىدىن زېرىكتى بولغاي قەھرى بىلەن ئېغىر ئاچتى:

— قېرى جادۇ، قېرى ئالۋاستى، ئالىدىغان قىزىمنى تارتىۋېلىپ، مېنى مۇشۇ كۈنگە قويدۇڭ، قاتىل دېگەن سەن، سېنى چايناپ پۈركۈۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، سېنى تۈنجى قېتىم تۇتقىنىمدا ئۆلىدىغان يېرىڭگىلا تەپسەم ئىكەن، ئۇ چاغدا بۇ دۇنيادىن يوقىلار ئىدىڭ، پاسكىنا، يۈيۈقسىز، تاشلاندۇق بەز، بۈگۈن پۇت - قولۇمغا كىشەن چۈشۈپ قالدى، بولمىسا سېنى بوغۇپلا ئۆلتۈرەتتىم، ئەسلىدە شۇ كۈنى سېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بارغانىدىم، لېكىن سەن قېرى بەزنىڭ ئورنىغا تۇتىڭگۇل ئۆلدى، ئۇنى قورقۇتۇپلا قوياي دېۋىدىم، بىراق، قولۇم تىترەپ كېتىپ، بوتۇلكىدىكى كىسلاتا كۆپرەك تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ، جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ پۈتۈن مەھەللىنى ئويغىتىۋەتتى، بولمىسا ئۆيۈڭگە كىرىپ سېنىڭ كارىۋاتتا يالىڭاچ ياتقان رەزىل، ئىپلاس تېنىڭگە تۆكۈۋېتەي دېگەنتىم، سىلەرمۇ ئاڭلاپ قويۇڭلار، بۇ مېنىڭ ئىقرارىم، بۇ مېنىڭ غەزەپ - نەپرەتكە تولغان جىنايى ئىقرارىم، مەن بۇ كەمگىچە بۇنى سىلەرگىمۇ قىلمىغان، ئەمدى مېنى ئاتساڭلارمۇ مەيلى، شۇغىنىسى، ئارمان بىلەن كېتىدىغان بولدۇم، مۇنۇ قېرى ئالۋاستىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرەلمىگىنىمگە بەكمۇ ئېچىنىمەن. بۇ ئىپلاس قېرىغا نېمىشقا ئۆلۈم كەلمەيدۇ، بۇ ئۆلۈم مەندەك بىر يېتىم بىچارىغا كېلىدىكەنغۇ...

ئىمىرەمزە ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. كويزا سېلىنغان ئىككى قولىنى تىزىغا قويغىنىچە، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ خېلىغىچە ھەسرەتلىك ياش تۆكتى. مەسۇم ئۇنىڭغا قارىغىنىچە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇراتتى. سەيدىراخمان ئىمىرەمزىنىڭ بايىقى ئىقرارىنى ئالدىراش خاتىرىلىمەكتە ئىدى.

سوراق ئاخىرلاشتى. ئىمىرەمزىنى ئاچىقىپ كېتىشتى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى كىشەننىڭ شاراقلىغان ئاۋازى تۈرمىنىڭ ئىچكىرىكى دەرۋازىسىدىن كىرىپ تاكى ئۇ كامېرىغا سولانغانغا قەدەر ئاڭلىنىپ تۇردى. تۈرمە قورۇسى يەنە جىمجىتلىققا چۆكتى.

www.uyghurkitap.com

بولۇمدە سەيدىراخماننىڭ قەغەز ئۈستىدە كىتىرلىتىپ يازغان قەلىمىنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئۆيىڭىزگە قايتىسىز، مەسۇمكا، — دېدى ئۇ بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەمما مەسىلىڭىز ئۈستىدە ياخشى ئويلىنىڭ، دوختۇرخانىغىمۇ ئۇقتۇرۇلدى. تەشكىلىي مۇناسىۋىتىڭىز ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان بولدى.

مەسۇم سەيدىراخماننىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ يېڭى گەپكە خۇشالمۇ بولمىدى. ئۇ بايا ئىمىرەمزە دېگەن گەپلەر ئۈستىدە بىر مۇبىر ئويلاناقتا ئىدى... مەسۇم تۇرمە دەرۋاسىدىن كوچىغا چىقتى. دەرۋازا ئالدىدا مەرۇپ تۇراتتى. مەسۇم ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ بوقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. مەرۇپ ئۇنىڭغا كۇلۇپ قارىدى. مەسۇمنىڭ تۆت ئايلىق تۇرمە هاياتىدا ئۇ خېلىلا جۇدىگەن، چىرايى سارغايغان، روھى چۈشۈپ سالپىيىپلا قالغانىدى.

— مانا بىر ئوبدانلا تۇرۇپسەنغۇ، مەسۇمكا، — دېدى ئۇ مەسۇمگە تەسەللى بېرىپ، — ئۆزۈڭمىغۇ ھەممىگە چىدامىلىق، مەشۇر كامىنىڭ ئوغلىسەن ـ دە، ھە!

— ئەمدى مەسۇمكامىنى ئەركەك قوينىڭ شورپىسى بىلەن باقىمىز، مەرۇپكا، — ماشىنىسىغا ئولتۇرۇۋېتىپ چاقچاق قىلدى سەيدىراخمان. چاقچاقنىڭ باشلانغانلىقىنى سەزگەن مەرۇپمۇ گەپ تاشلىدى:

— مەسۇمكامغا ئەركەك قوينىڭ شورپىسىلا كار قىلمايدۇ دېگىنە، سەيدىراخمان ئۇكا، ھېلىقى نېمىتا، قوچقار كاپسۇلى، ياق، بۇقا كاپسۇلىمۇ، ۋاي، ھېلىقى جىنسىي بەزنى ئويغىتىدىغان نەرسەڭچۇ، مەسۇمكا، نېمە دەيتتىڭا؟! ھە، ھە «بور كاپسۇلى» شۇنىمۇ قوشۇمچە قىلمىساق مەسۇمكامنىڭ بەزلىرى قىمىرلىمايدۇ جۇمۇ!

— ھا! ھا! ھا! — سەيدىراخمان بۇ يېڭى گەپتىن ئۆزىنى

تۇتۇۋالىماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — بۇ يېڭى گەپ ئىكەنغۇ، مەرۇپكا! — كۈلكىسىنى توختىتىپ دېدى سەيدىراخمان.
— بۇ گەپلەر مەسۇمكامغا كونىراپ كەتتى.
— شۇنداقمۇ...

بىر پەس چاقچاق پاراڭدىن كېيىن، ھەممە ئۆز يولىغا راۋان بولدى. مەرۇپ تاكسى توسىدى ۋە مەسۇمنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تاكسىغا چىقاردى. گۇندىپاي ئاچقىلىپ بەرگەن چىنە - قاچا، ئەديىال ۋە كىيىملەرنى مەسۇم ئالمىدى، بۇ نەرسىلەرنى تۈرمىدە قالغان ئىمىرەمزىگە ئەكىرىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. گۇندىپاي ئۇ-نىڭ كۆزىگە مەنىلىك قارىۋېتىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى كۆ-تۈردى - دە، تۈرمىنىڭ قارا دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى. تاكسى غۇلجىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ «پاقا مە-ھەللىسى» تەرەپكە يول ئالدى، ئانچە ئۆتمەيلا دوقمۇشتىن بۇرۇ-لۇپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. ياز ئېيى، بۈككىدە دەل - دەرەخلىك مەھەللە ئۆزىنىڭ يېشىللىقىنى جەۋلان قىلىپ تۇرات-تى. ئىلگىرى ئانچە ئىللىق كۆرۈنمەيدىغان بۇ مەھەللە، تۈرمە-دىن چىققان مەسۇمگە بۆلەكچە ئىللىق، بۆلەكچىلا كۆركەم كۆ-رۈنۈپ كەتتى. مەسۇم تاكسىدىن چۈشۈپ قۇلۇپلاقلىق دەرۋازىغا قارىغىنىچە بىر ھازا تۇرۇپ قالدى. غېرىبسىنىپ تۇرغان قورۇدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىگىسىز قورۇدا ئايلىنىپ يۈرگەن بىر قوتۇر ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ مەسۇمنىڭ ئالدىغا چىقتى. مەسۇم ھەيران بولۇپ مەرۇپكە قارىدى.

— ئىنسى - جىنسىز قالغان قورۇيۇڭنى مۇشۇ ئىت باقتى، — دېدى مەرۇپ جاۋاب بېرىپ، — تۇتىگۈلنى دوختۇرخا-نىغا ئاپارغان كېچىسى دەرۋازاڭ ھاڭغىرقاي ئوچۇق قاپتۇ، ئەتى-گەنلىكى دوختۇرخانىدىن كېلىۋېتىپ بوسۇغاڭدا مۇشۇ قوتۇر ئىتنىڭ ياتقىنىنى كۆردۈم. بۇ ئىت ئاچ قاپتۇ، ئۆيۈڭدىكى ئاشقان - تاشقان نەرسىلەرنى بەردىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆگىنىپ

قالدى. ئۇ تۆت ئايدىن بېرى قورۇيۇڭنى بېقىپ ياتىدۇ.
— بۇ غېرىب مۇساپىر ئاخىر مېنىڭ ئۆيۈمنى تېپىپتۇ — دە، بوپتۇ، ئۆي دېگەنگە ھۇۋقۇش كەلمەي ئىت كەلگىنى ياخشى، ئىككى غېرىب ئەمدى بىللە ياشايمىز، — مەسۇم قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ تۇرغان قوتۇر ئىتقا شۇلارنى دېگىنىچە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. قوتۇر ئىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغىچە كەلدى. ئۆي ئاشۇ پېتىچىلا تۇراتتى. ھېچ نەرسە يىغىشتۇرۇلمىغانىدى. مەسۇمنىڭ ئېسىگە ئاشۇ كۈندىكى ئېچىنىشلىق ئىشلار كەلدى، بۇرنى ئېچىشىپ كۆزلىرىگە ياش كەلدى، يۈرىكى ئېچىشتى.
مەرۇپ ئۆيىنى بىر قۇر يىغىشتۇردى. شۇ ئارىدا مەھەللىسىدىكىلەر مەسۇمنى تۈرمىدىن چىقىپتۇ دەپ بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ كىرگىلى تۇردى. ھەممىسىلا شۇ كۈنكى دەھشەتلىك ۋەقەنى سۆزلىشىپ مەسۇمنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئەزدى. تۆت ئايدىن بېرى مەسۇمنىڭ غېرىب - مىسكىنلىك باسقان قورۇسىنى ساقلاپ نەدىندۇر پەيدا بولغان قوتۇر ئىت توغرۇلۇقمۇ خېلى گەپ بولدى.
قوشنىلار ئەلياتقۇ بولغاندا چىقىپ كېتىشتى. شۇ ئەسنادا، مەرۇپ چاچتەك سوزۇلغان، قىيمىسىمۇ ئۇخشىتىپ قورۇلغان بىر تەخسە لەڭمەن ئەكىردى. مەسۇمنىڭ تۈرمە تاماقلىرىنى يەپ كىچىكلەپ كەتكەن قورسىقىغا شۇمۇ يېتەرلىك ئىدى.
«يۇرت - مەھەللە جامائىتى - ھە! — كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا يېتىپ، قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئويلىدى مەسۇم، — يۆلىنىدىغان تاغ، يايرايدىغان باغ ئىكەن! مېنى يەنىلا ئۆز قوينىغا ئالدى. ئىللىق مېھرىنى بىر چىنە ئىسسىق تامىقى ئارقىلىق يەتكۈزدى، ئەمدى مۇنۇ ھايۋان جېنىدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ بوسۇغامدا ياتىدۇ، ھويلامنى ئاۋات قىلىپ قاۋاپ قويىدۇ. ئۇنىڭ شەپىسى يالغۇزلۇقتىن غېرىبسىنغان كۆڭلۈمگە خېلى تەسەللى

بىرىدۇ.» ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېۋىزورنى ئاچتى. كەچلىك خەۋەرلەر بېرىلىۋاتاتتى. قانال يۆتكىدى، يەنە ئوخشاش كۆرۈنۈش، تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئېلان كۆرگۈسى كەلدى. ئېلاننىڭ تېخى ۋاقتى بولغاچقا، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ ئالدىدىكى ئۈستەل تارتىمىسىنى ئاچتى. ئۇ يەردە ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئىزدىنىپ چالا - بۇلا يېزىپ تاشلاپ قويغان «ئەرلىك جىنسىي بەزلەر ھەققىدىكى تەتقىقات» دېگەن ماقالە ياتاتتى. مەسۇم توپا بېسىپ ياتقان بۇ قەغەزلەرنى قولىغا ئالدى، ئۇيان - بۇيان ۋاراقلىغاندىن كېيىن ئۈستەل تۆپىسىگە تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭغا ھازىر بۇ نەرسىلەر ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق قۇرۇق قەغەزدەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئىلىم - پەن يولىدا ئىزدەنمەكچى بولغان غەيرەت - شىجائىتى ئەمدىلىكتە تۈتەڭگۈل بىلەن تەڭلا كۆمۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. پۈتمەس - تۈگىمەس ئوي - خىياللار مەسۇمنى ئىلكىگە ئالغانىدى. ئاخىر ئۇ كاللىسىدىن غەم - غۇسسىنى نېرى قىلىش ئۈچۈن تېلېۋىزورنى يەنە ئاچتى. ئېكراندا يەنە شۇ بىر خىللا داۋاملىشىۋاتقان تېتىقسىز ئېلانلار، تۈگىمەس دورىلار، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بېسىپ كېلىۋاتقان تۈرلۈك كېسەللىكلەر... ئەمدى بۇنداق نېمىلەرنى كۆرۈش، ئاڭلاش مەسۇمنىڭ كۆڭلىگە سىغمايدۇ. ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە كايىغان ھالدا تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۆينى يەنە جىمجىتلىق باستى. قورۇدىكى قوتۇر ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازىلا بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. مەسۇم خېلىغىچە تورۇسقا قاراپ ياتتى. ئۆزىنىڭ قاچان، قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىنى سەزمىدى. ئۇ، كۆزىنى ئاچقاندا تاڭ يورۇپ، پانىي دۇنيانىڭ ھاياتى يەنە باشلانغانىدى...

«پاقا مەھەللىسى» دىكى ھاياتمۇ ئۆز يولىدا داۋام قىلماقتا. مەسۇممۇ كۆپىنىڭ قاتارىدا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ يۈرۈۋەردى. ھېلىقى ۋەقەلەر ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. مەسۇم تىرىكچىلىكنىڭ كويىدا مىدىراپ يۈرگەن سانسىز ئاڭلىق مەخ-

لوقلار قاتارىدا ئۆز روزغارىنى رەتكە سېلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇگۇن ئۆيىگە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا ماڭدى. ئۇنىڭ سىرتقا ماڭغىنىنى كۆرگەن قوتۇر ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ دەرۋازىغىچە بىللە باردى. ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكى قوتۇر ئىت ئەمەس، تۈكلىرى پارقىراپ، ھۆسن تۈزەپ، قورسىقىدا ئەسكى مازدەك ساڭگىلاپ تۇرغان يۇڭلىرى چۈشۈپ يېڭىدىن تۈك ئۈنگەن. ھايۋان جىنىدا بىقىش تاپسا تۈكى ئوڭشىلىدۇ، كۆڭلى ئەمىن تاپسا ئادەم نېمىشقا ئوڭشالمايدىكەن؟! ... مەسۇمنىڭ تۇرمىدىن چىققاندىكى جۇدەڭگۈ چىرايى ئەمدى يوق، ئۇمۇ ئىلگىرىكى ئەكسىگە كەلگەن...

چوڭ كوچا، كۆكتات بازىرى ئاۋۋالقىدەكلا مىغ ـ مىغ ئادەمگە تولغانىدى. مەسۇم لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋالدى، ئاندىن كوچا ئارىلاپ كېلىۋېتىپ ئېلان ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىۋاتقان بىر يىگىتكە ئۇچراپ قالدى. بىر دەستە قەغەزنى كۆتۈرۈۋالغان بۇ يىگىت يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋالغانىدى. يىگىت قولىدىكى ۋەرەقىنى مەسۇمگە ئۇزاتتى. مەسۇم ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىۋېتىپ، ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، يىگىت ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ ۋەرەقىدىن بىرنى تەڭلىدى.

— ماڭا ھاجىتى يوق، — دېدى مەسۇم ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن.

— مەن سىزنى تونۇيمەن، — دېدى يىگىت ئۇنىڭغا ھىجىيىپ، — سىز دوختۇرغۇ ـ ھە.

مەسۇم ھەيران بولۇپ توختىدى ۋە ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى:

— نېمە قىل دەيسىز؟

— بۇگۇن بىزگە ھەمكارلىشىپ، مۇنۇ دۇكاندا ئۆچىرەتتە تۇرغانلار قاتارىدا تۇرۇپ بېرىڭ، بىر كۈنلۈك ...

— ياق، تۇرالمايمەن، ئۆيدە ئالدىراش ئىشىم بار، — دېدى

مەسۇم ئۇنىڭ سۆزىنى چورتلا كېسىپ، — ماۋۇ نەرسىلەرنى ئۆيگە ئاپىرىشىپ كېرەك.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، سىزنىڭ بىر كۈنلۈك ھەققىڭىز ئۈچۈن يۈز سوم بېرىمىز، ئۇنىڭدىن باشقا ئەرلىك جىنسىي ئاجىزلىقنىڭ شىپالىق دورىسىدىن بىر كوروپكا، تۇغماسلىقنىڭ دورىسىدىن بىر كوروپكا ھەقسىز ئىنئام قىلىمىز.

مەسۇم بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن «بۇمۇ بولىدىغان ئوقەت ئىكەن» دېگەن خىياللار كەچتى.

— بوپتۇ ئەمىسە تۇرسام تۇراي، — دېدى ئۇ يىگىتنىڭ قولىدىكى ئېلان ۋەرەقىسىنى ئېلىپ.

— مانا ئەمدى بولدى، — دېدى دۇكاندار خۇش بولۇپ، — سىزدەك دوختۇرلار دۇكىنىمىزدىن دورا سېتىۋالسا ماللىرىمىزنىڭ بازىرى چىقىدۇ.

مەسۇم ئۈنچىقماي دورا سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرغانلارنىڭ قاتارىغا بېرىپ تۇردى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بىردىن ئېلان ۋەرەقىسى بولۇپ، ھەممىسى بېرىلىپ ئوقۇۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇشاتتى. مەسۇممۇ شۇنداق قىلدى، ئۇلار نېمە قىلسا شۇنى دورىدى. دېگەندەك، بىر كۈنلۈك ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، دورا سېتىۋالغان قىياپەتتە كۆرۈنۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈز سوم تۇتقۇزۇشتى. ۋەدە قىلغان ئىككى بولاق دورىنىمۇ بېرىشتى. بۈگۈن مەسۇمنىڭ تاپاۋىتى يامان ئەمەس بولدى، ئىلگىرى ئۇ مۇنداق ئوقەتلەرنى نېمىشقا بىلمىگەندۇر، بىلگىنىدە، قوشۇمچە ئوقەت بىلەنلا بېيىپ كەتكەن بولاتتى. جىنسىي بەزلەرنىڭ دورىسىمۇ بىكارغا كېلەتتى. ۋاي، ئىسىت! بىز بىلمەيدىغان ئىشلار تېخى جىق ئىكەن ئەمەسمۇ...

مەسۇم ئاشۇ ئويلار بىلەن كېلىپ قورۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. ئىت ئىگىسىنى تونۇپ ئەركىلىدى. قولىدىكى نەرسىلەر-

www.uyghurkitap.com

گە تەمە بىلەن قاراپ ئۇنىڭغا ئىسىلىپمۇ قويدى.

— نېرى تۇر، نېرى! بۇ يەردە ساڭا بېرىدىغان نەرسە يوق، — مەسۇم ئۆزىگە ئەمەك بۇ ئىتقا تۇنجى قېتىم زوقلىنىپ سۆزلىدى، — سەل تۇرۇپ قورسىقىڭنى تويدۇرىمەن.

مەسۇم ۋەدىسىنى ئورۇندىدى. كەچلىك تامىقىدىن ئاشقان نەرسىلەر ۋە يۇندى ـ چاقانلارغا كېپەك چىلىپ ئىتقا بەردى. ئىتمۇ ئىگىسىگە مەمنۇنىيەت بىلەن قاراپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتتى. نىھايەت، مەسۇم ئۆز ئادىتى بويىچە تېلېۋىزورنى ئاچتى. ئېلان ـ سەنئەت بېرىلىۋاتاتتى. ئۇ دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. بىر پەستىن كېيىن، ئۆزى ئەتىگەن ئۆچىرەتتە تۇرغان دۇكاننىڭ دورا ئېلانى بېرىلدى. دېكتور بۇ دۇكاننىڭ دورىلىرىنى ھەددىدىن زىيادە كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىدى، يەنى شىپالىق قۇۋۋىتىنىڭ يۇز پىرسەنتكە يەتكەنلىكى، يېقىندىن بۇيان بۇ دۇكاندىن خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي دورىلارنى بەس ـ بەستە سېتىپ ئېلىۋاتقىنىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىدى. ئۆچىرەت تۇرغانلار قاتارىدا ئۆزىنى كۆرگەن مەسۇم بىردىنلا خورلۇق ھېس قىلىپ قالدى. ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە! قارا بۇلارنىڭ ھىيلىسىنى!

«ھۇ يالغانچى، ساختىپەزلەر، — بىردىنلا غەزەپلەندى مەسۇم، — نېمىسى شىپالىق ئۇنىڭ، تۇغماسنى تۇغدۇرارمىش، ئەرلىك بەزنى كۈچەيتەرمىش، يالغان! پۇل بېرىپ سۆزلەتكەنسەن ھەرقاچان، مېنىڭ بىر كۇنلۇك ھەققىمگە ئىككى بولاق دورا، يۈز سوم پۇل بەرگەندەك ئۇنىڭغىمۇ مونەكلەپ پۇل تۇتقۇزغانسەن، بۇ ھىيلە ـ مىكىرىڭنىڭ تۇنجى قۇربانى مەن بولدۇمغۇ، مەن ئالداندىم، شەھۋانىيلىقىغا بېرىلىپ ئەقلىمدىن ئازدىم، يېرىم ساراڭ بولدۇم. ئاخىرقى ھەمراھىم مانا شۇ قوتۇر ئىت بولدى. بولدى بەس! ئەمدى سېنىڭ ئالدام خالتاڭغا چۈشمەيمەن. ئاھ، مەسۇم، سەن تۇگەشتىڭ، ئىنسانىي تۇرقۇڭ، ئىن-

سانىي تۇيغۇلىرىڭ شەھۋانىيلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى!...»
مەسۇمنىڭ نىرۋىسى ئۆرلىگەنسىرى، تىلىۋىزوردا بىرىلد-ۋاتقان دورا ئىلانى ئۇزمەي بىرىلىپ، ئۇنىڭ خۇددى ئوت ئۇستىد-گە ماي چاچقاندەك غەزىپىنى ئۆرلىتىۋەتتى. ئۇ ئىككى يىنىغا قارىدى، تىلىۋىزورنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ تىزگىنەكنى ئىزدىدى-يۇ، ھىچ يەردىن تاپالمىدى. ئۇ خۇددى يەرگە كىرىپ كەتكەندەكلا يوقالغانىدى. ئاخىر ئۇ ئۇستەل ئۇستىدە دەستىلەكلىك تۇرغان ماقالە قەغەزلىرىنى چاڭگاللاپ ئالدى - دە، تىلىۋىزورغا قارىتىپ ئاتتى. قەغەزلەر ئۆي ئىچىدە لەيلەپ يەرگە چۈشتى. چىچىلغان ئورىگىناللار ئايئاق يىيىلىپ ئۆينىڭ ھەممىلا يىرىنى قاپلىدى. ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بىرى يىزىۋاتقان جىنسىي بەزلەرنى ئويغىتىش ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالىسى ئاخىر نەپرەت ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە پارچە - پارچە بولۇپ يىرتىلدى، بەئەينى مەسۇمنىڭ ئورنىغا كىلىشى مۇمكىن بولمىغان شەھۋانە ھاياتىنىڭ يىرگىنچلىك خا-تىرىسىدەكلا ئەخلەت خالتىسىغا تاشلىۋىتىلدى...
مەسۇم مەشۇر ئەنە شۇنداق سەرگۇزەشتىلەرنى بېشىدىن كە-چۈردى؛ شەھۋانىيلىقنىڭ خالتا كوچىسىدا قايمۇقۇپ يۈرۈپ، دەسلىپىدە: «مەسۇم بەز»، «مەسۇم ھاڭگا»، كىيىنچە «مەسۇم سىيگەك»، «مەسۇم كىسلاتا»، «مەسۇم قاتىل» دىگەندەك رەڭ-گارەڭ لەقەملەر بىلەن ئاتالدى. بۇ نام - ئاتاقلارغا ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقاندەك قىلاتتى. چۈنكى «لەقەمنى خىزىر قو-يىدۇ»، ھاياتتىمۇ ھەممە ئىنسان ئۆز كاللىسى بىلەن ئىش قىلىدۇ!
يىللار بىر - بىرىنى قوغلاپ ئۆتۈۋەردى. مەسۇم بارا - بارا قىرىپ ماغدۇرىدىن قالدى. ھازىر ئۇنىڭ شوخلۇق ۋە پېشكەل-لىككە باي كەچۈرمىشلىرى ئاياغلاشقان، مەسۇم بۇرۇنقى قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە توۋا قىلىپ ياۋاش ھەم مۆمىن، تەقۋا ھەم دىيانەتلىك ئادەم بولغانىدى، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن سالاپەت

ياغدۇرۇپ، مەھەللە مەسچىتىگە ھەركۈنى بەش رەت قاتنايتتى. ياشلار ئۇنىڭدىن ھېيىقاتتى، تەپ تارتاتتى. قېرىلار بولسا ئۇنى كۆرگەندە ئىستىھزاھ بىلەن ھىجىيىشاتتى. چۈنكى «پاقا مەھەل-لىسى» جامائىتى ئەينى زاماندا تەقدىم قىلغان ئاجايىپ لەقەملەر ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولۇپ قالغانىدى...

1999 — 2002 ـ يىللار، غۇلجا

# ئۆلۈك - تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا...

I

ئادەم قېرىغاندا غەلىتىلا بولۇپ قالىدىكەن. ئۇ بولسىمۇ ياشىنىپ قالغان بەزى ئادەملەردە خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قاراپ، بېقىنىدىن چىقالمايدىغان، خوتۇنى قىلىدىغان ئىشلارنى زې-رىكمەي - تېرىكمەي ئۆزىلا قىلىۋاتىدىغان چەلەڭگۈش ئادەت ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدىكەن... تالا - تۈزگە ئاز چىقىدىكەن، بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتايمۇ دېمەيدىكەن، ئەتىگەندىن - كەچ-كىچە ئۆيگە سولىنىپلا ئولتۇرىدىكەن، دېمىسىمۇ ئۇ قىرىق يىل سوتتا ئىشلەپ پېنسىيىگە چىققاندىن بېرى خۇدا دەپ ئۆيدىلا ياتتى. قوشۇمچە تاپاۋەت بىلەن شۇغۇللانغىلى بولمايدىغان، ئاران ئەللىك سوم مائاش ئالىدىغان ھېلىقى زامانلاردىن باشلاپ بىر سوم، ئىككى سومدىن تېرىپ - تۆشەپ بانكىغا قويۇپ كەلگەن يىگىرمە مىڭ سوم پۇلىنىڭمۇ پېتى بۇزۇلمىدى. ئاشۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ، بىرەر ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتۇشقا خوتۇن ئۇنىمى-دى. يۇسۇپ ھوشۇر خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆيگە كىرىپ، تالاغا چىقىپ يۈرۈۋەردى. جىق ئۇزاپ كەتسە گۆش - كۆكتات بازىرىغا بېرىش بىلەنلا چەكلەندى. خوتۇن خەقنىڭ كۆزىگە قارى-مايلا يىگىرمە مىڭنى خەجلەپ بىرەر ئوقەتنى باشلىۋېتىشكە كۆزى يەتمىدى، يەنە كېلىپ، ئوقەتنىڭ ئېپىنى بىلمىگەن ئادەم ئاخىرى-غا كەلگەندە پايدىسى بۇياقتا تۇرسۇن، دىرىنىمۇ تاپالماي، يىگىر-مە مىڭنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقسا، خوتۇنىنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قۇتۇلغىلى بولامدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە تىرىك تۇرۇپلا ئۆلگەن ياخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شى. ئۇنىڭ روپاش ئايالدەك، ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغانلىقىنى ئاغىنىلىرىمۇ زاڭلىق قىلغىلى تۇردى. ئۇلار مەھەللىدە ياكى بازاردا ئۇچرىشىپ قالسىلا:

«ئاداش يۇسۇپ ساقال، پېنسىيىگە چىققاندىن بېرى قۇشنا-چىمىنىڭ پەرەنجىسىنى ئارتىپ ئۆيدە ئولتۇردۇڭلارمۇ نېمە، ھېچ كۆرۈنمەيسىلەرغۇ، ئەر كىشى بولغاندىكىن، ئانچە - مۇنچە تالا-غىمۇ چىقىپ تۇرۇڭلار» دەپمۇ قويۇشىدۇ.

ئۇنىڭ كاللىسىنى خىلمۇ خىل گادىرماچ خىياللار چىرمى-ۋالغانىدى. خىيال دېڭىزىغا غەرق بولغان ھالدا كۆكتات بازىرى-دىن چىقىپ كېلىۋاتقان يۇسۇپ ھوشۇر ئالدىغا ئۇچرىغان تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلىرىگە پەرۋاسىزلا باش لىڭشىتات-تى - دە، يەنە خىيالغا غەرق بولاتتى.

ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپمۇ ئاشۇ خىياللار بىلەن بىر ھازاغى-چە تۇرۇپ قالدى. كۆڭلى چۈش بولۇپ كەتكەنىدى، ئوغلىمۇ خىزمەتتىن قايتىپ كەلدى. ئۇمۇ ئاتا ئىزىنى بېسىپ سوتچى بولغانىدى.

— دادا، تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — سورىدى ئوغلى ۋېلسىپىت-تىن چۈشۈپ.

— ھە، ئاپاڭ گۆش - كۆكتاتقا بۇيرۇۋىدى، بازاردىن قاي-تىپ بۇ يەردە خىيال بىلەن تۇرۇپ قاپتىمەن.

— ئاپام ساقلاپ قاپتۇ - دە، — دېدى ئوغلى ئۇنىڭ قولىدىن گۆش - كۆكتاتلارنى ئېلىۋېتىپ.

— ئاشۇ ئاپاڭنىڭ بۇيرۇقىسىز بىر قەدەممۇ نېرى ماڭالماي-دىغان بولدۇمغۇ، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر كۆڭلىدە ساقلاپ يۈر-گەن نارازىلىقىنى ئاشكارىلاپ.

— بۇنىڭ نېمىسى يامان؟ — سورىدى ئوغلى.

— بالام پەرھات، كاللامغا، ئاپاڭنىڭ بۇيرۇغىسىز، ئۆز ئالدىمغا بىر ئىش قىلىپ باقسام دېگەن خىيال كىرىۋېلىپ بۇ

يەردە تۇرۇپ قاپتىمەن. ھەممە ئىشنى ئاپاڭنىڭ كاللىسى بىلەن قىلغاچقىمىكىن، بۇرۇنقى سوتچى كاللام يوق، كاللام خۇددى ئاپاڭنىڭ كاللىسى بولۇپ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەكلا قىلىدۇ...
پەرھات مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇيلىسىپتىنى داراڭشىتىقىنىچە دەرۋازا تاپىسىدىن ئۆتكۈزۈپ قورۇغا كىرىپ كەتتى.
باياتىن قىلغان گەپلىرىگە ئوغلىنىڭ ھېچقانداق قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرمەي كىرىپ كەتكىنىگە دادىسىنىڭ ئىچى پۇشتى. چۈشلۈك تاماقنىڭ خۇرۇچلىرىنى كېچىكتۇرۇپ ئەكەلگەن يۇسۇپ تاماق تەييار بولۇشقا خېلى ۋاقىت بار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بازارنى يەنە بىر ئايلىنىپ كەلمەكچى بولدى ــ دە، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ چوڭ كوچىغا چىقتى. ئىدارە ــ جەمئىيەتتىكىلەر. مەكتەپتىكىلەر چۈشلۈك دەم ئېلىشقا قايتقاچقا كوچىلار ئادەمگە لىق تولغانىدى. ئۇ، ئاپتوبۇسقىمۇ چۈشمىدى، ئاپتوبۇسقا كەتكەن ئەللىك تىيىن يانچۇقۇمدا قالسۇن دېدى بولغاي، پىيادىلا «ئۇيغۇر بازىرى» تەرەپكە كەتتى.
غۇلجىدىكى «ئۇيغۇر بازىرى»نى كۆرگەنلەر بىلىشى مۇمكىن، بۇ بىر قايناق ــ پاتىپاراق بازار. ئۇ بۇ قايناق بازارغا يېتىپ بېرىشنىڭ ئالدىدا شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى «ئالتۇن داڭقان» مەيدانىنى كۆرۈپ كەتمەكچى بولدى. مەيدان يېقىندىن ياسالغاچقا، قاقاسچىلىق ئىدى. ئىلگىرى بۇ يەردە خېلىلا تۈزۈك باغچا بەرپا قىلىنغانىدى. ھەرخىل سېدە ۋە مەجنۇنتاللار بىلەن بۈك ــ باراقسان بولۇپ تۇرىدىغان بۇ كىچىككىنە باغچا ئەتىيازدىن تاكى كۈزگىچە ئېچىلىپ تۇرىدىغان رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن تېخىمۇ ھۆسنىگە تولۇپ كىشىنىڭ ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. شەنبە ــ يەكشەنبە كۈنلىرى ۋە ھېيت ــ بايراملاردا بۇ يەردىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى، بولۇپمۇ شەھەرنىڭ بىكار تەلەت ئىچەرمەنلىرى باغچىغا كىرىۋېلىپ «يۈرىكى چىلاشقۇچە» ئىچىشەتتى، قارت ئوينىشاتتى، ھەرخىل قىمار تۈرلىرىدە دو تىكىشەتتى. ئۆز ئال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىغا سورۇن تۈزگەنلەر بىر - بىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن «خۇش كەتتى» قىلىشاتتى. ئۆز ھاياتىدىكى كىچىككىنە يېڭىلىقنى تەبرىكلىشىپ بىر - بىرىنى مېھمان قىلىشاتتى. ئەڭ قىسقىسى، كىمنىڭدۇر يېڭىدىن كىيگەن كەپكىسىنى بولسىمۇ «يۇياتتى»، «يۇيۇش ھارىقى»نى كۆپرەك ئەنە شۇ باغدا ئىچىشەتتى. ئالدىدا قىزغىن مۇھەببەت، زور ئىشتىياق بىلەن ئىچىشكەن ھەمداستىخان پالۋانلار ئاخىرىدا كىچىككىنە ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن گەپ تالىشاتتى، ھەتتا مۇشتلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىشاتتى. ئۇنداقلار بىلەن ھېچكىمنىڭمۇ كارى بولمايتتى. ئاخىر بىكار تەلەتلەر بىلەن تولغان بۇ شەھەر باغچىسى «ھۇرۇنباغ» دەپ ئاتىلىپ قالدى. «ھورۇنباغ»قا بەسلىشىپ كىرسىڭىز، ئەتىدىن - كەچكىچە سايە چۈشۈپ تۇرىدىغان چىملىق ئۈستىدە ئۆزىنى بولۇشىغا تاشلاپ ئۇخلاۋاتقان مەستلەرنى كۆرەتتىڭىز، ئۇلار ئۆپچۆرىسىگە ھارغىچە قۇسۇپ قوياتتى. ئاچ قالغان لالما ئىتلار ئۇلارنىڭ بېشىدا پەيدا بولاتتى - دە، بۇ «ئولجا»غا دۈم چۈشەتتى. چىملىق ئۈستىنى پاكىز يالىۋەتكەندىن سىرت، مەستلەرنىڭ ئېغىز - بۇرنىنىمۇ قويماي پاكىزلىۋېتەتتى. مۇنداق ئىشلار شەھەر خېنىملىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتسا، «ھۇرۇنباغ»قا كېلىپ سورۇن تۈزۈپ ئوينايدىغانلارغا تېپىلغۇسىز كۇلكە - چاقچاق بولاتتى... مۇنداق ئىشلار كەينى - كەينىدىن تەكرارلىنىۋەردى، بۇ يەردە خىلمۇ خىل نەيراڭۋازلىقلارمۇ كۆپەيدى. نىھايەت، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ باغچىنىڭ «ھۇرۇنباغ» دەپ ئاتىلىپ قېلىشى شەھەر ئۇلۇغلىرىنىڭ چىشىغا تەگكەن بولۇشى ئېھتىمال. يېڭىدىن چىققان شەھەر باشلىقى باغچىنى بۇزۇپ تاشلاپ تۈپتۈزلا بىر مەيدانغا ئايلاندۇردى، ئوتتۇرىسىغا «ئالتۇن داڭقان» ھەيكىلىنى ھەشەمەت بىلەن ئورناتقۇزۇپ قويدى. يۇسۇپ ھوشۇر ئاشۇ «ئالتۇن داڭقان» مەيدانىغا كېلىپ بىردەم قاراپ تۇردى. مەيداننىڭ بىر چېتىدە بىر توپ «جانباز-

لار» قىلىچ ئويىنىتىۋاتاتتى. بۇ ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ئۆزلىرى-
نىڭ تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ھەر كۈنى مۇشۇ
مەيدانغا كېلىپ بىر قەپەس ئويناپ كېتىشەتتى. مەيداننى چۆرى-
دەپ ياسىغان تاش سۇپىدا ھەرخىل، ھەرياشقا كىيگەن ئادەملەر
خۇددى قارا قاغىلاردەك تىزىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدا سەھرادىن كىرگەن بازارچىلار، ئاياغ مايلايدىغان
باللار قولىغا بىرەر جۈپ ئاياغ ياكى بۇرۇلكا كۆتۈرۈۋېلىپ
كوچىمۇ كوچا قىدىرىپ يۈرىدىغان «كۆچمەن ئوقەتچىلەر» مۇ بار
ئىدى. يۇسۇپ ھوشۇر ئۇلارغا قاراپ قويدى. ئۇلار شۇنداق
بەخىرامان ئولتۇراتتى. ئۇلار قەيەردىن ئىش چىقاركىن دەپ
ئولتۇرغان ئادەملەر ئىدى. ئىلگىرى «ئۇيغۇر بازىرى» نىڭ بىر
چېتىدە «مەدىكارلار بازىرى» بار ئىدى. شەھەرنىڭ ھەرقانداق
يېرىدىن كەلگەن بىرەر كىچىك خوجايىن ئادەم ئىشلەتمەكچى
بولسا شۇ يەردىن ئەكېتەتتى. ئىش ئىزدەپ يۈرگەن بۇ ئادەملەر
بۈگۈنكى كۈننىڭ قانداق ئۆتۈشىدىن پەرۋايى پەلەك، «پىنەكچە»
ئورۇغان تاماكىلىرىنى ھۇزۇرلىنىپ شورىغان پېتى بىر - بىرى
بىلەن بەخىرامان پاراڭلىشىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتى، نېرىدىكى
تاش سۇپىدا ئولتۇرغانلار خۇددى سويغىلى ئەكېتىۋاتقان ئۆچكە-
دەك مەرەپ كۈلىشەتتى.

يۇسۇپ ھوشۇر مەيدانغا بىردەم قاراپ تۇردى. ئۆرە تۇرۇۋې-
رىپ ئۇنىڭ پۇتلىرى تالدى. نىھايەت، ئۇ يەنە بىردەم تاماشا
قىلغۇسى كېلىپ، «چوكانلار بازىرى» تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.
«چوكانلار بازىرى» غۇلجىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.
ئىلگىرى قازان بېشىدا ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئادا قىلىپ
ئۆيدىن تالاغا ئاز چىقىدىغان، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلار-
دىلا بىر - بىرى بىلەن ئاز تولا ئەسرا بولىدىغان چوكانلار؛
ئۆزلىرىنىڭ خاس ئولتۇرۇش - چايلىرىدىلا ئېچىلىپ - يېيىد-
لىپ، تارتىنىش - ھېيىقىش دېگەننى ئۇنتۇيدىغان ئىپپەتلىك

قىزلار بوگوننى كوندە مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇلار نەچچە ئون مىڭ سوم ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ سوم دەسمايىسىنى پايپىقىدىن ئېلىپ بېلىگە تۈگۈپ، شەھەر ئاتلاپ ھەتتا دۆلەت ئاتلاپ ئوقەتنى ئۆز قولىغا ئالغان. ئۇلار سودا قىلىۋاتقان جايلار «چوكان بازىرى» دەپ نام ئالغانىدى. چوكانلار بازىرىدا ھەممە نەرسە تېپىلاتتى. لېكىن، يۇسۇپ ھوشۇر خوتۇنىنىڭ زاكاز مېلى بولمىغاچقا، ئۇ تەرەپكە بۇرۇلماي ئۇدۇل كېسىپلا «ئۇيغۇر بازىرى» تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. «ئۇيغۇر بازىرى» — شەھەر خەلقىنى ئىش بىلەن تەمىنلەيدىغان بازار دېسىمۇ بولىدۇ. شەھەرنىڭ جىمى ئىشسىزلىرى، ئىشتىن قالغانلىرى، ھەتتا بىكار تەلەتلەردىن تارتىپ ئوغرى - يانچۇقچىلىرىغىچە مۇشۇ بازاردىن نان تېپىپ يەيدۇ. بۇ يەردە تۈرلۈك - تۈمەن ئوقەتچى، ئېلىپساتارلار قاينايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ساختا ماللىرىنى سېتىپ نەق پايدىغا ئېرىشىدىغانلار، شارا - بارىچىلار، رېزىنكە چاقلىق ھارۋىلارغا تۇرمۇشقا لازىملىق جىمى ئۇششاق - چۈششەكلەرنى بېسىۋېلىپ «بىر سوم، بىر سوم، تاللىۋېلىڭ، بىر سوم» دەپ قولاق - مېڭىنى يەيدىغانلارمۇ بار. يۇسۇپ ھوشۇر ئاشۇلارغا ئۈرۈلۈپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ، بەزىلەردىن ئەپۇ سوراپ، بەزىلەرگە ئالىيىپ قويۇپ مېڭىۋەردى. چىڭقىچۈشلۈكى، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئاشخانىلاردىن كۆتۈرۈلگەن سامسا، مانتا ۋە كاۋاپلارنىڭ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ، سېنى ئىختىيارسىز ھالدا شۇ تەرەپكە قاراشقا مەجبۇر قىلىدۇ، يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ يېرىم نانغا بەش مانتا ئېلىپ يېگۈسى كەلدى، لېكىن ئۆيدە تاماق پىشۇراتقانلىقىنى ئېسىگە كېلىپ نىيىتىدىن ياندى. شۇ ئەسنادا، ئۇنى بىرى چاقىرغاندەك قىلدى، ئۇ بۇرۇلۇپ قارىدى، لېكىن، ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان ياكى ئۇنى قايتا چاقىرغان ھېچكىم كۆرۈنمىدى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئېلىپساتارلار، ئۇلاردىنمۇ كۆپرەك قاتراپ يۈرگەن خېرىدارلار سۈركىلىپ ئۆتۈپ

تۇراتتى، لېكىن ئۇنى چاقىرغان ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ
قۇلىقىغا شۇنداق ئاڭلاندىمۇ ـ يە؟ غۇلجىدا يۇسۇپ ھوشۇر دېگەنـ
دىن يالغۇز بىرلا ئەمەستۇر، ئوخشاپ كېتىدىغان ئىسىملار كۆپـ
قۇ، ئۇ، شۇلارنى ئويلىدى ـ دە، يەنە ئالدىغا قاراپ ماڭدى.
لېكىن ئۆزىنى چاقىرغان ئاۋازدىن قەدىمىنى توختىتىپ، ئارقىـ
سىغا بۇرۇلدى. سەپسېلىپ قارىدى. قىزىق، يەنە ھېچكىم كۆـ
رۈنمەيتتى. ئۇنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا نېمە بولغاندۇر، بازاردىكى
چۇقان ـ سۈرەنلەر ئۇنىڭ نېرۋىسىغا شۇنـداق تـەسىر قىلىۋاتامـ
دۇر ـ يە... چاقىرىپ قويۇپ، بىرى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋېلىپ
ئۇنى ئەخمەق قىلىۋاتامدۇر ـ يە؟! ... شۇنداقتىمۇ ئاۋازىدىن
تونۇغىلى بولاتتىغۇ، ھەي... ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇر، قېنى ئۇـ
نىڭ سوتچى جوزىسىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىدىن ئون نەچچە قەدەم
يىراقلىقتا ئولتۇرغان ئەيىبلىگۈچىنىڭ چىرايىدىن، قىياپىتىدـ
دىن، ھەرىكىتىدىن ھەتتا پارقىراپ تېشىغا چىقىپ كېتەيلا دەپ
قالغان كۆزلىرىدىن ھەممىنى بىلىۋالىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيىدـ
تى، قېنى ئۇنىڭ يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى سېزەلەيدىغان سەگەك
قۇلىقى، قېنى ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرى، قېنى ئۇنىڭ سوت
زالىدا كىشىلەرنىڭ پىچىرلاشقانلىرى، چىۋىنلەرنىڭ غىڭىلداپ
ئۇچقانلىرىغىچە نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان سوتچىغا خاس
بولغان سەزگۈرلۈكى؟! ئۇلار قەيەرگە كەتتى؟ قېرىلىق يۇتۇپ
كەتتى. چەبدەس قەدەملەر، ئۆتكۈر كۆزلەر، سەزگۈر قۇلاقلار،
جاراڭلاپ تۇرغان كالىلىلارنىڭ ھەممىسىنى، دېگۈدەك ئاشۇ قىرىق
يىللىق جاپالىق سوت خىزمىتى يۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا قالغىنى
ئاشۇ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان ۋىجىك گەۋدىسى بىلەن ھەر
ئاي توشقاندا بانكىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسى ئارىسىدىن ئالىدىغان
بىرمىڭ بەش يۈز سوم پۇل. ئۇ بۇنىڭغا خۇشالمۇ ئەمەس، قايغۇـ
رۇپمۇ كەتمەيدۇ، راست، ئۇنىڭ ئازراق خۇشال بولىدىغان يېرىـ
مۇ بار، ئۇ بولسىمۇ، ئۆيدە تۇرۇۋاتقان يىگىرمە مىڭ سوم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۇلنىڭ چېكى. بۇ چەكمۇ تېخى ئۇنىڭ ئۆز قولىدا، ئۆز ئىختىد-يارلىقىدا ئەمەس، ئۇ ئايالى ئوغلى پەرھاتنىڭ تويىغا يىغىۋاتقان تويلۇقلارنى سالىدىغان پىلت قېقىلغان كونا رۇس ساندۇقىنىڭ ئاستىدا ساقلاقلىق! مەيلىغۇ، قايسىسى ساخلىسا ئوخشاش ئاشۇ ئۆيىنىڭ مۈلكى. بۇ پۇل بانكىدا تۇرغانسېرى كۆپىيىدۇ، ھەر-گىزمۇ ئازلاپ قالمايدۇ، يەنە بىر ئايدىن كېيىن، ياق، ياق! يەنە ئون نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۆسۈمى بىلەن ھېسابلىغاندا يىگىرمە بىر مىڭغا بېرىپ قالىدۇ...

«ئۇيغۇر بازىرى» نىڭ چوڭ ئايلانما گۈللۈكىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈۋاتقان ھەرخىل چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلارنىڭ ئەنسىزلىك بىلەن سىگنال بېرىشى يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ خىياللىرىنى بۇزۇۋەت-تى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تاكسى شوپۇرى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ، باش لىڭشى-تىپ قويدى. بەلكىم تونۇشتۇر ياكى ئۇ بوۋاينىڭ خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي كېتىۋەرگىنىگە كىنايە قىلىپ كۈلگىنىدۇر. ئىشقىلىپ، شوپۇرلار كوچىدىكى پىيادىلەردىن نازارى، يولنى توسقانلىقتىن تىللايدۇ ياكى ۋارقىرايدۇ، ئۇرۇشتىن، دەسسىۋېتىشتىن ساقلىنىپ قالسىلا ئاللاغا ھەمدۇسانالار ئوقۇپ، ئۆزىگە پۈتلىكاشاڭ بولغانلارغا ھومايغىنىچە يولنى داۋام قىلىدۇ...

يۈسۈپ ھوشۇر يېنىدىن ماشىنىلار ئۆتۈپ بولغۇچە بىر پەس ساقلاپ تۇردى. ماشىنىلارمۇ ئۆتۈپ بولدى. ئۇ ئەمدى يولنى كېسىپ ئۆتۈشكە تەمشىلىۋىدى، ئارقىسىدىن چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلۇپ توختىدى.

— يۈسۈپكا، — ئۇنىڭغا قاراپ بىر ياش يىگىت كېلىۋاتاتتى.

يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ ئېگىز بوي، بۇرۇتلۇق، سوزۇنچاق ئات يۈزى قارامتۇل كەلگەن، بىر جۈپ قوي كۆزىدىن چۈشىنىكسىز روھىي ھالەت چىقىپ تۇرىدىغان بىر

يىگىت ئىدى. يۈسۈپ ھوشۇر پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ شۇنچە سىنچىلاپ قارىسىمۇ بىر يەردە كۆرگەنلىكىنى زادىلا ئېسىگە ئالال-مىدى. كىم بولسا بولمامدۇ، ئىسمىنى بىلىدىكەنغۇ، دېمەك، ئۇ تونۇش دېگەن گەپ. بەلكى ئاغىنىلىرىنىڭ بالىسىدۇر، بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەن بولسا ئەجەب ئەمەس، ياكى ئوغلى پەرھاتنىڭ ئاغىنىلىرىنىڭ بىرىدۇر، يا بولمىسا ئۇ ئاڭلىغان، تېخىچە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىغان دەرياننىڭ ئۇ قېتىدىكى دادىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ كىچىك خوتۇنىدىن بولغان قىزىنىڭ ئېرى-مىكىن؟ ياكى ئاشۇ بولغۇسى قۇدىسىنىڭ سەككىز قىزى بار دەۋاتاتتى، ماڭا كېلىن بولىدىغان قىزدىنىڭ ئاچىسىنىڭ ئېرىمىدۇر - يە، ئەيتاۋۇر تونۇش بىرى.

قىسقىسى، ئۇ، بۇ يىگىتنى زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى. قو-شۇمىسىنى تۈرۈپ ھەرقانچە ئويلاپ باقسىمۇ پايدىسى بولمىدى

— يۈسۈپكا، مېنى زادىلا تونۇيالمىدىڭىز - ھە، — ناھايىتى مۇلايىملىق ۋە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز تەۋەززۇ بىلەن سۆز ئاچتى ناتونۇش يىگىت، — بوپتۇ، بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، لېكىن مەن سىزنى ياخشى تونۇيمەن، سۈرۈشتە قىلساق بەلكى تۇغقانمۇ چى-قىپ قالارمىز.

— ئادەمنىڭ يېتى يوق، ئۇكا، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر خۇد-دى ئۇزاقتىن بېرى كۆرمىگەن تۇغقىنىنى يولۇقتۇرغاندەك خۇشال بولۇپ، — خوش، ئىش - ئوقىتىڭ قانداق؟ ھازىر، گەپنىڭ بېشى مۇشۇ بولۇپ قالدىغۇ.

— رىزقىمغا تۇشلۇق، قەدىر ئەھۋال، ئاكا، — دېدى يىگىت سۆزىنى قىلىپ، — بايا سىزنى «چوكانلار بازىرى» نىڭ ئالدىدا كۆرۈۋىدىم، چاقىرسام ئاڭلىمىدىڭىز، ماشىنىنىڭ تولىلىقىدىن بۇياققا ئۆتەلمەي ئەگىشىپ كەلدىم، ئاران دېگەندە مۇشۇ يەردە يېتىشتىم.

— بايا، ئاڭلىغىنىم راست ئىكەن - دە، بىرى چاقىرغاندەك

قىلدى، لېكىن كۆرەلمىدىم، سەن ئىكەنسەن - دە.
— شۇنداق، سىزگە ئېيتتىدىغان خۇپىيانە بىر گەپ بار ئىدى، — دېدى يىگىت دەرھال ئىككى يېنىغا قارىدى ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار يىراقلاپ كەتكەندىن كې-يىنلا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھېچبولمىسا مەسلىھەتىڭىزنى بې-رىپ، ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇپ قالارسىز.
— خوش، ياردەم دەمسەن؟ ياردەم قىلىش دېگەن مېنىڭ قىرىق يىللىق كەسپىم، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر كۆڭلىدىكى سۆز-نى تېپىپ سۆزلەۋاتقان بۇ يىگىتتىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ، — بۇ گەپنى پېنسىيىگە چىقىشاندىن بېرى تۇنجى قېتىم ئاڭ-لاۋاتىمەن...
يۇسۇپ ھوشۇر يىگىتنىڭ سۆزىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى، سۆز ئارىلىقىدا تېخى: «بۇ گەپنى ھەتتا بىر ياستۇقتا باش قويغان خوتۇنۇمدىنمۇ ئاڭلىمىغىلى خېلى زامانلار بولۇپ كەتتى...» دې-مەكچىدىيۇ، ئاغزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتىۋەتتى. نېمىلا بولمىسۇن قىرىق يىللىق خوتۇن - دە، تېخى ھېچقانداق سىر ئېلىشمىغان بىرگە ئۆيدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈش دۇرۇس ئىش ئەمەس - دە. خوتۇننى ئاياش كېرەك، ئاڭلاپ قالسا، رەنجىيدۇ، خەققە نېمىدەپ تىلىڭنى چايناپ يۈرىسەن دەپ قالسا، ئوغلىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالىدىغان گەپ...
— مەشەدە بىرنېمە بار ئىدى، — يىگىت مۇلايىملىق بىلەن گەپ باشلىۋىدى، يۇسۇپ ھوشۇر چېچىلغان خىيالىنى دەرھاللا يىغىۋالدى، پۈتۈن ھەرىكىتى قائىدە، ئەدەپ بىلەن داۋام قىلىۋات-قان يىگىت قويۇن يانچۇقىدىن بىر دانە كۈمۈش رەڭ، لېكىن ئۆزۈن يىللار ساقلانغاچقا رەڭگى بىر ئاز خۇنۇكلەشكەن دۈگىلەك تەڭگىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.
— بۇ نېمە؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر.
— بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك مەخپىي نەرسە، دۆلەت دەرىجە-

لىك ئاسار ئەتقىلەر قاتارىدا ساقلىنىدۇ، ئاكا، — يىگىتنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى، — مانا كۆرۈپ بېقىڭا، ئاۋايلاڭ، بىرى كۆرۈپ قالسا نەچچە ئون مىڭغا زىيان...

يۈسۈپ ھوشۇر بىردە يىگىتكە، بىردە ئۇنىڭ ئالىقىنىدىكى دۇگىلەك تەڭگىگە قاراپ قولىنى ئىختىيارسىز سوزدى، ئۇنىڭ دېگىنىدىنمۇ بەتتەررەك ئاۋايلىغىنىچە تەڭگىنى ئالىقىنىغا ئالدى ۋە ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ دىئامېتىرى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدىغان، خېلى سالمىقى بار ئاق تەڭگە ئىدى. تەڭگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆز زامانىسىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ ۋەھشىي ھۆكۈمرانى، شېڭ شىسەينىڭ كۆپتۇرمە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. يۈسۈپ ھوشۇر تەڭگىنى زەن قويۇپ كۆرگەندىن كېيىن ھېلىراق پۈتۈن تۇرقىدىن مۇلايىملىق يېغىپ تۇرغان، ئەمما ھازىر جىددىي تۈس ئالغان چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈۋاتقان يىگىتكە قارىدى. بەلكى ئۇ بۇ نەرسىنى بىرى كۆرۈپ قېلىپ، بىرەر چاتاق چىقمىسۇن دەپ ئويلاۋاتسا كېرەك، تۇرۇپلا ئەتراپنى دالدا قىلغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قوياتتى.

— خاتىرجەم بول، ئۇكا، بۇنى ھېچكىممۇ كۆرۈپ قالغىنى يوق، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر يىگىتنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ، — خوش، بۇنى نېمە قىلاي دەۋاتىسەن؟

— مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىممۇ شۇ، ئاكا، — يېلىنغاندەك سۆزلىدى مۇلايىم يىگىت، — سىز ھەرھالدا بىزدىن ئون نەچچە ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان، ئەقىلدە چوڭ، كۆپنى كۆرگەن، بۇنىڭدەكتىن مېنىڭدە يەنە ئون توققۇزى بار. مەن بۇنى كونا مازارغا قارايدىغان بىر شەيختىن ئالدىم دەڭا. قەيەرلەردىن تېپىۋالغانكىن، پۇلغا ھاجەت ئىكەن، ھەممىگە ئون سەككىز مىڭ بېرىپلا ئېلىۋالدىم.

— پاھ — ھا! نېمانچە قىممەت بۇ، — ھەيرانلىقتىن يۈسۈپ

هوشۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى — ئۇن سەككىز مىڭ؟ !

— قىممەت دەيسىز ! ؟ ئاجايىپ ئەرزان ئېلىۋالدىم دەڭا، بۇ ماڭا كەلگەن ئامەت. گۇاڭجۇ، شېنجېن، شياڭگاڭدىن ھەتتا تەيۋەندىن كەلگەن مەخپىي خېرىدارلار بار، دانىسىگە مىڭ بەش يۈزدىن سانايدۇ.

— ئۇنداقلارنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر ساقىلى ئۆسۈپ قالغان ئېڭىكىنى سول قولىدا سىيپاپ تۇرۇپ،

— كونا پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەرنى تىزىپ ئولتۇرغانلار بارغۇ، شۇ يەردە كۆزىتىپ تۇرسىڭىز، ئۇنداقلار ئۆز ئايىغى بىلەن پەيدا بولىدۇ.

— ئەمىسە شۇ يەرگىلا ئاپارساڭ بولىدىكەنغۇ، — خۇددى چوڭ بىر ئەقىل كۆرسەتكەندەك ۋارقىراپ دېدى يۇسۇپ ھوشۇر.

— ياق، سىز چۈشەنمەيۋاتىسىز، دانىسىگە مۇشۇ يەردىلا مىڭ سوم سانايدىغان خېرىدار بار، — داۋام قىلدى يىگىت خۇددى ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كېتىپ بارغاندەك ھاسىراپ تۇرۇپ، — لېكىن ساختا قىلىپ مېنى ئوڭدا قويۇپ كېتەمدىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن، سىز بىر ئەمەلىي ئادەم، بۇ گەپنى سىزگىلا دېگۈم كەلدى، ئۆزىڭىزنىمۇ چالا - بۇلا تونۇيتتىم، كۆڭلۈم تارتىپ دەۋاتىمەنغۇ...

— رەھمەت، شۇنچىلىك ئىشەنگىنىڭىزگە، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر يىگىتنىڭ ئۇچۇرۇشلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، — خوش، ئەمدى نېمە قىلماقچىسەن؟

— گەپنىڭ پوسكاللىسى بۇنىڭدىنمۇ پۇللۇقراق بىر ئوقەت چىقىپ قېلىۋاتىدۇ. پۇلۇم يېتىشمەي قالدى، — دېدى يىگىت تېخىمۇ غەمكىن، بىچارە ھالەتتە، — ئازراقلا پايدا بەرسە بىرىگە بېرىۋېتىپ، ئاشۇ سودامنى قىلسام دەۋاتىمەن، سىز بىرەرىگە سايە قىلىپ باقامسىز - يە؟

— كىمگە سايە قىلىپ باقسام بولىدىكىنتاڭ ، — بىر دىنلا قو-
شۇمىسىنى تۇرۇپ ئويلاندى يۇسۇپ ھوشۇر. ئۇنىڭ بۇ يىگىتكە
راستىنلا ياردەم قىلغۇسى كېلىپ قالدى. بۇ تەڭگىلەرنى ئون
سەككىز مىڭ سومغا سېتىپ بىرى ئۇ بىچارىنى ئالدىغاندىمۇ؟
يۇسۇپ ھوشۇر كۆڭلىنىڭ بىر چېتىدە تېخىچىلا گۇمانلىنىپ
تۇراتتى. ئاخىر، ئۇ بۇ گۇماننى يىگىتكە ئاشكارىلىدى:
— ئۇكا، بۇ بىرنېمىلەرنى ساڭا ئون سەككىز مىڭ سومغا
سېتىپ سېنى ئالدىمىغاندۇر، سەن بىر قويمىچىغا ئۇچراپ
كەتمىگەنسەن — ھە؟!
— ياقەي، ئەخمەق بولماڭە، ئاكاۋۇي، — بىر دىنلا چىرايىنى
ئۆزگەرتتى يىگىت، — مەنمۇ مۇنداق سودىنىڭ كۆزىنى بىلىمەن،
ھازىر ھېلىقى پۇللۇق سودىغىلا ئالدىراۋاتىمەن، بولمىسا ئالدىر-
ماي پۇلىغا چىقىرىپ سېتىۋالاتتىم خەير، بولمىسا سىز ئېلىپ
قويامسىز، ئاكا.
يۇسۇپ ھوشۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھودۇقۇپ قالدى. ئۇ
«يالت» قىلىپ يىگىتكە قارىدى، باياتىن مۇلايىم، شۇككىدە
تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ بۇ گەپ بىلەن تەڭ مولۇنىڭكىدەك يوغىناپ
كەتكەن كۆزلىرى ئەتراپقا ئالاق - جالاق نەزەر تاشلايتتى. ئۇ
بىرنىي ئىزدەۋاتامدۇر ياكى بىرىگە ئىشارە قىلىۋاتامدۇر ياكى
بولمىسا باشقا بىرلىرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋامدۇر،
بىلىپ بولمايتتى. يېنىدا قاراپ تۇرغان يۇسۇپ ھوشۇرمۇ ئۇنىڭ
ئوي - خىيالىنى سەزمىدى. ئۇ قولىدىكى تەڭگىگە يەنە قاراپ
قويدى - دە ئۇنى يىگىتكە ياندۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. بىلىكىدى-
كى سائەتكە قارىدى. سائەت ئىككى بولغانىدى. دېمەك، ئۇ
ئۆيدىن چىققىنىغا ئىككى سائەت بوپتۇ. ئۇ ئۆيگە ئالدىراپ،
ئالىقىنىدا تۇرغان ياماقنى يىگىتكە بېرىۋەتمەكچى بولۇپ تەڭلى-
دى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىدىن ئىتتىك يۇگۇرۈپ دېگۈدەك
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىراۋ ئۇنىڭ قولىغا ئۇرۇلۇپ كەتتى، تۇيۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىزدىن ئۈزۈلغان زەربىدىن يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ ئالقىنىدىكى بايىقى تەڭگە ئاسفالت يولغا تاراڭشىپ چۈشۈپ نېرىغا دومىلاپ كەتتى. يىگىت ئالاقزادىلىك ئىچىدىكى تەڭگىنى يەردىن ئالماقچى بولۇپ ئېڭىشتى. ھېلىقى يولۇچى خۇددى ئەيىبكارلاردەك بىر خىل خىجىللىق ۋە تارتىنچاقلىق بىلەن يۈسۈپ ھوشۇرغا قاراپ قويىدى ۋە ئۆزىگە يارىشىملىق چاققان ھەرىكىتى بىلەن يەردىن تەڭگىنى ئېلىپ يۈسۈپ ھوشۇرغا تەڭلىدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، بىر ئىشقا ئالدىراۋاتاتتىم، سىزگە سوقۇلۇپ كەتتىم، بۇ سىزنىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن.

يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭغا بىرخىل ئەنسىزچىلىك ۋە ئېھتىيات ئىلكىدە مۆللىدە قارىدى، ئۇ ياغاق يۈزىدە ساقال دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق، ناتونۇش ئادەم ئىدى. شۇ ئەسنادا ئىنتايىن ئارزۇلۇق بىرنەرسىگە ناھايىتى تەستە ئېرىشكەن ئادەمدەك قولىدىكى تەڭگىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن سەپسالدى.

— ۋاھ ـ ھا! مەن دەل شۇندىقىنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، — دېدى ئۇ ئەتراپىغا يالت قىلىپ قارىۋېتىپ، ئاندىن يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ قولىقى تۈۋىدىلا پىچىرلىدى، — ماڭا سېتىپ بېرەمسىز، ئالدىڭىزمۇ ـ يە، ئالغان بولسىڭىز پايدىسىنى بېرىمەن!

قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرغان يىگىت ناتونۇش ئادەمنىڭ پىچىرلاپ دېگەن سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلىغانىدى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇلۇپلا كەتتى. بۇنى كۆرۈپ يۈسۈپ ھوشۇر ھاڭ ـ تاڭ قالدى. جۇدۇنى ئۆرلىگەن يىگىت ھېلىقى ناتونۇش ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغان تەڭگىنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ ئۇنىڭغا يەۋەتكۈدەك قىلىپ ئالىيىپ قارىدى ـ دە چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ھالدا دېدى:

— سەن ئىمانسىز، ياغاق يۈزگە ساتمايمەن، كەت بۇ يەردىن، ساتسام، ئاز پايدا ئالسامۇ مەيلى، مۇشۇ ئاكامغا ساتىمەن، ساڭا ھەرگىز ساتمايمەن، يوقال كۆزۈمدىن!

— بۇپتۇ ھوي، ئۇكا، خاپا بولما، مال سېنىڭمىدى. خېرىدار دېگەن سورايدۇ، مال تېخى قولۇڭدا، پۇل مېنىڭ يانچۇقۇمدىغۇ، ئەمما مېلىڭ سەرخىل ئىكەن، دۆلەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئاسارئەتىقىسىغۇ!...، — ياغاچ يۈز شۇ گەپلەرنى قىلدى ـ دە، ئۈمىدسىزلىنىپ روھى چۈشكەن ئادەمدەك، ئۇلاردىن ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدىغۇ بۇ ياغاچ يۈز، — دېدى يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن نەپرەت بىلەن يەرگە تۈكۈرۈپ، — نېمە دەيدۇ ئىمانسىز بەچچىغەر، سېتىپ بەر دېگىنىنى قارا، ئۆزى چاتاقراق بىرنېمە بولمىسا بولاتتىغۇ...

— غۇلجا ئۆزىمىزنىڭ، ئۇكا، چاتاق چىقمايدۇ، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن ھالدا، — خاتىرجەم بول، سېنى ھېچكىم «تاك» ئېتىپ چېكەلمەيدۇ.

— ئەكېلىڭە، ئاكا، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋالاي، مېنى يەنە بىر خېرىدار كۈتىمەن دېگەنىدى، بىرەر پالاكەت باسسا نۇرغۇن پۇلۇمدىن ئايرىلىپ قالىمەن...

يىگىت ئۈشتۈمتۈت شۇ گەپنى قىلدى ـ دە، يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ قولىدىن تەڭگىنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ «ئۇيغۇر بازىرى» دىكى پاتىپاراقچىلىق ئارىسىدا بىردەمدىلا كۆزىدىن غايىب بولدى...

II

يۈسۈپ ھوشۇر بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىلا ھاڭقىيىپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى يىگىت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا يەنە شۇنداقلا تېزلىك بىلەن غايىب بولغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇ ھامان بىر ئوي كەلدى. ھازىر ئۇ يىگىتنىڭ قولىدىكى ھېلىقى ئاق تەڭگىگە خېلىلا قىزىقىپ قالغانىدى: «ھېلىقى ياغاچ يۈز ئەبلەخ، نەق سودىنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىققا-

دەكلا بىر ئىش قىلدىغۇي، ھو تاپانغا قادالغان يەرتىكىنى! ھۇ، ئېشەكمەدىكى، چوشقا تىرىسى!...»

يۇسۇپ ھوشۇر ئۆز ـ ئۆزىدىن غۇتۇلدىغىنىچە ياغاق يۇزنى غايىبانە تىللاپ يولىنى داۋام قىلدى. ئەمدى ئۇ ئالدىراشقا باشلىغانىدى. «قورساقمۇ ئاچتى، ھېلىقى نەق سودىمۇ بۇزۇلدى، بولمىسا بۇگۇن تازا ئوڭ يېنىمنى بىسىپ تۇرغان كۇن ئىكەن، قىرىق يىللىق پۇلنى بىر كۇندىلا تاپىدىغان كۇن بوپتىكەن، ھەسسىنەي...»

ئىككى قاسىنىقى ئېشەك ھارۋىسى ۋە قول ھارۋىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يۇسۇپ ھوشۇر ئۆزكۆنۇش بىلەن شۇلارنى ئويلىدى. ئۇ، بەزىدە قول ھارۋىلىرىنى، بەزىدە ئېشەك ھارۋىلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بىر دۆۋە پالەك باسقان ھارۋىنىڭ قېشىغا كېلىشى ھامان بىرى ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ بىر چەتكە تارتتى. يۇسۇپ ھوشۇر مۇنچىلىك سىپايىگەرلىك قىلىپ بىلىكمنى يېـڭىم بىلـەن قوشۇپ تارتقان كىمدۇ دېگەن ئويدا دەرھال بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇنىڭ يېنىدا ھېلىقى ئاچچىقى يامان، چۇس يىگىت يېنىدىن قوغلىۋەتكەن ياغاق يۇز، كوسا ئادەم ئاجايىپ بىر چوڭقۇر ئىلتىجا بىلەن تەلپۇنۇپ، بىرنېمىگە ئىنتىزار بولغاندەك قاراپ تۇراتتى.

— خوش نېمە گەپ؟ — سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر كۆڭلىدە بىر نېمىلەرنى ئويلىغان بولسىمۇ، تېشىغا چىقىرىشقا جۇرئەت قىلالماي.

— ئاكا، ساڭا بىر ھاجىتىم چۇشۇپ قالدى، — دېدى ياغاق يۇز ئىنتايىن يالۋۇرغان ئاھاڭدا، — بىر چەتكە چىقىپ سۆزلەشسەك قانداق؟

— بولىدۇ، ئۇكا، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسىلىپ قارىۋېتىپ، — چىرايىڭدىن قارىغاندا، ماڭا ئېغىر ھاجىتىڭ چۇشۇپ تۇرىدىغۇ.

— بايىقى يىگىت سىزنىڭ تۇغقىنىڭىزمۇ؟ — سورىدى ياغاق يۈز چىرايىغا خەيرخاھلىق ئىپادىسىنى يۈگۈرتۈپ.

— قانداق دەيسەن، ئۇكا، شۇنداقتەك تۇرامدۇ، توغرا، بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان ئەمەسمۇ، ئۇكا، شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ.

ئۇلار ھارۋىلارنىڭ ئارىسىدىن چەتكە چىقىشتى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دەپ گەپ باشلىدى ھېلىقى ياغاق يۈز ئاھاڭنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، — ھېلىقى تەڭگىنىڭ ئىگىسى سېنىڭ تۇغقىنىڭ بولسا ئازراق ياردەم قىلمامسەن؟ قانداق ياردەم دەمسىنا؟ بايا قولىدىكى ھېلىقى تەڭگىنى بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى، ماڭا بولسا ئەجەب پەيلىنى بۇزۇپ كەتتى - ھە! ئۇرۇۋەتمىسۇن، بىكار - بىكاردىن ھارام مۇشت يەپ كەتمەي دەپ قورقۇپ كېتىپ قالدىم، مۇنداق گەپ ئىدى: ئاكا، سەن ئەگەر ئاشۇ يىگىتكە گەپ يېدۇرەلىسەڭ قانچە تەڭگىسى بولسا، شۇنچىلىكىنى ماڭا ئېلىپ بەرگىن، مەن ساڭا ئالدىڭدىلا دانىسىگە مىڭ سومدىن سانايمەن، جېنىم ئاكا، مۇشۇ ئىلتىماسىمنى يەردە قويمىساڭ!...

يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قالدى. ئىچىدە: «ئۇ شۇنچىلىك قىممەتلىك نەرسىمىدۇر؟» دېگەن خىيالنى چاقماق تېزلىكىدە ئويلىدىيۇ، تېشىغا چىقىرالمىدى.

— ساڭا بەك لازىم بولسا، ئۆزۈڭ بېرىپ كېلىشىپ ئېلىۋەرمەمسەن؟ — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر ياغاق يۈزگە تىكىلىپ، — مېنىڭ ساڭا ئېلىپ بېرىشىمنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنى نېمە قىلاتتىڭ؟

— ئۇ دېگەن قىممەتلىك ئاسارئەتىقە، — داۋام قىلدى ياغاق يۈز ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — شياڭگاڭدىن مەخسۇس كېلىپ، شۇنداق نەرسىلەرنى يىغىدىغان چۆپقەتلىرىم بار ئىدى، ئۇلار بۇ

تەڭگىلەرنى چەت ئەلگە ئاچىقىپ كېتىدۇ. «يەر شارى ئاسارئەتىقە خەزىنىسى» دېگىلەر مەخسۇس غەربىي دىيارنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مۇنداق نەرسىلەرنى مەخپىي يىغىپ يۈرىدۇ. خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ غەربىي دىياردا قەدىمىي ئاسارئەتىقىلەر كۆپ، شۇڭا بۇ نەرسىلەرنىڭ بازىرى چىقىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئىشىكنى سىرتقا ئېچ-چىۋەتكەندىن كېيىن، مۇنداق ئىشلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بەزىلەر تۇتۇلۇپ قېلىپ ئۆمۈرلۈك كېسىلدى، بەزىلىرى ئېتىد-لىپمۇ كەتتى.

— نېمىگە شۇنچە تەۋەككۇل قىلىسىلەر؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى يۈسۈپ ھوشۇر، — سىلەر قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قى-لىشقا نېمانچە ئامراق؟ نېمىگە شۇنچە جاننى سېلىپ بېرىسىلەر؟

— بىز قولدىن - قولغا ئېلىپ ئۆتكۈزىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئاسارئەتىقىلەر، — ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى ياغاق يۈز، ئۇنىڭ ئىككى جاۋغىيىدىن كۆپۈك قايناپ تۇراتتى، — بىز بۇنىڭغا نۇر-غۇن پۇل تىكىپ، پۇل بىلەنلا ھەممىنى ئوڭشاپ كېتىمىز، پۇل ھەممىنى قايىل قىلىدىغىنى، جىنىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالىدىغىنىنى، بىلىسەنغۇ، مۇنداق ئاسارئەتىقىلەرگە پۇلنى غازاڭدەك خەجلەي-مىز، كېيىن ئۇنىڭدىن نەچچە باراۋەر كۆپ پۇل قولىمىزغا كېلىدۇ. نېمىگە شۇنچە بۇ ئىشقا قىزىقىسىلەر دەمسەن؟ دەۋاتىد-مەنغۇ، ئاكا، تەلىيىڭ كەلسە بىراقلا بېيىپ غۇلجىدىكى ئەڭ چوڭ باي «داتۇ» دېگىنمۇ ئېشىپ كېتىسەن، ئەگەر ئامىتىڭ قاچسا ياقۇپ خوتەندەك ھەممە نەرسىڭىزدىن ئايرىلىپ، گاڭسا - جىسا بولۇپ ئولتۇرغان ئۆيۈڭگىمۇ ئىگە بولالماي قالىسەن، ھۆكۈمەت ئېغىر جەرىمانە قويۇۋېتىدۇ، يېنىك بولغاندا يۈز مىڭدىن يۇقىرى، ئېغىر بولغاندا بەش يۈز مىڭدىن تۆۋەن بولمايدۇ، بىر قېتىمدىلا پۈتۈن تاپقان - تەرگىنىڭنى سىيپاپ ئەكېتىدۇ، مال - دۇنيا، پۇل بىلەنلا قۇتۇلساڭ مەيلىغۇ، جانغا تاقىلىپ قالىدىغىنىمۇ بار

بۇنىڭ. شۇڭا تەۋەككۇل قىلىپ، يا بايدىن، يا سايرامدىن دەپلا تەۋەككۇل قىلىدىغان ئىش بۇ، ھازىر مېنى شياڭگاڭدىن كېلىدىغان ھېلىقى چۆپقەتلىرىم ئالدىرىتىۋاتىدۇ، ئۇلار ساياھەت باھانىسى بىلەن كەلگەچكە ۋاقتى قىسقا، ئۇزاق تۇرالمايدۇ، مالنى تېزلا شياڭگاڭغا يۆتكەيدۇ، ئۇ يەردىن چەت ئەللەرگە ئاچىقىپ ساتىدۇ. تولا خەق قولىدىكى ئاسارئەتىقىلەرنىڭ قىممىتىنى بىلمەي ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ قولىدىكى نەرسىنىڭ بىباھا گۆھەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ...

— گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا، دېگەن شۇ ئەمەسمۇ، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى يۇسۇپ ھوشۇر.

— خوش، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئاكا! — داۋام قىلدى ياغاق يۈز، — ھەر ئىككىمىزگە پايدىسى بار بۇ ئوقەتنى قىلغۇڭىز بارمۇ؟ بۇ بىر غەنىيمەت پۇرسەت، پۇرسەت پۇل، پۇرسەت سىزگە ئالدىڭىزدىكى، قولىڭىزنى سوزسىلا يېتىدىغان دۇنيانى ئاتا قىلىۋاتىدۇ، ئاكا، ئالسىڭىزلا، دانىسىگە بەش يۈز سوم نەق پايدا سانايمەن. قانداق؟ بۇ سودىنى قىلغۇڭىز بارمۇ؟

ياغاق يۈزنىڭ گەپلىرى ئىشەنچلىك ئىدى. قايسىبىر كۈنى يۇسۇپ ھوشۇر كوچا ئايلىنىپ كونا تۆت قەۋەتلىك پوچتىخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئالدىغا خۇددى شۇنداق نەرسىلەرنى يېيىۋېلىپ ئولتۇرغان بىر جاڭگويدە ئاشۇنداق تەڭگىنىڭ دانىسىنى بەش يۈز سوم دېگەنىدى، بەلكىم، بۇ مۇشۇنداق قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ بىرىدۇ. بۇ ئاسارئەتىقىلەر شۇنچىلىك پۇلغا ئەرزىيدىغان نەرسىلەر تۇرسا، تەۋەككۇل قىلىپ باقسا قانداق بولار؟!...

— قانداق، ماڭا ياردەم قىلالامسەن، ئاكا، — ياغاق يۈزنىڭ تەجرىبىلىك، سىنچى كۆزلىرى يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ خىيالغا پاتقان كۆزلىرىگە تىكىلدى. يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ خىيالى بۆلۈندى، ئۇنىڭ ئىككىلىنىپ قالغانلىقىنى ياغاق يۈز بىلىپ بولغانىدى، يۇسۇپ ھوشۇر تەۋەككۇل قىلىشقا ئازلا قېلىۋاتاتتى.

— زادى قانچىلىك ئالالايسەن، ئۇكا، — يۇسۇپ ھوشۇر سورىدى ئىچىدە بىر قارارغا كېلەلمەي، — شۇندىقىدىن، بايا سەن قولۇمدا كۆرگىنىڭدىن دەۋاتىمەن.

— قانچىسى بولسا شۇنچىنى ئالىمەن! — ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئالدىغا ئىنتىلدى ياغاق يۈز. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى خۇددى ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى تۆشۈك ماربلاپ يېتىپ، مىڭ تەستە ئالدىغا كېلىۋاتقان چاشقانغا تاشلانغان مۈشۈكنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىزنىڭ يۇسۇپ زەررىچىمۇ سېزەلمىدى.

— سەن كۆرگەندەكتىن يىگىرمە ـ ئوتتۇزى بار، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر خوجايىنلارچە مەردانىلىك بىلەن، — ئالساڭ ھەممىسىگە خېرىدار بول...

— پاھ ـ ھا! — زوقلىنىپ كەتكەن ياغاق يۈزنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى، — ھەممىسىنى ئېلىپ بېرەلەمسەن؟ ئالالىساڭ ئوشۇقمىزنىڭ ئالچۇ چۈشكىنى شۇ، يەنە شۇنى دەپ قوياي، ئاكا، بۇ ئىشتا سىنىڭ ئانچە ئېپىڭ يوقتەك تۇرىدۇ، دانىسىنى بەش يۈز سومدىن بىر تىيىن ئوشۇق ئالما، بولسا ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك ئال، مەن ساڭا مۇشۇ يەردىلا دەپ قوياي، دانىسىگە بەش يۈز سومدىن پايدا بېرەلەيمەن. قانچە بولسا شۇنچىسىغا سانايمەن، ئەمما ھېلىقى ھاراملىققا مېنى دەپ يۈرمىگىن، سودىسىدىن يېنىۋالىدۇ. ھەر ئىككىمىز نەپتىن قۇرۇق قالىمىز.

كۆز ئالدىدىكى غايەت زور سودىنى قولىغا كەلتۈرەيلا دەپ قالغان يۇسۇپ ھوشۇر كۆڭلىدە چوت سوقۇپ باقتى. قىرىق يىلدا يىغقان يىگىرمە مىڭ سوم پۇل ھازىر بانكىدا پىت ـ سىركە بېسىپ يېتىپتۇ. ئىلگىرى ئۇنىڭ يىللىق ئۆسۈمى تۆت ـ بەش يۈز سوملا بولىدىغان، ھازىر ئۇمۇ كەملەپ كەتتى. مانا بۇ سودىچۇ، ئوڭ قولدا ئالىسەن، سول قولدا بېرىسەن، يىگىرمە مىڭغا يىگىرمە مىڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قونىدۇ. قىرىق

يىلدا بىر ئېشەك ئويۇنى دېگەن شۇ. قىرىق مىڭ ئاسان پۇلمۇ، ئۆمۈر بويى يىغقان پۇلۇڭنىڭ تەڭ يېرىمى دېگەن سۆز...

— ھەممىسىگە خېرىدار بولغىن جۇمۇ، ئاكا، — تەكرارلىدى ياغاق يۈز جىددىي قىلىپ.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ خىيالى بۆلۈندى.

— ئۇرۇنۇپ كۆرەي، ئۇكا، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر كۆك-رىكىنى ھاۋاغا تولدۇرۇپ ئېغىر نەپەس ئالغان ھالدا، — بارىغا خېرىدار بولىمەن دەيمەن.

— ماڭا قارىغىنا، — ياغاق يۈز بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولغان يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ دولىسىدىن يېنىككىنە پەپىلىدى ۋە دەققە ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، داۋام قىلدى، — بايا دېگىنىمدەك بول-سۇن، بەش يۈز سومدىن بىر تىيىن ئاشۇرمىغىن، ئۇ ھاراملىق سېنى ئالداپ يۈرمىسۇن، ئۇنىڭغا كەتكەن پايدا ساڭا كەتسۇن دەۋاتىمەن، ئۆزە ئېلىۋالساڭ ساڭا ئانچە پايدىسى بولمايدۇ، تارت-قان جاپايىڭغا تۇشلۇق ئىش يوق، ماڭىمۇ ئانچە نەپ تەگمەيدۇ. يەنە دەپ قوياي، سېنىڭ قولۇڭغا ئۆتسىلا، دانىسىگە بەش يۈز سوم سانايمەن، ئاكا، بۇ سودا شۇنىڭ بىلەنلا تۈگەمدىكىن دېمىگىن ، مەن سېنى تېخى چۆپقەت قىلىۋالىمەن. سەن مۇشۇ يەرلىك بولغاندىكىن، مۇنداق ئاسارئەتىقىلەرنى پۇراپ تاپالايسەن، سۇرۇشتە قىلىپ ئالالايسەن، تۇغلۇق تۆمۈرخان دەمدۇ، سۇلتان-ئۇۋەيس مازىرى دەمدۇ، خونغاي مازار، چىغلىق مازار دەمدۇ، ئاشۇنداق يەرىڭلاردا ئاسارئەتىقىلەر دېگەن كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغانمەن. توپىنىڭ ئاستىدىكى نەرسىلەرنى يەر يۈزىگە چىقى-رىپلا قويساڭ مال - دۇنياغا كۆمۈلۈپلا كېتىسەن، ئاڭلىشىمچە، ئاۋۇ موڭغۇلكۈرە دېگەن يېرىڭلاردىكى قەدىمكى تاش ئادەملەر قەبرىستانلىقىدا مىيىت بىلەن ئالتۇن - كۈمۈشلەرمۇ بىللە كۆمۈ-لۈپتىكەن، بىرىگە دەپ يۈرمە، ئاكا، يېقىندا ئارخېئولوگلار ئېنىقلاپتىمىش. مېنى نېمانداق كۆپ سۆزلەيدۇ دەپ قالما، ئاكا،

www.uyghurkitap.com

سېنى مەخپىي ئىشلاردىن خەۋەردار قىلىۋاتىمەن، دۇنيادا ئىنسانلار ئاچ كۆزلۈك بىلەن دۇنيا تالىشىۋاتىدۇ، بىر - بىرىنى بۇلاۋاتىدۇ، ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، سېتىۋاتىدۇ، لېكىن ئوتتۇرىدىكى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغانلار بېيىپ كېتىۋاتىدۇ. سەن بىلەن بىز ئازراق نەپ ئېلىپ ئاچ - زېرىنلىقتا ئۆتۈۋاتقان ئەتىۋارسىز ئۆمرىمىزنى قەدىرلىكرەك، راھەترەك تۇرمۇشتا ئۆتكۈزسەك نېمە بوپتۇ…

ئۇنىڭ گەپلىرى ئىشەنچلىك، ھەرىكىتى دۇرۇس، قىلغان گەپلىرى، قىلماقچى بولغان سودىسىمۇ گۇمانسىز، دەلىل - ئىسپاتقا ئىگە ئىدى. مانا بۇلار يىغىلىپ كېلىپ، يۇسۇپ ھوشۇرنى پۇتۇنلەي رام قىلىۋالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا: «يىگىرمە مىڭ سوم پايدا قالىدىكەن!» دېگەن بىرلا ئۇقۇم ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەنىدى. ھۆكۈمنى يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئۆزى چىقاردى ۋە ياغاق يۈزگە قايىل بولدى. دېمىسىمۇ، ئۇ، قىرىق يىل سوتچى بولغان ئۆمرىدە مۇنداق ھۆكۈملەرنى ئاز چىقارغانمۇ، بىرمۇ خاتا ھۆكۈم چىقارمىغان، يۈزدەيۈز توغرا ئىشلىگىنى، خەلققە ئۇۋال قىلمىغىنى ئۈچۈن ئۇدا بەش يىل «خىزمەت ئىلغارى»، «ئادىل سوتچى»، «خەلقنىڭ كۆڭلىدىكى سوتچى» دېگەندەك تەقدىرنامىلەر بىلەن تەقدىرلەنگەن. ئۇ ھازىرمۇ شۇ خىسلەت، شۇ جەسۇرلۇقىنى يوقاتقىنى يوق. ئۇنىڭ خىزمەت ھاياتى ئاخىرلاشقىنى بىلەن جەمئىيەت ھاياتى ئاخىرلاشمىدىغۇ، ئەمدى ئۇ مانا مۇشۇنداق جەمئىيەتتە يۈرۈپ، ئىجتىمائىي بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. ئوقەتنىمۇ بىللە ئېلىپ بارىدۇ…

يۇسۇپ ھوشۇر ياغاق يۈزنىڭ سۆزلىرىدىن ئىلھاملىنىپ بىر پەس خىيالغا غەرق بولدى. ئوقەتنى ئويلىدىيۇ، زىيان ئۈستىدە ئويلىنىپ باقمىدى. زىياندىن ئەتەي ئۆزىنى قاچۇردىمۇ ياكى ئۇنى ئويلىماسلىققا تىرىشتىمۇ، ئىشقىلىپ بۇ ھەقتە كېسىپ بىر نېمە دېمىدى. ۋاستىچى بولسىلا پايدىغا ئېرىشىمەن دەپلا ئويلىغاند-

دى. ئۇ سودا ـ سېتىقنى بىلمەيتتى، بىلىشكىمۇ قىزىقمايتتى. قىرىق يىلدىن بېرى تۇرمۇشىدىن ئېشىنغان ئاز ـ تولا پۇلىنى بانكىغا قويۇپ يىگىرمە مىڭ سوم نەق پۇق يىغقان. پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن ئۇقەتنىڭ يولىنى تۇتقان بولسىمۇ ئاشۇ پۇلىغا يەنە شۇنچىلىك پۇل قېتىلغان بولاتتى. لېكىن ئۇ سودا ـ سېتىقـنى ئويلىماي خوتۇنىغا ھەمراھ بولۇپ، ئۆيگە سولىنىپ ئولتۇرۇۋېردى. بولمىسا بۇ كەمگىچە ئۇقەتكە كۆزى پىشقان بولاتتى، مۇنداق ئۇقەتلەر ئۇچرىغاندا لىگىتاسمىدەك ئېزىلىپ يۈرمەي ھەش ـ پەش دېگۇچە ئۆردىكىنى ئۆردەك، غېزىنى غاز قىلىۋەتكەن بولاتتى...

— تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ، ئاكا، — ياغاق يۈزنىڭ سۆزى يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، ياغاق يۈز سۆزىنى داۋام قىلدى، — سەنلا ئالساڭ، ئۇ باشقا بىرىنىمە دېيەلمەيدۇ، بايىقى ئەلپازىنى كۆرگەنسەن، ئۇ ماڭا پايدا بەرمەيدۇ، مالمۇ ساتمايدۇ، ئۇنى سەنلا ئېلىپ بېرەلەيسەن، بۇ ئىشنىڭ ئۇچۇن ساڭا راۋۇرۇس پايدا بېرىمەن دېدىمغۇ، يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن يانمايدۇ، ئاكا.

— مېنى دەللال بول دېمەكچىسەنغۇ؟ — سورىدى يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭدىن.

— ھەببەللى.

— ئۇرۇنۇپ كۆرەي، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر خىيالىنى بىر يەرگە يىغقاندىن كېيىن بىر قارارغا كېلىپ، — بىرقولدا ئېلىپ، بىر قولدا ساڭا بەرسەملا پۈتىدىغان ئىشكەنغۇ. ئەمما پۇلۇڭ نەق بولسۇن جۇمۇ، ئۇكا، يېرىم ـ يارتا ئىش قىلما، بولمىسا ھېلىقى ئاداشنىڭ ئالدىدا مېنى ئوسال قىلىسەن.

— خاتىرجەم بول، ئاكا، مانا پۇل، — ياغاق يۈز قولىدىكى تۆت بۇرجەك تومپايغان سومكىنى ئاچتى. يۈسۈپ ھوشۇر بوينىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

سوزۇپ سومكا ئىچىگە قارىدى. دېمىسىمۇ، سومكىدا يۈز سوم-لۇق پۇللاردىن بىر باغلام تۇراتتى. پۇل چىگىگىدە جىپسىلاشقان بولۇپ ئۈچ يېرىدىن باغلانغانىدى. «پۇل ئاز ئەمەس ئىكەن، — دەپ ئويلىدى يۈسۈپ ھوشۇر ئىچىدە، — بۇ ھەقىقەتەنمۇ مەدەنى-يەت يادىكارلىقلىرى سودىگىرى ئىكەن، شەك يوق، مانا قارىما-دىغان، مېنى ئامەتنىڭ ئۆزى ئىزدەپ كەپتۇ ـ ھە!...»

— سودىدا پەخەس بولغىن جۇمۇ، ئاكا، — تاپىلىدى ياغاق يۈز ئۇنىڭغا، يۈسۈپ ھوشۇر خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى، ياغاق يۈز تۆگىنىڭ لوككىسىدەك چىقىپ قالغان ئىككى مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ، بوينىنى تېخىمۇ ئىچىگە تىققىنىچە ئەتراپىغا ئالمان ـ تالمان كۆز يۈگۈرتتى، — ئەمما لېكىن لوقلا پايدىغا ئالىسەن، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس.

— نەدىدۇر ھېلىقى بىرنېمە ئەمدى؟ — يۈسۈپ ھوشۇر ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى، — تېزرەك تاپسام بولاتتى.

ئۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىغان ھالدا قالايمىقان بازار ئىچىدە مىغىلداۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىن بايىقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلى-رى سودىگىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. يۈسۈپ ھوشۇرمۇ ئاخىرى پايدىغا تۇرغانىدى. جاھان دېگەن شۇغۇ ئەمدى، ئادەم دېگەن زىياندىن مىڭ يىللىق نېرى قېچىشقا ئۇرۇنىدۇ، ھەتتا زىياندىن سارالڭ بولۇپ كېتىدۇ، ئۆلۈپمۇ كېتىدۇ، پايدىچۇ؟ ياشارتىدۇ، كۆكلىتىدۇ، ھۆركىرتىدۇ، ھەتتا ھۆكۈمران قىلىدۇ...

— ئۇ ھاراملىقنى بايىقى جايىدىن ئىزدەپ باقىن، ئاكا، — دېدى ياغاق يۈز ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، — چاققانراق بارغىن ئۇنىڭ خېرىدارى جىق، سېتىۋېتىپ قالسا، مېنى خاراب قىلىسەن، ئۆزۈڭمۇ نەپ ئالالمايسەن، مەن سېنىلا دەۋاتىمەن، سېنى بۇ قېتىم نەپكە ئېرىشتۈرسەم، كېلەر قېتىمدا سەن ماڭا چۆپقەت بولىسەن، ئاكا، ئىككىمىز سىرداش بولۇپ قالىمىز، مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلمەيدۇ، قاراپ تۇر، بېيىپ كېتىسەن، ھې-

لىقى ئىنىمىز راست ئېيتىپتىكەن دەپ قالىسەن، بېيىپ كەت-
سەڭ بىزنى ياراتماي ئېگىز ئوقۇردىن يەم ئىزدەيسەن ـ دە،
ئاكا، خوپ، بارغىن ئەمدى، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ ھەممىدىن
قۇرۇق قالمايلى...
يۇسۇپ ھوشۇر شۇ تاپتا قورسىقىنىڭ ئېچىپ ئۆتۈپ كەتكى-
نىنىمۇ ئېسىدىن چىقاردى. قورساق دېگەن قانچىلىك نەرسە،
ئۇنىڭغا ھازىر زور بىر سودا دۇچ كېلىپ قالدى، پەيتنى چىڭ
تۇتۇپ، بىرلا مۇرىدىسە تەڭگە تەڭ پايدا ئالىدۇ. يۇسۇپ ھوشۇر
بايىقى مۇلايىم يىگىتنى ئۇچراتقان يەرگە قايتىپ بېرىپ، ئۇنى
خېلى ئىزدىدى، لېكىن ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىردەم
ئىزدەپ باقتى، تاپالمىدى، يۇسۇپ ھوشۇر بىر پەس تۇرۇپ
بېقىپ تاپالمىغاندىن كېيىن، بۇ ئويىدىن يالتايدى، كۆز ئالدىدى-
كى پايدىدىنمۇ ۋاز كەچتى. ئاخىرى، ئۇنىڭغا تېزرەك ئۆيىگە
قايتىپ، خوتۇنى ئوخشىتىپ ئەتكەن لەڭمەننى يەپ، چىشىنى
كولىغان پېتى تېلېۋىزورنى كۆرگىنى تۇزۇكتەك بىلىندى. ئۇ
ئەمدى ئارقىسىغا بۇرۇلاي دەپ تۇرغاندا ھېلىقى مۇلايىم يىگىت
خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولدى، لېكىن، ئۇ يۇسۇپ
ھوشۇرنى كۆرمىگەندى، نېمىشقىدۇر بىرىنى ئىزدىگىنىچە ھەپ
ئەتراپىغا قاراپ، بويىنىنى قاقىردەك سوزاتتى. بىر ئورۇندا زادىلا
تۇرالماي ئۇياق ـ بۇياققا بويۇندايتتى...
— ھوي، ئۇكاموي، — ۋارقىرىدى يۇسۇپ ھوشۇر، مۇلايىم
يىگىت ئۆزىنى چاقىرغان ئۈننى ئاڭلاپ بۇرۇلدى، يۇسۇپ ھو-
شۇرنى كۆرۈپ ئىتتىك يۈگۈرۈپ كەلدى. لېكىن يەنىلا ئەتراپىغا
ئۇزمەي قارايتتى.
— ھوي، ئۇكاموي! يەنە قانداق ئىشەك يوق؟ — سورىدى
يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭدىن، — نېمە دەپ قاراۋېرىسەن.
— ياقەي، ئاكا، بايا سىزدىن ئايرىلىپ بىر خېرىدار بىلەن
سۆزلەشكەنىدىم، باھادا كېلىشەلمىدۇق، كېلىمەن دەۋاتاتتى، —

مۇلايىم يىگىت شۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، پىچىرلاپ تۇ-رۇپ: — دانىسىگە بەش يۈزدىن سانای دەيدۇ، كۆتۈر دېدىم، — دېدى.

— خوش، ئۇ بىرنېمەڭنى ماڭا قانچىگە بېرىسەن؟ — سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭدىن. يىگىت «يالت» قىلىپ يۇ-سۇپ ھوشۇرغا قارىدى - دە، پىچىرلىدى:

— سېنى، ئاكا، ئۆز ئاكامدەك كۆرۈپ قالدىم، سەنمۇ نان يېگىن، دانىسىگە يەتتە يۈزدىن بەرگىن، ساڭىلا بېرىۋېتەي.

يۇسۇپ ھوشۇر يىگىتنىڭ قولىدىكى ئاق تەڭگىنى ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قارىدى - دە:

— دانىسىگە بەش يۈزدىن سانايمۇ، ئۇكا، قانداق دەيسەن، ئۇبدان سودا بولدى جۇمۇ، گاچچىدا بېرىۋەتمەمسەن، سەنمۇ ياغ چاينا، مەنمۇ ئازراق نان تېپىپ يەي... — دېدى.

مۇلايىم يىگىت لېۋىنى چىشلەپ بىرپەس ئويلانغان بولۇپ تۇرۇۋېلىپ ئاندىن يۇسۇپ ھوشۇرغا قارىدى:

— بوپتۇ، كەتسە سىزگە كېتىدىكەن، ئاكا. ئالتە يۈزدىنلا بېرىڭە، سىزگىلا بېرىۋېتىپ كېتەي، سىز نان تېپىپ يەڭ. ئىنىم راست ئېيتىپتىكەن دەپ قالارسىز، خېرىدارى كۆپ نېمە بۇنىڭ، مالنى تونۇغان ئادەم ئالىدۇ.

— ياق، بەش يۈزگە بەرسەڭ ئالىمەن، — گېپىدە چىڭ تۇردى يۇسۇپ ھوشۇر، — بولمىسا بۇ سودىنىمۇ قىلمىغان بولاي.

مۇلايىم يىگىت مەسخىرە كۈلكىسىدە ھىجايدى.

— مەن سىزگە دەۋاتىمەنغۇ، ئاكا، بۇ قىممەتلىك ئاسارئەتى-قە، خەقنىڭ قولىدىن بىر - بىرلەپ يىغىپ چىققان نەرسە بۇ، چىقىسىڭىزلا يىغىۋالىدىغان ئەسكى ياماق ئەمەس - دە.

— نېمە بولسا بولسۇن، بەش يۈزگە بەردىڭمۇ، ئۇكا، ئالغىنىم ئالغان، بولمىسا كەتتىم، ئۆزۈڭ ئاشۇرۇپ سې-تىۋالغىن، — يۇسۇپ ھوشۇر شۇ گەپنى قىلدى - دە، كۆكتات

بازىرى تەرەپكە ماڭدى. لېكىن، مۇلايىم يىگىت ئىنتايىن چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭغا سوكۇدىشىپ ماڭدى.

— بوپتۇ، بەش يۈز ئەللىكتىن ئالغۇڭىز كېلەمدۇ، ئاكا؟

— ياق، بەش يۈزدىن بىر تىيىن ئارتۇق ئالالمايمەن، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر توختىماي كېتىۋېتىپ، — بولمىسا باشقىسىغا ئۆزۈڭ سېتىۋالغىن...

يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ جاھىللىقى تۇتتى. بايىقى ياغاق يۈز دېگەن گەپ ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئورناپ كەتكەنىدى، مۇلايىم يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇداشقان ھالدا باھا تالىشىپ خېلى يەرلەرگىچە ماڭدى، لېكىن، يۇسۇپ ھوشۇر بىرلا گەپ بىلەن تۇرۇۋەردى، مۇلايىم يىگىت بىردىنلا ئۆزگىرىپ گەپتان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك قىلاتتى. باھا تالىشاتتى، مۇنداق نەرسىلەرنىڭ ئوڭايلىقچە قولغا چۈشمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ۋالاقلايتتى. شۇنچىلىك كۆپ چىقىم تارتىپ ئەكەلگەن بۇ نەرسىدىن ھازىر ھېچقانداق پايدا چىقمىغانلىقىنى ئېيتىپ، قەسەم ئىچىپ زارلىناتتى. لېكىن، يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ جاھىللىقى تۇتقاچقا بىرلا ئېغىز گەپ بىلەن چىڭ تۇرۇۋەردى.

— بوپتۇ، بەش يۈز يىگىرمىدىن ئېلىڭ! — تالاشتى مۇلايىم يىگىت ئاخىرى باھادا يەنە چۈشۈپ، — ئەمدى، چۈشەلمەيمەن، كەتسە سىزگە كېتىدىكەنغۇ، دەپ ئوتتۇز سوم چۈشتۇم، سىزنى تېپىپ يەڭ، ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك تۇرىسىز، سىزنى ئۆز ئاكامدەك ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، سىزگىلا بېرىۋېتەي دەۋاتىمەن، پايدىدىنمۇ ۋاز كەچتىم، باشقىلارغا ھەرگىز بەرمەيتتىم جۇمۇڭ، سىزگىلا بەردىم، بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان، مانا تۇغقاندەك...

— ياق، بىر تىيىن ئاشالمايمەن، — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى يۇسۇپ ھوشۇر، — ياغاچمۇ ئوشۇتقان يېرىدىن سۇنمايدۇ، بەرسەڭ شۇنىڭغىلا ئالاي، بولمىسا سودىمىز ئۆز ئورنىدا قېلىۋەر-

سۇن، مەن سېنى كۆرمىگەن بولاي، سەن مېنى كۆرمىگەن بول، ئۇكا.

مۇلايىم يىگىت ئۇرنىدا تىوختاپ قالدى، ئاندىن يۇسۇپ هوشۇرنىڭ بىلىكىنى چىڭگىدە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قادىلىپ تۇرۇپ كېتىپ دېدى:

— ئەجەبمۇ جاھىل ئادەم ئىكەنسىز، ئاكا، بوپتۇ، سىزگە بېرىۋېتەي، بايىقى گېپىڭىز ئۇچۇنلا بېرىۋەتتىم جۇمۇ، سىز مېنى، مەن سىزنى كۆرمىگەن بولاي دېگىنىڭىز ئۇچۇنلا پىدا بولۇپ كېتەي، ئاكا، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بىرىدىن سىر يوشۇ-رۇشقا بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، بايام بىرى سىز سورىغانغا سورىغانىدى، بەرمىگەنىدىم، سىزگە نېسىپ بوپتۇ، بوپتۇ، ئان تېپىپ يەڭ، سىزگە ئوبدانلا نەپ چىقىدۇ، مۇشۇنىڭ بىلەن لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ مەھەللىڭىزدىكىلەرنى ھەيران قالدۇ-رىدىغان بولدىڭىز. پۈتۈن غۇلجىلىقلار ھەيران قالامدۇ تېخى! باشتىكى مۇشتتىن يانما دەپتىكەن، بۇ سىزگە بۇيرۇغان مال ئىكەن!

يۇسۇپ هوشۇر ئاۋۋال ئۆزىنى توختىتىپ ئېغىر بىر تىنىد-ۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا يۇكسەك، ھېچكىممۇ ئېرىشىپ باقمىغان، ئېرىششىمۇ مۇمكىن بولمىغان بىر زور پايدا نامايان بولماقتا ئىدى. بۇ پايدا ئۇنىڭ ئامىتى، نېسىۋىسى. ھۆكۈمەت ئىشىنى ئۇ شۇنچە ئۇزۇن يىل قىلسىمۇ مۇنداق زور پايدىغا تەۋەككۈل قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ بۈگۈن يېنىدىن ئون تىيىن چىقارماي، ئون تىيىن دەسمايە سالماي تۇرۇپمۇ بۇ پايدىنى يانچۇ-قىغا سېلىپ ئۆيگە قايتىدۇ. ئايالى قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنىمۇ سەزمەيدىغان قانداق ئادەمسىز»، دەپ تاپا - تەنە گەپلەرنى قىلغى-لى تۇرغاندا، «ئالدىرىما، خوتۇن، مۇنۇ يانچۇقنىڭ پومپىيىپ تۇرغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ، قىرىق يىلدا شۇنچىلىك پۇل يىغىپتى-مەن، قىرىق يىلغا تەڭ قىلىپ بۈگۈن بىر كۈندىلا شۇنىڭ بىر

ھەسسىسىگە تەڭ كەلگۈدەك زور پايدا ئېلىپتىمەن!» دەپ كۆرەڭلەيدۇ. ئاچچىق بىلەن تېگىشكە باشلىغان موماي، بۇنى ئاڭلاپ خام تاسمىدەك يۇمشايدۇ، پۇلنى، پايدىنى كۆرگەندە، ئادەم بالىسىنىڭ خۇش بولمىغىنىنى مەن بىر كۆرەي...

يۇسۇپ ھوشۇر شۇلارنى كۆڭلىدىن غىل - پال قىلىپ ئۆتكۈزدى - دە، كۆڭلىگە پۈككەن پىلاننى مۇلايىم يىگىتكە ئېيتماقچى بولدى.

— مۇنداق بولسۇن، ئۇكا، — يۇسۇپ ھوشۇر قوينىدىن تەڭگە يارماقلارنى چىقىرىپ قولىدىكى قۇرۇق قارا سومكىغا ساناپ سېلىۋاتقان مۇلايىم يىگىتكە شىپقىدى، يىگىت ئاخىرقى قېتىم: «قىرىق» دەپ سانىغاندىن كېيىن يۇسۇپ ھوشۇر سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھە، قىرىق ئىكەن، دېگىنە، بولدى، قىرىققا كۆپەيتسەك بەش يۈزى نەقلا يىگىرمە مىڭ سوم دېگەن گەپ، مۇنداق بولسۇن. ئاۋۋال تەڭگەڭنى ئالىمەن. ئاندىن ئەكېلىمەن - دە، مانا مۇشۇ دۇكاننىڭ يېنىدىلا بېرىمەن، ئۇكا، ئەنە ئاۋۇ دوقمۇشتىلا، بېرىپلا قايتىمەن، سەن قارامنى يىتتۈرمەي كۆزىتىپ تۇرىسەن.

— نېمە دەۋاتىسىزوي، ئاكا، — دېدى ئۇ قولىدىكى سومكىنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە، — ئۇنداق قازانلاردا تولا قاينىغانمەن، سودا دېگەن جايىدا ياخشى، سۆرىگەندىكىن جەزمەن پالاكەت باسىدۇ، بىر قاققا بىر قاق، بۇ قولدا پۇلنى بېرىسىز، ئۇ قولدا مالنى ئەكېتىسىز. غېپپىدە قىلىپ قالسىڭىز، مەن سىزنى نەدىن ئىزدەپ يۈرەي، يە، بۇ بىرەر مىڭ سوملۇق مال بولمىسا.

— ھوي ئۇكاموي، مېنى بۇ غۇلجىدا تونۇمايدىغىنى يوق، كىمگىلا بېرىپ يۇسۇپ ساقالنىڭ ئۆيى نەدە دېسەڭ مانا دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ئۇچدەرۋازا» دېگەن ئاتنىڭ قاشقىسىدەك يەرغۇ، قارىغۇ ئادەممۇ تېپىپ بارالايدۇ، مانا خىزمەت كىنىش-

كام، مانا كىملىكىم، مانا ئال، سەن تۇتۇپ تۇر، سېنى ئالدايدى-
غان ئىنسان بالىسى مەن ئەمەس، ئۇكا.
— بولمايدۇ، گېپىڭىزگە قارىغاندا، پېشمىغان مىكى -
مىكى سودا دەڭا بۇنى، مۇشۇ گېپىڭىزنى بالدۇرراق دېسىڭىز
بولماتتى، ئاكا، بايىقى خېرىدارىمنى قاچۇرۇپ قويماس ئىكەن-
مەن، تۇرقىڭىزغا قارىسام خېلى - خېلى ئىشلارنى بىر باشقا
ئاچىقالايدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتىڭىز، بولدىلا سىزگە ساتماي-
مەن.
— ئىشەنمىسەڭ بوپتۇ، كەتتىم، — يۇسۇپ هوشۇر قېيىدى-
غاندەك ئارقىسىغا ياندى، — مەنمۇ بۇ سودىنى قىلمىغان بولاي،
مومىيىم ئۆيدە تاماقنى ئېتىپ قويۇپ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغىلى
نەۋاخ.
يۇسۇپ هوشۇر كەينىگە بۇرۇلدى - دە، بىر دەسسەپ،
ئىككى دەسسەپ يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇ هېلىقى ياغاق يۈزنىڭ
قېشىغا بېرىپ ئەهۋالنى ئېيتىپ قويسۇنمۇ ياكى ئۇدۇل ئۆيىگىلا
كەتسۇنمۇ؟ بىكار يېرىم كۈن ئاۋارە بولدى. ئاقمايدىغان سودا
ئوخشىمامدۇ بۇ! ئۇ، شۇ خىياللاردا كېتىۋاتقاندا بىرى ئارقىدىن
كېلىپ ئۇنى بىلىكىدىن چىڭڭىدە تۇتۇۋالدى. يۇسۇپ هوشۇر
ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بايىقى ياغاق يۈز تۇراتتى.
— قانداق بولدى، ئاكا؟ — سورىدى ئۇ تەقەززالىق
بىلەن، — قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟
— بولمىدى، — رەنجىدى يۇسۇپ هوشۇر، — پۇلۇڭنى هې-
لىلا ئەكېلىپ بېرىمەن، دەپ سېنىڭ تۇرغان يېرىڭنى كۆرسەت-
سەم ئۇنىمىدىغان، قويە بولدى، ئۆمرۈمگە كېلىپ مۇنداق سودىنى
قىلىپ باقمىغانىكەنمەن. كاللىمۇ يېمەي، چىشىمۇ چاقماي، ئاستا
ئۆيۈمنى تېپىۋالاي دېدىم، ئۇكا، باشقا بىرىنى تېپىۋالغىنا، پاي-
داڭىنمۇ شۇنىڭغا بەرگىنە.
— ماڭا قارىغىنا، ئاكا، — دېدى ياغاق يۈز يالۋۇرغان

ئاھاڭدا، — قولنى كەسمىگۈچە قان چىقمايدۇ، مۇنچىلىك پايدىنى كۆزلىگەن ئادەم ئەلۋەتتە يېنىدىن پۇل خەجلىشى كېرەك.
— ماڭا زادىلا ئىشەنمەيۋاتىدۇ، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئاچچىقلاپ، — مانا ئەمىسە دەپ كەتتىم شۇ.
— بۇنىڭغا ئاچچىقلاش كەتمەيدۇ، ئاكا، — جىملىدى ياغاق يۈز يۇسۇپ ھوشۇرنى، — تەڭگىدىن قانچىسى بار ئىكەن؟
— قىرىق دەپ ساناندىغۇ، قولۇمغا ئېلىپ باقمىدىم.
— قىرىق! پاھ ـ ھا! ناھايىتى يىگىرمە مىڭنىلا چىقىرىدى-كەنسەنغۇ، ماڭا شۇنداقلا ئۆتكۈزسەڭ قىرىق مىڭ دېگەن گەپ. بۇ ئاز پايىدا ئەمەس، ئۇقتۇڭمۇ؟ قورقۇۋاتقان ئوخشىما-سەن، ئاكا.
— نېمىدىن قورقىمەن! — يۇسۇپ ھوشۇر ياغاق يۈزنىڭ گېپىدىن كېيىن ئويلىنىپ قالدى، — لېكىن سودىدا بىر ـ بىرىگە ئىشىنىش لازىم ـ دە!
— مانا مەن ساڭا ئىشەندىم، ئاكا، — دېدى ياغاق يۈز «خوجايىن سومكىسى» نىڭ سىرتمىسىنى ئېچىۋېتىپ، — ساڭا زاكالەت بېرەي ئەمىسە، قالغىنىنى ئۆزۈڭ چىقىرىپ ماڭا قىرىق تەڭگىنى ئېلىپ بەر، قالغان پۇلۇڭنى مال قولۇمغا كىرگەندىن كېيىن بېرىمەن، مانا بەش مىڭ سوم!
يۇسۇپ ھوشۇر داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ھازىر يوق يەردىن بەش مىڭ سومغا ئېرىشكەنىدى. ئەمدىكى ئىش ئۇنىڭ ئىختىيارلىقىدا قالدى. بازاردىلا تونۇشقان ئادەم، تېخى ئىككى سائەت بولماي تۇرۇپ ساڭا شۇنچە ئىشىنىپ پۇل بېرىۋاتسا، بۇ ئوغۇل بالچىلىق بولماي نېمە؟!
يۇسۇپ ھوشۇر ئۆيگە كېتىشتىن يالتىيىپ يەنە ئارقىسىغا ياندى.
— تۇرۇپ تۇر جۇمۇ، ئۇكا.
— بېرىۋېرىڭ، ئاكا، مەن سىزگە ئىشىنىمەن، ئەمما ئۇ

مېنى كۆرمىسۇن، كۆرسىلا ئىش بۇزۇلىدۇ.

«مانا دېمىدىممۇ، ئوغۇل بالىچىلىقى بار ئىكەن، ماڭا ئىدىشىنىپ بەش مىڭ سومنى بېرىپ قويۇپ، بېرىۋېرىڭ، ئاكا، دەۋاتىدۇ. مەنلا شۇنداق چۈپەيما؟ راست، دۆلەت كادىرىنىڭ ھەممىسى چۈپەي، كۆزى كىچىك، قورقۇنچاق، رامكا ئىچىدە چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، چوڭراق ئوقەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.»

يۈسۈپ ھوشۇر ئىچىدە شۇلارنى ئويلاپ بايا ئۆزى تاشلاپ كەتكەن ھېلىقى مۇلايىم يىگىتنى ئىزدەپ خېلى ماڭدى، ئەتراپىغا سىنچىلاپ قارىدى، ئۇ يەنە ھېلىقى تۇرغان يېرىدە ئاللىكىملەر بىلەن جىددىي پاراڭلىشىپ، ھېلىقى قارا سومكىسىنى قولتۇقىغا چىڭگىدە قىسقان پېتى بىر ئىزدا پىرقىراپ تۇراتتى. ئۇنى كۆرۈپ يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى. كۆزلىرىگە يىگىرمە مىڭغا قېتىلغان يەنە بىر يىگىرمە مىڭ سوم لەلەڭلەپ كۆرۈنگەندەك بولدى. شۇ تاپتا بۇ پۇللارنىڭ مېغىزىنى چېقىپ ئاللىقانداق كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇسى كېلىۋاتاتتى. ئۇ قولىدا تۇرغان بىر سىقىم پۇل — بەش مىڭ سومغا يەنە بىر قاراپ قويدى-دە:

— ھوي، ئۇكاموي، بېرى كەلگىنە، — دەپ ھېلىقى يىگىتنى چاقىردى.

ئۆزىنى چاقىرىۋاتقىنىنى ئاللىقاچان سەزگەن مۇلايىم يىگىت يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ ھازىرقى يۈگۈرۈپ كېلىشى خۇددى غۇلجا سەھنىلىرىدە كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ يۈرگەن «تۇرغان مودا» نىڭ ھەييارلىق قىلىپ يۈگۈرۈشىگە ئوخشاپ كەتتى. يۈسۈپ ھوشۇر تۇرغان مودىنىڭ قىزىقچىلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى.

— خوش نېمە دەيسىز، ئاكا، پايدا سىزنى يەنە كەتكۈزمىدى - ھە؟! كەلدىڭىزمۇ؟ — كىنايە ئارىلاش سۆزلىدى

مۆلايىم يىگىت، — كۆرگەنمىز، كۆرمىگىلارنى كۆرگەنمىز، ئا-كا، يەنىلا يامانلىغان ئابدالنىڭ خورجۇنىغا زىيان. سىز قىلىۋاتـ-قان بۇ سودا بوش سودا ئەمەس! قىلدىن قىيىق كەتسەك، توگىـ-شىپ كېتىمىز، ئاكا.

— ماڭا ئىشەنمىدىڭ - ھە؟ — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر، — ئىشەنمىسەڭ مەن بىللە بارساڭمۇ بولاتتى.

— ياقەي، ئىشەنمىگەن گەپ ئەمەس، — دېدى مۆلايىم يىـ-گىت سۆزىنى تۈزەپ، — سودا دېگەن ساقال سىيىپىغىچە دەپتىـ-كەن، تەڭگىنى ئېلىپلا غايىب بولسىڭىز، سىزنى نەدىن تاپاتتىم. كىنىشكىڭىزنى ئون تىيىنگە ئالاتتىمۇ، بىرىگىمۇ دېگىلى بولمايـ-دىغان گەپ، دەردىم ئىچىمدىلا قالىدۇ، دەڭا، ھۆكۈمەتكىمۇ ئەرز قىلغىلى بولمايدۇ. سىپى ئۆزىدىن سوپۇرگە زىيانكەشلىك دېگەن شۇ - دە. بولدىلا، قاتلاپ قوياي بۇ سودىنى دېگەنىدىم، يەنە كەپسىز، بوپتۇ، بۇ ئىشتىن بىر چاتاق چىقىپ قالمىسۇن، قېنى دەڭا گېپىڭىزنى!

— مانا تۇتە بەش مىڭ سوم زاكات، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر مەردانىلىك بىلەن پۇلنى ئۇنىڭ ئالىقىنىغا ئۇرۇپ، — قالغان پۇلۇڭنى بەش مىنۇتتىن كېيىن سانايمەن. ئەكەل تەڭگەڭنى. ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسەن.

— ياقەي، ئاكا، يىگىرمە مىڭ سوملۇق مالنى بەش مىڭ سوم ئېلىپلا سىزگە تۇتقۇزۇپ قويسام، بايا دېگىنىمدەك ئەخمەقـ-نىڭ ئىشى بولمامدۇ. نەقلا ساناپ بېرىڭ، ئاندىن ئۇنى كىمگە سېتىۋالسىڭىز سېتىۋېلىڭ.

مۆلايىم يىگىتنىڭ دېگىنىمۇ توغرا ئىدى. مۇنچىلىك كۆپ پۇللۇق مالنى بەش مىڭ سومغا، يەنە كېلىپ ناتونۇش، يېڭىدىنلا ئۇچراشقان ئادەمگە تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ - دە، بوپتۇ، شۇنىڭ دېگىنىچە بولسۇن، پۇلنى نەق بېرىپ مالنىلا ئالساق خېرىدارى تەييارغۇ...

يۇسۇپ ھوشۇر ئاشۇ ئوي بىلەن ئەتراپىغا چاندۇرماي قارىدى. يولنىڭ بىر چېتىگە ھارۋا كەينىدە بايىقى ياغاچ يۈز ئۇنىڭغا ئىما ـ ئىشارە قىلىۋاتاتتى. قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىك ـ ئىتتىك سۈركەپ نەق پۇل بەر، دېگەندەك قىلىۋاتاتتى. بەش مىڭ سوم نەق پۇلنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويغان ئادەم ساڭا قوماندانلىق قىلىشقا ھەقلىق ـ دە. پايدىنىمۇ ئالىسەن، مالغا ھاجەتمەن ئادەم ئۇستىلەپ زاكالەتمۇ بېرىۋاتىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمە دېلىغۇللۇق بۇ...

يۇسۇپ ھوشۇر خىيالىنى ئۈزۈپ يىگىتكە قارىدى. يىگىتمۇ ئۇنى نېمە دەرگىن دەپ تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، — دېدى ئاخىر يۇسۇپ ھوشۇر كەسكىن بىر قاراغا كېلىپ، — قىرىق تەڭگىگە تۆلىگۈدەك مۇنچىلىك كۆپ پۇل يېنىمدا يوق دېگىنە، مەن دائىم يېنىمغا پۇل تۇگۈپ يۈرىدىغان ئوقەتچىمۇ ئەمەس، جېڭىنى ئېيتسام، تۇنجى ئوقىتىمنىمۇ سەن بىلەن قىلىۋاتىمەن، خۇدايىم مۇشۇنىڭ بىلەن دۇنيا بېرىۋەتسە ئەجەب ئەمەس.

مۇلايىم يىگىت ئېچىلىپ كەتتى.

— بەرسۇن، بەرسۇن، ئاكا، — دېدى ئۇ يۇسۇپ ھوشۇرغا خوشامەت قىلىپ، — ئالدىڭىز ئوچۇق ئادەم ئىكەنسىز، سىز بىلەن قىلغان بۇ سودىدا سىزگىمۇ، بىزگىمۇ نەپ بار.

— مالنى بېرىسەن، پۇلۇڭنى ئۆيدىن ئېلىپ بېرىمەن، جېڭىنى ئېيتسام، — داۋام قىلدى سۆزىنى يۇسۇپ ھوشۇر، — پۇل ئۆيدە ئەمەس، بانكىدا، چېكى ئۆيدە، يەنە كېلىپ ھەدەڭنىڭ ساندۇقىنىڭ ئاستىدا، مانا شۇ يەردىن ئاچقىپ، پېتى بۇزۇلمىغان پۇللارنى بانكىدىن ئېلىپ بېرىمەن.

— ھە، ماۋۇ گېپىڭىز جايىدا، ئاكا، — دېدى كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتكەن يىگىت، — ئەمىسە ۋالاق ـ ۋۇلۇقلا

پۇتتۇرمەمدۇق بۇ سودىنى، ئەجەبمۇ سۆرەلمە پالاستەك سۆرىلىپ كەتتى، ئاكا.

— بىلىدۇ، سەن ئالدىدا مېڭىپ ئاۋۇ دوقمۇشتا كۈتۈپ تۇر، — دېدى يۇسۇپ هوشۇر ئۇنىڭغا دوقمۇشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئارقاڭدىن هازىرلا بارىمەن.

— ماقۇل، كېچىكمەڭ جۇمۇ.

— خاتىرجەم بول، هاياللاشماي بارىمەن...

Ⅲ

يۇسۇپ هوشۇر مۇلايىم يىگىتنى يولغا سېلىۋېتىپ ئۆزى بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭمۇ كاللىسىغا بىر ئوي كەلگەنىدى: بەش مىڭ سوم پۇل بەرگەن هېلىقى يىگىتنى ئىزدەپ تېپىپ، ئەهۋالنى ئېيتىپ ئاندىن ئۆيگە مېڭىش كېرەك. ئۇ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان نەرسىگە ئېرىشمەك تۇگۇل، ئۆزى پۇل بەرگەن ئادەمنىڭ نەگە كەتكىنىنى بىلەلمەي قالسا ئەلۋەتتە ئاچچىقلىنىدۇ ـ دە!

يۇسۇپ هوشۇر هېلىقى مۇلايىم يىگىت يىراقلاپ كېتىشى هامان ئالدىدىكى هارۋا ئۈستىگە كۆپتۈرۈپ ياپقان ئاق سۇلياۋنىڭ كەينىگە ئۆتتۈۋالغان هېلىقى مەرد ـ كەڭ قورساق سودىگەر ياغاق يۈز ئادەمنىڭ قېشىغا ئۆتتى.

— سەن قارامنى يىتتۇرمەي ماڭغىن، ئۇكا، — دېدى يۇسۇپ هوشۇر ئۇنىڭغا، — بۇ ئىشىم ئۈچۈن سەن خاپا بولمىغىن، سېنى ئاۋارە قىلدىغان بولدۇم.

— ياقەي، سودىدا پۇختا بولمىساق بولمايدۇ، ئانچە ـ مۇنچە ئەجىر قىلماي غازاڭدەك تېرىۋالدىغان پۇل نەدە بار ئىكەن؟ — ياغاق يۈز يۇسۇپ هوشۇرغا يېقىنلىشىپ سورىدى، — نەگە بارىمىز، ئاكا؟

— ئالدى بىلەن ئۆيگە، — چۈشەندۈردى يۈسۈپ ھوشۇر، — ئاندىن بانكىغا.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئەمىسە مېنىڭ بەش مىڭ سوم پۇلۇمنى بېرىۋېتىڭ، مەن سىزگە مالنى ئالغاندا بىراقلا ساناي، ھازىر بەربىر ئۇمۇ ئالماپتۇ، سىزگىمۇ يوك، بېرىپ - كېلىپ يۈرۈپ، يانچۇقچىلارغا ئالدۇرۇپ يۈرمەڭ.

ياغاق يۈز بۇ گەپلەرنى ناھايىتى سىلىق تەۋرزۇ بىلەن ئېيتتى، گەپنىڭ يۈزدەيۈز راستلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەن يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭغا ئۆز رازىلىقى بىلەن پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى. «بولدى مەندە زاكالەت بولۇپ تۇرۇۋەرسۇن» دېگەن گەپنى ئېغىزىغا ئەكېلىپ بولۇپ، يەنە ياندۇرۇۋەتتى. پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ مۇلايىم يىگىتنىڭ كەينىدىن راۋان بولدى. كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا گۇمانلىنىپ قاراپ قويدى. ياغاق يۈز يىگىت ئۇلارغا ئەگىشىپ قارا كۆرۈنەر يىراقلىقتا كېلىۋاتاتتى. ئۇنى كۆرۈپ يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئالدىغا قاراپ مېڭىپ، مۇلايىم يىگىتكە يېتىشىۋالدى - دە، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— راست، ئىسمىڭ نېمە، ئۇكا، شۇ كەمگىچە ئىسمىڭنىمۇ سوراپ قويماپتىمەن؟

يازنىڭ ئىسسىق ئاپتىپى يۈسۈپ ھوشۇرنى خېلى تەرلەتكەن، گېلى قۇرۇپ، تامىقى چاكىلداپ كەتكەنىدى. شۇ تۇرقى ناۋات سالغان بىر پىيالە چاي بولسا، تاۋلاندۇرۇپ تۇرۇپ سۇمۇرۇۋالسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! مۇشۇنداق چاغلاردا كىشىنىڭ ئېسىگە نەدىكى بىمەنە خىياللار كېلىدۇ، ئادەم شۇنداق زور بىر ئامەت كېلىش ئالدىدا تۇرغاندا چاينى ئويلاپ نېمە قىلىدۇ، قىرىق مىڭ سوم پۇلنى ئۇستەلگە تىزىپ قويۇپ، بىر سائەت، ياق بىر كۈن، ياق، بىر سوتكا قاراپ ئولتۇرۇۋېتىپ، «مۇشۇ پۇللار راستتىنلا مېنىڭ بولدىمۇ، بۇ غايىبتىنلا كەلگەن بىر ئامەت-

قۇ! » دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋېتىپ ئاندىن ساندۇققا، ئۇ يەردىن بانكىغا سولاش كېرەك، بانكىدىكى ھېلىقى قىز يىگىرمە مىڭ سومنىڭ بىر كۇندىلا دومىلاپ قىرىق مىڭغا ئايلىنىپ قالغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالار. يا، گۇمان قىلىپ يۈرەرمۇ؟! ۋاي - ۋۇي جىق پۇلنىڭ، كاتتا بايلىقنىڭ غېمى ئېمانىداق يامان ـ ھە...

يۇسۇپ ھوشۇر يىگىتنىڭ ئىسمىنى سوراپ قويۇپلا ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب ئىزدەۋاتقاندەك قىلغان ھېلىقى مۇلايىم يىگىت ئۇنىڭغا خېلى ئۇزاقتىن كېيىنلا جاۋاب بەردى.

— ئىسمىمنى سوراۋاتامسىز، ئاكا، ئىسمىم يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر».

— ۋاي، شۇنداقمۇ، — ھەيران بولدى يۇسۇپ ھوشۇر، — ئىسمىمىز ئوخشاش ئىكەن، لېكىن كەينىدىكى «ئەڭگۇشتەر» دېگىننىڭ غەلىتە ئىكەن. ئۆزۈڭمۇ ئەڭگۇشتەردەك بالا تۇرىسەن، ئۇكا.

— ئەڭگۇشتەر دېگىنى، — چۈشەندۈردى يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر» ئۆزىنى، — مۇشۇنداق قىممەتلىك، ئېسىل ئاسارئەتىقىلەرنى ئېلىپ ـ سېتىپ يۈرگىنىمگە قارىتىپ خەقنىڭ قويغان لەقىمى بولامدۇ! بۇ شەھەردە مېنى لەقىمىم بىلەن سورىسىڭىز بىلمەيدىغىنى يوق.

— ۋاي، شۇنداقمۇ، بۇنى بىلىپ قويغىنىم قالتىس بەلەن بولدى، — خۇشاللىنىپ سۆزلىدى يۇسۇپ ھوشۇر، — بۇرۇن مېنى خەق: يۇسۇپ سوتچى دەيدىغان، ھازىر يۇسۇپ ساقال دېسە بۇ شەھەردە مېنى تونۇمايدىغىنى يوق.

— سوتچى ۋاقتىڭىزدا ھوقۇقىڭىز بار ئىدى، خەقلەر خۇشامەت قىلىپ ئىسمىڭىزغا ئەمىلىڭىزنى قوشۇپ ئېيتاتتى دەڭا، ئەمدى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن كارغا كەلمەس بولدىڭىز،

www.uyghurkitap.com

ئىسمىڭىزنىمۇ ئاتاشقىمۇ ئاغزى بارمايدۇ تېخى، «ساقال» لا دېمىگىدى، خەقتە ئىنساپ قالمىدى جۇمۇڭ، يۇسۇپكا، ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك تۇرىسىز، خەقلەر ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈۋېلىپلا كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى دەڭا، — يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» توختىماي سۆزلەيتتى. يۇسۇپ هوشۇرنى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولاتتى. يۇسۇپ هوشۇرمۇ باش لىڭشىتىپ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ماقۇللاپ باراتتى.

— شۇ، شۇ ئەمەسمۇ خەقتىن رەنجىگىلى بولامدۇ؟ خەق بۇياقتا تۇرسۇن، ھازىر ئۆيدىكى خوتۇنغىمۇ يارىماس بولدۇققۇ، مېنى گاس، گالۋاڭغا چىقىرىۋېتىدىغان يېرىمۇ بار تېخى، خوتۇنىمىز ئىش پۈتمەيدۇ، بولدى، بۇ گەپنى قويايلى، ئاتا - ئاناڭ بارمۇ؟ بولسا نەدە، نېمە ئىش قىلىدۇ، ھال - كۈنى قانداق؟ — يۇسۇپ هوشۇرغا ئادەت بولۇپ كەتكەن بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن خۇددى مىلتىقنىڭ ئوقىدەك چىقاتتى. بۇ بىر يۇرۇش گەپلەر ئۇنىڭ خىزمەت ئادىتىگە سىڭىپ كەتكەنىدى. چۈنكى بۇلار ئۆز زامانىسىدا يۇسۇپ هوشۇرنىڭ ئەيىبكارلاردىن سوراق ئۈستىدە سورايدىغان سوئاللىرى ئىدى. ئەسلىدە ئۆزىنى سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك كۆرسىتىدىغان ئاشۇ سالاپەتلىك سوتچى ئاددىي پۇقرالىق دەرىجىسىگە چۈشۈپ، ھەيۋىسى قالمىغاندىن كېيىنمۇ بۇ خىل سوراق ئادىتىنى ئۆزگەرتمىگەنىدى.

— دادام تۇرمىدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك ئىكەنمەن...

— شۇنداقمۇ، نېمە ئۈچۈن؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى يۇسۇپ هوشۇر قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا، — قايسى تۈرمىدە؟

— «يېڭى ھايات» تۈرمىسىدە، — داۋام قىلدى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» قايغۇلۇق ھالدا، — ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئازغىنا پۇل ئۈچۈن خىيانەت قىلدىڭ دەپ دادامنى ئەكىرىپ كېتىپتىكەن،

«ئوغرى» نامى ئار كەلگەن دادام تۈرمىدە ئاغرىپ ئۆلۈپ كېتىپ-
تىكەن. كېيىنچە ئۇنىڭ كۆزەينىكىنى بىر كىشى ئاپامغا تاپشۇ-
رۇپ بېرىپتىكەن، شۇ چاغدا ئۇ كىشى ئۆزىنى تۈرمە سوراقچىسى
دەپ تونۇشتۇرۇپتىكەندۇق. ئاپام شۇ چاغدا ئۇنى نېمىدېگەن پاك
نىيەتلىك ئادەم دەپ ماختاپ كەتكەنىدى، هازىرقى تۈرمە سوراق-
چىلىرى ئالارمەن - قويارمەنلەرغۇ، هە-ە، ئاكا، گېلىمغا ئۇر-
مىغۇچە دېلونى بىر تەرەپ قىلمايدۇ، يانچۇقىغا سالمىغۇچە جىنا-
يىتىنى ئېغىر دەپ تۇرغىنى تۇرغان، شۇنداقمۇ، ئاكا...

— سەن نەدىن بىلىسەن؟ — ئۆزىمۇ تۇيمىغان هالدا قوپال
ئاۋاز بىلەن سورىدى يۇسۇپ هوشۇر.

يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئۇنىڭ بۇ ئۇنىنى ئاڭلاپ، قىلغان
گەپلىرىگە ئۇڭايسىزلىنىپ قالدى. يۇسۇپ هوشۇرمۇ ئۆز خىيالى
بىلەن بەند ئىدى. ئۇ خىزمەت ئىشلىگەن چاغلاردا خەقتىن مۇنداق
ئىنكاسلارنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتا بۇ مۇلايىم
يىگىت راست گەپ قىلىۋاتامدۇ ياكى يوق يەردىن پۇتاق ئۇندۇرۇ-
ۋاتامدۇ؟ ئەگەر ئەهۋال راستتىنلا ئۇ دېگەندەك بولسا بۇنى
ئىدارە مەسئۇلىغا ئېيتىش كېرەك. قانۇن كادىرلىرىنى ئۆز زاما-
نىدىكى قانۇن ئىستىلى، قانۇن ئەخلاقى بويىچە ئىش كۆرۈشكە
دەۋەت قىلىش كېرەك. بىر ئەۋلاد قېرىلار سەپتىن چىققاندىن
كېيىن، ياشلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىدا ئۆزگىرىش بولغاندۇرمۇ،
ئۇلار راستتىنلا ئاشۇنداق بۇشىشىپ كەتكەندۇرمۇ؟

— ئاپام يېقىندا قازا بولدى... — يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر»
نىڭ سۆزى يۇسۇپ هوشۇرنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ، بۇرۇلۇپ
قارىۋىدى، ئاسارئەتىقە سودىگىرى ئۇنىڭغا بىردىنلا سەت كۆرۈ-
نۈشكە باشلىدى، شۇ تاپتا ئۇ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى بىردىن-
لا ئاشكارىلىغان تۆهمەتخور، بەتنىيەت ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان-
دەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قانۇن كادىرلىرىغا تىل تەگكۈ-
زۈشكە نېمە هەددى؟! قانۇن كادىرلىرىنىڭ هەممىسى ئاشۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەپسانىيەتچى بولۇپ كەتكەنمىدۇر؟ ياق، بىز كونا پېشقەدەملەر بولىدىكەنمىز، ئىلگىرىكى پاك خىزمەت ئىستىلىنى، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تىكلەيمىز، ئەنئەنە بايرىقى يىقىلمايدۇ... بۇنىڭ دېگەنلىرى بەلكى راستتۇر، پىكرىنى تۆۋەن قاتلامدىكىلەردىن ئېلىش كېرەك. ئۇلار راستىنى سۆزلەيدۇ، جان ـ دىل بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. قۇۋلۇق، شۇملۇق قىلمايدۇ...

— ئۆزۈم تىكەندەك يالغۇز قالدىم... — داۋام قىلدى يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر» ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلەن كارى بولماي، — ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ كۇشكۇرتىشى بىلەن چىرايلىق بىر قىزنى ئېلىپ قېچىپ كېلىپ «قازانچى» مەھەللىسىدە ئۆي تۇتتۇۋالدىم، ھازىر ئۆيدە خوتۇن بىلەن ئۆتىمەن. تالادا مۇشۇنداق كونا نەرسىلەرنى يىغىش بىلەن جان باقىمەن.

— بۇ نەرسىلەر دائىم ئۇچراپ تۇرامدۇ؟ — سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر خىياللىرىنى بىر باشقا ئاچىقالماي، — سودا بولماي قالغاندا قانداق قىلىسىلەر؟ مال ئىگىلىرى ئۆزلىرى ئىزدەپ كېلەمدۇ ياكى بىكار يۈرەمسىلەر؟

— سودىمىزمۇ رىزقىمىزغا تۇشلۇق بولۇپ تۇرىدۇ، — دېدى يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر» ئىككىلەنمەي جاۋاب بېرىپ، — ئادەم ئۆلمەس، رىزقى تۈگىمەس دېگەن شۇ ئىكەن، بەزىدە كۆپ، بەزىدە ئاز تاپىمىز، ئىشقىلىپ بوش كەلمەي جان بېقىپ كېتىۋاتىمىز، ھە، راست، ماۋۇ ئىشىمىزنى بىرىگە تىنىپ يۈرمەڭ جۇمۇ، ھەتتا ئۆيدىكىلىرىڭىزغىمۇ ئېيتماڭ، بىراقلا پۇلنى كۆرسەتسىڭىز بولىدىمۇ، ئۇلار پۇلنى كۆرگەندە، پايدا ئالغاندا خۇش بولىدۇ، مۇنداق ئىش دېسىڭىز، قورقۇپ ھەرگىز قوشۇلمايدۇ. سىزنىمۇ يىراق تۇرغىن دەيدۇ، مېنىڭ خوتۇنۇممۇ باشتا بۇ ئىشنى قىلماڭ، ھۆكۈمەت پۇلىڭىزنى تارتىۋالسا ۋەيران بولۇپ كېتىسىز دەپ تۇرۇۋالغانىدى، قولاق سالماي قىلىۋەردىم، خو-

تۇن كىشى نېمىنى بىلەتتى، چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، ئەمدى بولسا لوق - لوق پۇلنى كۆرۈپ، ۋىيىەي ئوبدان ئوقەت ئىكەن، مۇشۇ ئىشنىلا قىلىڭ، دەپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ، خوتۇن كىشى دېگەننىڭ گېپىگە كىرمىگۈلۈك ...

— خوتۇن كىشىگە دەپ يۈرىدىغان ئىش ئەمەس - دە بۇ، — جاۋاب بەردى يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولۇپ، — ھازىر ئۆيدە ئۈچ جانلا قالدۇق، ئوغۇللىرىمنىڭ كىچىكى خىزمەتتە، تېخى ئۆيلىگىنىم يوق، مانا مۇشۇنداق بىرنى ئىككى قىلىپ ئۆيلەيمەن دەۋاتىمەن، قالغان تۆتى ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ كەتتى، كۆپىنچە ئۆيدە خوتۇن ئىككىمىز يالغۇز قېلىۋاتىمىز، بىزنىڭ ئىشىمىز بىلەن بالىلارنىڭ ئانچە كارى يوق.

— خوتۇن كىشىنىڭ گېپى ئۇششاق دەڭا، ئاكا، — دېدى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن سۆزلەپ، — خوتۇن كىشى دېگەن قولىڭىزغا كەلگەن پايدىنى ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپلا قاچۇرۇپ قويىدىغان خەق دەڭا، مەن مانا مۇشۇ ئوقەتنى قىلىۋاتقىنىمغا ئون يىلغا يېقىن بولدى، مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، بۇ ئىشنى قوينۇمدا ياتقان خوتۇنۇمغىمۇ تىنمايمەن، خوتۇن دېگەنگە دەيدىغان گەپ بار، دېمەيدىغان گەپ بار، بايىمۇ دېدىم سىزگە، خوتۇن كىشى دېگەن بىر بۇغداي بىلەن سەمرىپ، بىر بۇغداي بىلەن ئورۇقلايدىغان خەق. مېنىڭ خوتۇنۇممۇ تازا مۇھىم ئىشلاردا ئۇنى، بۇنى دەپ ئۇششاق گەپ قىلىپ بېشىمنى ئايلاندۇرىدۇ، خوتۇننىڭ ئەلپازىغا قارىسام، مۇشۇ ئوقەتتىنمۇ قۇرۇق قويغۇسى بار تېخى.

ئۇلار پاراڭ بىلەن يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى.

— پاراڭ بىلەن مەھەللىگىمۇ كېلىپ قاپتۇق، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئەتراپىغا زەن سېلىپ قاراپ.

مەھەللىدە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئون چامدام نېرىدا ئەتراپى شاخ ـ شۇمبىدا چىتلانغان، دەرۋازا ئورنىدا ئەسكى ئىشىك ئورنىتىلغان تاشلاندۇق قورۇنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. غاندا يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلدى ـ دە:

— ئىجارىگە ئولتۇرامسىز نېمە، ئاكا، نېمانداق ۋەيرانە قورۇ بۇ، پۇل بولغاندىكىن گاچچىدا تام ئېتىپ دەرۋازا قىلىۋالسىڭىز بولمامدۇ، ئەتراپىغا ئۆي سالسىڭىز، ئاققۇنلار ئىجارىگە ئولتۇرمامدۇ؟ ھە، بوپتۇ، سىزنىڭمۇ ئويلىغىنىڭىز باردۇر، مۇشۇ ئوقەتتىن كېيىن، پايدىسىغا مەن دېگەنلەرنى قىلىۋېلىڭ. ئىجارىدىنمۇ خېلى پۇل تاپقىلى بولىدۇ.

— ئېيتقىنىڭدەك بولۇپ قالار، ئۇكا، مۇشۇ ئەڭگۈشتەرلىرىڭدىن ئاز ـ تولا نەپ ئالسام شۇنداق قىلارمەن. دېمىسەڭمۇ خېلى ئاۋاللا قىلىۋالاتتىم، لېكىن بۇ زەيكەشلىكتە تام تۇرمايدۇ، دەرۋازا قىيسىيىپ قالىدۇ، چىقىمنىڭ ئۈستىگە چىقىم ...

— كىرىم دېگەننى ئەمدى كۆرىسىز ـ دە، ئاكا، — ئىشەنچلىك دېدى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— خۇدا خالىسا، ئېيتقىنىڭدەك بولۇپ قالار، — دېدى يەنە يۇسۇپ ھوشۇر، — ئۆمرۈم مۇشۇ زەيكەشلىكتە جان قىيناپ ئۆتتى. خوتۇن، جايىنى سېتىپ، بىنادا ئولتۇرساق بولمامدۇ، پۇت ـ قولۇمدىن ئايرىلدىم، دەيدۇ، لېكىن مەن خوتۇنىنىڭ گېپىگە كىرىدىغان ئادەم ئەمەس ـ دە، «بىنا دېگەندە تۆت تامنىڭ ئىچىدە سولىنىپ ئولتۇرىسەن، ھەرىكەت يوق، سېنى تۆت تام يەيدۇ، تېخىمۇ كېسەل بولىسەن» دېدىم، قورۇ دېگەن كەڭ زېمىن، بۇ يەردە ھەرىكەت قىلىسەن، تېنىڭ ساق، تالاغا چىقساڭ باغ ھەممە ياق! قانداق، ئۇكا، شائىرمىكەنمەن؟

— ناھايىتى ياخشى ئويلاپسىز، ئاكا، — زوقلىنىپ تۇرۇپ جاراڭلىق ئاۋازدا ماقۇللىدى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر»، — بىر ئىشقا

كۆزىڭىز يېتىدىغان بەكمۇ ئاقىل كىشى ئىكەنسىز جۇمۇك، مۇشۇنداق تەۋەككۇل قىلمايمىچۇ، بىر ئىشنى باشقا ئاچىقلىق بولمايدۇ.

— سېنىڭدىن نەپ تېگىپ قالسا، ئۇكا، شۇ پۇلغا بۇ يىل كۈزگىچە قورۇنى ياساپ گۈلدەك قىلىۋېتىمەن، شۇ چاغدا بىر ئولتۇرۇپ كېتەرسەن.

— ئەلۋەتتە، ئاكا، مەنمۇ يېڭى جاينى مۇبارەكلەپ قۇرۇق كەلمەيمەن! — يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» كۆڭلىنى ئىزهار قىلغاندەك خۇش پېئىل سۆزلىدى، — شۇ چاغدا مېنى چۈشىنىپ قالىسىز، هازىر دېسەم، مېنى زەي سالماي پو ئاتىدىغان، سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالىدىغان، چەللىدە ئات چاپىدىغان نەرسىكەن دەپ قالماڭ، ئاكا.

— ياقەي، ئادەمنىڭ يېتى يوق دەۋاتاتتىڭ ، ئاڭغىچە تۇغقاننمۇ بولۇپ كېتەرمىز، خۇش، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، ئۆيگە كىرىپ بىر پىيالە چاي ئىچىپ چىقامسەن، هەدەڭنىڭ ئەتكەنچىيىنى ئىچسەڭ، غىچچىدە قايماق، ئاغزىڭدا قالىدۇ.

— خۇش، ئاكا، باشقا ۋاقىتتا بەهۇزۇر ئولتۇرمامدۇق، هازىر سىزمۇ، مەنمۇ ئالدىراش، يەنە بىر يەرگە كونا زاماننىڭ تۆت پۇتلۇق داڭقىنى بارغۇ، شۇنى ئاپارماقچىدىم، مېنى كۈتۈپ قالىدۇ. ۋەدە يالغان بولۇپ قالسا، ئۆزىڭىز بىلىسىز، تاپاۋەتكە زىيان. ۋەدىمىزدە تۇرساق سودىمىز ئىشەنچلىك، يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ، ئىشىمىزمۇ ئىلگىرى باسىدۇ...

«يەنە كاسىلدىدى، — دەپ ئويلىدى يۇسۇپ هوشۇر ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، لېكىن ئۇ تۇرۇپلا شۇنداق ئويلىغىنىغا خىجىل بولۇپ قالدى، — ياق، بۇ سۆزمەن يىگىت ئىكەن، ئۇنىڭ توغرىسىدا هەرگىزمۇ بىمەنە خىياللاردا بولساق بولماس...»

— سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، ئۇكا، — دەپ تەكرارلىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ، — مەن ئۆيگە كىرىمەن - دە ھەدەڭنىڭ ساندۇقىدىن چەكنى ئاچىقىمەن، ئاندىن بانكىغا بارىمىز، ئاندىن سىنى يولغا سالىمەن، ئاندىن ...

ئۇ، «ئاندىن سەندىن ئالغان نەرسىنى باشقا بىرىگە ساتىمەن! ...» دېمەكچىدىيۇ، لېكىن ھىلىقى ياغاق يۈزنىڭ «بۇ ئىشنى ئاۋۇنىڭغا ھەرگىزمۇ چاندۇرۇپ يۈرمىگىن جۇمۇ، ئاكا» دېگىنى ئېسىگە چۈشۈپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا گەپ قىلدى:

— بىز بارغۇچە بانكا ئېتىلىپ قالمىسا بولاتتىغۇ، ھوي تېزرەك بولمىساق، ئۈلگۈرەلمەيدىغان ئوخشايمىز، يەنە بىر سائەت قاپتۇ، ۋاقىتنىڭ شۇنچە تېز ئۆتكىنىنى قارا.

— ئۇنداقتا گەپنى سوزمايلى، ئاكا، تېزرەك ھەرىكەت قىلايلى، بانكا تاقىلىپ قالسا ھەر ئىككىمىزنىڭ ئىشىغا دەخلى يېتىدۇ، بايا دېدىمغۇ، ۋاقىت — نەپ - پايدا، ۋاقىت — پۇل دەپ، كېچىكسەك سودا سۇغا چىلىشىدۇ. ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي قالىمىز، بارماق چىشلىگەن بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭ گېپىنى قوللاپ، — سىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلمىدىم، كىرىپ كېتىۋەردىم جۇمۇ.

— ۋاي، بولدى كىرىپ كېتىۋېرىڭ، ئاكا، مەن ئاۋۇ دوقمۇشتىراق تۇرۇپ تۇراي، — يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، تېخىچە قاراپ تەكەللۇپ قىلىپ تۇرغان يۈسۈپ ھوشۇرنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ ئۆيىگە كىرگۈزۈۋەتكىسى كەلدى. ئىچىدە: «ئەزمەڭنى ئەزمەي ماڭساڭچۇ، ئاكا، ھازىر سىنىڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ بىر چىنە يۇندىدەك ئەتكەنچېيىڭنى ئىچىش مۇھىم ئەمەس، ساندۇقۇڭدىكى يىگىرمە مىڭنى قوم-ۇرۇش مۇھىم! ...» دېگەنلەرنى ئويلىدىيۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دوقمۇشقا كەت-

تى. يۈسۈپ ھوشۇر ئۆيىگە تېزلا كىرىپ كەتتى. ئەتراپى شاخ-شۇمبىلار بىلەن چىتلانغان قورۇدا ئۇنىڭ بېشى غىل - پال كۆرۈندى، ئارقىسىدىنلا «غارت» قىلىپ ئىشىك ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۆي ئىچى ئىمتاسلىقىقا چۆمگەنىدى. يۈسۈپ ھوشۇر ئۇياق - بۇياققا كۆز يۈگۈرتكىنىچە دالان ئۆيدىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى. قەدىمىنى ئېھتىيات بىلەن بېسىپ ساندۇق تەرەپكە ئۆتتى. ئايالى قوشنىلارنىڭكىگە چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۆيدە كۆرۈنمەيتتى. بۇمۇ ياخشى بولدى، ئوغلىمۇ چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئازراق دەم ئېلىپ خىزمەتكە كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇمۇ كۆرۈنمەيتتى. دېمەك، ئىش ئوڭغا تارتتى دېگەن گەپ. ئۇ، ئۆيگە كىرىشتىن ئاۋال ساندۇقتىن پۇل چېكىنى قانداق ئېلىشنى ئويلاشمىغانىدى. ئۆيدە ئايالى نىساخان بولۇپ قالغان تەقدىردە بىرمۇنچە ماجىرا قىلىش، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ چەكنى بەرمەي، شۇنىڭ بىلەن تەييار پايدىدىن قۇرۇق قويغان بولاتتى. خوتۇن خەق مۇنداق ئىشلاردىن قانچىلىك پايدا تېگىشىنى قانداق بىلسۇن؟ ئاۋۇ ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلىماي باشقىلارنىڭلا مەنپەئىتىنى ئويلايدىغان ئاق كۆڭۈل ئادىل سودىگەر ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئەڭگۈشتەر ئىكەن...

يۈسۈپ ھوشۇر كاللىسىغا كەلگەن بۇ خىياللارنى نېرى قوغلىۋېتىپ، ئايالى قويىدىغان يەردىن بىر كاللەك ئاچقۇچنى ئىزدىدى. لېكىن، تاپالماي تىت - تىت بولۇپ كەتتى. يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، بېشى ئېغىر يۈكتىن ساڭگىلاپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، خوتۇنى كىرگۈچە ھەممە ئىشنى پۈتتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەي بولمايتتى. لېكىن قېرىشقاندەك ئاچقۇچ ھېچ يەردىن تېپىلمايۋاتاتتى. يۈسۈپ ھوشۇر ھەممە يەرنىلا ئىمىسقىلاپ ئۆينى قېزىۋەتتى. ئاخىر كىگىز قېتىنى ئاختۇرۇۋېدى، ئاچقۇچ شۇ يەردىن تېپىلىپ قالدى. يۈسۈپ ھوشۇر خۇشاللىقىدىن ئۇھ تارتىۋەتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نېمىلا بولسۇن، ئاچقۇچ تېپىلغانىدى. ساندۇق ئېچىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ھېچكىم دەخلى قىلالمايتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ساندۇق تېگىگە يېيىپ سېلىنغان كونا گېزىتلەر ئاستىدىن پۇل چىكىنى ئېلىپ قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى، ساندۇق ئاغزىنى يېپىپ، قۇلۇپنى ئەتكەندە جۇپ ھالقىلىق ساندۇق تۆمۈرى جاراڭلاپ كەتتى. يۇسۇپ ھوشۇر بىخەستەلىكى ئۈچۈن كايىدى. ئەگەر قورۇدىكى يازلىق چايخانىدا ئايالى بولغان بولسا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرگەن بولاتتى. يۇسۇپ ھوشۇرغا ھازىر بەزى چۆچەكلەردىكىدەك، ئۆز پۇلىنى ئۆزى ئوغرىلاۋاتقاندەك سېزىلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھېس - تۇيغۇسى ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ساندۇقتىن چىققان ئاۋاز يازلىق چايخانىدا نېمىنىدۇر كىتىرلىتىپ يۈرگەن ئايالىنىڭ دىققىتىنى تارتماي قالمىدى.

— ئىچكىرى ئۆيدىكى قايسىڭلارۇي؟ — يازلىق چايخانىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى ئايالى، — نېمە تاراق - تۇرۇق ئۇ؟

— مەن، مەن، خوتۇن، مەن، — جاۋاب بەردى يۇسۇپ ھوشۇر تىترىگەن ئاۋازدا، — ئوغرى كىرگەندەك نېمانچە ئەنسىز ۋارقىرايسىلەر، خوتۇن، بىلمىدىڭلارمۇ، ئۆيدىن ماتېرىيال ئىزدەۋاتىمەن.

— ھە، بازاردىن قايتىپ كەلگەنمىدىڭلار، — ھويلىدا تۇرۇپلا ۋارقىرىدى ئايالى، — يېتىپلا كەتتىڭلارغۇ، قورسىقىڭلارمۇ ئاچمىدىمۇ؟

— ياق، خوتۇن، قورسىقىم ئاچمىدى.

— بىر يەرگە بارىمەن دەپ قويۇپ كەتسەڭلار بولمامدۇ، تاماق سوۋۇپ زوقۇم بولۇپ قالدى، ۋاقتىدا تامىقىنىمۇ يېمىگەن، ئەگلەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپ كەتكەندەك ئىش قىلدىڭلار، ۋاي، ئاڭلاۋاتامسىلەر ياكى تۆت تامغا گەپ قىلىۋاتىمەنمۇ، نېمانداق ئۇنۇڭلار يوق، ئۆيدە ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشمىگەنسىدىلەر، — ئايالىنىڭ تىۋۇلاشلىرى تىۇرۇپلا غىۇتۇلداشقا ئۆزگەر-

دى، — مۇشۇ ئادەم يېقىندىن بۇيان ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ يۈرەتتى، كىگىزنىڭ يىرتىقىغا پۈتىنىڭ باشمالتىقى كىرىپ قې- لىپ، دوم چۈشمىگەندۇر، ئۆتكەندە شۇنداق بولۇۋېدى، شۇنىڭ- ياقى ئۇ ئۆيگە دەسسىمەس بولغان، بۈگۈن كىرىپ چىقالماسلا بولۇپ كېتىپتۇغۇ؟...

ئايالى چايخانىدا قاچا - قومۇچلارنى يېسىقتۇرغاچ سۆزلى- دى، ئاندىن ئېتەكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆي تەرەپكە ماڭدى، يۈسۈپ ھوشۇر ئىشنى پۈتتۈرۈپ ساندۇقنى قۇلۇپلىغاندىن كېيىن، ئاچقۇچلارنى قويۇشقا ئۈلگۈرگەندى. شۇ ئەسنادا ئايالىنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى. يۈسۈپ ھوشۇر بۇنى ئاڭلاپ تەمتىرەپ قالدى، ئايالى بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەندە ئۇ ھەممە ئىشنى پۈتتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ بولغانىدى.

— ئۆيدە شۇنچە ھايال بولغۇدەك نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ — گۇمانسىراپ قارىدى ئايالى ئۇنىڭغا، — ساندۇقنى ئاختۇردۇڭلار- مۇ نېمە، چەكنى ئېلىپ يۈرمىگەنسىلەر، ۋاقتىمۇ توشۇپ قالغان- تى، ئۆسۈمىنى قوشۇپ يەنە بانكىغا قويساق بولاتتى، ئۇنى يالغۇز سىلەرگە بەرگەن بىلەن قاملاشتۇرالمايسىلەر، ئاشۇ چاغدىكىدەك چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئىزدەپ يۈرمەيلى يەنە.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسەن، خوتۇن، كىچىك بالا بولغىدىم، ئۇ چاغدا شۇنداق بولۇپ قالغان، كوزىمۇ كۈندە سۇنۇ- ۋەرمەيدۇ، — يۈسۈپ ھوشۇر ئۆزىنى ئاقلىدى، ئايالىنىڭ «پۇل چېكى» ھەققىدىكى سۆزى ئۇنى خېلى تەرلەتتى. ئەما خوتۇنى ئۇنىڭ ئالغىنىدىنمۇ گۇمانلىنىپ يۈرمىدى. ئەيتاۋۇر، يۈسۈپ ھوشۇر بۈگۈن ئايالىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمىدى. نىساخان بۈگۈن ئۆز ئېرىنىڭ غەلىتە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگىنىنى ئويلى- دىيۇ، لېكىن بۇ ئويغىمۇ كۆڭلىنى تازا توختىتالمىغاچقا، شۇ زامان خىيالىدىن چىقىرىۋەتتى.

— نەگە؟ — تەقەززالىق بىلەن سورىدى ئايالى، — بۈگۈن

بەكلا ئالدىراشقۇ ئۆزلىرى، نېمە ئىش قىلىۋاتىدىلا؟
— كونا ئىش، خوتۇن، كونا ئىش، بىرىنىڭ ماتېرىيالى مېنىڭدە ئىدى، ئاپىرىپ بېرەي دەۋاتىمەن، — يالغان ئېيتتى يۇسۇپ ھوشۇر. ئۇ، بۇ گەپنى قىلىپ، كۆڭلى ئەسكى بولدى، چۈنكى، ئۇ شۇنچە يىللارنى بىللە ئۆتكۈزگەن قەدىناس ھەمراھىغا بۈگۈن تۇنجى قېتىم يالغان سۆزلەۋاتاتتى.
— ئۇنداق بولسا ئۆيگە ئىتتىكرەك قايتارسىلەر، — دېدى نىساخان ئېرىگە كۆيۈنۈپ، — كوچىدا كەچكىچە لاغايلاپ يۈرۈۋەر-سەڭلار، بىز ئۆيدە ئەنسىرەپ قالىدىكەنمىز.
— بولىدۇ، خوتۇن، بولىدۇ، — يۇسۇپ ھوشۇر ئايالىدىن شۇنداق ئاسان قۇتۇلغىنىغا خۇشال ئىدى. ئۇ قورۇ سەيناسىنى بېسىپ ئۆتۈپ چىتلاق توسۇقتا يانداش قويۇلغان. كونا ئىشىكدىن چىققاندا ئۆزىنى خۇددى تۆمۈر قەپەستىن قۇتۇلۇپ ئەركىن دۇنياغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشتەك ھېس قىلدى. نېرىقى دوقمۇشتا يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئۇنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. مەھەللىنىڭ نېرىسىدىكى كونا تاشلاندۇق ئىسكىلاتنىڭ قىيسىيىپ قالغان ئېگىز تاملىرىغا يۆلەپ سېلىنغان غوجا تامنىڭ كەينىدە تۇرغان يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.
— چاتاق يوقتۇر، ئاكا؟ — سورىدى ئۇ تەقەززالىق بىلەن.
— چاتاق يوق، ئۇكا، ھەممىگە ئۆزۈم ئىگە، — يۇسۇپ ھوشۇر بىردىنلا ئۇنى ئالدىراتتى، — ماڭايلى، بانكا ئېتىلىپ قالمىسۇن يەنە.
— يەڭگىمىز كۆرۈپ قالمىغاندۇر؟ — ئالدىراپ سورىدى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئىتتىك كېتىۋاتقان يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا يېتىشىپ مېڭىشقا تىرىشىپ، — نېمانچە قورقىسىز؟
— ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ئۆز پۇلۇمنى ئۆزۈم ئوغرىلىغاندەك ئىش قىلىۋاتىمەن! — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر يا خۇشاللىد-

نىش، يا قايغۇرۇشنى بىلەلمىگەن كىشىدەك تۇزلا سۆزلەپ، — خوتۇنۇمغا يالغان ئېيتقىنىممۇ مۇشۇ، ئۇنىڭدىن ئىچ سىرىمنى يوشۇرغىنىممۇ مۇشۇ، خوتۇندىن بىسوراق ئىش قىلغىنىممۇ مۇشۇ، ئۇكا... ئىشقىلىپ، يەڭگەڭنى ئەمدى ئۆمرۈمدە بىر قېتىم خاپا قىلىدىغان بولدۇم. مېنىڭدىن كۆڭلى تازا رەنجىيدىغان بولدى، بوپتۇ، ھازىرچە كۆڭلى رەنجىپ تۇرسۇن. بىر دەمدىن كېيىن تازا جىق پۇل بىلەن كۆڭلىنى ئېلىۋالارمەن، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا دېمىگەن ئىشىمنىڭ قانچىلىك زور خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مېنىڭدىن ئاغرىنغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ تېخى، قانداق دېدىم، ئۇكا؟

— شۇنداق بولمايچۇ! — قۇۋۋەتلىدى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قىزىللىق توشقان ھالدا، بۇ ئۇنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ، قورققانلىقىدىنمۇ ياكى تېزلا كېلىۋاتقان ئامەتتىنمۇ ئەيتاۋۇر بىلگىلى بولمايتتى. بەزىدە تاسادىپىي ئۇچرىغان بايلىق كىشىنى شۇنداق ئېسەنكىرىتىپ قويىدۇ، بايلىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى پەقەت ئىنسانلارلا بىلىدۇ، شۇنچە تەڭداشسىز بايلىقلارنى ئۆزىگە يوشۇرۇپ تۇرغان زېمىن قىلچە كۆرەڭلەشنى بىلمەيدۇ، بۇ ئاچ كۆز ئىنسان شۇ بايلىقنىڭ يارماقچىلىق بىر پارچىسىغا ئېرىشىپ قالسىلا، ھەممىنى يۇتۇۋېلىشقا ئالدىرايدۇ. ھازىرمۇ يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» خۇددى شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى. يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ھېسسىياتىمۇ بۇنىڭدىن ئانچە پەرق قىلىپ كەتمەيتتى. پەرق بار دېسەك، ئۇ ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىپ ياشاۋاتقان بىر بەندە ئىدى، خالاس. ئۇ، پەقەت يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» كۆتۈرۈپ كەلگەن ئاشۇ يارماقنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەنلا بۇ پايدىغا يامىشىدىغان ئاچ كۆز ئىنسانغا ئايلىنىپ قالدى.

— خوتۇن خەق دېگەن ھەرقانچە رەنجىسىمۇ پۇلنى كۆرگەندە خۇش بولۇپ ئېچىلىدۇ، — يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر»نىڭ بۇ سۆزى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى، ھەر ئىككىسى ئۆز خىيالى، ئۆز

هەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراپ ماڭغاچقا گەپنىمۇ ئالدىراپ قىلاتتى. گەپنىڭ مەنىسىنىمۇ ئالدىراپ چۈشىنەتتى. يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» كۆڭلىدىكى سۆزنى ئېيتىشقا ئالدىرايتتى، — خۇددى ئاشۇ ئايالارغا ئوخشاش، يەڭگەممۇ، قولىڭىزدىكى نۇرغۇن پايدىنى كۆرۈپ بايىقى يالغان سۆزلىگىنىڭىزنى كەچۈرۈۋېتىدۇ، سىزنى دانىشمەن ئادەم ئىكەن دەپ ئاپىرىن ئوقۇيدۇ، تېخى.

— پايدىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتكىنىدىن يۈرەك كېسەللى قوزغىلىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ دەپ بەك ئەنسىرەيمەن، ئۇكا، يۈرەك كېسىلى بار ئەمەسمۇ ئۇنىڭ، بەك خۇشال بولسىمۇ، بەك قايغۇرۇپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. بايا چەكنى ئۆيدىن ئاچقىقۇۋېتىپ يۈت - قولۇمدا جان قالمىدى، بۇ، ئۇنىڭدىن قورققىنىمدىن دەۋاتامسەن؟ ياقەي، ئۇنىڭغا ئېيتماي چەكنى ئاچقىقۇاتقىنىمنى شۇ هامان ئۇقۇپ قالغان بولسا خاپا بولۇپ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ كەتسە قانداق قىلاتتىم، ئۇنى تاشلاپ كەتكىلى بولمايتتى، سودىدىنمۇ قۇرۇق قالاتتۇق... قانداق دېدىم، ئۇكا.

— خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ، ئەمىسە، — دېدى يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر»، ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىلىشىدا ئۆزىنى كۆزدە تۇتتىمۇ ياكى يۈسۈپ هوشۇرنىمۇ پەقەت بىلگىلى بولمايتتى.

— ئىتتىكرەك ماڭايلى، — دېدى يۈسۈپ هوشۇر ئۇنىڭغا، يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» بۇ گەپتىن خۇشاللىنىپ يەرنى گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ مېڭىشقا باشلىدى.

IV

بانكا ئوچۇق ئىدى. يۈسۈپ هوشۇر ئىختىيارسىز خۇشال بولۇپ كەتتى. هەرهالدا بانكا ئېتىلغىچە ئۈلگۈرگىنى ناهايىتى كاتتا ئىش بولدى. بانكىنىڭ ئەينەكلىك چوڭ ئىشىكىدىن كىرگەن يۈسۈپ هوشۇر كاسسىدا ئولتۇرىدىغان تونۇش قىزنى كۆز يۈگۈرتۈپ ئىزدىدى. بانكا خادىملىرى ئىشتىن چۈشۈشكە يەنە

يېرىم سائەت ۋاقىت قالغانىدى. بانكىدا پۇل ئالىدىغان ئادەممۇ ئاز ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ تونۇش قىزنىنى تېزلا تېپىۋالدى. خادىم قىزمۇ ئۇنى كۆرۈپ تۆمۈر رېشاتكىلىق توسۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىللىق كۇلۇمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن سورىدى:

— ھە، يۇسۇپكا، كەچ كىرگەندە بۇياققا كېلىپ قاپسىزغۇ؟

— ھە، چەكتىكى پۇلنى ئالاي دېۋىدىم، سىڭلىم ...

— نېمىشقا؟ — سورىدى قىز ھەيران بولۇپ، — مۇنچىلىك پۇلنى كەچ كىرگەندە ئېلىپ نېمە قىلىسىز؟

— لازىم بولۇپ قالغانىدى، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ. ئۇ، ئۆزى بىلەن بىللە بانكىغا كىرگەن يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر»نى كۆز يۇگۈرتۈپ ئىزدىدى. ئۇ خېلىلا يىراقتا تۇرغان بانكىنىڭ مەرمەر تۈۋرۈكلىرىنىڭ ئارقىسىدا كەپكىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋېلىپ، ئۆزى تەرەپكە دۈمبىسىنى قىلىپ تۇراتتى. نېمىگە ئۆزىنى شۇنچە يىراق قاچۇرىدۇ، بانكىنىڭ پۇل قويۇلغان كاسسى تەرەپكە يۇسۇپ ھوشۇر بىلەن بىللە يۈرەكلىك قاراپ تۇرۇۋەرمەي، يېڭى كۆيئوغۇلدەك يەرگىلا ئېگىشىپ تۇرىدىغۇ...

يۇسۇپ ھوشۇر يۇسۇپ «ئەنگۇشتەر» نىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ بۇ غىل ـ پال خىيالدىن گۇمانلىنىپ كەتمىدى. گۇمانلىنىش ئۈيمۇ يوق ئىدى. بانكىدىن پۇلنى ئۇ ئالمىغاندىن كېيىن ئاشۇنداق چاتىقى يوق تۇرۇۋەرگەندۇر ياكى بولمىسا بۇ يەردە بىكار لاغايلاپ يۈرسە باشقىلارنىڭ گۇمانلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يەردىن باش كۆتۈرمەي تۇرۇۋاتامدۇر...

— نېمىگە شۇنچە ئالدىراپ پۇلنى ئالىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ — قىز پۇل چېكىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى، — يەنە بىر ھەپتىلا مۇددىتى قاپتىكەن، مىڭ سومدىن ئوشۇق پۇل ئالاتتىڭىز ئىكەن، بەش يىللىق قويۇپتىكەنسىز ـ ھە؟

— مىنىڭ سومدىنىمۇ جىقراق پايدا چىقىپ قالدى، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئالدىراپ سۆزلەپ، — قېنى، سىڭلىم، بېرىۋېرىڭە، تېزرەك بولۇڭ، ئىشىم ئالدىراش ئىدى...

— بولمايدۇ، يۇسۇپكا، پۇلىڭىزنىڭ ئۆسۈمى ئادەتتىكى مۇددەتسىز پۇل ئامانىتى قاتارىدا ھېسابلىنىپ قالىدۇ. زىيان تارتىسىز، غۇلىچى تۇگەپ، غېرىچى قالغاندا پۇلنى ئېلىۋالىمەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — قىز ئۇنىڭ بانكا ئۆسۈمى ھەققىدە ئانچە خەۋىرى يوقلۇقىدىن تىت - تىت بولۇپ سۆزلىدى، — يەنە بىر ھەپتە تۇرۇپ تۇرۇڭ!

— زۆرۈر ئىش چىقىپ قالدى، سىڭلىم، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇرمۇ ئۆزىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، بولۇڭ، بېرىۋېتىڭ، بەرمىسىڭىز مېنىڭ ئىشىمغا ناھايىتى زور زىيان سالغان بولىسىز؟

— ئېيتىڭا، يۇسۇپكا، قانداق زۆرۈر ئىش ئۇ، پەرھاتنىڭ توي ئىشىمۇ، يە؟ ئۇنداقتا، نىساخان ھەدەم بىللە كەلمەپتىغۇ، ھېچبىر دېگىنىڭىز يوققۇ، — قىز ئۇنىڭدىن گەپ كوچىلاپ سوراپ. قانداق زۆرۈر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولدى. لېكىن، يۇسۇپ ھوشۇر تەرسالىق قىلىپ بۇ توغرۇلۇق زادىلا ئېغىز ئاچمىدى.

— بېرىۋېرىڭە، سىڭلىم، ئۆسۈمى بولمىسىمۇ مەيلى، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر قىزغا ۋە ئىچىدە: «سىزنىڭ مىڭ سومىڭىز قانچىلىكتى؟ قولىڭىزدىكى يىگىرمە مىڭغا يەنە شۇنداق يىگىرمە مىڭنى قېتىپ بېقىڭە قانچە بولىدىكىن؟ ھەببەللى، سىز بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئەخمەق قىز، بۇ گەپنى ھازىر سىزگە دېگىلى بولمايدۇ ھەم دېمەيمەن! بانكىدىن چىقىپلا يەنە قايتۇرۇپ قولىڭىزغا بېرىمەن، شۇ چاغدا پۇلنى ساناپ بېقىپ ئەقلىڭىز ھەيران قېلىشى مۇمكىن، يۇسۇپ ئاكىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن پۇلنىڭ شۇنچە جىق ئۆسۈمىدىن ۋاز كېچىپ ئالغىنىنى چۈشىنىپ

قالىسىز، سىڭلىم!» دېگەندەك گەپلەرنى ئويلىدىيۇ، تېشىغا چىقىرالمىدى. ئۇ شۇ خىياللار بىلەن تەڭ يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» كەپكىسىنى كۆزىگىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان بايىقى ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ھەدەپ ئىشارە قىلاتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭ تەقەززالىنىپ تۇرغان ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ تۇرالماي قالدى. ئەگەر يەنە سەللا كېچىكسە ئۇلارنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن، ئۆزىنىڭ پايدىدىن، نۇرغۇنلىغان پۇل - پۇچەكتىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى.

— بولۇڭ پۇلۇمنى بېرىۋېتىڭ، — دېدى ئۇ قىزغا تەقەززا- لىنىپ، — ئالدىرايمەن، بانكىغا پۇل قويۇش مەندىن، ساقلاش سىزدىنغۇ...

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟ — تارتىشتى قىز، — يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن مىڭ سوم پۇلنى ساق ئالىسىز ئەمەسمۇ، بىر ھەپتە!...

— بولـۇڭـە، سىڭـلىم، بـانـكا سىزنىڭ، پـۇل مېنىڭ- غۇ، — دېدى يەنە يۇسۇپ ھوشۇر ئاخىر چىدالماي، — مۇھىم ئىشىم بولغاچقا مىڭ سوم پۇلنىڭمۇ مېھرىدىن كەچتىم، راستىنى دېسەم ئۇقەت چىقىپ قالدى، ئۇقەت، يەنە كېلىپ تەڭ باراۋەر پايدىسى بار ئۇقەت دەڭا، سىڭلىم.

— ئۇنداق يېرى بولسا مەيلى، — دېدى قىز ئاخىر ئەيۋەشكە كەلدىيۇ، يەنە سورىدى، — نىساخان ھەدەمنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋ- رى بارمۇ؟

— پاھ - ھا! مۇشـۇ گـەپتىن بـەكمۇ تويۇپ كەتتىم جۇمۇڭ، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر جەھلى قاتقان ھالدا، — ئاشۇ ھەدىڭىزسىز زادى بىر ئىش قىلالمامدىمەن، سىزمۇ بىلىملىك ئايال گويا ئەر، بىلىمسىز ئەر گويا ئايالدۇر دېگەندەك گەپ قىلدىڭىز - دە، ئۆينىڭ جىمى ئىشىنى ھەدىڭىزلا باشقۇرىدۇ دەپ ئويلايسىز - ھە؟ مېنىچۇ، كارغا كەلمەس لەقۋا، نېنىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوڭشاپ يېيەلمەيدىغان گالۋاڭ دەپ ئويلايسىز غۇ دەيمەن، پاھ ـ ھا! مانا شۇڭا، مەن بۈگۈن ئاشۇ قۇشناچىمنىڭ يوقىدا بىر ئوقەت قىلىپ باقاي ھەممىڭلارنى بىر تاڭ قالدۇراي دېدىمغۇ، قانداق دەيسىز؟

— گېپىمگە خاپا بولماڭ، يۇسۇپكا، — دېدى قىز مىيىغىدا كۈلۈپ، — نىساخان ھەدەم ئاكىڭىز ئۆزى كەلسە پۇل بەرمەڭ، ئۇ بېپەرۋا، چۇشۇرۇپ قويىدۇ، دېگەنىدى، شۇڭا، سىزگە كۆيۈنۈۋاتىمەن، دېمەكچىمەنكى، مۇنچىلىك كۆپ پۇلنى يالغۇز ئېلىپ يۈرۈشمۇ خەتەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشتىن چۇشىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالدى. پەرھاتقا تېلېفون بېرىمىزمۇ ـ يە، كەلسۇن.

— پاھ ـ ھا! مانا، مانا دېمىدىممۇ تېخى ھەدىڭىز ماڭا پۇلمۇ بەرمەڭ دېگەنمىدى، — خاپا بولغاندەك سۆزلەپ كەتتى يۇسۇپ ھوشۇر، — ماۋۇ خوتۇننىڭ نىيىتىنىڭ قارىلىقىنى، مەن پۇل تۇتالمىغۇدەك شۇنچىلىك گالۋاڭمۇ، دۆلەيمۇ يە، گاس ـ گالمۇسمۇ، يە، بۇ قانداق گەپ؟ بولدى، بولدى! پەرھاتقا تېلېفون بەرمەڭ.

— ئىككىڭلارنىڭ ئارىسىدا مەن يامان بولۇپ قالماي، يۇسۇپكا، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، بوپتۇ، پۇلىڭىزنى بېرەي، مۇنۇ چەكنىڭ ئارقىسىغا ئىمزا قويۇڭ ئەمىسە.

— خاتىرجەم بولۇڭ، سىڭلىم، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ۋە چەكنىڭ ئارقىسىغا قول قويۇپ قىزغا سۇندى، — بۇ پۇلنى پولات ساندۇقتا ساقلىغاندەك ساقلىۋېتىمىز دەڭا...

قىز بانكا رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بولۇپ، تۆمۈر رېشاتكىلىق مەرمەر تاش سۇپا ئۈستىگە يۈز سوملۇق پېچەتلەنگەن پۇلدىن ئىككى باغلامنى پاققىدا تاشلىدى. يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ كۆزىگە ئىككى دەستە پۇل ئىككى دەستە ئوت ـ يالقۇن بولۇپ كۆرۈندى. يۈرىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا ئەڭ گۈزەل كۆرۈنىدىغان

رەڭلىك قەغەزنىڭ ئەڭ خاسىيەتلىك ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچ ـ
ھەيۋىسى بىر دىنلا گەۋدىلەندى. ئىنساندىن باشقىسىغا لازىمى يوق،
بۇ مەينەت قەغەز پارچىسىنىڭ سۈرلۈك قىياپىتى بىر دىنلا ۋەھ-
شىي ۋە شەپقەتلىك چىرايلارغا ئۆزگەردى. پۇل، ھەي پۇل!
پۇل ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز كۈچى بىلەن ئىنساننىڭ يۈرىكىنى
لەرزىگە سالىدۇ، ئىنساننى باتۇرلۇققا باشلايدۇ، ھەممىگە ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە ئىنساننىڭ ئەقلى ـ
ھوشىنى يوقىتىدىغان، ئۇنى ئېزىقتۇرىدىغان خارۇزار قىلىدىغان
تەرىپىمۇ بار تېخى ...
يۇسۇپ ھوشۇر پۇللارغا قاراپ ئەنە شۇلارنى ئويلاپ كەتتى.
بىر تۇرۇپ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئاشۇ پۇللار ئۆزىنىڭمۇ، ئە-
مەسمۇ دەپ ئەندىشىمۇ قىلدى. ئەگەر ئۆزىنىڭ بولسا قاچاندىن
بېرى شۇنچىلىك كۆپ پۇللارغا ئېرىشكەنلىكىنى خىيالىغا كەل-
تۈرمەكچى بولدى. ئالدىدا تۇرغان نەق يىگىرمە مىڭ سوم پۇل
ئۇنىڭ قىرىق يىللىق ھاياتى. ئائىلىسىنىڭ قىرىق يىللىق كۆز
يېشى، ئاشۇ تال ـ تال ئاقارغان ئاپئاق چاچلىرى سانسىز ئۆمۈ-
چۈك تورلىرىدەك قورۇق چۈشكەن يۈزى، مۈكچەيگەن گەۋدىسى
ئىدى! ئۇ بۇ پۇللارنى يىغقۇچە قانچە كۈن ۋە تۈنلەرنى قۇرۇق
نان، داغ سۇ بىلەن ئۆتكۈزگەن، گۆشسىز بەتتام تاماق، مەيدىنى
قايىنىتىدىغان سېرىق قوناقنىڭ زاغرىسى، يۇندىدەك ئەتكەنچاي
بىلەن ئۆزلىرىنى گوللىغان. قورساق يېرىم قالغاندا بەلنىڭ
پوتىسىنى چىڭگىدە تارتىپ باغلىغانىدى. تۇزلۇق خام سەينى
يەپ، قايناق سۇنى كۆپرەك ئىچىپ بۆلۈمدە خىزمەت ئىشلىگەن،
ئۇچىسىدىكى كۆك تۈچۈركا ئىشتىنى ھەتتا ئۇ يىرتىلسا ياماپ
كىيگەن. بىر يېڭى كىيىمنى بىرنەچچە ھېيت ـ بايرامغىچە
ساقلاپ كىيگەنىدى. بۇ پۇللارنى يىغقۇچە يەنە نېمىلەرنى قىلغان
بولغىيدى، راست، ئاي ئاخىرىدا خىراجەتتىن قىسىلسا، بانكىدى-
كى پۇلنىڭ ئۆسۈمى بۇزۇلىدۇ دېگەن ئوي بىلەن ساغىرىپ يۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇپ كىشىلەردىن قەرز ئالغان ياكى بۆلۈمنىڭ ئامانەت كاسسىسىدىن بىرەر سوم ئېلىپ خەجلىگەنىدى. ۋاي ـ ۋۇي ئۇ چاغلاردا تارتقان كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن يەرگە كىرەي دېسە قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە يىراق بولغانىدى. ئۇ هازىر بۇ قاتتىق كۈنلەردە كۆرگەن ئازابلىرىنىڭ قايسىبىرىنى ئېيتىپ تۈگىتەلەيدۇ، ئۇ چاغلاردا ئېغىزغا مۇنداق لوقلا چىقىدىغان پايدىنى شامالدەك ئۇچۇرۇپ كېلىدىغان ئوقەت بولسىچۇ كاشكى! هەي شۇ چاغلاردا «قانۇن كادىرى ئوقەت قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن تەتۈر شامال قەيەردىنمۇ چىققان بولغىيدى!؟...

— پۇلغا قاراپ تۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ، يۇسۇپكا؟ — قىزنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلمىگەندە، يەنە قانچىلىك ئۇزاق تۇرىدىغانلىقىغا هېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيتتى. يۇسۇپ هوشۇر خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ بانكىر قىزغا قارىدى. قىز ئۇنىڭغا مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى، كۈلگەندە كىشىنىڭ كۆزىگە روشەن چېلىقىپ تۇرىدىغان ئاق يۇزىدىكى كىچىككىنە زىنىخى ئۇنى تېخىمۇ ئوماق، تېخىمۇ گۈزەل هالەتتە نامايان قىلدى، ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مانا بانكا ئۆسۈمى هېسابىدا بىر مىڭ بىر يۈز يەتمىش يەتتە سوم، يەتمىش يەتتە تىيىننى كەم ئالدىڭىز، پۇلىڭىزنى نىساخان هەدەم كەلمىسە بەرمەي دېۋىدىم، پۇل تۇتالمىغۇدەك دۆلەي ـ دۆتمۇمەن دەپ خاپا بولدىڭىز، بىر ئىشتىن ئاسانلا رەنجىيسىز ئەمەسمۇ، رەنجىتىپ قويماي دېدىم.

— مانا، مانا... ، شۇنداق يەرلىرىڭىزنى دېمىسەك، سىزگە پۇل قويۇپ نېمە قىلاتتۇق، پۇلنى ساقلاپ بەرگىنىڭىزگە كۆپ رەهمەت، سىڭلىم...

— ئەمدى پۇل قويمامسىز؟ — سورىدى قىز.

— قويىمىز، بۈگۈنلا، ياق، كەچ كىرىپ كېتىدۇ، ئەتە ئەتىگەندىلا باش بۇرنىغا بانكىغا پۇل قويىدىغىنى مەن بولىمەن جۇمۇڭ.

— ئەتە مەن دەم ئالىمەن، يۇسۇپكا، — بانكىر قىز كۈلۈمسىرىدى، ئۇنىڭ زىنىخى يەنە كۆرۈندى.

— ئۇنداقتا، بانكا سىزگە ئەگىشىپ دەم ئالماس! — ئۆزىچە چاقچاق قىلدى يۇسۇپ هوشۇر.

— ياقەي… ، — قاقاقلاپ كۈلدى بانكىر قىز، — راست، سانىۋېلىڭ، ئىشىكتىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىناۋەتسىز.

— بولدى، بولدى، هەربىر پېچىتى ئون مىڭ، ئىككىسى بولدى يىگىرمە مىڭ، شۇنداقمۇ، سىڭلىم، پېچىتى بۇزۇلمىغان پۇلنى ساناپ نېمە قىلىمەن. سىزگە ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن.

— ئەمىسە بوپتۇ، — دېدى قىز زىنىخىنى كۆرسىتىپ مىيىغىدا كۈلۈپ، — بانكىنى تاقايدىغان چاغمۇ بولۇپ قالدى، سومكىڭىز بارمۇ؟ بار ئىكەنغۇ، بولمىسا سۇلياۋ خالتا بېرەي، دېۋىدىم، سىلىۋېلىڭ، ئۆيگە تاكسى بىلەن كېتىڭ، يۇسۇپكا، ئۆتكەندە ئۆي ئالىدىغان بىر ئايال بىزدىن يىگىرمە مىڭ پۇلنى ئېلىپ سومكىسىغا سېلىپ چىقىپ كېتىپ كوچا ئاپتوبۇسىغا چۈشۈپتىكەن، يانچۇقچى بانكىدىلا كەينىگە چۈشكەن بولسا كېرەك، ئاپتوبۇس ئىچىدە سومكىسىنى بىرىنىۋا بىلەن كېسىپلا هەممە پۇلنى ئېلىۋاپتۇ، قار - يامغۇر بولۇپ تۆكۈلۈپ كەپتۇ، بىچارە، بىزدە نېمە ئامال، كۆڭۈل ئېيتىپ، شەھەرلىك ساقچىغا بېرىڭ دېدۇق شۇ.

— سومكىسىنى كېسىۋالغىچە تۇيمىغان شۇنچىلىك هاڭۋاقتى خوتۇنمىكەن ئۇ، — زاڭلىق ئارىلاش سۆزلىدى يۇسۇپ هوشۇر، — كۆتۈرۈۋالغان سومكىسىنىڭ يېنىكلەپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەپتىمۇ؟!

— قارا باسقان گەپ، يۇسۇپكا، — دېدى قىز جىددىي هالدا، — كىشىنى قارا باسقاندا هېلىغۇ سومكا ئىكەن، ئۇنىڭدىن چوڭ نەرسىنىمۇ ئالدۇرۇپ قويىدۇ كىشى، تېخى ئۆز رازىلىقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ڭىز بىلەن ئوغرىغا ئىككى قوللاپ ئاپىرىپ بىرىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ...

— شۇنداق، شۇنداق، توغرا ئېيتىسىز، سىڭلىم، — يۈسۈپ هوشۇر پۇللىرىنى كونا سومكىسىغا سېلىپ مەهكەم سىدىقىمدىغىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— يەخەس بولۇڭ، يۈسۈپكا، — دېدى قىز نېمىشقىدۇر جىددىي، ئەمما كۆيۈنگەن هالدا، — بانكىدىن چىققان ئادەملەرگە ئوغرى ئەگىشىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ قىزنىڭ كۆزى قۇچاق يەتمىگۈدەك مەرمەر تۈۋرۈكنىڭ ئارقىسىدا دۈمبىسىنى قىلىپ، بەزىدە يېنىچە تۇرۇپ كۆزىگىچە كىيىۋالغان ئۆڭۈپ كەتكەن قارا كەپكىسىنىڭ ئاستىدىن كىمنىدۇر يوشۇرۇن كۆزىتىۋاتقان ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلدى. بانكا ئىچىدە قانداقتۇر بىر مەقسەتتە لاغايلاپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغان بۇ ئادەم زادى كىمدۇر؟! قىز بىر دىنلا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە ئويلاردا بولۇۋاتقىنىنى ئويلاپ ئۆز - ئۆزىنى بەزلىدى. بانكا دېگەنمۇ بىر جەمئىيەت، ئۇنىڭغا ئوغرىسىمۇ كىرىدۇ، توغرىسىمۇ كىرىدۇ، نېمىشقا كىرىسەن دەپ توسۇۋالغىلى بولاتتىمۇ، كۆڭۈلگە شەك چۈشۈرىدىغان بىرەر گۇمانلىق هەرىكىتى بولمىسىلا ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىش بىمەنىلىك ياكى نورمال خىزمەت ئىستىلى ئەمەس - دە...

يۈسۈپ هوشۇر بانكىدىن چىقىپلا ئارقىسىغا قارىدى، ئارقىسىدىن ئۆز سايىسىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقان يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» نى كۆرۈپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئۇ بايا پۇل سالغان، ئۇزۇلەي دەپ قالغان بېغىشىدىن سول قولىنىڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزىۋالغان كونا قارا سومكىغا يەنە قارىدى، ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىچىگە سوت ماتېرىياللىرى، ئارخىپ ۋە ئۇششاق - چۈششەك ئەرز - شىكايەت هەققىدە يېزىلغان قەغەزلەر، هۆكۈمەت هۆججەتلىرى

قاتارلىقلارنى سالاتتى. كونىراپ ھېچ ھالى قالمىغان بۇ سومكا كېيىن كۆكتات توشۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەمدىچۇ، جۇلۇقى چىققان ئاشۇ ئەسكى سومكىغا يىگىرمە مىڭ سوم پۇل قاچىلانغانىدى. بايا بانكىدا قىزغا «سومكام بار» دېگۈچىلىكى يوق بۇ سومكىنى كۆرسىتەلمىگەندىن يۇسۇپ ھوشۇر بانكىدىن چىقىپلا بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان كونا سومكىسىنىڭ بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ خۇددى بىرى ئېلىپ قېچىپ كېتىدىغاندەك قولتۇقىغا چىڭگىدە قىسقىنىچە ئالدى - كەينىگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قەدىمىنى ئىتتىكلەتتى. ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونا سومكا پومپىيىپ تۇراتتى. ئۇزۇن يىل ئۆزىگە ھەمراھ بولغان بۇ سومكا ئاخىرقى ئۆمرىدە يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى بانكىدىن ئاچىقىشىغا يەنە ھەقدار بولغانىدى. يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ پەرەز قىلىشىچە: سومكىنىڭ قەغەزدىن ۋە كۆكتاتتىن باشقىنى كۆرمەيدىغان قۇرۇق قىياپىتى كوچىدىكى يامان غەرەزلىك كۆزلەردىن پۇلنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئوبدان قالقىنى ئىدى. دېمىسىمۇ، بۇ كونا، ئەبجەقى چىققان سومكىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان يىگىرمە مىڭ سوم پۇل (يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئويىدا بۇ پۇل ناھايىتى جىق ئىدى!) بار دېسە ھېچكىممۇ ئىشەنمەس.

قاتتىق جىرىڭلىغان رىكشىنىڭ قوڭغۇرىقى ئۇنى خىيالىدىن خالاس قىلدى. ئۇ بۇرۇلۇپ يېنىغا قارىدى. شۇندىلا، خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋېلىسىپىت ۋە ئۈچ چاقلىق رىكشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغانلىقىنى، ئالدىدىن كەلگەن رىكشىچىغا ئۇرۇلۇپ كەتكىلى تاس قالغانلىقىنى كۆردى. بانكىدىنمۇ خېلى ئۇزاقلاپ كەتكەنىدى. ھېلىقى چىپىلغاق قىزمۇ ئەمدى ئۇنىڭغا پۇتلىكاشاڭ بولالمايتتى.

يۇسۇپ ھوشۇر يېنىدىلا شىپىرلىغان ئاياغ تاۋۇشىدىن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئۇنىڭ

ئالدىدىلا ھىجايغىنىچە تۇراتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ھېلىلا تۆت ئەترا-پىغا تەكشى نەزەر تاشلاپ كېلىۋاتقاندا ئۇنى بايقىمىغانىدى. يېنى-دىمۇ ھېچ كۆرۈنگەندەك قىلمىغۇدى، مانا شەيتاندەكلا پەيدا بول-دى. ئۇ سېھىرگەرمىدۇر - يا! يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ قولىدىكى كونا سومكىدا يىگىرمە مىڭ سوم پۇل، يەنە كېلىپ قىرىق يىللىق قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن يىگىرمە مىڭ ئەڭگۈشتەر تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئۇنىڭ يۈرىكى تىنىمسىز دۈپۈل-دەيتتى. بەدىنىگە مۇزدەك تىترەك ئولاشقاندەك غالىلداپ تىت-رەيتتى. زېھنى شۇنچە ئوچۇق تۇرسىمۇ، نېمىشقىدۇر تۇمانلاش-قاندەك قىلاتتى. پېشانىسىدىن چىپىلداپ تەر ئاقاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەرقانداق توسالغۇنى بۆسۈپ ئۆتكۈدەك بىر قۇدرەتلىك غايىبانە كۈچ پەيدا بولغانىدى. يۇسۇپ ھوشۇر بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر غالىب ئادەمدەك يېنىدىن ئۆتكەن - كەچ-كەنلەرگە كۆرەڭلەپ غادايغىنىچە قارايتتى. ھازىر، ئۇنىڭ نەزى-رىدە يېنىدىكى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر»مۇ ئەرزىمەس چۈمۈلە ياكى كۆز ئالدىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكەن بىر تال چىۋىندەك ئەتىۋار-سىز كۆرۈنمەكتە ئىدى. يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى سېزىپ تۇرسىمۇ پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇ ئاستا كەلدى - دە، يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ يېڭىنى تۇتۇپ كوچىنىڭ بىر چېتىگە تارتتى. يۇسۇپ ھوشۇر بۇنىڭغىمۇ ئېرەنشىمەي يول-غا مېڭىۋەردى، ئاخىر يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» كۈچەپ تارتقىنىدىن قەدىمىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قاراشقا مەجبۇر بولدى.

— خۇش، ئۇكا، ئەمدى گېپىڭنى قىلە، — دېدى ئۇ خۇددى خانىنىڭ غالىب تەختىدىن ئۇنىڭغا نەزەر تاشلاۋاتقاندەك گىدى-يىپ، — كونا يارماقلىرىڭنىڭ قانچىلىك بىرنېمىگە يارايدىغىنى-نى ئەمدى سۆزلىشىمىز، پۇل سومكىدا كۆردۈڭمۇ، خاتىرجەم بول، ئەمما ئۆزۈڭ سەمىمىي، راستچىل بول جۇمۇ، ئۇكا!...

— مانا قىرىق تەڭگە ياماقنى قولىڭىزغا ئېلىڭ، ئاكا، —

دېدى يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» خۇشاللىقىنى باسالمىغان هالدا قولتۇقىدا قىسىقلىق تۇرغان پارقىراق خۇرۇم سومكىغا قولىنى تىقتى، — پۇلىڭىز پېچەت بولغاندىكىن سانىمىساقمۇ بولىدىغۇ، گاچچىدا قىلىڭە بۇ سودىنى، ئەجەب سوزۇلۇپ كەتتى، سودا دېگەن ساقال سىپىغىچە دەيدىغان، هېچقانداق يەردە مۇنداق ئەزمىلىك بىلەن ئوقەت قىلمىغانىدىم... قېنى، ئوڭ قولدا ئېلىپ، سول قولدا بېرىمىزمۇ ياكى سول قولدا ئېلىپ...

— ئالدىرىما، ئۇكا، يەتتە قات يەرنىڭ ئاستىدا يىلان كۆشىسە سېزىدىغان سەگەكلىكى بار ئاكاڭدىن ئەمدى قېچىپ قۇتۇلالمايسەن جۇمۇ، — دېدى يۈسۈپ هوشۇر قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — سېنىڭ كونا تاقىلىرىڭنى ئالدىراپلا ئالىدىغانغا مېنى سارالڭ دەپ ئويلىۋېدىڭمۇ، ئادەم ئالدىما جۇمۇ!...

بۇ گەپ بىلەن تەڭ يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» نىڭ خۇشاللىقتىن قىزىرىپ ئېسىلىپ كەتكەن چىرايى بىردىنلا تامدەك ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ بىر پەس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ، قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن كېكىردىكىنى نەمدەپ تۈكۈرۈكىنى يۇتتى، لېۋىنى يالاپ قويدى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر پەس گاڭگىراپ تۆشۈكتەك قاراپ تۇرۇپ كەتتى، ئاخىر غىڭشىغاندەك قىلىپ:

— نېمە دېگىنىڭىز، بۇ جېنىم ئاكا، ئەتىگەندىن بېرى مېنى سۆرەپ يۈرۈپ ئەمدى «كونا تاقا» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولسا هازىرلا ئىسپاتلايمەن جۇمۇ، — دېدى يۈسۈپ هوشۇر جىددىي هالدا.

— ئىسپاتلاڭ ئاكا، ئىسپاتلاڭ! — دېدى يەنە ئۆز چىرايىغا قايتقان يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» ئارانلا ئۈنىنى چىقىرىپ، — مېنى بەكمۇ ئەخمەق قىلىۋەتتىڭىز جۇمۇڭ، ئاكا، ئەمما قۇۋ ئىكەنسىز، جىنىنىمۇ ئۇسسۇلغا سالغۇدەكسىز، سىز بىلەن ئاسانلىقچە بىر سودىنىمۇ قىلغىلى بولمىغۇدەك...

— ئەلۋەتتە شۇنداق - دە، يەتتە ئۆلچەپ بىر كەسمىسەڭ،

قەدىمىڭنى ئويلىشىپ باسمىساڭ بولمايدۇ - دە، «ئالدىرىغان يولدا قالار» دېگەننى بىلمەمسەن، ئۇكا، قېنى، يامىقىڭ، ئەكەل بىر تال، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، مەن هازىرلا كېلىمەن، — يۈسۈپ هوشۇر شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئەمدىلا مېڭىشقا تەمشىلىۋېدى، ئۇنى يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» بىلىكىدىن «كاپلا» قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— ياق، جېنىم ئاكا، مەن سىزنى نەدىن تاپىمەن؟

— نېمىگە قورقىسەن، ئۇكاۋۇي، ئۆيۈمنىمۇ كۆردۈڭ، سومكىدىكى پۇلنىمۇ بىلىسەن، يەنە نېمىدەپ غىڭ - پىڭ قىلىسەن؟

— ياق، جېنىم ئاكا، ئۇنداق تەۋەككۇلچىلىكنى قىلالمايمەن، — دېدى يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، — هېچبولمىغاندا ئازراق زاكالەت بېرىپ قويۇڭ.

— مانا ۋۇي، توخۇ يۈرەك، — دېدى يۈسۈپ هوشۇر سومكىدىكى پېچەتلىك پۇلدىن بەش يۈز سومنى ئاجرىتىپ بېرىۋېتىپ، — مانا تۇتۇپ تۇر، ئەمدىغۇ كۆڭلۈڭ تىنغاندۇر، ئۇكا.

يۈسۈپ هوشۇر بىر تال تەڭگىنى ئېلىپ نېرىغا كەتتى. كوچىلار مەكتەپ بالىلىرى ۋە ئىدارە - جەمئىيەتلەردىن قايتقانلار بىلەن لىققىدە تولغانىدى، يوللاردا ئۆتكۈنچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يۈسۈپ هوشۇر ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىن مېڭىپ يولنىڭ بىر چېتىدە توختىتىپ قويۇلغان ئالىبۇلىماچ ئاپتوبۇسنىڭ كەينىدە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان هېلىقى ياغاق يۈزنى تاپتى. ياغاق يۈز شۇ يەردە تېپىرلىغىنىچە ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. يۈسۈپ هوشۇر ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ياغاق يۈزنىڭ بىر خىل ئارىسالدىلىق ئىچىدە گۇمانسىراپ قاراشلىرى ئۇنىڭ رەڭگىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— قانداق بولدى؟ — سورىدى ياغاق يۈز تاقەتسىزلىنىپ، — يېنىپ كەپسىزغۇ، مېنى كۆرۈپ قالمىغاندۇر - هە؟!

— ئالدىرىما، ئۇكا، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر، ياغاق يۈزنىڭ
چىرايىغا ۋە تاماكىدىن سارغايغان ھۆكۈل چىشلىرىغا زەن سې-
لىپ قاراپ، — نېمانچە ئالدىرايسەن، نېمانداق پۈتى كۆيگەن
توخۇدەك تېپىرلايسەن، مۇنۇ پۇللۇق سودىنى قولدىن بەرمەي
دەيسەنغۇ - ھە؟ مېنىڭمۇ ئىچىم تىتىلداپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇكا،
قېنى ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ بىر كۆرۈپ باققىنە، سەن دېگەننىڭ
ئۆزىمۇ، يەنە باشقىسى بولۇپ يۈرمىسۇن دەيمەنغۇ؟

— دەل شۇنىڭ ئۆزى، — دېدى ياغاق يۈز ياماقنى قولىغا
ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراۋېتىپ، — دەل شۇ. مۇشۇ يارماق-
تىن قانچىسى بولسا شۇنچىسىنى قورقماي ئېلىۋېرىڭ، ئاكا،
ھەممىسىگە مەن ئىگە!

— خوش ئۇنداق بولسا پۈتۈشتۇق، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر
جىددىيلىشىپ، — گەپنىڭ جىڭىنى قىل، زادى قانچىدىن
دېدىڭا؟

— دانىسىنى بەش يۈز سومدىن ئېلىڭ، ئاكا، — دېدى ياغاق
يۈز مەيدىسىگە قاتتىق مۇشتلاپ تۇرۇپ، — قانچىسى بولسا شۇن-
چىسىغا مەن ئىگە، ھەرگىز ئارىسالدى بولماڭ، قانچە كۆپ بولسا
شۇنچە پايدا. مەن سىزگە بەش يۈز سومدىن پايدا بېرىمەن!...

— ماڭا قارىغىنا، ئۇكا، مېنى كولدۇرلىتىۋات-
مايدىغانسەن - ھە؟! — يۇسۇپ ھوشۇر گۇمان بىلەن ياغاق
يۈزنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى، ياغاق يۈز ئىلگىرىكى
سودىيىنىڭ سىنچى كۆزلىرىنىڭ خۇددى ئۆتكۈر نەيزىدەك قادى-
لىپ تۇرۇشىدىن چىدىيالماي بىر خىل ساختىلىق ۋە ھىيلىگەر-
لىك يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ يۇسۇپ ھوشۇرغا
يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. بىردىنلا ئۇنى ئەنسىزلىك چىرمىۋال-
دى. ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىگە يۇسۇپ ھوشۇر ئانچە زەن
سېلىپ كەتمەي سۆزىنى داۋام قىلدى، — سەن كۆرگەن ھېلىقى
ئاسارئەتىقە سودىگىرى ئەنە ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ، ئۆزۈڭ ئالدىغا

بېرىپ، نېمىشقا شۇنداق جىق پايدا بېرىپ ئالالمايسەن؟! مانا مۇنۇڭغا بەش يۈز سوم بېرىپ قويۇپ كەلدىم، ئالاي دېسەڭ يەنە يېنىدا ئوتتۇز توققۇزى بار ئىكەن، ھەممىسىنى ئېلىۋالساڭ بولىدۇ، ئۇكا، ھازىر مۇنۇنىڭ پۇلىنى ماڭا بېرىۋەتكىن...

— ئالدىرىماڭ، ئاكا، ھېلىغۇ بىرىنىڭ پۇلىكەن، مىڭنىڭ پۇلى بولسىمۇ سىزگە نەقلا سانايمەن، ئەمما سىز ماڭا ھەممىسىنى ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە بېرىڭ، ھەتتا قەسەم قىلىڭ، سودا ئىشى بۇ، ئاكا، بىلىۋاتامسىز، ساقالدىكى ئاشتا قورساق تويمايدۇ، دېگەن گەپ بارغۇ، ھەببەللى، دەل شۇنداق، ئاز پايدىغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ، لوق سودا، مول سودا...

— ياقەي، يول سودا، مول سودا دېمەمسەن، — ياغاق يۈزنىڭ گېپىنى تۈزەتتى يۇسۇپ ھوشۇر.

— توغىرا، سىز بىلەن يول ئۈستىدىلا سودىلىشىپ قالدىم، — دېدى ياغاق يۈز سىلىق گەپ قىلىشقا تىرىشىپ، — مەنمۇ سىزنى زىيان تارتقۇزمايمەن، سىزمۇ ئۇنداق بولۇشنى خالىمايسىز، شۇنداقمۇ؟ ئەمدى ئاۋۇ يارماق ساتىدىغانغا كەلسەم، ئۇ مېنىڭ ئاشۇ تەڭگە يارماقلارنىڭ ھەربىرىنى ئىككى مىڭ سومدىن ساتىدىغىنىمنى بىلىۋالغان، قانداق بىلىۋالدىكىنتاڭ، بىلىۋاپتۇ، ئەمما كىمگە ساتىدىغىنىمنى تېخى بىلەلمەي ئاۋارە بولۇپ يۈرىدۇ، ئۆزىنىڭ ياخشى نەپ ئالالمىغىنىنى ئاز دەپ مېنىڭ ئۆرە پايدا ئېلىۋاتقىنىمغا چىدىيالماي خېرىدارىمنى بىلىۋالماقچى بولۇپ كەينىمدىن پايلاپ يۈرىدۇ. مەن ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا نەپ بەرمەيمەن!...

— مۇنداق دېگىنە، ئۇكا، — يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئورامىغا چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— قايسىبىر سودىگەر ئۆزىنىڭ نېنىنى پارچە قىلىشنى خالايدۇ، ئاكا، — داۋام قىلدى ياغاق يۈز ئۆز گېپىنىڭ ئىشەنچ تاپقىنىغا روھلىنىپ، — مانا مۇشۇ مەقسەتتە يۈرسەم سىز ئۇچ-

راپ قالدىڭىز، پېشىڭىزغا چىلىك ئىبسىلغىنىم شۇ، ئۇ ئالغان پايدىنى سىز ئېلىك دەۋاتىمەن، يامان بوپتىمۇ، ئاسارئەتىقىچى ھەرقانداق يەردە ئۆز سودىسىنى پۇتتۇرۇپ نىپىنى تېپىپ يەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، غۇلجىنىڭ ئادىتىنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ. بىرىنىڭ سودىسىنى بىرى بۇزمايدۇ. ئۇنداق قىلىش ئوغۇل بالىچىلىق ئەمەس، غۇلجا دېگەن ھارامزادە ئۇششۇقلارنىڭ يۇرتىنىڭ بېزىنى ئالىدىغان يەر بىلەمسىز؟...

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ...

— لېكىن، مەن سىزنىڭ سودىڭىزنى بۇزۇۋېلا، ئېلىۋېرەيمۇ - يە، — داۋام قىلدى ياغاق يۈز، — ئېنىقكى سىز قۇرۇق قالىسىز، بۇ ئىشقا بىر كۈن پايپاسلىدىڭىز، سىزگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ مېنى تىللىدى، ئۆز قۇلىقىڭىزدا ئاڭلىدىڭىز، ئۇنداق بىرنېمىگە مەن قىپقىزىل پۇل سانايمەنمۇ؟ !... ئۇنىڭدىن كۆرە سىز پايدا يەڭ، سىز ئاق كۆڭۈل ئادەمدەك تۇرىسىز، ئاكا، ئەكېلىڭە قولىڭىزدىكىنى، سودىمىزنىڭ بېشىنى باشلانسۇن، سىز تېخىچىلا ماڭا ئىشەنمەي تۇرۇۋاتىسىز - ھە، سودا دېگەن ساختىپەزلىكنى كۆتۈرەلمەيدۇ جۇمۇ!

ياغاق يۈز گېپىنى ئاياغلاشتۇرۇۋېلا قارا بۇلغاردىن پۇزۇر قىلىپ تىكىلگەن خوجايىن سومكىسىنى ئېچىپ قولىنى تىقتى - دە، يۈز سوملۇق پۇللاردىن بىر باغلام ئېلىپ يەشتى. ئارىسىدىن مىڭ سوم پۇلنى ساناپ ئېلىپ، يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

يۈسۈپ ھوشۇر بۇ ئىشتىن ئازراق خىجىل بولسىمۇ، تەڭگىنى ئۇنىڭغا بېرىپ، مىڭ سوم پۇلنى سومكىغا سالدى. «يىگىرمە مىڭ بەش يۈز سوم بولدى، — دېدى ئىچىدە ساناپ يۈسۈپ ھوشۇر، — مانا ھايت - ھۇيت دېگۈچە بەش يۈز قېتىلدى، سودا بولۇپ قالسا شۇنداق بولىدىكەن، ئەمدى قالغان سودىنىمۇ كەيىنـ

گە تارتماي قىلىۋېتەي ...» ئۇ، بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى.
— بۇ پۇللارنى مەن ئاشۇنداق ئاسارئەتىقىلەرنى يىغىپ يۈ- رۈپ تاپقان، — دېدى ياغاق يۈز قولتۇقىغا قىسىپ تۇرغان قارا بۇلغار سومكىغا پەپىلەپ ئۇرۇپ قويۇپ، — قېنى ئەمىسە، قالغان ئىشنى پۈتتۈرۈۋېتەيلى، بۇگۈن كەچ بۇ نەرسىلەرنى ئۆتكۈزۈۋې- تىشىم كېرەك، بولمىسا نۇرغۇن سودىدىن قۇرۇق قالىمەن، ئۇ چاغدا سىزگىمۇ ياخشى بولمايدۇ، ئاكا.
يۈسۈپ ھوشۇر قولىدىكى سومكىغا پۇلنى سالغاندىن كې- يىن، ياغاق يۈزنى دوراپ سومكىنى قولتۇقىغا چىڭگىدە قىستى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ يۈسۈپ «ئەگگۇشتەر»نى تاپماقچى بولۇپ ماڭدىيۇ، توساتتىنلا توختاپ ياغاق يۈزگە قارىدى. ياغاق يۈزنىڭ بىردىنلا چىرايى تاتىرىپ كەتتى.
— نېمە بولدىڭىز؟ — سورىدى ياغاق يۈز ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چاندۇرماسلىقا تىرىشىپ، — گەپ بارمۇ؟
— سەن مەشەدە قالامسەن، ئۇكا؟ — سورىدى يۈسۈپ ھو- شۇر نېمىدىندۇ گۇمانلىنىپ، — ياق، سەن ماڭا يېقىنراق يەردە تۇرغىن، مەسىلەن، ھايت دېسەم، ھۇيت دەيدىغان يەردە.
— قورقۇۋاتامسىز، ئاكا، — ياغاق يۈز بۇ گەپتىن كېيىن ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇۋالدى، — قورقماڭ، بۇ كۈندە بۇلاڭچى يوق، ئاۋۇنى دەمسىز؟ ئۇمۇ سودا قىلىپ يۈرگەن بالا، سىزنى ئازدۇرمايدۇ، خاتىرجەم بولالمىسىڭىز، مەن ئاشۇنىڭغا كۆرۈنمەي- دىغان جايدىلا سىزنى ساقلاي، ئەنە ئاۋۇ تاش بىنانىڭ بۇرجىكىدى- لا، ئەخلەت ساندۇقىمۇ تۇرىدىغۇ، دەل شۇ يەردە...
— ھەرھالدا ماڭا يېقىنراق تۇرغىنىڭ ياخشىمىكىن، دەي- مەن، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر ۋە بۇ سۆزنى نېمە مەقسەتتە دەۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. بەلكىم يالغۇز قىلغان مۇنچىلىك كۆپ سودىدىن ئاخىرىدا بىر ۋەقە چىقىپ قالامدۇر دەپ ئەنسىرە- ۋاتقاندۇ ياكى يارماقا يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى ساناپ بېرىۋېتىپ

ئۇنىڭ يېنىغا كەلگۈچە يارماققا ئىگە چىقامدۇ، چىقمامدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاۋاتقاندۇر. ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر بىر ئەنسىزلىك ئىچىدە دۈپۈلدىگەندەك بولدى.

— بۇ ئىشىڭىزنى، مۇشۇ بىر يارماق بىلەنلا تۈگىتەيمەكىن، — دېدى ئاخىر يۇسۇپ ھوشۇر بايىقى ئويلاردىن كېيىن، بۇ سودىنى قىلىشقا رايى بارماي، — بۇ سودىغا دېگەندەك كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ جۇمۇ، ئۇكا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، ئاكا، — دېدى ياغاق يۈز چىرايى ئۆزگەرگەن ھالدا ئالدىراپ سۆزلەپ، — سىز ئانچىكى يىگىرمە سوملۇق سودىغا شۇنچە قورقۇنچاقلىق قىلىسىز، بىز ھېلىمۇ ئۆلۈپ قالمايدىكەنمىز، بۇ قېتىم ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ سوملۇق مالنى «توققۇز ئەجدىھا»① دېگەن يەرگە ئەكېتىۋاتىمەن، ئۇ يەردىن ئاسارئەتىقە پادىشاھلىرى بار، ئاكا، ئۇلار دېگەن دېڭىز قاراقچىلىرى، دېڭىز ئۈستىدىلا سودا قىلىدۇ. ئۇلار مىليون - مىليون پۇلنى يېنىدا ئېلىپ يۈرىدۇ، چۈنكى ئۇلار نەق سودا قىلىدۇ - دە...

— ياھ - ھا! نېمىدېگەن كاتتا سودا بۇ، — ھەيران بولدى يۇسۇپ ھوشۇر ئاغزى ئېچىلىپ، — پۇلنىمۇ شۇنداق كۆپ ئېلىپ يۈرىدىغانلار بار ئىكەن - ھە! ؟ مەن بۇ يەردە يىگىرمە مىڭ بەش يۈزنى كۆتۈرۈپ يۈرسەم پۇت - قولۇم تىترەپ، ماغدۇرۇم قالمايۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ تېنىدىن جېنى جۇدا بولۇپ كەتمەمدىغاندۇر؟! ئۇلار شۇنداق نۇرغۇن پۇل كۆتۈرۈپ يۈرۈپ يۈرىكىمۇ كۆنۈپ، نەپسىمۇ يوغىناپ كەتكەن - دە!...

يۇسۇپ ھوشۇر شۇ گەپلەرنى توختىماي قىلدى. ئەمدى ئۆزىنى تەۋەككۇل دەرياسىغا ئاتماقچى بولۇۋاتاتتى. «تاشلا، تاشلا! — دەيتتى بىر غايىبانە كۈچ ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تەڭ

① توققۇز ئەجدىھا — جيۇلۇڭ، شياڭگاڭغا يېقىن جاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىتتىرىپ، — تاشلا! قورقماي ئۆزۈڭنى ئات، يۇسۇپ سا-قال، » .

— كەچ كىرىپ كەتتى بولۇڭ، ئاكا، — ياغاق يۈزنىڭ سۆزى ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ بېلىغا تەپتى، — مەن ئاۋۇ سىزگە كۆرسەتكەن بىنانىڭ بۇرجىكىدە تۇرۇپ تۇرىمەن، سىز يارماقلار-نى ئېلىڭ - دە تېزلا كېلىڭ، پۇلنى تەقلاپ تۇراي، بۇنداق سودىنى سىز بىلەنلا قىلمايمەن، ئاكا، بۈگۈن كەچ يەنە يۈزمىڭ سوملۇق سودا مېنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرىدۇ. «تۇغلۇق تۆمۈرخان» ، «سۇلتانئۇۋەيس مازىرى» ، «خونىخاي ما-زىرى» ، يەنە قايسى ھە، «ئىنايىتۇللا غوجام مازىرى» دېگەنلەرگە بارىمەن.

— نېمىگە شۇنچە زۆرۈر ئۇ يەرلەر؟ — سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر چوڭقۇرلاپ، ئۇنىڭ ھەممىنى بىلگۈسى كېلەتتى. ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق پۇلىنى ئورۇنسىز يەرگە خەجلىگۈسى كەلمەيتتى.

— ئۇ يەرلەردىن يەتتە - سەككىز مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قىممەتلىك ئاسارىئەتىقىلەر تېپىلىپتۇ. مان شۇلارنى قولغا چۈشۈ-رۈپ بازارغا سالمىساق، پۇل نەدىن كېلىدۇ دەيسىز، بىز دېگەن سودىگەر! سودىگەر دېگەن ۋاقىت قوغلىشىدۇ. ۋاقىت — پۇل! ۋاقىت — بايلىق! خەق ئۇيقۇسىنى ئېچىپ بولغۇچە بىز ئۇنداق نەرسىلەرنى بازارغا سېلىپ بولىمىز. پۇل دېگەن شۇ.

ئۇنىڭ گەپلىرى ئىشەنچلىك ئىدى. يۇسۇپ ھوشۇر ئۆزى ئويناپ چوڭ بولغان مۇشۇ دىيارنىڭ توپا - تاشلىرى، تۆمۈر يارماق - تەڭگىلىرى شۇنچىلىك كۆپ قىممەتتە پۇلغا يارىسا، شۇنچىلىك كۆپ ئەتىۋالانسا ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان نېمىشقا ئۇيقۇسىنى ئاچمىغان بولغىيدى، نېمىشقا شۇنداق سودىنىڭ بار-لىقىنى بىلمىگەن بولغىيدى، ئۇ شۇنداق تېپىلغۇسىز ئېسىل نەرسىلەرمىدۇ؟ شۇنداق قارىساڭ بىر ئەسكى يارماقتەك كۆرۈنىدۇ، مەن ئۇنى بەش يۈز سومغا ئالىمەن، مەندىن ئاۋۇ ئەخمەق

مىڭ سومدىن سېتىۋالىدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟! ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا زىددىيىتى بولغاچقىلا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار ئارازلىشىپ قالغاچقىلا مەن ئارىلىقتىن پايدا يەۋاتىمەن! مانا، ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا ئۇ كۆز، بۇ كۆزنى يەيدۇ دېگىنى شۇ ـ دە! ...

— بۇ قېتىم تېپىلغان ئاسارئەتىقىلەر، — بايىقى ئۇزۇلۇپ قالغان گېپىنى داۋام قىلدى ياغاق يۈز، — بايا دېگەن يەرلەردىن تېپىلغان، سىز ئۇ يەرلەرنى بىلەمسىز؟

— نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن، ئۆزىمىز ئويناپ چوڭ بولغان يەرلەر ئۇ، — جاۋاب بەردى يۈسۈپ ھوشۇر مەغرۇر ھالدا، — بالا ۋاقتىمىزدا ئات باققان، قارىغاي سۆرىگەن، توشقان قوغلىغان يەرلەر ئۇ...

— بەللى، مانا شۇ يەرلەردىن نەچچە مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا غەربىي دىيارغا كەلگەن باش سەيياھ جاڭ چيەننىڭ كۆمۈپ كەتكەن نەرسىلىرى تېپىلىپتۇ، ھازىر شۇنىڭغا بازار تالىشىۋاتىدىمىز. قېنى ئەمىسە، بۇ ئىشىمىزنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەندىسىز، ئاكا، چۈشىنىپ قىلغان ئىش بىلەن چۈشەنمەي قىلغان ئىشنىڭ ئۈنۈمى باشقا ـ باشقا بولىدىغۇ دەيمەن ـ ھە؟!

— شۇنداق بولمامدىغان، ئۇكا، — يۈسۈپ ھوشۇر ئەمدى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي قايىل بولغانىدى. ئۇ، ياغاق يۈزنىڭ نۇرغۇن پاكىتلارنى كەلتۈرۈپ سۆزلىشى ئارقىلىق تارىخىي ئاسارئەتىقىلەرنى مەككار سودىگەرلەرنىڭ شۇنچىلىك كۆپ پۇلغا يارىتىدىغىنىنى ئېنىق بىلدى، چۈشەندى. ئويلىغانسېرى، كاللىسىدىكى سىرلىق، گادىرماچ خىياللارنىڭ چىگىشلىنى تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىنچى قېتىم، ياق ئۈچىنچى قېتىم يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» نى تېپىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ كېتىۋېتىپ كونا سومكىسىنى ئۇ قولتۇقىدىن ئېلىپ، بۇ قولتۇقىغا قىستۇراتتى. ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈپ باقاتتى. يەنە خاتىرجەم بولالماي قولتۇقى-

غا چىڭگىدە قىسسىپ مېڭىشنى بىر ئاز ئەپلىك كۆردىمۇ ئاخىر شۇ تۇرقى ياغاق يۈزدىن يىراقلاپ كۆزگە كۆرۈنمەي قالدى، بىردەمدىلا يەنە قايتىپ كەلدى.

— ھېلىقى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» دېگىنىڭنى تاپالماي كەلدىمغۇ، ئۇكا، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئۆڭسۈلى يوق ھالدا، — بەش يۈز سوم پۇلۇمنى ئېلىپ قاچتىمۇ نېمە؟! راست شۇنداق قىلغان ئوخشايدۇ، ماڭا بەرگىنى ئاسەرئەتىقە ئەمەس، ئادەتتىكى تۆمۈر تەڭگە ئوخشايدۇ جۇمۇ؟!

— نېمە دەۋاتىسىزوي، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — ۋارقىراپ سۆزلىدى ياغاق يۈز، — شۇنداق بولدى دېگىنىدىمۇ قولىڭىزدا مىڭ سوم تۇرمامدۇ، سىز زىيان تارتمايسىزغۇ، زىيان تارتقىنى يەنىلا مەن بولىمەن، بىر كۈن كەچكىچە ئارقىڭىزدا يۈرۈپ ئاران بىر يارماق ئالالمىدىمەن. بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەتراپىڭىزغا ئوبدانراق قاراڭ، بەلكىم بىرەر دۇكانغا ئۇسسۇلۇق ئىچىش ئۈچۈن كىرىپ كەتكەندۇر، ئەنە دېمىدىممۇ...

ياغاق يۈز يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ مۇرىسىدىن ئوڭ قولىدا قامال-لاپ تۇتۇپ سول قولىنىڭ بىگىز بارمىقىدا بىر سوغۇق ئىچىملىك بوتكىسىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان توڭلاتقۇ ساندۇقىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ھە دەپ گازلىق سۇ ئىچىۋاتقان يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر»نى كۆرسەتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنى كۆرۈپ يىتتۇرگەن قىممەتلىك نەرسىسىنى تاپقاندەك خۇش بولۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ بىر ئاز تەنتەكلىكىگە ئىچىدە كايىپمۇ قويدى.

— ئەمىسە كېلىشتۇق، ئۇكا، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر يەنە تەكىتلەپ، — ئۇنىڭدا يەنە ئوتتۇز توققۇزى بار ئىكەن، ھەممىسىنى ئالىمەن، سەن ماڭا قىرىق مىڭنى سانايسەن، ياق، يەنە ئوتتۇز توققۇز مىڭنى ساناپدىكەنسەن جۇمۇ، لېكىن، مېنىڭ پايدامغا كۆزۈڭ قىزارسا بولمايدۇ.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلدىكەنسىز، ئاكا، — دېدى ياغاق يۈز جىلمىيىپ كۈلۈپ قويۇپ، — مەنمۇ سىزدىن ئالغان باھانىڭ نەچچە ھەسسىگە بولمىسىمۇ، تەڭ يېرىمىغا يېقىن ساتالايمەن، مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئاكا، ئالدىدا ئۆزىڭىزنىڭ سودىسىنى پىشۇرۇپ كېلىڭ، مەن ئاشۇ بىنانىڭ تۈۋىدە سىزنى ساقلايمەن. ئاڭلاپ تۇرۇڭ يەنە بەش يۈز سوم مۇكاپاتىڭىز بار جۇمۇڭ.

— نەدىكى مۇكاپات؟! تاپان ھەققى دېگىن، ئۇكا، — كېتىۋېتىپ تەكرارلىدى يۈسۈپ ھوشۇر، — تاپان ھەققى!

— ھە، چاي پۇلى، — تەكرارلىدى يەنە ياغاق يۈز…

V

ئەمدى باشقىچە ئەھۋالنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۈسۈپ ھوشۇر يېڭىۋاشتىن روھلاندى. بىرخىل ئىپتىخارلىق روھ ئۇنى چىرمىۋالدى. ئۇ بۈگۈن ھېچكىم قىلالمايدىغان بىر سودىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىۋاتاتتى. كۆز ئالدىدىكى زور پايدىنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدى، ئائىلىنى، ئۆزىنىڭ ھەممە ئەجىر - تۆھپىسىنى ھەتتا ئۆزى قىلىۋاتقان بۇ پۇللۇق سودىنىڭ تېخى دۆلەت چەكلىگەن، قانۇن يول قويمايدىغان دۆلەت ھالقىغان ئەتكەس ماللارنى توشۇش دېلوسىغا ياتىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇدى. ياق، ئۇنتۇدى دېسەك بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولىمىز، ئۇ بۇ جەھەتنى ئويلىغانىدى. بىراق پايدىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىدى. چۈنكى كۆزىگە تاراقلاپ قىرىق مىڭ سوم پۇل كۆرۈنۈپ، ئۇنى ۋەسۋەسىگە سالماقتا ئىدى. ئۇ ئاخىر مۇشۇ بىر قېتىملىق ئەتكەس مال سودىسىنى قىلىپلا ئىككىنچى قىلماسلىقنى، ئالغان پايدىسىنى ئۆز پۇلىغا قوشۇپلا بانكىغا قويۇۋېتىشنى ئويلىدى. بىر قېتىملىق زور سودىنىڭ بۇسىنى چىقارماي جىممىدە پۈتتۈرۈۋالسا كىم سۈرۈشتە قىلىدۇ. ياغاق يۈز كېچىلەپ شياڭگاڭغا كېتىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەن، يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» بولسا نەدە ئەسكى قەلئە ـ سېپىل، مازار، گۈمبەزلەرنى ئىزدەپ كولاپ ياكى كولىغانلاردىن «ئەڭ-گۈشتەر» سېتىۋېلىپ سىرتتا قاتىراپ يۈرىدىكەن. جەمئىيەتتە نى ـ نى ئىشلار بولۇپ يەنە تىمتاسلا جىمىپ كېتىدىغۇ، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. بىرەرى مېنى كۆرگەننىڭ ئارىلىقىدا سو-دىنى پۈتتۈرۈپ يىگىرمە مىڭنى قىرىق مىڭ قىلىپ ئۆيگە بېرىۋال-سام ھالىڭ ـ تاڭ قالىدۇ، ئۇ چاغدا غۇلجىدا مېنىڭدىن نوچى ئادەم يوق، دېسەممۇ بولۇۋېرىدۇ...

يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» خىيالغا پېتىپ كېلىۋاتقان يۈسۈپ ھوشۇرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇسسۇلۇق ئىچەمسىز، ئاكا، — سورىدى ئۇ ۋە بوتكىچى-غا بۇرۇلدى، — گازلىق سۇدىن يەنە بىرنى ...

— ياق، ياق ... رەھمەت، ئۇكا، سوغۇق نەرسە ئىچەلمەي-مەن، گېلىم ئاغرىيدۇ، — رەت قىلدى يۈسۈپ ھوشۇر.

— ئەمىسە مۇزلاتمىغان قېتىق ئىچىڭ! — يەنە تەكلىپ قىلدى يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر».

— بوپتۇ ئەمىسە...

ئىككىسى بىر پەس ئۇياق ـ بۇياقتىن پاراڭلىشىپ بىرى گازلىق سۇ، بىرى قېتىق ئىچىشتى. سوغۇق ئىچىملىكلەرمۇ ئىچىلىپ بولدى. يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» قېتىقنىڭ پۇلىنى يۈ-سۈپ ھوشۇرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئۆزى تۆلىۋەتتى. ئەمدى ھەر ئىككىسىدە بىرلا مەقسەت، بىرلا ئىنتىلىش بار ئىدى. ئورتاقلىقى: پايدا. پايدا دېگەن شۇنداق شېرىن تاتلىق نەرسىمى-دۇر؟ ئىنساندىن ئىبارەت بۇ ئاڭلىق مەخلۇقتىلا بولىدىغان بۇ ئۇقۇم دەل شۇ ئىنسانىنىڭ ئۆزىنى بەزىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا ئاچىقىپ يولۋاستەك باتۇر قىلىۋېتىدۇ، يەنە بەزىدە گۆرگە ئىتتى-رىۋېتىدۇ، ئىنسان پايدىدىن كېيىنلا يەنە شۇنداق يوشۇرۇن ھالا-كەت ۋە شۇنداق يوشۇرۇن ئاپەتنىڭ بارلىقىنى پايدا دەپ قوغلى-

شىپ ئاخىر ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ بارغىنىنى بىلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىنساندىن ئىبارەت بۇ ئاڭلىق مەخلۇق ئاشۇ تويماس نەپسىدىن ۋاز كېچەلمەيدۇ، مۇشۇ نەپسى ئۇچۇنلا قولىدىن كېلىدىغانلىكى بارلىق ئىشلارنى ياخشى ـ يامانغا ئايرىمايلا قىلىۋېتىدۇ...

يۇسۇپ ھوشۇر دەل شۇنداق يولنى بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، ئۆزىنى كۇتۇپ تەقەززالىقتىن كۆزلىرى يوغىناپ خۇددى بەز يېگەن مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ كەتكەن يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر»نىڭ قېشىغا كەلگەندە خىيالىدا: «بۇ سودىنى بىرلا قېتىم قىلىمەن، ئىككىنچى قىلمايمەن...» دەپ ئويلاۋاتاتتى. ياغاق يۇزنىڭ دېيىشىچە، پايدىسى زور، ئەمما ئەتكەسچىلىككە ياتىدىغان، خەتىرى كۆپ بۇ سودىنىڭ مېھرى بەك ئىسسىق بولسا كېرەك، يۇسۇپ ھوشۇر ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ بىر قەدەم ئارقىسىغا چېكىنمەي ئاخىر بۇ سودىنى قىلىشقا بەل باغلىدى.

— قېنى، ئۇكا، قالغان يارماقنى ساناپ باقامسەن؟ — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئۆز ئىرادىسى بويىچە گېپىنى ئاشكارىلاپ، — ھە، ھە بىر چەتكە چىقىپ، خالىيراق بىر جاينى تېپىپ سانايلى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — دېدى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» تىترىگەن ئاۋازدا، — مانا ئەمدى چۈشىنىپسىز، ئاكا، پايدىسى كۆپ مۇنداق ئوقەتنى ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن نېرىراق بىر يەردە قىلمىساق، تەڭگىلەرنى كۆرۈپ قالسا، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر، دېيىشتىن يانمايدۇ جۇمۇڭ، ئادەملەردە ئىنساپ قالمىدى، بولمىسا بىز بۇ سودىنى مۆكۈنۈپ يۈرۈپ قىلاتتۇقمۇ، ئۆزىمىزنىڭ شەھرىدە ئۆزىمىز ئوغرىدەك يوشۇرۇنۇپ ئوقەت قىلىۋاتىمىز. ئويلاپ بېقىڭە، ئەركىن سودا نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! خالىغىنىڭنى ساتىسەن، خالىغىنىڭنى ئالىسەن، بەزىدە شېرىك بولىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ تېخى!

يۈسۈپ «ئەگگۈشتەر» كاسىلداپ تۇرۇپ بولغار سومكىسىنى ئېچىپ يارماقلارنى بىر ـ بىرلەپ ساندى، يۈسۈپ ھوشۇرمۇ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بىر ـ بىرلەپ قولىدىن ئۆتكۈزدى، قايتىلاپ ساندى: تۇپتوغرا قىرىق بىر. نېمىدېگەن توغرىلانغان سان! يەنى يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ قولىدىكى يىگىرمە مىڭ بەش يۈز سوم پۇلغا توغرىلىنىپتۇ. نېمىدېگەن جاي ـ جايىغا كەلگەن ئىش بۇ، ئوقەتتىمۇ شۇنداق سان ـ ھېسابغا توغرىلىنىپ قالىدىغان ئىشلار بولىدىكەن ـ ھە؟!

يۈسۈپ ھوشۇر قىرىق بىرىنچى ياماقنى ساناپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن سومكىسىغا سالغاندا ئاشۇ خىياللارنى چاقماق تېزلىكىدە كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. شۇ تاپتا ئۇ تەڭگىگە ئىككىنچى قېتىم خېرىدار بولىدىغان ھېلىقى ياغاق يۈزنىڭ قارىسى كۆرۈنمەدۇ، يوق دېگەن ئۆيدا بىنا دوقمۇشى تەرەپكە ئۆزمەي قارايتتى. ياغاق يۈز بولسا ئۆزى دېگەن يەردە، پاكار گەۋدىسىنىڭ يېرىمىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، كوچىدا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرگە قاراپ تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان قويۇق تاماكا ئىسىدىن، تاماكىنى ئۆزمەي چېكىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دېمەك، ۋەدە يالغان بولماپتۇ. ئۇ، يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ يارماقلارنى ئەكېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك بىر ئورۇندا تېپىرلاپ تۇرالمايتتى.

— قېنى، پۇلنى سانىمامسىز، ئاكا، — دېدى يۈسۈپ «ئەگگۈشتەر» قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ، — قېنى بولۇڭ، مەن باشقا بىرى بىلەن ۋەدىلىشىپ قويغان، ئۇنىڭ بىلەنمۇ خۇددى شۇنداق تەڭگە سودىسى قىلىمەن ئەمەسمۇ...

— خوپ... ساناي، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر يۈرىكى نېمە ئۈچۈندۇر ئەنسىز ئېغىپ ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ تۇرسىمۇ ئۆزىنى زورغا بېسىپ، — پۇلنى سانايمەن، سىزمۇ ئالىسەن، مەنمۇ تېگىشلىكىمنى ئالىمەن، سەنمۇ تېگىشلىكىڭنى ئېلىپ ماڭىسەن، ئاخىر قانداق بولىدۇ؟

يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر» بۇ سۆزدىن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچ نەرسىنى بىلىپ بولمايتتى.

— ئاخىر قانداق بولىدۇ، دەمسىز!؟ — سوئالغا سوئال بىلەن سورىدى يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر» ۋە جاۋابىنى يەنە ئۆزى بەردى، — ئاخىر قانداق بولاتتى، سودا پۈتكەندىن كېيىن، ھەرقايسىمىز ئۆز ئوقىتىمىزغا كېتىمىز شۇ.

— ياق، توختا، بۇ يەردە بىر مەسىلە تۇرىدۇ، — گۇمان بىلەن گەپ باشلىدى يۇسۇپ ھوشۇر، — دەسلەپ سىنىڭ تەڭگىلىرىڭ يىگىرمە ئىدى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — چىرايى ئۆڭۈپ تۇرغان يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر»نىڭ تىلى كالۋالىشىپ ئارانلا گەپكە كەلدى.

— خوش، يەنە يىگىرمە بىر يارماق نەدىن كېلىپ قالدى؟ — سوئال نەزىرىدە ئۇنىڭغا تىكىلدى يۇسۇپ ھوشۇر، ئۇ بىگىزدەك تىكىلىپ قارىغاچقا ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى خۇددى يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر»نىڭ كۆكسىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندەك بىلىندى. يۇسۇپ «ئەڭگۇشتەر» ئاخىر بۇ قېرى سودىيىگە تىكىلىپ قارىيالماي باشقا ياقلارغا قارىغان بولۇپ مىيىقىدا كۈلدى.

— بايا سىز مېنى ئىزدەپ تاپالمىغاندا مەن يەنە يىگىرمە بىر ياماق ئەكەلگەن گۆركار بىلەن بىر چەتتە سودىلىشىۋاتاتتىم، مەن سىزنى كۆرگەن، لېكىن سىز مېنى كۆرمىدىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزنى چاقىرىشمۇ ھاجەتسىز، گۆركارمۇ سىزگە ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدۇ - دە.

— مۇنداق دېگىن، — قايىل بولدى يۇسۇپ ھوشۇر، — بولدى باشقا گەپنى قويايلى، باشتا سۆزلەشكەن يارماق سانى بويىچىلا سودا قىلايلى، بىر يارمىقىڭنى قويۇپ تۇر، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ رەڭگى، ياسىلىشىمۇ باشقا يارماقلارغا ئوخشاشماي تۇرىدۇ.

— يۈسۈپكا، سىز مۇئەللىم بولغانغۇ دەيمەن؟ — سورىدى يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» تېرىككەندەك قىلىپ ئەمما چاندۇرماي سۆ-زىنى داۋام قىلدى، — دەيمىنا، مۇنچىلىك چىڭگىزلىك قىلىپ كېتىپ بارغىنىڭىزغا قاراپ دەپ قويغان گېپىمغۇ، مۇئەللىملەر سودىغا بەك گىرى كېلىدۇچۇ.

— بولسام بولغاندىمەن، — دېدى يۈسۈپ هوشۇر قەتئىي قىلىپ، — ئەمما نېمە دېسەڭ دېگىن يەنە ئوتتۇز توققۇز يارمىقىڭ-غا پۇل سانايمەن.

— بوپتۇ، بوپتۇ، يۈسۈپكا، دېگىنىڭىزنىلا بېرىلى، ئەمدى سىز بۇ سودىدىن ھەرگىزمۇ زىيان تارتمايسىز، قۇشقاچ گۆشىمۇ گۆشقۇ! بىر يارماقتىن ئاز دېگەندە سىزگە بەش يۈز سوم پايدا بار ئىدى. خەير، مەيلى، سىزگە خەيرخاھلىق قىلسام بىلمىدى-ڭىز، مەنغۇ ئۆز جايىدا سېتىۋالىمەن، ئەمما بۇ بىر ياماقنى يەنە نەدە سۆرەپ يۈرىمەن دېگەنلا گەپ شۇ

— بوپتۇ، ئالسام ئالاي، ئوشۇق دۆلەت باش تەشمەي-دىغۇ، — يۈسۈپ ھوشۇر ئاخىر بايىقى بىر يارماقتىن كىرگەن بەش يۈز سوم پايدىنى ئويلاپ، پۇلنى قولىدىن چىقىرىۋەتكۈسى كەلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتتى. يۈسۈپ ھوشۇر ئەبجەقى چىققان كونا سومكىسىدىن پېچىتى بۇزۇلمىغان يېڭى پۇللارنى ئېلىپ شۇ پېتىچە يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر»گە تۇتقۇزغاندا ئۇنىڭغا گويا ئۆزى-نىڭ ئىسسىق ھارارەتلىك يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىپ بېرىۋاتقاندەك بىلىندى. ئىككى تىزى، قوللىرى تىترەپ يەتتە ئەزايىدا كۈچ - مادار قالمايۋاتقاندەك بىرخىل زەئىپلىك سېزىلدى. شۇن-داق بولسىمۇ ئۇ پۇلنى بېرىۋەردى، ئۆز ئىرادىسى، ئۆز خاھىشى-غا خىلاپ، ئۆز بەدىنىنىڭ شەرتلىك رېفلېكس ئارقىلىق بىلدۈرۈ-ۋاتقان قارشىلىقىغىمۇ قارىمىغان ھالدا پۇلنى بېرىۋەردى. پۇلمۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقانىنىڭ ئارىلىقىدا يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» نىڭ

قولىغا ئۆتۈپ، خۇددى قارا كېپەنلىككە ئورىلىپ يەرلىككە قويۇلغاندەك، قارا بۇلغار سومكىغا كىرىپ كەتتى. پۇل ئەمدى ئەبەدىي قولدىن كەتكەنىدى. مۇنداق دەھشەتلىك ئاقىۋەتتىن بىچارە يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى!

يۇسۇپ ھوشۇر كەلگۈسى ئىشلار بىلەن قىلچە ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي قولىدىكى تەڭگىلەرنى نەق پايدا دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنى ئەبجىقى چىققان كونا سومكىسىغا ئىتتاپ سالدى. ئاندىن سومكىنى قولتۇقىغا قىسىپ، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى خېرىدارى، نۇرغۇن پايدا بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئاسارئەتىقە «پادىشاھى» ئاسارئەتىقە بازىرىنىڭ داڭدار سودىگىرى، مىليونېر ياغاق يۈزنىڭ يېنىغا قاراپ چاپتى. ياق، چاپمىدى، چاپقاندەك ئىتتىك ماڭدى. ئۇ بۇرۇلۇپ ماڭغاندا، بىنا دوقمۇشىدا ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ياغاق يۈز قول ئىشارىسى قىلدى. يۇسۇپ ھوشۇر بۇنى جەزمەن ماڭا قىلدى دەپ بىلدى ۋە قەدىمىنى يەنىمۇ ئىتتىكرەك باستى. ئۇ ياغاق يۈز تۇرغان بىنا دوقمۇشىغا بېرىشىغا شۇنچىلىك ئالدىرايتتى. ئالدىرىغانسېرى قەدىمى ئارقىسىغا كېتىپ بارغاندەك قىلاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، ياغاق يۈز ئاخىرقى قېتىم قارىسىنى غىل - پال كۆرسىتىپ قويۇپ، بىنانىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم «جىغغىدە» قىلدى - دە، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك، نەپىسى بارغانسېرى قىسىلىپ كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىغىمۇ قارىماي قەدىمىنى تېزلىتىپ بىنا دوقمۇشقا يېتىپ كەلدى. قېنى ياغاق يۈز؟! ھازىرلا مۇشۇ يەردە تۇرغان ياغاق يۈزنىڭ ئورنىدا باشقىچىلا بىر ئادەم تۇراتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ئالاقزادىلىك ئىچىدە چۆچەكتەك يوغىنىغان كۆزلىرىدە ئالاق - جالاق قىلىپ ئەتراپىغا قارىدى. بۇ يەردە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، نېرىدا تۇرغان يوغان ئەخلەت ساندۇقىنىڭ تۈۋىدە بىر ئاققۇن شارا - باراچى ئەخلەت ئاختۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالسا بۇ يەردە ئۆتتۈۋاتقان يولۇچىلاردىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. يۈسۈپ ھوشۇر بۇ ئەھۋالدىن چۆچۈپ، مۇزدەك بىر تەرلىدى، ئۇ شۇ تاپتا خۇددى زىمىستان ئايدالىدا ئاچ - يالىڭاچ قالغان يولۇچىدەك بىچارە ئەھۋالدا قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ سودىيەلىك ئۆمرىدە يېتىلدۈرگەن خىزمەت خاراكتېرى بويىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلەتتى. شۇئان ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان «قايت ئارقاڭغا، دەرھال ‹ئەڭگۈشتەر› نى تۇت! ...» دېگەن بىر سادا ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە خۇددى گۇلدۇرمامىدەك ياڭرىدى. ئۇ ئىتتىك ئارقىسىغا ياندى، بايا سودا بولغان يول چېتىگە يۈگۈرۈپ، ھاسىرىغىنىچە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە ھېلىقى مۇلايىم چىراي، يۇمشاق سۆز، ھەر ئىككى ئېغىز گېپىنىڭ بىرىدە پايدا يەتكۈزىمەن دەپ تۇرىدىغان يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» نىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى!

«قېچىپتۇ، ئەبلەخ! — ئۆزىگە ۋارقىرىدى يۈسۈپ ھوشۇر، — ھۇ، ئۆلگۈر، ھاراملىق! قېچىپتۇ، پۇلنى تۆمۈر تېزەككە تېگىشىپلا قۇيرۇقىنى خادا قىپتۇ - دە، كاپىر!»

بۇ ئېچىنىشلىق ئىدا بىلەن تەڭ يۈسۈپ ھوشۇر كۆكرىكىگە تەڭداشسىز ئېغىر بىر بازغان بىلەن «ۋاقلا» قويغاندەك ئارقىسىغا شوخشۇپ سەنتۈرۈلگىنىچە تېلېفون سىمى تارتىلغان قارا ستولبىغا يۆلىنىپ قالدى. ھېلىقى تەڭگە يارماقلار سېلىنغان كونا سومكىسى قولتۇقىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. قىرىق مىڭ سومغا يارايدىغان كونا ياماقلار قاچىلانغان سومكىسى يەرگە ئەخلەت - يۇندىلەر بىلەن توشۇپ بەتبۇي پۇراق چىقىۋاتقان ئېرىق ئىچىگە دومىلاپ چۈشۈپ كەتكەندىمۇ ئۇنىڭ قىلچە كارى بولمىدى. يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ چىرايى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ، قان دىدارى قالمىغانىدى، پۈتۈن تېنى سىلكىنەتتى، پۇت - قولى توختىماي تىترەيتتى. ئۇ بۇ خىل زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، قارا ستولبىغا دۈمبىسى بىلەن سىيرىلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋې-

لىشقا ئارانلا ئۇلگۈردى. سول قولىدا يەرنى سىيپاپ ئەمدى ھېچقانداق قىممىتى قالمىغان سومكىنى ئىزدەپ تېپىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇ بۇ يەردە قانچىلىك ئولتۇرغىنىنىمۇ بىلمىدى، ئاستا - ئاستا كۆز باغلىنىپ كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭلاشقان چاغدىلا ئۇنىڭ يېنىغا چوڭ ياشتىكى بىر ئادەم كەلدى.

— سىز گە ياردەم كېرەكمۇ؟ — سورىدى يولۇچى مۇلايىم ئاۋازدا، — قان بېسىم ياكى يۈرەك كېسىلىڭىز قوزغىلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ ئۆيىڭىز نەدە؟ ئاپىرىپ قوياي...

ئۆز - ئۆزىدىن گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىھوش ھالەتتە خىرقىراپ، ئېغىر نەپەس ئېلىپ ئولتۇرغان يۈسۈپ ھوشۇرغا يولۇچىنىڭ مۇلايىم ئاۋازى خۇددى يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» نىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ، بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى، ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ غۇۋا قارىسىنى كۆرۈپ جۆيلۈگەندەك دېدى:

— ھە، «ئەڭگۈشتەر» كەلدىڭمۇ؟!...

— گېپىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — دېدى يولۇچى گۇ-گۇم پــەيتىدە ئــۇنىڭ تامــدەك ئاقــارغان چىرايىنــى تەستە پەرق ئېتىپ.

يۈسۈپ ھوشۇر قاراڭغۇلۇق تىقىلغان نۇرسىز كۆزلىرىنى ھەرياققا يۇگۇرتۇپ قويۇپ يەنە بېشىنى تۆۋەن سالدى - دە، جىمىپ كەتتى. ئۆپچۆرىگە بىردەمدىلا ئادەملەر ئولاشتى. ھەرقايسى ئۆز گېپىنى يورغىلىتاتتى:

— ھە؟!... ھاراقكەشمىكەن، ستولىبا ساناپ قاپتۇ - دە! بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىنىڭ ئېشەك سۈيدۈكىنى ئىچىۋېلىپ بولۇپ قالغان ھالىنى قاراڭلار! توڭگۇزدەك ئېغىناپ يېتىپتۇ، ئىسىت! ئاللا ساڭا بەرگەن ئەقلىنى ئىت، ئېشەككە بەرسىچۇ!...

— ياقەي، بىكاردىن - بىكارغا خەقنى تىللىماڭلار، خالا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىق، كېسىلى قوزغىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، كېسىلى قوزغىلىپ يېتىپ قاپتۇ...

— ھە، مۇنداق دەڭ، يۇرۇڭلار كېتەيلى، تۇتقاقلىق كېسەللى بار ئىكەن ــ دە!...

— ساراڭكەن دەڭلار!...

— ئۇنداقمۇ ئەمەس، يۈرەك كېسىلى بار ئوخشايدۇ...

— ئەمىسە ئازراق ئولتۇرۇپ ياخشى بولغاندىن كېيىن، ئۆيىگە ئۆزى كېتىۋالىدۇ، نېمىگە شۇنچە ئولىشىۋالغان بىكارچى خەقتۇر، بۇ؟!...

— شۇنى دېمەمسەن، ئاۋۇ ئادەممۇ خۇددى ئورانگۇتاندەك ماكچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ، چىرايى نېمانچە ئۆمسە!...

يۇسۇپ ھوشۇر بېشىغا كەلگەن بۇ ئېغىر زەربىدىن ئەس ـ يادىنى بىلمەي خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئولتۇرۇپ قالدى. كوچىدىن ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ھەررەڭ ـ سەر-رەڭ گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشتى. لېكىن ئۇلارغا جاۋاب بەرگۇدەك ئۇنىڭ مادار ـ ھالى يوق ئىدى.

«مانا نەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدا دەل مۇشۇ يەردىلا يىگىرمە مىڭ بەش يۈز سومنى نەق ساناپ بەرگەنىدىم، — ئۆزىچە سۆزلەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى يۇسۇپ ھوشۇر، ئۇ خۇددى خۇدىنى يوقاتقان ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى، — مەن ئاۋۇ يەرگە بېرىپ كەلگۇچە كۆزدىن غايىب بولدى، گۆرىگە ئوت كەتكۈرلەر، زاۋال تاپقۇرلار!...»

يۇسۇپ ھوشۇر شۇنداق دېگىنىچە گاڭگىرىغان كاللىسىنى قاماللاپ تۇتۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي يەنە جايىغا ئولتۇرۇپ قالدى، بىر دەمدىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپىغا ئولاشقان كىشىلەرگە نۇرسىز كۆزلىرىدە مەقسەتسىزلا تىكىلدى، ئۇ ئەتراپىدىكىلەردىن ھېچكىمنى تونۇمايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا شەھەرنىڭ جىمى ئادىمى ياۋايىلىشىپ ياۋۇز بولۇپ كەتكەندەك سوغۇق ۋە يات كۆرۈنمەكتە ئىدى.

— ۋۇي، يۈسۈپ ساقالغۇ بۇ، — دېدى توپلانغان ئادەملەر.
نىڭ ئارىسىدىن بويۇنداپ قاراۋاتقان پاكار بوي قاراموتۇق بىرى
ئالدىغا ئۆتۈشكە تەمشىلىپ، — نېمە بولغاندۇر ئۇنىڭغا، نېرى
تۇرۇڭلار، خالايىق، ئۆتۈۋالاي، ئاۋۇ كىشىگە گېپىم بار ئىدى،
مېنىڭ تونۇشۇم...

پاكار كىشى ئالدىغا ئۆتۈپ يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ بىلىكىدىن
تۇتۇپ ئاستا سىلكىگىنىچە ئۆزىگە قاراتتى.

— يۈسۈپئاخۇن، يۈسۈپئاخۇن، نېمە بولدۇڭلار؟ —
سورىدى ئۇنىڭدىن پاكار قاراموتۇق ئادەم مۇلايىملىق بىلەن، —
مېجەزىڭلار يوقمۇ، نېمە. ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي، يۈرۈڭلار، بۇ
يەردە ئادەم ئولاشتۇرماي ئاستا كېتەيلى، تونۇمايۋاتامسىلەر؟ مەن
زۇننەمغۇ.

— ياق، ياق، زۇننەم! مۇشۇ يەردە ئىككى قويمىچى مېنى
قويۇپ كەتتى، ھېلىلا مەشەدە ئىدى، تاپمىسام بولمايدۇ، —
يۈسۈپ ھوشۇر ھودۇققاندەك ئىتتىك - ئىتتىك سۆزلىدى، ئۇ.
نىڭ بۇ يەردىن كەتكۈسى يوق ئىدى. ئۇ، خۇددى ئېغىر غەپلەت
ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك ياكى ئۇزۇن ۋاقىت ھوشسىزلىنىپ بىر.
دىنلا ئېسىگە كەلگەندەك ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا
ئالاق - جالاق بويۇنداپ قاراپ ھېلىقى ئىككى سودىگەرنى ئىزدەيت.
تى.

— قايسى ئىككى قويمىچىنى دەيسىلەر، يۈسۈپئا.
خۇن، — دېدى زۇننەم ئۇنىڭغا، — ئازراق مىجەزىڭلار يوق ئوخ.
شايدۇ. يۈسۈپئاخۇن، يەنە يىقىلىپ قالماڭلار، ئۆيگە كېتىۋالاي.
لى، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۆيدىكىلىرىڭلار ئەنسىرەپ
قالىدۇ...

— نېمە دەۋاتىسىلەر، زۇننەم؟!...، — بىردىنلا غەزەپلەن.
نىپ ۋارقىرىدى يۈسۈپ ھوشۇر، — يىگىرمە مىڭ بەش يۈز
سومنى ئېلىپ قاچقان ئوغرىلارنى تاپماي ئۆيگە قانداق قايتقۇلۇق!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نېمە، يىگىرمە مىڭ بەش يۈز سوم ئۇ؟! ئوغرى ئالدىما؟! — ھەيران بولۇپ سورىدى زۇننەم، — قاچان، قەيەردە ئالدى، قانداق ئالدى؟ ئەمسە ساقچىغا خەۋەر قىلايلى!

— ھازىرلا مەشەدە ئىدى! — يەنە ئۇشتۇمتۇت ۋارقىرىدى يۇسۇپ ھوشۇر ۋە زۇننەمنىڭ گەپلىرىگە جاۋابمۇ بەرمەي توپلاندىغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بايىقى بىنانىڭ دوقمۇشىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. توپلانغان كىشىلەر ئۇنىڭ غەلىتە قىلىقلىرىغا، ئاڭلىغان گەپلىرىگە قاراپ ياقىسىنى تۇتۇشتى، يەنە بەزىلىرى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ ئىچ ئاغرىتقىنىچە تارقىلىپ كېتىشتى. زۇننەم نېمە قىلارىنى بىلمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى. قاش قارىيىپ، خېلى بىر ۋاقىت ئۆتكۈچە يۇسۇپ ھوشۇر خۇددى سارائىلاردەك ئىككى ئارىلىقتا چېپىپ يۈردى.

ئۇنى كۆرگەن تونۇش - بىلىشلەر:

— يۇسۇپكا، يۈگۈرۈپ قاپسەنغۇ، پايدا چىققان ئوخشىمامدۇ؟ — دېسە، يەنە بەزىلەر:

— يۇسۇپ ساقال يۈگۈرۈپ قاپتۇ. ئەس - ھوشى جايىدىمۇ، قانداق؟ — دېيىشىپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشتى.

يۇسۇپ ھوشۇر ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارى بولمىدى. ئۆزىلا بىلىدىغان تونۇش چىرايلارنى ئاختۇرۇپ، ھەربىر ئۆتكۈنچىنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قارايتتى. «ئەمەس!...» دېگەن ئۇقۇم ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقماق چاققاندەك پەيدا بولۇپ يەنە ئۆچەتتى، ئۇ يەنە باشقا ياققا يۈگۈرۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە بىردىنلا كىچىلىك قاتناش ماشىنىلىرى ئېسىگە چۈشتى. ئۇ «كائىنات» قاتناش بېكىتىگە كەلگەندە، كىچىلىك ماڭىدىغان ماشىنىلاردىن بىرنەچچىسىلا قالغانىدى. ئۇ ھەممىلا ماشىنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى توختىتىپ ياكى شوپۇرغا ئۇندىمەيلا ماشىنىنىڭ ئىچىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. يەنىلا تاپالمىدى. يەنە ئىزدىدى، ماشىنىغا چىقىپ يولۇچىلارغا يەنە بىرمۇبىر قارىدى. لې-

كىن ئۇ كۆرگەن يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» بىلەن ھېلىقى ياغاق يۈز يەرگە كىرىپ كەتكەندەك ياكى بولمىسا ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەك بۇ زېمىن ئۈستىدە كۆرۈنمەيتتى. نېمىشقىدۇر، ئۇنىڭ كۆڭلى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان ماشىنىنى تارتىپ تۇراتتى. ئۇ ماشىنىغا قايتىدىن چىقىپ يولۇچىلارنى يەنە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. يوتقانغا ئورىنىپ ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ يوتقىنىنى تارتىپ ئېلىپ چىرايىغا زەن سېلىپ قارىدى، ئۇلار ئۆزىنى بىھۇدە ئاۋارە قىلغان بۇ ئادەمگە شۇنچە كايىپ گەپ قىلىسمۇ، ئۇ، بىر ئېغىزمۇ جاۋاب قايتۇرماي بېشىنى قايغۇلۇق لىڭشىتىپ قوياتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە:

— ساراڭمۇ بۇ ئادەم، — دەپ غۇدۇراپ قويۇشتى.

ئاخىر ماشىنا ئورنىدىن قوزغالدى. لېكىن، يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ماشىنىدىن زادىلا چۈشكۈسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ شۇ پېتى ئۇرۇمچىگە كېتىپ، ئۆزىنىڭ يىگىرمە مىڭ بەش يۈز سوم پۇلىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن ھېلىقى ئالدامچىلار كەينىدىن قوغلاپ بارغۇسى كېلەتتى. نېمە ئامال، يېنىدا ئون تىيىن پۇلى يوق.

— ئاكاۋۇي، ئىشىڭىز تۈگىگەن بولسا چۈشۈپ كەتسىڭىز بولۇپتىكەن، يولغا چىقاتتۇق، — دېدى شوپۇر ئاپتوبۇسنى گۈرۈلدىتىپ ئوت ئالدۇرغان ھالدا ۋارقىراپ، — كىمنى ئىزدەيتتىڭىز؟

— بىر قويمىچىنى! — ئارانلا جاۋاب بەردى يۇسۇپ ھوشۇر گادىرماچ خىياللار ئىچىدە گاڭگىرىغان بېشىنى قاشلاپ.

— بۇ ماشىنىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يايمىچى، ئاكا، — دېدى شوپۇر ئۇنىڭغا، — ئۇرۇمچىگە مالغا بارىدۇ، بۇ يەردە قويمىچى يوق، قويمىچىنى ئىزدىسەڭ، ئەتە «ئالتۇن داڭقان» مەيدانىغا بارغىن، يانچۇقچى ئىزدىسەڭ، «قىزىل بايراق» سارىيىنىڭ ئالدىغا بارغىن، شاپاقچى ئىزدىسەڭ، دەريا بويىدىكى مەيخانىغا بارغىن، ئاكا.

www.uyghurkitap.com

شوپۇرنىڭ بۇ قىزغىن چاقچىقىدىن ئاپتوبۇس ئىچىدىكى يو-
لۇچىلار پاراققىدا كۈلۈشتى. يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچ
كارى بولمىدى. ئۇلارغا ھازىرقى مۇشۇ ھالدا ئۇلار كۈلەمدۇر،
يىغلامدۇر ياكى ئۆلەمدۇر، بەرىبىر ئىدى. ئۆز ھەلەكچىلىكى
بىلەن يۈرگەن يۇسۇپ ھوشۇر ئاپتوبۇستىن ئىتتىك چۈشۈپ كەت-
تى. ماشىنا ئورنىدىن قوزغىلىپ، كەڭ تۆمۈر ئىشىكتىن چى-
قىپ، بۇرۇلۇپ كەتكۈچە يۇسۇپ ھوشۇر كۆز ئۈزمەي قاراپ
تۇردى. ماشىنا توختايدىغان كەڭ مەيدان ئىمتاسلىقتا چۆكتى.
يولۇچىلارنى ئۈزىتىپ كەلگەنلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزاپ بولدى. بىر
چەتتە يېڭىدىن سېلىنغان ئەينەكلىك ئاشخانىلارنىڭ خوجايىن -
ئاشپەزلىرىمۇ جوزا - ئورۇندۇقلىرىنى تاراقلىتىپ يىغىشتۇ-
رۇپ، چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈشۈپ كېتىشكەنىدى. كەڭ مەيداندا
تەنها قۇشتەك ياكى چۆلدە يەككە - يېگانە تۇرغان قاقشال دەرەخ-
تەك ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرغان يۇسۇپ ھوشۇرنى بىرى نېمە
ئادەمسەن دەپ سوراپمۇ قويمىدى، راست، ئۇ بۈگۈن ھەممىدىن
قۇرۇق قالدى! ئۆمۈرلۈك يىغقان پۇل - دۇنياسىدىن ئايرىلدى،
كىشلەرنىڭ نەزىرىدىنمۇ چۈشۈپ بايىقىدەك كۈلكە - شاڭخوغا
قالدى. ئادەملەر نېمىدېگەن ياۋۇز ۋە نېمىدېگەن رەھىمسىزدۇ!
ئىككى قاراقچى كۆپكۈندۈزدىلا بۇلاپ قىپيالىڭاچ قىلىپ قىرىق
يىللىق ھالال ئەمگەك تەرى، پاك ئەجرىدىن يىغقان پۇللىرىنى
سۈپۈرۈپلا ئېلىپ قاچسا، ئادەملەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش، ھېس-
داشلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنى يەنە ساراڭغا، هاراقكەش-
كە، ئالىجۇقا - سودايىغا چىقىرىۋەتتى. ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ
ھېيىقماي چاقچاقتا ئايلاندۇرۇپ كۈلۈشلىرىچۇ تېخى!... ئۇنىڭ
ھازىرقى دەرد - ئەلىمىگە، قايغۇ - پۇشايمىنىغا كىم دالدا
بولالايدۇ!؟ شۇ تۇرقى ئۇ مۇشۇ ماشىنا مەيدانىدا ئۆلۈپ قالسىمۇ
ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدىغان ئوخشايدۇ... ئۇ شۇ ئۇيلاردا ئېسى-
نى يوقىتىپ، چاڭگاچاچ بولۇپ كەتكەن بېشىنى تۇتقىنىچە جاي-

دىلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى، بىردىنلا ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ، كىچىك بالىلاردەك ھۆڭگۈر ئىتىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ قايغۇلۇق ياشلىرى كېچە قاراڭغۇلۇقى باسقان ماشىنا مەيدانىدىكى ئۇششاق شېغىل تاشلارنىڭ ئۇستىگە سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ خېلى ئۇزاق بوقۇلداپ يىغلىدى، ئىچ - ئىچىدىن قايناۋاتقان دەردلىك يىغىسى ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئۆرۈپ ھەسرەت - پىغانىنى نالە - زارىنى تېخىمۇ ئاۋۇتاتتى:

«ئىسىت يىگىرمە مىڭ سوم پۇلۇم، ئۆمرۈم بويى جاپادا يىغقانىدىم، ھالال تەرىم - كۈچۈمدىن تاپقانىدىم! بانكىدا تۇراتتىڭ يىگىرمە مىڭ سوم، سېنى ئويلىسام ئەجەب كۆڭلۈم خۇش ئىدى، بانكىر قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئەجەب پوق يەپتىمەن، مانا ئەمدى، ئالدامچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ مېنى تىرىك ئۆلتۈردۇڭغۇ يىگىرمە مىڭ سوم، ۋەيران قىلدىڭ، سەرسان قىلدىڭ، ساراڭ قىلدىڭ يىگىرمە مىڭ سوم! ئەمدى ئۆيۈمگە قانداق كىرەرمەن، خوتۇنۇمغا، ئوغلۇم پەرھاتقا قايسى يۈزۈمدە قارارمەن، نېمىمۇ دەپ ئېيتارمەن، يىگىرمە مىڭ سوم! تېيىنىڭنىڭ راھەتىنى كۆرمەي، مېنى گۆرگە تىقتىڭغۇ، يىگىرمە مىڭ سوم، ئۆزۈڭمۇ گۆرگە تىقىلدىڭ، يىگىرمە مىڭ سوم!... ئارقاڭدىن مەنمۇ ئۆلەي، يىگىرمە مىڭ سوم! سېنى يىغىپ خەجلىيەلمىگەن ئەقلىمگە مىڭ لەنەت، يىگىرمە مىڭ سوم!...»

يۈسۈپ ھوشۇر «كائىنات» بېكىتىدە قانچىلىك ئولتۇرۇپ، قانچىلىك يىغلىغىنىنى ھېس قىلالمايتتى. ئۇ خۇددىنى پۈتۈنلەي يوقاتمىسىمۇ، ئېسەنكىرەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغانىدى. تاشلىق مەيدان ئۇنىڭ يانلىرىغا تىكەندەك پاتسىمۇ ئۇ بۇنى سەزمەيتتى، قىلچە ئاغرىق سېزىمى ھېس قىلمايتتى. بىردەمدىلا شامال چىقىپ ئاسماندىن توپا ياغدى، ئارقىدىنلا شارىلداپ بوران ئارىلاش يامغۇر تۆكۈلدى. «كائىنات» بېكىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ھايات تىرىكچىلىكىنى قىلىپ، كېچىنىڭ راھەت ئۇيقۇسىغا

چۆكۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئاخىرقى ئوقەتچىلەرمۇ يامغۇردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىرەر پاناھلىق جاي ئىزدىشىپ چېپىشىپ يۈرەتتى. لېكىن، يۇسۇپ ھوشۇر جايىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى، پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى، ئارقىدىنلا كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسى ئۇنى مۇزلاتتى. ئۇ بۇنىڭغىمۇ ئېرەنشىمىدى، بىردەمدىن كېيىن مۇزدەك تىترەك ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە يامىرىدى. تېنى ئاجىزلىغان، ئاتمىش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئادەم تەبىئەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت زەربىسى ۋە ئۆزىنىڭ روھىي ئازابى بىرلىشىپ كەلگەن بۇ شىددەتلىك ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. ئۇ، پۇتلىرىنى ئۇزىتىپ بېشىنى ئىككى چاترىقىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ئىككى قولىدا يەر تىرەجىگەن ھالدا خېلى بىر ھازاغىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاياغ تاۋۇشى ۋە پىچىرلاشلار يېقىنلىغانسېرى ئېنىق ئاڭلاندى: «ھاراق ئىچكەنمىدۇر، چەككەنمىدۇر؟ ...» پىچىرلاشتى ئۇلار. قۇلىقىغا كىرگەن بۇ گەپ بىلەن يۇسۇپ ھوشۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇنۇكلەشكەن كۆزلىرىدە ئەتراپىغا قارىدى. ئەتراپىدا بىرنەچچە ئادەم ئولىشىپ ئۇنىڭغا جىممىدە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇ ئۆزىنى بارغانسېرى تۇتەكلىشىۋاتقان قانداقتۇر بىر تۇمان ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا، مېڭىشقا تەمشەلدىيۇ، نەگە بېرىشىنى بىلمەي خۇددى بېشى يادجىلغان يىلاندەك بىر جايدىلا پىرقىراپ تۇرۇۋەردى. پۇتىغا تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك قەدىمىنى مىدىرلىتالمىدى، يىلىك - يىلىكىدىن قۇرۇپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەندەك سېزىلمەكتە ئىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم كۈچەپ قەدىمىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولدى، لېكىن، ماڭالمىدى، بۇ خۇددى ئۇنىڭغا ھالاكەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتقاندەك، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپلا قالغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم مېڭىشقا تەمشىلۋىدى، لېكىن، ماڭالماي ئورنىغا يىقىلىپ ئېڭرىدى:

«ئاھ، يىگىرمە مىڭ سوم پۇل، ماڭا جان بەرگەنمۇ سەن بولدۇڭ، جېنىمنى ئالغانمۇ سەن بولدۇڭغۇ، يىگىرمە مىڭ سوم! ئىسىت!... سېنى يالماۋۇزلار، زوراۋانلار بۇلاپ كەتتى! ... ئاھ، يىگىرمە مىڭ سوم!»

يۇسۇپ ھوشۇر يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە ئاپئاق چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلىدى. بۇگۈن بىر كۈندىلا ئۆسۈپ ئاقىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەن ساقال - بۇرۇتلىرىنى يۇلۇپ زارلاندى، بۇ ھالىنى كۆرگەن ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى:

— بۇ ئادەم پۇللىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويۇپتۇ، ئاز پۇلمۇ ئەمەس ئىكەن، يىگىرمە مىڭ سوم دەيدۇ.

— ئۇرۇمچىگە مالغا مېڭىپتىكەن - دە؟...

— قانداق ئالدۇرۇپتۇ، ھاراق ئىچىپمۇ، بىخەستەلىك قىلىپمۇ - يە، ئالدىنىپتۇ - دە؟ ھە، قويمىچىلار قويۇپ كېتىپتۇ - دە!...

يۇسۇپ ھوشۇر بۇ گەپلەرنى ئېنىق ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەندى، خۇددى ئۇشتۇمتۇت چاچرىغان ئوت يالقۇنىدەك غەزىپى ئۆرلىدى:

— راست دەيسىلەر، ۋاي راست دەيسىلەر، پۇلۇمنى ئوغرىغا ئالدۇردۇم، ئوغرى ئالسا مەيلىتىغۇ، ئالدامچى، قويمىچىلارغا ئۆزۈم بېرىۋەتتىم، نادانلىقىمدىن، ئاق كۆڭۈللۈكۈمدىن، بىلىمسىزلىكىمدىن يىگىرمە مىڭ سوم پۇلۇمنى قويمىچىغا بېرىپ قويدۇم، بىلىملىككە تۆر، بىلىمسىزگە گۆر دېگەن يېرى مانا شۇ، قېرىنداشلىرىم، بىلىمسىزلىكىمدىن گۆرگە تىقىلدىم، ئۆز پۇلۇمنى ئۆز پۇتۇم بىلەن مېڭىپ بېرىپ بانكىدىن ئاچىقىپ ئۆز قولۇم بىلەن تۇتۇپ ئۆز رازىلىقىم بىلەن قاراقچىلارغا ساق ساناپ بەردىم، بولدى، بولدى، خالايىق! بۇ گەپنى قىلسام يۈرىكىم ئېچىشىدۇ، يۈرىكىم پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ، كۆزۈمگە قا-

www.uyghurkitap.com

راڭغۇلۇق تىقىلىپ يەر يېرىلىپ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ بارغان-
دەك قىلىمەن!... يىگىرمە مىڭ سوم ئاز پۇل ئەمەس ـ دە،
مانا خالايىق، مېنى ئەمدى كىم قۇتقۇزىدۇ، ھېچكىم قۇتقۇزالماي-
دۇ، ئەمدى مەن تۈگەشتىم، ئۆلدۈم ... ۋاي ئىسىت! ئۆمرۈم
بويى يىغقان پۇللىرىمنى ئەسكى يارماقتا تېگىشىپتىمەن!

بوران ـ چاپقۇنلۇق قاراڭغۇ كېچىدە ئۆزىنىڭ ھالىنى ئېيت-
تىپ، ئالىجوقا سۆزلەپ ئولتۇرغان بۇ بىچارىگە ھەممە ئامالسىز
قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ ئادەمگە قاراپلا تۇرماقتىن باشقا چارى-
سى يوق ئىدى. ماشىنا مەيدانىنىڭ چەت ـ چۆرىسىگە يېقىلغان
چىراغلارنىڭ غۇۋا شولىسى ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇ ۋە ئېچىنىش ۋە
پۇشايمان باسقان زەپىران چىرايىنى سۈس يورۇتۇپ تۇراتتى.
ئادەملەرنىڭ چىرايىمۇ قاراڭغۇ تۈن پەردىسى ئىچىدە ئۇنىڭغا قارى-
يىپ كۆرۈنەتتى. ئۇلارمۇ خۇددى ئاشۇ قويمىچىلاردەك سىرتى
يۇمشاق بولغىنى بىلەن ئىچى زەھەر ـ زوققۇم بىلەن تولغان
يىلانلاردۇر ـ ھە؟! بولمىسا نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىغا خۇددى
تاماشا كۆرگەندەك ئولىشىدۇ، نېمە ئۈچۈن بىر ھازا قاراپ تۇ-
رۇپمۇ ھالىنى نېچۇك دەپ قويماي ئۇنى يالغۇز تاشلاپ
كېتىشىدۇ؟!... ماشىنا مەيدانىدا كېچىلىك كۆزەتكە چىققان رەز-
گى ئورۇق، ماڭقا ئادەممۇ ئۇنىڭغا: «كەت!... كەت!...» دەپ
قويۇپلا ئىككىنچىلەپ كەلمىدى. كەڭ مەيداندا تەنھا قالغان يۇ-
سۇپ ھوشۇر خۇددى ھۇۋقۇشتەك شۇمشىيىپ ئولتۇرۇۋەردى، ئۇ
نېرۋىلىرى چارچاپ، كاردىن چىققاندەك بىر ھالەتتە ئۆزىنى يەر-
گە تاشلاپ جىممىدە ياتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى غايەت زور
بىر جىسمانىي زەئىپلىك چىرمىۋالغاندەك قىلاتتى. تويا ـ شې-
غىل ۋە مەينەت ئەخلەت بىلەن توشۇپ كەتكەن قاتتىق داق يەر
ئۇنىڭغا شۇنداق يۇمشاق، شۇنداق پاكىز ۋە شۇنداق راھەت تۇيۇ-
لۇپ كەتتى. ئۇ پۈتىنى سوزۇۋېتىپ بېشىنى قوللىرىغا قويۇپ،
دەرد ـ ئەلەم ۋە شېرىن ئۇيقۇ باسقان كۆزلىرىنى چىڭگىدە يۇمۇپ

ياتتى. كۆزىنى يۇمۇشى بىلەنلا قاندىقتۇر بىر غايىبانە قاراڭغۇ ئالەم ئىچىگە شۇڭغۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلدى. ئاشۇ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە، ئۇنىڭ پىكىر - خىيالىنى يەنىلا شۇ يىگىرمە مىڭ سوم چىرمىۋالغانىدى. ئۇ بىردىنلا چۈشەكەپ زۇۋانغا كىردى، لېكىن ئۇنىڭ نېمىدەپ جۆيلۈۋاتقانلىقىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. ئۇ قىينىلىپ نەپەس ئالاتتى، گېلىدىن ئىڭرىغاندەك بىر خىل بوغۇق ئاۋاز چىقاتتى. ئاشخانىلارنى كەچ تاقاپ، ئۆزىنىڭ تونۇش - بىلىش، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەنلا بۇگۈنكى بازارنىڭ ئاخىرقى سورۇنىنى يىغىپ قايتقانلار ماشىنا مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ غېرىب - مۇساپىرنى كۆرۈپ يېقىنلاشتى. ئۇلار دەسلەپتە ھەرقىسما ئويلاردا بولدى. ئۇنى يېقىن كېلىپ پۇراپمۇ بېقىشتى. لېكىن، ئۇنىڭدىن ھاراقنىڭ ھېچقانداق بەتبۇي پۇرىقى كەلمىدى، «نېمە ئادەمدۇر، نېمىگە ياتقاندۇر؟ …» دېيىشكىنىچە ئۇنى يۆلىدى. يۇسۇپ ھوشۇر ئۆزىنى كىملەرنىڭدۇر ئورنىدىن تۇرغۇزۇۋاتقىنىنى غۇۋا چۈشىدە كۆرگەندەك ھېس قىلدى ۋە خىيالىنى تەستە يىغىپ كۆزىنى يېرىم ئاچتى. لېكىن، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ تۇرالمىدى، ئەتراپ ئۇنىڭغا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئاشۇ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە تۇرغان كىشىلەر خۇددى كۆيۈپ چۈچىلىغا ئايلىنىپ كەتكەن كۆسەيلەرنى تىكلەپ قويغاندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ئادەملەر نېمانداق چۈچىلىدەك قاپقارا، رەڭگى قارا بولغاچقا، كۆڭلىمۇ شۇنداق قارا بولۇپ كەتكەنمۇ، نېمە؟! گۇناھكار بەندىلەر ئاللانىڭ غەزەپ ئوتىدا ئەنە شۇنداق قارا چۈچىلا بولۇپ كۆيۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، قېنى بۇ ئادەملەرنىڭ دۇنيانى ياخشىلىق بىلەنلا ئاۋات قىلىپ تۇرىدىغان گۈزەل، كۈلگۈن جامالى، سۈمباتلىق قەددى - قامىتى، نىيەت - ئىقبالى؟! … ئادەملەرنىڭ كۆڭلى قارا بولسا، پۈتكۈل يەتتە ئەزايىمۇ شۇنداقلا قاپقارا بولۇپ كۆرۈنەمدۇ، نېمە؟! دۇنيا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىكى ياخشىلار قاتارىدا سانىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئادەملەرگە بۇگۈن نېمە بولغاندۇر؟! ... يۇسۇپ ھوشۇر ئۆمۈر بويى كىشىلەرگە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلغان، ھەرگىز يامانلىق ئويلىمىغان. تۇرمە سوراقچىسى بولغان چاغلىرىدىمۇ نۇرغۇن جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈملىك قىلىپ قويۇپ بەرگەن. قانۇن — ئۇنىڭ ھەرىكەت ئۆلچىمى ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەمگەرچىلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك دېگەنلەرنى قولدىن بەرمەي كەلگەن. ئۇ دائىم: «ئىنسان بالىسى ئەمەسمۇ خام سۈت ئەمگەن، خام سۇ ئىچكەن، ئازمايدىغان بەندىنى نەدە كۆرگەنسەن؟ ...» دەيتتى. دېمىسىمۇ گۇناھكار ئادەمنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ ئالدىغا بارماي قالمايتتى، ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرغان گۇناھكارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەيگەن، پېشانىسىگە «تاك» ئېتىپ چەكمىگەنىدى. ئۇ بۇ خىل خىزمەت ئادىتىنى تاكى ئاخىرغىچە ساقلىغانىدى. كېيىن، پېنسىيىگە چىققاندىمۇ مەھەللە جامائىتى ئۇنى ئۆز ئارىسىغا ئېلىشتى. ئەپتىدىن قانۇن كادىرىغا خاس سۇر - ھەيۋە يېغىپ تۇرىدىغان، ھەربىر ئىشنى كىشىلەردىن سىر تۇتىدىغان، ھەممىلا يەردە ئاز گەپ قىلىپ، ئاز كۈلۈپ قاپاق ئاچمايدىغان مىجەز خاراكتېر ئۇنىڭدا يوق ئىدى...

مانا شۇنداق تۇرۇقلۇق ھېلىقى ئىككى ياۋۇز يىرتقۇچ ئۇنى نېمىدەپ ئېغىز چىشىغا ئېلىپ چاينايدۇ، ھالال رىزقىغا تۇپا چاچىدۇ، ئالالمىغان قىساسى، تۈگىمىگەن ئۆچ - ئاداۋىتى بار ئادەمدەك ئۇنىڭ پۇل - دۇنياسىنى ئالداپ قېچىپ كېتىدۇ؟ شۇنــداق خارۇزار كــۈندە قويغــۇدەك ئــۇنىڭ زادى نېمــە گۇناھى بار؟! ... ئىنسانغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلغان مۇنداق كىشىلەر خارۇزارلىق ئىلكىدە ئىڭراپ يۈرمىسە بولاتتىمغۇ؟! كونىلارنىڭ ياخشىغا دائىم بازار، يامانغا دائىم ئازار دېگىنى نەگە كەتتى؟! ئۇ ئۆز پۇللىرىنى هارامدىن يىغقان ئەمەس، ئۇزۇن يىل تۇرمە سوراقچىسى بولغان كۈنلەردىمۇ جىنايەتچىلەر-

دىن پارا ئېلىش دېگەننى ئويلاپمۇ قويمىغان. بەزى گۇناھكارلار
ئۇنىڭ سىلىق ـ سىپايە مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى ئېرىپ، ئۆزلىرد-
نىڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان ياكى
خاتىرە ئۈچۈن تەقدىم قىلغان. لېكىن، ئۇ قول تەگكۈزمەي
ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەن. ئۇنىڭ خىزمەت ھاياتىدا قىلغان
مۇنداق ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ...

ئۇ ھازىر مۇشۇ ھالىتى بىلەن ئاشۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى
ئەسلەپ كېتەلەيدۇ؟ قايسىبىر ئىشىغا، قايسىبىر پۇل ـ مېلىغا
ھارام نىيەت ياكى خىيانەت ئارىلىشىپ قالغىنىنى بىلەلەيدۇ؟
كېيىن، خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى-
گە يۆتكەلدى. ئۇ يەردىمۇ جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلى-
رى، بالا جىنايەتچىلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ
بۇ گۇناھكار ئەۋلادىغا رەھىمدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنى،
جىنايىتىنى يېنىكلىتىپ جازالاشقا كۈچ چىقىرىشىنى ئۆتۈ-
نۈپ پۇل ـ پۇچەك، توخلا ـ تورپاقلارنى ئەكېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە
تاشلاپ كېتىشەتتى، لېكىن، ئۇ ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ قوبۇل قىلد-
ماي قايتۇرۇۋېتەتتى، تاكى خىزمىتىدىن ئايرىلغان كۈنگە قەدەر
شۇنداق پاك، دىيانەتلىك ئىشلىگەن. ئۇنىڭ يىگىرمە مىڭ سوم
پۇلىمۇ ئۆزىگە ئوخشاشلا پاك، ھارام پايدا ـ خىيانەتتىن خالىي
پۇل ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە نېمە بولدى. ئۇنى كىمنىڭ قارغى-
شى، كىمنىڭ ئاھ ـ زارى تۇتقان بولغىدى، راست، ئۇنىڭ
غېرىب ـ غۇرۋا، مۇساپىر ـ مۇجاھىرلارغا ئاللا يولىدا زاكات
قىلىپ، پۇل ـ پۇچەكلىرىدىن سەدىقە ـ پىتىر بېرىپ تۇرىدىغان
ئادىتى يوق ئىدى. ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تىرىكچىلىك ۋە
ۋەسۋەسىدە ئۆز روزغارىنى تۈزەش بىلەن ھەپىلىشىپ «توققۇزنى
ئونتۇز قىلىمەن...» دەپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەنە شۇنداق يىغىپ ـ
تۆشەپ، چىشىنىڭ كاۋىكىدا ساقلىغىنى ئاران يىگىرمە مىڭ سوم
پۇل بوپتۇ! ... ئەمدى، قېنى شۇ قان ـ تەر بەدىلىگە كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىگىرمە مىڭ سوم؟! ھەي، يىگىرمە مىڭ سوم!… ئىسىت يىگىرمە مىڭ سوم!…

«ھەي، مېنى ھەسرەت ـ نادامەتتە قويۇپ قولۇمدىن ئۇچۇپ كەتكەن يىگىرمە مىڭ سوم!» يۇسۇپ ھوشۇر ئۇندەرىگەن ئادەمدەك ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىپ كەتتى. ئىچىدە كونا يارماقتىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالمىغان ھېلىقى ئەبجىقى چىققان قۇرۇق كونا سومكا ئۇنىڭ بىلىكىدە پۇلاڭلاپ تۇراتتى. كونا يارماقلار جىرىڭلاپ سومكا ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا سىيرىلاتتى. ئۇ سومكىغا سوغۇققىنا نەزەر تاشلىدى. تېخى بایاتىنلا شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق قىممەتلىك بولۇپ كۆرۈنگەن بۇ سومكا ئەمدى ئۇنىڭغا شۇنداق سوغۇق شۇنداق يىرگىنچلىك بولۇپ كۆرۈندى. سومكىدا نېمە گۇناھ، لېكىن، ئۇ ھازىر ئۇنداق ئويلىمىدى، سومكىنى بىلىكىدىن يۇلۇۋالدى ـ دە، پىرقىرىتىپ يىراققا ئاتتى. ئۆپچۆرىدىكىلەر تېخىچە قارىشىپ تۇراتتى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا ھالىڭ نېچۇك دېمەيتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ ئېتىبار قىلمىغىنىنى كۆرۈپ، دەردلىك كۆزلىرى بىلەن ھەممىگە تەكشى نەزەر تاشلىدى. بىردىنلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ ئازار يېگەن جاراھەتلىك يۈرىكىگە ئاز ـ تولا ئارام بېرىدىغان، زەئىپلەشكەن تېنىگە كۈچ ـ مادار بېغىشلايدىغان تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

— دادا، بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟! — يىگىت ئۆزىنى توراپ تۇرغانلارنى نېرى ـ بېرى ئىتتىرىۋېتىپ ئالدىغان ئۆتتى ـ دە، دەلدۈگۈنۈپ، ئىككى قولىنى يېيىپ بىرەر نەرسىنى تۇتۇۋېلىشقا تەمشىلىپ تۇرغان يۇسۇپ ھوشۇرنى يۆلىدى. بۇ پەرھات ئىدى.

— سىلەر بۇ يەردە تاماشا كۆرۈۋاتامسىلەر؟! — ۋارقىرىدى پەرھات ئەتراپىدا بىكاردىن ـ بىكار قاراپ تۇرغانلارغا قاتتىق غەزەپلىنىپ، — بۇ كىشىگە ياردەم قىلىپ قويۇشنى خالىمىدىڭ-

لارمۇ؟! ئاراڭلاردىن نېمە ئادەم سىز، ئاكا، دەپ سورايدىغان ئادەممۇ چىقمىدىمۇ؟ خەق بىلەن خەقنىڭ نېمە كارى دەيدىغان زامان ئەمەسقۇ تېخى!... ياردەم قىلىشنى خالىمىغان ئادەم كەت-مەي، بۇ يەردە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر!؟ كېتىڭلار، ئىشىڭلار يوق ئادەممۇ سىلەر!...

ئەتراپتىكىلەر ئۈنچىقماي ئاستا - ئاستا تارقىلىشقا باشلى-دى. يۇسۇپ هوشۇر ئوغلىنىڭ ئاۋازىنى ناهايىتى تەستە پەرق ئېتەلىدى. بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، كۆزىنى يېرىم - يارتا ئې-چىپ ئوغلىغا قارىدى، نېمىلەرنىدۇر ئىشارە قىلدى، ئەمما ئې-نىق بىرنېمە دېيەلمىدى.

— دادا، يۇر ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى پەرهات يىغلامسىرى-غان ئاهاڭدا، — سىېنى پۈتۈن شەهەردىن ئىزدەپ ساراڭ بولدۇق. مەهەللىدىكىلەرمۇ سىېنى ئىزدەپ تەرەپكە چېپىشتى. خەۋىرىڭىزنى زۇنەمكام ئەكەلگەندىلا بۇ يەرگە چېپىپ كەل-دۇق، — پەرهات گېپىنى ئۈزۈپ يېنىدىكى ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن يىگىتكە دېدى، — مالىك، كوچىدىن تاكسى تۇتۇپ كىر-گىنە، — ئۇ دادىسىنى يۆلەپ چىڭگىدە تۇتۇۋالدى، باياتىن لاي - لاتقىغا مىلەنگەن كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇپ تۈزەشتۇردى. نېرىغا چۆرۈۋېتىلگەن سومكىنى بىرى يەردىن ئېلىپ، پەرهاتقا ئۇزاتتى. ئۇ بىردە بۇ ناتونۇش ئادەمگە، بىردە ئەبجەقى چىقىپ هېچ هالى قالمىغان كونا سومكىغا قاراپ قويۇپ، قولىغا ئالدى. يۇسۇپ هوشۇر سومكىنى كۆرۈپ ئىتتىكلا قولىغا ئالدى - دە، بېغىدىن بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالدى.

پەرهات ئاغىنىسىنىڭ ياردىمىدە دادىسىنى ئىككى ياقتىن ئاران يۆلەشتۈرۈپ تاكسىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى. يۇسۇپ هو-شۇرنىڭ بىلىكىدىكى كونا سومكا پۇلاڭلاپ تاكسى ئىشىكىگە تا-قاشقاندا، پەرهات ئېلىپ چۆرۈۋېتىشكە تەمشىلىۋىدى، لېكىن خېلى هوش - كاللىسىنى يىغىپ قالغان يۇسۇپ هوشۇر سومكىغا چىڭگىدە ئېسىلىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بالام، بۇ يىگىرمە مىڭگە كەلگەن تەڭگە! — زەئىپ ئاۋازدا دېدى ئۇ. تاكسىنىڭ كەينىـى ئورۇنـدۇقىغا ئارانـلا ئول-تۇرۇۋېتىپ، — يىگىرمە مىڭ سوم پۇل دەپ باققىنا، ئاغزىڭغا لىق كېلەمدىكىن؟! مەن ئۇنى كېۋىر دېھقانىنىڭ خامىنىدەك ئىككى دۆۋە پۇل. ئىككى ئاتنىڭ كاللىسىدەك ئالتۇن دېسەمۇ لاپ بولمايدۇ!... ئۇقتۇڭمۇ، بالام...

— دادا، هازىر پۇل مۇهىم ئەمەس، — دېدى پەرهات دادى-سىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تاكسى ئىشىكىنى ئاۋايلاپ ياپتى، — بىزگە جان مۇهىم، سەن مۇهىم، سېنىڭ ئامان قالغىنىڭ ئۇ-چۇن ئاللاغا شۈكرى دەيلى، هە، ئۇستام، «سېپىل» مەهەللى-سىگە هەيدەڭ...

ماشىنا ئورنىدىن قوزغالدى. باياتىن بېرى تارقىلىپ ئازغىنا قالغان كىشىلەرمۇ تاكسىنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشى بىلەن تەڭلا ئۆزلۈكىدىن تارقىلىشتى. يۈسۈپ هوشورنى ئېلىپ ماڭغان ما-شىنىنىڭ چىرىغى تۇن قاراڭغۇلۇقى باسقان كوچىلارنى يورۇتۇپ ئۇزاقلاپ كەتتى. ئاخىر، تۇن پەردىسى ئاستىدا تىمتاس ياتقان خالتا كوچىغا بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىب بولدى...

## VI

ئۆي ئىشىكىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ نىساخان هەدە يۈسۈپ هوشۇرنىڭ بەتبەشىرە هالىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن زارلاندى:

— ئەي قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ ئاللا، بىزگە نېمە كۆرگۈلۈك بۇ، پۇل ئۇچۇن جېنىڭىزنى سېلىپ بېرەتتىڭىزمۇ؟ جان بولسا جا-هان، ئاش بولسا قازان ئەمەسمۇ، نېمانچە قىلىسىز؟! پۇل كەتسە كەتمەمدۇ، جان ئامان قالسا بولمىدىمۇ، ياخشى - يامان ئىشلار-نىڭ هەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدىغان گەپ، بېشى-مىزغا كەلگەن بالا - قازا ئاشۇ پۇل بىلەن كەتسە مەيلى ئەمەسمۇ،

نىمانچە ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىز ، سىزنى ئىزدەپ سارالڭ بولدۇققۇ، توۋا قىلدىم، توۋا!... شۇنچىۋالامۇ تۇگىشىپ كەتكەن بارمۇ؟! ۋاي، سادىغاڭ كېتەي، قولى پۇل كۆرۈپ ئۆتكەن ئادەمنىڭ بالا - چاقىسىغۇ سىز...

نىساخان ھەدىنىڭ يىغا ئارىلاش ئۇنى ئۆي ئوتتۇرىسىدا ئېد-سەنكىرەپ تۇرغان يۇسۇپ ھوشۇرنى ئېسىگە كەلتۇردى، پەرھات دادىسىنى نىساخان ھەدە بايا زارلىنىپ يۇرۇپ سالغان كۆرپىگە ياتقۇزدى. بېشىغا تەكىيە قويدى. ئۇنىڭ پۇتۇن ئەزايى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى. بەدىنىدىن بىرخىل ئىسسىق ھارارەت كېلىپ قىزىتمىسى ئېشىپ كېتىپ بارغاندەك قىلاتتى. نىساخان ھەدە يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ مەينەتلىشىپ كەتكەن كىيىملىرىنى دەرھال ئالماشتۇردى، پەرھات دادىسىنى دوختۇر-خانىغا ئاپىرىپ ئاۋارە قىلىشتىن كۆرە، مەھەللە دوختۇرىنى چاقىرىپ كىرىشنى ئەۋزەل كۆردى. دوختۇرمۇ كەلدى، ئۇ دىئاگنوز قويۇپ: «بىرخىل قاتتىق روھىي ئازاب تۇپەيلىدىن نېرۋىلىرى ئىنتايىن چارچىغان، بەدەن قۇۋۋىتى بەرداشلىق بېرەلمىگەچكە يامغۇر - يېغىندا ئۆپكىسىگە سوغۇق ئۆتۈپ قاپتۇ» دېدى - دە، دورا، ئوكۇل يېزىپ پەرھاتنى دوختۇرخانىغا چاپتۇر-دى. ئۇمۇ ھايالىشماي كەلدى، ئاسما ئوكۇل سېلىنغاندىن كې-يىن، يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئەھۋالى بارا - بارا ياخشىلىنىشقا باشلىدى...

ئارىدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. دوختۇر بەزى ئىشلارنى تاپىلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. يۇسۇپ ھوشۇر خېلى بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قارىدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا «ھە، ئۆيۈمگە كەپ-تىمەنغۇ...» دېگەن بىر غۇۋا ئوي كەلدى. ھازىر ئۇ خېلىلا ياخشىلىنىپ قالغانىدى. ياز كېچىسىدىكى سوغۇق يامغۇردا مۇز-لاپ قېتىپ كەتكەن پۇت - قوللىرى بىر ئاز ئەيۋەشكە كەلگەندەك،

www.uyghurkitap.com

يۈرىكىنىڭ سوقۇشىمۇ بىر ئاز رىتىمگە چۈشكەندەك بولدى. ئۇ
ھازىرقى ھالىتىدىن ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى، مېھرد-
بان ئادەملىرىدىن تېخى مەڭگۈلۈككە جۇدالىشىپ كەتمىگىنىنى،
يەنىلا ئۈمىد بىلەن ياشىسا بولىدىغانلىقىنى سەزدى، يۈسۈپ ھو-
شۇر كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئەتراپىغا قارىدى، يېنىدا كۆزلى-
رى ياشتىن قىزارغان قەدىرلىك ئايالى بىر چىنە قايناق سۇ بىلەن
دورىلىرىنى تۇتۇپ تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئاياغ تەرىپىدە ئوغلى پەر-
ھات ئولتۇراتتى.
قوشنا - قولۇملارمۇ ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ - چىقىشىۋا-
تاتتى. ئۇلار بىر چىنە سۈيۈق - سەلەڭ ئېتىپ ياكى باغلىرىدىن
قايناتقان ئالما مۇراببابىسى ياكى مېۋە شەربەتلىرىدىن ئەكىرىشىپ
يوقلىشاتتى. بەزى قوشنىلار تېخى تاغلارغا چىقىپ قايىنتىپ
كىرگەن مالپىنا، قارىقات مۇراببالىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىشىپ كۆ-
ڭۈل ئېيتىشتى. ئەل - يۇرت، مەھەللىنىڭ ئېتىكى كەڭ دېگەن
شۇ - دە، قوشنا - قولۇملارنىڭ مېھىر - شەپقىتى بىلەن ئۆي
ئىچى سوغۇقچىلىق ۋە كۆڭۈل ئاغرىقلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك
بىر خىل ئىللىق ھارارەت بىلەن تولدى. قوشنا - قولۇملارنىڭ
كۆيۈمچانلىقى يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ ئۆمۈر بويى جاپا - مۇ-
شەققەتتە يىغقان يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى قويمىچىغا ئالدۇرۇپ
قويۇپ ساراڭ بولايلا دەپ قالغان ھالىغا تەسەللى بەردى، كۆڭلى-
نى ئالدى. ئۇلار يىگىرمە مىڭ سوم پۇل بىلەن ھېچقانداق
ئالاقىسى بولمىسىمۇ يۈسۈپ ھوشۇرغا خۇددى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلى
ئازار يېگەندەك، ئۆز پۇللىرىدىن ئايرىلغاندەك ئىچ ئاغرىتىشتى.
مەھەللە جامائىتى، ئاللا يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ بېشىنى ئامان قى-
لىپ، ئايىغىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرسىلا ئۇنىڭ ھەر ئايدا تۆكۈ-
لۈپ تۇرىدىغان «تىللا دەرىخى» بارلىقىنى ئېيتىشىپ چاقچاق
قىلىشتى. ئاشۇ «تىللا دەرىخى» دىن ھەر ئايدا تۆكۈلىدىغان
«مىڭ تىللا» نى ھېچكىم ئېلىپ قاچالمايدىغانلىقىنىمۇ ئەسكە سې-

لىپ دۇئا قىلىشتى. كۆپىنىڭ دۇئاسى، مېھىر ـ شاپائىتى دېگەن-
نىڭ ئۆزىلا تۇگىمەس بەرىكەت ئەمەسمۇ!...

يۇسۇپ ھوشۇر ئۆيىدە ئوبدان كۇتۇلگەچكە ئىككى كۈندىلا
ئاياغ دەسسەپ قالدى. ھويلىغا چىقىپ كۇنگە قارىدى. قۇياشنىڭ
ئىللىق نۇرى ئۇنىڭ تېخى رىزقىنىڭ تۈگىمىگەنلىكىدىن بېشارەت
بېرىپ تۇراتتى.

— مېنى نەدىن ئەكەلدىڭلار!؟ — سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر
ئارقىسىدىن ھويلىغا چىققان نىساخانغا زەئىپ ئاۋازدا شىۋىرلاپ.
ئۇ ئاۋۇ كۈندىكى ئىشنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىدىن تېخى سەللىمازا
ئەسلىگە كەلمىگەن بولسىمۇ، ئەھۋالى ئاز ـ تولا ياخشىلىنىپ
قالغانىدى. كەيپىياتى يەنىلا سۇس ئىدى، كۆزلىرىنى چاپاق
بېسىپ، قاراڭغۇلۇقتىن تولىشاتتى. ئىككى چېكىسى تىنماي
قىسىپ ئاغرىيتتى. يۈرىكى خۇددى بىرى يىپ بىلەن ئېسىپ
يەرگە تارتقاندەك سىرقىرايتتى.

— سىلىنى ئىزدەپ تېلېۋىزور ئىستانسىسىغا، رادىئو ئىس-
تانسىسىغا خەۋەر قىلدۇق، — دېدى ئايالى يىغا ئارىلاش مۇلايىم
ئاۋازدا، — بىر يەردىن خەۋەرلىرى كېلىپ قالار دەپ يوللىرىغا
قاراپ كەچ كىردى، پەرھات ئاغىنىلىرى بىلەن ئىزدەپ چىقىپ
كەتتى. ئارىلىقتا، مەن سىلىنىڭ ئۆيگە كېلىپ بىر نەرسىلەرنى
تاراقشىتىپ يۈرگەنلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ، «پۇل چېكىنى ئې-
لىپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە، دەپ گۇمانلىنىپ يۈگۈرۈپ كىرىپ
ساندۇققا قارىدىم، دېگىنىمدەك ساندۇق ئىچى ئوڭتەي ـ توڭتەي
بولۇپ كېتىپتۇ، ھېلىقى قارا يۈز پۇلنىڭ چېكىمۇ ئورنىدا يوق،
پېشانەمگە بىرنى ئۇردۇم، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ پۇللارنى
ئەكەتكەنلىكلىرىنى شۇ چاغدىلا بىلدىم، پۇلنى نېمە قىلغان-
دۇر؟! ... كەچتە بۇلاڭچىلارغا ئۇچراپ يۈرگەنمىدۇر، دەپ يۈرە-
كىم سۇ بولدى. شۇ ھامان بانكىدىكى ھېلىقى قىزغا تېلېفون
بەردىم، ئۇ قىز: «يۇسۇپكا، پۇلنى ئالماڭ، يەنە بىر ھەپتىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن قەرەلى توشسا مىڭ سوم ئۆسۈمى بىلەن ئېلىڭ!… دېسەم زادىلا ئۇنىمايۋاتىدۇ، تۈرۈكتىن ئۆزى كەلدى… دېدى. يۈرىكىم ئېغىپ، ئېغىزىمغا تىقىلدى، چىلىق - چىلىق تەر ئىچىدە مۈكچىيىپلا قالدىم، شۇنچە جىق پۇلنى ئېلىپ نەگە كەتكەندۇر، بولاڭچىلار پۇلنى بۇلاپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ بىر گوداڭغا تاشلاپ كەتكەنمىدۇر، دېگەن ئەنسىزچىلىكتە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدۇق. پەرھاتمۇ ئاغىنىلىرى بىلەن تەرەپ - تەرەپكە ئىزدەپ چىقىپ كەتكىنىچە خەۋىرى يوق بولۇپ كەتتى. مەھەللىمىزگە مەسئۇل ئوسمانجان ساقچىغىمۇ يۇگۈردۈم، ئۇلارمۇ تەرەپ - تەرەپكە چېپىشتى. زادىلا تاپالمىدۇق، بېشىمىزغا كەلگەن نېمانداق ئەنسىزچىلىك كۈن بۇ، پۇل قېنى؟! ئادەم قېنى؟! ھەممىدىن ئادەم ئىزدىگەن سورۇقچىلىق يامان ئىكەن!… ئاخىر زۇنۇنەم…

نىساخان ھەدە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە قوشنىلاردىن بىرنەچچەيلەن كىرىپ كەلدى. ئۇلار يۈسۈپ ھوشۇرنى يوقلاپ كىرگەنلەر ئىدى. نىساخان ھەدە ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ ئارقىسىدىن يۈسۈپ ھوشۇرنى يۆلەپ ئۆيگە كىردى. قوشنىلار بىر پەس ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، يۈسۈپ ھوشۇرغا قېنى نېمە دەرگىن دېگەن ئۈمىدتە تىكىلىپ قاراشتى. يۈسۈپ ھوشۇر بىردەملىككە ئۆز ئېسىنى يىغىۋېلىپ ئايالىنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى. ئۆز جېنىدىن ئايرىلىشقا تاس قالغان بۇ ۋەقەنى ئەسلەپ كۆڭلى غەشلىككە تولدى. يۈرىكى بىگىز تىققاندەك ئېچىشىپ ئاغرىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قەددىنى رۇسلاپ بۇ پاجىئەلىك ۋەقە ئۈستىدە ئېغىز ئېچىشقا غەيرەت قىلدى.

— يىگىرمە مىڭ سوم پۇلۇمنى قويمىچىلار قويۇپ قېچىپ كەتتى، ئۇكىلار، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلىدا تۆكۈلۈۋاتقان يوپۇرماقنىڭ شىلدىرلىشىدەك زەئىپ ئىدى، ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەسلىدە ئۇلار بىلەن كونا تەڭگىلەرنىڭ سودىسىنى قىلماقچى

بولغانـدۇق، بىرى ساتىمەن دېدى، يەنە بىرى ئالىمەن، دېدى ـ دە، ھەربىر يارماققا بەش يۈز سومدىن پايدا بەرمەكچى بولدى. دېگىنىدەك بىر تال يارماققا بەش يۈز سوم پايدا بەرگەنمۇ بولدى، مەن بىغەرەز ھاڭۋاقتى ئىككىسىنىڭ بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى، بىر دېڭىزنىڭ قاراقچىلىرى ئىكەنلىكىنى زادىلا ئويلىماپتىمەن! زادىلا سەزمەپتىمەن. ئارىدا ئەقلىمگە كېلىپ بىر قېتىم يېنىۋالغاندىم، شۇ يانغانچە غىت قىسىپ ئۆيۈمگە يېنىپ كەلسەمچۇ، دەپ ھازىرغىچە پۇشايمان قىلىمەن، بىراق پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق، ھېلىقى ياغاق يۈزمۇ بىر ئوقەت قىلىۋالسۇن دەپ ساڭا كۆيۈنۈۋاتىمەن، ئاكا، دەيدۇ تېخى! ئانىسىنىڭ يېنىدا كۆيۈنەمدۇ ماڭا! مېنى ئوڭدا قويدى، ۋەيران قىلدى. بانكىدىكى قىزمۇ پۇلنى سىزگە بەرمەيمەن، ئاكا، پەرھاتقا تېلېفون قىلىمەن دېسە، ياق دەپتىمەن، ھەتتا خاپا بولۇپتىمەن! جېنىم قوشنىلىرىم، نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق، قارا باسقانلىق بۇ! ئۇ ياۋۇز قاراقچىلار ماڭا خۇددى بىھوش دورىسى پۈركىۋەتكەندەكلا كاللام ئىشلىمەي قاپتۇ، قىرىق يىل سوتچى بولۇپ جىنايەتچىلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىر تۇزىقىغا دەسسىمەي كەلگەندىم. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت سادىر قىلىدىغان سولتەكلەرگە تۇمشۇقۇمدىن ئىلىنىپ قالغىنىمنى دېمەمسىلەر؟!...

يۈسۈپ ھوشۇر خۇددى كىچىك بالىدەك ھۆڭگۈر ئېتىپ يىغلىۋەتتى. جان ئاچچىقىدا ئاپئاق چاچلىرىنى چاڭگاللاپ يۇلۇپ، يۈزىگە كاچاتلىدى. ئايالى كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ تەسەللى بەردى، قوشنىلار بىر پەس جىممىدە ئولتۇرۇپ قېلىشقاندىن كېيىن، تۇشمۇ تۇشتىن كۆڭۈل ئېيتىشتى:

— بولدى قىلسىلا، يۈسۈۋاخۇن، ھەرقانچە پۇشايمان قىلغانلىرى بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ!...

— بالا ـ قازا دېگەن پۇت ـ قولنى ساڭگىلىتىپ، كۆرۈنۈپ كېلەتتىمۇ؟!

— باش ـ كۆزلىرىنىڭ سەدىقىسى بولار...

— بىشىمىزغا كەلگەن بالا ـ قازا ئاشۇ پۇل بىلەن يوقالغان بولسىلا مەيلىتىغۇ، — دېدى نىساخان هەدە تىترىگەن ئاۋازدا، — باللارنىڭ باش ـ كۆزىنىڭ سەدىقىسىمۇ بولار...

— بالا ـ قازا بىزگە شۇنداق ئېغىر كەلسە قانداق چىدىغۇلۇق، — يەنە زارلاندى يۇسۇپ هوشۇر، — بۇنىڭدىن ئارتۇق بالا ـ قازا يوقتۇر، خوتۇن ـ هە؟ !...

— دادىسى، پۇلنىڭ كارايىتى چاغلىق، سىلى ئۆرە بولالمىسىلا قانداق قىلىمىز، پەرهاتمۇ «بوپتۇ، هەرنېمە بولسا دادام ئامان قاپتۇ» دەپ پۇلنى قېتىغىمۇ ئالماي يۇرمەمدۇ.

— بۇمۇ ياشلارنىڭ ئىنساپى دېسىلە، يۇسۇۋاخۇن، ئاللا ياشلىرىمىزغا هىدايەت ئاتا قىلسۇن، كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن، — گەپ قىستۇردى ئولتۇرغان قوشنىلارنىڭ بىرى.

— ئوغلىمىز، هازىر تەگمىگەن بىلەن كېيىن، پۇل لازىم بولغانسېرى يۇزۇڭگىلا قويىدۇ، — سەل چىچىلدى يۇسۇپ هوشۇر.

— ئاتىنىڭ هۆرمىتى چوڭ، يۇسۇۋاخۇن، — دېدى قوشنىلارنىڭ يەنە بىرى، — پۇل تېپىلىدۇ، ئاتا ـ ئانا تېپىلمايدۇ.

— قىرىق يىل خىزمەتتە ئالدانماي، ئاددىيغىنا بىر ئىش ئۈستىدە ئالدىنىپ قالغىنىمنى قاراڭلارچۇ، — دېدى يەنە يۇسۇپ هوشۇر نۇرسىز كۆزلىرىنى يېنىدا ئولتۇرغان قوشنىلارغا بىرمۇ بىر تىككەن هالدا هەسرەتلىنىپ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇزاق يىل ئېغىر ئاغرىق تارتقان ئادەمدەك زەئىپ ئىدى.

— قويسىلا ئەمدى، تەگمىسىلە، ئۇنتۇپ كەتسىلە، — يەنە جىملىدى نىساخان هەدە.

— ۋاي، ئىسىت! قانداق ئۇنتۇپ كېتەلەيمەن! ئىسىت نادامەت! بانكىدىكى پۇل مەيدەمگە تەپكەنمىدى! ؟ ئاش ـ نان بەر دىگەنمىدى؟ ! — يەنە توساتتىنلا زارلاندى يۇسۇپ هوشۇر، —

يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى قىرىق يىل ئەجىر قىلىپ، قان ـ تەر تۆكۈپ ئاشۇ ناكەس ئوغرىلار ئۈچۈن يىغىپتىمەن ـ دە ھەي، ئىسىت! شۇنىلا ئويلىسام بۇ جاھاندىن تۈگىشىپ كېتىمەن جۇمۇ، سونۇر! — يۈسۈپ ھوشۇر ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئالدىدا ئولتۇرغان سونۇرنىڭ تەسەللىي بېرىشىگىمۇ قارىماي زارلىنىۋەردى، — قانچە ـ قانچە كۈنلىرىمىنى ئاچ ـ زېرىنلىق، تەشنالىق بىلەن ئۆتكۈزگەنمەن، كىيىملەرگە ياماق سېلىپ كىيگەندۇق، ئۇ چاغلاردىغۇ بۇ ئىشلارنى قالتىس شان ـ شەرەپ بىلەتتۇق. شۇ يىگىرمە مىڭنى يىغقىچە جېنىمىز تۇمشۇقىمىزغا كېلىپ قالغان، ئىلىك ـ مادارىمىز قۇرۇغان، كۆزلىرىمىزنىڭ نۇرى ئېقىپ تۈگىگەن، ئۆمرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى زىمىستاننىڭ زەھەردەك سوغۇقلىرىغا، ئەتىيازنىڭ پاتقاقلىرىغا، يازنىڭ تومۇز ئاپتىپىغا، كۈزنىڭ يامغۇر ـ يېغىنلىق كۈنلىرىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن. ئاھ، قېنى شۇ ئۆمۈر، قېنى شۇ ئوتتەك قىزغىن ياشلىقنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرى؟! ھەممىسى جاپا ـ مۇشەققەت، ئاھۇزارلىق بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. بىزگە كەلگەندە راھەتتى تۈگەدى، ئەمدى شۇ پۇللارنىڭ راھىتىنى باللار كۆرەرمىكىن دېگەندە ئوغرى ـ ئالدامچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. ئىسىت پۇل، ئىسىت ئۆمرىمىز! كونىلارنىڭ «مال ـ دۇنيانى بىرى يىغىدۇ، باشقا بىرى راھىتىنى كۆرىدۇ» دېگەن گېپىگە پەقەت ئىشەنمەپتىكەنمەن، مانا ئەمدى ئىشەندىم، جېنىم قوشنىلىرىم، مېنىڭدىن نەسىھەت: ھەرگىزمۇ مەن كىرگەن بۇ كېچىككە دەسسەپ سالماڭلار، ئېسىڭلاردا بولسۇن! — يۈسۈپ ھوشۇر بۇ گەپلەرنى قىلغاندا بېشى پىررىدە قېيىپ، كۆزىنى يۇمدى. كۆڭلى ئايىنىغاندەك بولۇپ قۇرۇق ھۆ قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن سەدپارە بولغان ئايالى كېلىپ ئۇنى يۆلىدى، قاچا تۇتۇپ قۇرۇق سەپرا ـ زەرداب سۇ يانغان ئېغىزىنى قولىدىكى لۆڭگە بىلەن پاكىزلىدى. ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئاچچىق ئەلەم، قاتتىق

www.uyghurkitap.com

قايغۇ ـ ھەسرەتتىن ئۆرتەنگەنىدى. جىنىدەك قىممەتلىك كۆرگەن يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنىڭ ئەلىمى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مىتە قۇرۇتتەك غاجىلاپ تۈگەشتۈرگەنىدى. ئۇ بۇ پۇلنىڭ دەردىدە چۆل ـ باياۋاندىكى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن يالغۇز تېرەكتەك يالىڭاچلىنىپ، قېرىپ ـ مۈكچىيىپ قالغانىدى...

— پۇلنىڭ مېھرى يامان، — دېدى سونۇر ئۆيدىن ئۇزاپ چىققان قوشنىلار بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىققان نىساخانغا پىچىرلاپ، — يۇسۇۋاخۇننىڭ نېرۋىسى قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدەك قىلىدۇ، نىساخان، ئۇنداق بولۇۋەرسە ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ، جاننىڭ ئامان قالغىنى غەنىيمەت بوپتۇ، ھەممىدىن ئامانچىلىق ئەۋزەل، بىزغۇ شۇنداق دەيمىز، ئەمما تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ، نىساخان، گەپتىن گەپ بولۇپ قالدى، قايسىبىر يىلى، «يېڭى ھايات» نىڭ يول بويىدىكى ئۆيلىرىنى چاقىمىز دەپ چىققان ھېلىقى باشلىقنىڭ ئىسمى نېمىتا؟ ئىشقىلىپ بىرنېمە ئىدى، ئاشۇ ئاداش بىر ماشىنىچى بالىنىڭ ئۆمۈر بويى ماشىنىچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلىغا سالدۇرغان ئۆيىنى زورلۇق بىلەن چېقىۋېتىپ، زىيانغا چىدىمىغان بالا ئۆرۈلگەن تاملارنى قۇچاقلاپ يىقىلىپ، شۇ يىقىلغىنىچە ئۆرە بولالماي ئۆلۈپ كەتمىدىمۇ، بىرى، جايىنىڭ پۇلى، يەنە بىرى، ھالال تاپقان پۇلىنىڭ ئىچ ئاغرىقى يامان بولىدۇ، جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدۇ، نەسىھەت قىلىسىلا، بالىلارغا ئېيتسىلا ھەرگىز تاپا ـ تەنە قىلمىسۇن، مىڭ تەگىگەن بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، بولمىسا يۇسۇۋاخۇندىن ئايرىلىپ قالىلا!... خوش ئەمىسە، تۇرۇپ قالسىلا...

يۇسۇپ ھوشۇرنى ئارقا ـ ئارقىدىن يوقلاپ كىرىۋاتقان قوشنىلارمۇ خۇددى شۇنداق گەپلەر بىلەن تەسەللى بېرىشەتتى. تام قوشنىسى لوقمان «سوغۇق» كۈندە ئۈچ ۋاخ دېگۇدەك تاپىلايتتى. ئۇ يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ھالىغا قاراپ سىلىق ـ سىپايە سۆزلەشكە تىرىشسىمۇ يەنىلا «تورۇڭ ـ تورۇڭ» ئاۋازى بىلەن گەپ قىلىۋەردى:

— ھېلىقى ساقچىغا خەۋەر قىلغانمۇ؟! ھەيدەكچىلىك قىلـ-
مىسا ئۇ خەق بىر پاي كارى يوق يۈرۈۋېرىدۇ، ئۆزلىرى ئىزدەپ
تۇتماي، تۇتۇلۇپ ئالدىغا كەلسە سوراپ قويىدۇ. ئۇ مۇناپىقلار
تۇتۇلمىسا يۇسۇپ ھوشۇردەك نەچچىنى ئوڭدا قويۇپ، بېشىدا
ئۇچكە چېقىپ يۈرۈۋېرىدۇ دېگىنە!... راست، پەرھات بارغۇ،
ئۇمۇ ساقچى، ئالدامچىلارنى تۇتۇپ ئەكېلىپ قالار، دۆيۈزلەر
ئېلىپ قاچقان پۇلمۇ تېپىلىپ قالار.

— قولدىن كەتكەن پۇلنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى نەدە كۆرگەن-
تىڭلار، لوقمانەم؟! — دېدى تەنە بىلەن يۇسۇپ ھوشۇر تام
قوشنا ئاغىنىسىگە، — سىلەر مۆتىدىل گەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋې-
لىپ كۆڭۈل ياسىماڭلار جۇمۇ، ساقچى نەدىن تاپىدۇ ئۇلارنى،
ھېچنېمىسىنى بىلمىسە، رەڭگىروينىمۇ كۆرمىسە، گەپ
بولدى - دە بۇ!...

— دېگىنىڭلار دۇرۇس، يۇسۇۋاخۇن، — دېدى لوقمان
«سوغۇق» گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويۇپ، — بۇ كۈنىنىڭ ساق-
چىلىرىغا كاماندىروپكا بەرسەڭ ئاندىن ئوغرى قوغلايدىكەن، بول-
مىسا دېلونى ئىشلەۋاتىمىز، دەپ قويۇپ يۈرۈۋېرىدىكەن، تۇتۇ-
لۇپ ئالدىغا كەلگەندىلا سوراق قىلىپ قاماپ قويىدىكىنە.

يۇسۇپ ھوشۇر بۇ گەپلەرگە نارازى بولغاندەك ئۇنىڭغا ئالى-
يىپ قاراپ قويدى. باشقا بىر ۋاقىتتا توغرا كەلگەن بولسا يۇسۇپ
ھوشۇر ساقچىغا ھاقارەت قىلغان مۇنداق ئادەمنىڭ ئاغزىغا بىرنى
قويغان بولاتتى. لېكىن، ھازىر، ئۇنداق قىلمىدى. ئۆمۈر بويى
سىياسىي قانۇننىڭ كادىرى بولۇپ، جىنايەتچى بىلەنلا ھەپىلىشىپ
ئۆتكەن بۇ ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئازابلىق
ۋە خار كۈندە قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۈنچىقمىدى. مۇنداق بولۇپ
قېلىشىنىڭمۇ ئاساسىي سەۋەبچىسى ئۆزى ئىدى. ئۇنى بەكمۇ
قىينايدىغان يېرى شۇكى، ئالدامچىلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە
ئۇنىڭ ئۆزى يول ئېچىپ بەرگەنىدى. ئەگەر بۇ ئىشتىن قانۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئورۇنلىرى خەۋەر تاپسا، جىنايەتنىڭ بىر تەرىپى ئۆزىگىمۇ ئارتىد. لىدىغانلىقىنى بىلىپ كۆڭلى ئەسكى بولاتتى... نىھايەت، ئۇنى يوقلايدىغان قوشنىلارنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلدى. ئۇلارمۇ يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ: «يىگىرمە مىڭ سوملۇق ھېكايىسى» نى ئاڭلاۋېرىپ زېرىككەن بولسا كېرەك، ئۆيگە كىرمەيدىغان بولۇپ كېتىشتى. مەھەللىدە بىر مەزگىل داۋراڭ قوزغاپ، غەيۋەت ــ شىكايەتنىڭ بېشى بولۇپ قالغان، چوڭ ــ كىچىك ھەممىسىنىڭ ئۆرىتۆپە بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان «يىگىرمە مىڭ قويمىچىلىرى» ۋەقەسى ئەمدى بېسىقىشقا چۈشكەندى.

چۈشتىن كېيىن، پەرھات خىزمەتتىن بالدۇرلا چۈشۈپ قايتىپ كېلىپ ئاتىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە جىممىدە ئولتۇردى. ئۆزىگە تۇشلۇق ئۇنىڭمۇ ئاتىسىغا ئاچچىقى بار ئىدى. لېكىن ئاتا مىڭ مەرتىۋە سەۋەبلىك ئۆتكۈزسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن چىشىنى يىرماي، لېۋىنى چىشلەپ، جىم تۇرۇۋېلىش بالىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئىشى ئىدى.

— بالام، ئالدىڭدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، كەچۈرگىن، — يۈسۈپ ھوشۇر بۇ گەپ بىلەن تەڭ كىچىك بالىدەك مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى، — بالام، مەن ئېشەكتەك دۆت، توڭگۇزدەك ئەدەبسىز ئىكەنمەن! بىلەمسەن، مۇشۇ كۈنلەردە يېگەن ــ ئىچكىنىم زەھەر ــ زوقۇم بولۇپ يۈرۈپتىمەن، يۈرىكىم ئامبۇردا قىسقاندەك سىقىلىدۇ، مېنى ھازىر كېچە ــ كۈندۈز ئارام بەرمەي قىينايدىغان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ يىگىرمە مىڭ سوم پۇل دەمسەن؟ ياق، تاپالمىدىڭ، قۇلاق سال، ئۇ بولسىمۇ: بانكىر قىز ساڭا تېلېفون بېرەيمۇ دېسە، ياق، بەرمەڭ دەپ خاپا بولۇپتىمەن، ئىسىت ــ ئىسىت نېمىشقا شۇنداق قىلغاندىمەن، بەرسىڭىز بېرىڭ، ئۆزۈمنىڭ پۇلىنى ئوغرىلامدىمەن دەپ تۇرغان بولسامچۇ، سەن بولساڭ مۇنداق بولماس ئىدى!...، — شۇ گەپتىن كېيىنلا يۈسۈپ ھوشۇر

ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى. پەرھات ئاتىسىنىڭ ئىككى قولىغا چىڭگىدە ئېسىلىۋالدى.

— بولدىلا، دادا، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، — دېدى پەرھات ئاتىسىغا يالۋۇرۇپ، — مىڭ تەڭگىنىڭ بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، جېنىڭنىڭ ئامان قالغىنىغا شۈكرى قىلايلى. سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ پۇلۇڭنى ئەكەتكەن بولسا قانداق قىلاتتۇق، سەندىنمۇ ئايرىلىپ، پۇلدىنمۇ ئايرىلىپ ئولتۇراتتۇق، تېلېۋىزوردا «دېلو ۋە قانۇن» نى كۆرۈۋاتىسەنغۇ، مۇنداق ئىشلار جەمئىيەتتە ئازمۇ؟ مائاشىڭ مىڭ سوم، يىگىرمە ئاي بانكىغا قويغىن، ئون تىيىن ئۆيگە خىراجەت قىلما، ئاپام بىلەن مېنىڭ مائاشىم ھەممىگە يېتىپ ئاشىدۇ.

— ئۇ پۇل، بۇ پۇلغا ئوخشامدۇ، بالام…

پەرھات ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى: «دۇرۇس، يىگىرمە ئاي يىگىرمە مىڭ سوم پۇل… پەرھات دوختۇرنىڭ ئېيتىشىدىن: ئۇنى ئەنە شۇنداق روھىي جەھەتتىن تىنچلاندۇرمىسا، ئاخىرىدا ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى، ئەڭ يېنىك مۆلچەرلىگەندە (روھىي پارچىلىنىش) كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۇ چاغدا جانغا تاقىشىدىغان چوڭ ئىش چىقىدۇ…» نۆۋەتىدە، يۇسۇپ ھوشۇرمۇ جىمىپ كەتكەنىدى: «بوپتۇ، پۇل كەتتى، كەتكەندىمۇ يۇرەكنى پارە - پارە قىلىپ كەتتى، — ئويلاندى ئۇ ياستۇققا يۆلىنىپ، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئارقىسىغا گىرەلەشتۇرۇپ قويۇپ، — ئەمدى پەرھات دېگەندەك، يىگىرمە مىڭنىڭ ئوتىنى بېسىش ئۈچۈن خۇددى شۇنداق يىگىرمە مىڭنى بانكىغا يىغىش كېرەك، شۇنداق، پەرھاتنىڭ گېپى توغرا، ئەقىللىق بالا بولدى، بالدۇر چىققان قولاقتىن، كېيىن چىققان مۈڭگۈزنىڭ ئاشقىنى شۇ - دە…»

— دادا، نېمانچە خىيال قىلىدىغانسەن، — دېدى پەرھات ئاتىسىنىڭ خىيال بىلەن تىمتاس بولۇپ كەتكىنىدىن چۆ-

www.uyghurkitap.com

چۈپ، — ناھايىتى يىگىرمە مىڭ سومغۇ، نېمانچە قىلىسەن، ئاۋۇ ياقۇپ خوتەن دېگەن كىشىنىڭ بالىلىرى بۈگۈن سوتقا دەۋاغا كەپتۇ، ئاڭلاپ تۇر، دادا، ئىچكىرىنىڭ قويمىچىلىرى بىلەن چەتنىڭ قويمىچىلىرى يىگىرمە مىليوندەك پۇلنى قويۇپ كېتىپتۇ، گاڭسا - جىسا بولۇپ، يالىڭاچلىنىپ كەتكەن گەپ. يېڭى سالغان قەۋەت ئۆيلىرىنى قەرز ئىگىلىرىگە تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى باشقا جايغا كۆچۈپ كېلىۋاپتۇ، ئۇلارمۇ ھېچ نەرسە بولمىغاندەك يەپ - ئىچىپ، ئويناپ - كۈلۈپ، چاقچاق قىلىپ يۈرۈشمەمدۇ، پۇل ئۈچۈن ئۆلسە ئاشۇلار ئۆلۈپ قالسا بولمايتتىمۇ؟! ئۆلمىدى، يەنىلا تۇرمۇشنىڭ ئۆز يولى بىلەن تىرىشىپ، تىرىكچىلىك قىلىپ يۈرۈشمەمدۇ؟ خەقلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ياراتقان ئىگىسى بەرگەن دۇنيا، يەنە ئىگىسى قايتۇرۇۋالدى، دەپ قېتىغا ئالماي يۈرىدىكەن. يىگىرمە مىڭ سوم ئۈچۈن سەن نېمانچە قىلىپ كېتىسەن، سەنمۇ شۇنداق دەپ يۈرۈۋەرمەمسەن، نېمانچە ئىچ ئاغرىقى قىلىسەن، مۇنداق قىلساڭ ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويىسەن...

— بالام، شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ئۆزى تاپقان پۇلنىڭ ئوتى باشقىچە بولىدۇ ئەمەسمۇ!...، — يۇسۇپ ھوشۇر ئوغلىنىڭ گېپىدىن كېيىن، يەنە ئۇنچىقماي جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن كۆڭلى ھەرقانداق سۆزدىن تەسەللى تاپمايتتى. چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق ياخشى سۆزمۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ دەپ ئويلايتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ئۆزىنىڭ ئىسسىق جېنىنىڭ بىر ئۈچى يۈرىكىدە بولسا، يەنە بىر ئۈچى ئاشۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇلغا باغلانغان دەپ ھېسابلايتتى. پۇلنىڭ گېپى بولسىلا يۈرىكى ئېچىشىپ، جېنى سىرقىرىغاندەك بولاتتى.

يۇسۇپ ھوشۇر نېمە ئۈچۈندۇر مەقسەتسىزلا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ باقتى. لېكىن، بېشى قېيىپ، پۇتى تىترەپ، ئۆرە

تۇرالماي، شۇئان ئورنىدا ئولتۇرۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى، پەر-
هات ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ يەنە ئۆز جايىغا ياتقۇزۇپ قويدى. ئانا
ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى، ئۇلار بۇگۈن ناهايىتى كەچ
يېتىپ قېلىشتى.

ئەتىسى، نىساخان ھەدە، يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ يەنىلا شۇ
غەم - غۇسسىدە ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى بىئارام بولدى،
ئېرى بولسا، ئائىلىنىڭ ھېچقانداق ئىشى بىلەن كارى بولمايتتى.
ھەتتا تۇرمۇشتىكى ھەممە ئىشلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇق ۋە
ئەھمىيەتسىزدەك تۇيۇلاتتى. تېنىدە ھېچبىر جېنى يوقتەك
كۈچ - مادارىمۇ بىرلىكتە تۈگەپ كېتىپ بارغاندەك سېزىلەتتى.
ئۇ قايسىبىر شائىرنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئالدى: كىشىنىڭ جاسا-
رىتى تۈگىگەن كۈنى قېرىلىق باشلىنىدۇ، دېگىنى راستمى-
كىن - يە؟ !... دېمىسىمۇ يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ جاسارىتى تۈگەپ،
ئۇنىڭغا كۈنسېرى قېرىلىق يېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەتىگەن، پەرھات ئىشقا كەتكەنىدى. بۇگۈن ئۇ ساقچىخانى-
دىكى ئوسمانجانغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭ بۇ دېلونى زادى قانداق بىر
تەرەپ قىلماقچى بولۇۋاتقىنىنى ئۇقماقچى بولغانىدى. بۇنىڭدىن
ئېنىق خەۋىرى بار يۇسۇپ ھوشۇر پەرھاتنىڭ بىرەر خەۋەر ئې-
لىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە كۆزى تۆت بولدى. خەيرىيەت،
چۈشتە ئوغلىمۇ كەلدى. يۇسۇپ ھوشۇر ئوغلى ئىشىك-
تىن كىرە - كىرمەيلا ئىنتىزارلىق بىلەن كەينى - كەينىدىن
سوراپ كەتتى:

— قانداق بولدى؟ قويمىچىلارنى تۇتۇپتىمۇ؟ ساقچىخانىدىكى
ساقچىلار قويمىچىلارنى قوغلاپ تۇتۇپ كەلمەمدىكەن!؟

— ۋاي - ۋۇي، دادا، تېخى ھېچ نەرسىنى ئېنىقلىماي
تۇرۇپ نەدىن تاپىدۇ ئۇلارنى، — دېدى پەرھات دادىسىنىڭ ئۆزمەي
سورىغان بىر قاتار سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، — بۇگۈن ئىدارى-
دىن رۇخسەت سوراپ ساقچىخانىغا باردىم، چۈشكىچە شۇ ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن بولدۇم. ئوسمانكام سىزنىڭ پۇلنى بانكىدىن ئالغانلىقىڭنى بىلىپ بانكىنىڭ شۇ كۈنلۈك سىنئالغۇ لىنتىسىنى تەكشۈردى...

— ھە، ھە قانداق بولدى؟! — ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى يۈسۈپ ھوشۇر ئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئۇ گۆرىدىن توڭگۇز سۈرىتى بولۇپ قوپىدىغان دۆيۈزنىڭ سۈرىتىنى تارتىپتىمۇ، ئېلىپ كۆرگەنسىلەر؟ ئېنىق چىقىپتىمۇ؟ قېنى ئەكەلگىنە ئۆزۈم بىر كۆرۈپ باقاي، سىنئالغۇغا قويغىنا، بىر كۆرسەملا تونۇيمەن ئۇ مەلئۇننى!...

— نەدىكى سۈرەت؟! — تېرىكتى ئوغلى، — كەسپىي جىنايەتچىلەر ئىكەن، قۇۋلۇق - شۇملۇقتا ئۇچىغا چىققانىكەن، ئاپپاراتقا دۈمبىسىلا چۈشۈپتۇ شۇ، بەزىدە سىزنىڭ پۇل ئېلىۋاتقىنىڭىزغا يېنىچە قاراپتۇ، كەپكىسىنى كۆزىگىچە كىيىۋالغاچقا تونۇغىلى بولمىدى. ئادەم دېگەننى كۆزدىن تونۇمىسا تونۇغىلى بولامتىمۇ؟ ھەيرانمەن، دادا، سەن قىرىق يىللىق قانۇن كادىرى تۇرساڭ، قويمىچىلارنىڭ ئاشۇ شۇملۇقلىرىنى نېمىدەپ سېزىۋالالمىدىڭ؟

پەرھات گەپلىرىنى تۈگىتىپلا جىم بولدى، چېپىنىمۇ جىمىدە ئولتۇرۇپ ئىچتى. ئۇنىڭمۇ گېلىدىن تۈزۈك بىرنېمە ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، دادىسىغا چاندۇرماي كېلىۋاتاتتى. ئەگەر دادىسى ئۇنىڭ پاراكەندە بولۇۋاتقىنىنى بىلىپ قالسىلا تېخىمۇ تۈگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئىشقا ئوشۇقچە زۇۋان سۈرمىدى.

يۈسۈپ ھوشۇر خىيالغا چۆكتى. يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» نىڭ شۇ كۈنى بانكىدىكى قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا روشەن گەۋدىلەندى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بايا پەرھات دېگەندەك قىلىقلارنى قىلغىنىنى كۆرگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمىغانىدى. بانكىدىكى مەرمەر تاش تۈۋرۈكنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» شۇنچە گۇمانلىق قىلىقلارنى قىلىپ تۇرسىمۇ ئۇنىڭدا قىلچە گۇمان تۇغدۇرمىغانىدى. يۈسۈپ ھوشۇر

قىرىق يىللىق ھاياتىدا جىنايى جاۋابكارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، دېلو ئىشلەپ، جىنايەتچىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ نەزىرىدىن ساقىت قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە ئىقتىدار ـ قابىلىيىتى يېتەرلىك، توپلىغان تەجرىبىسى مول ئىدى. ئەمما، شۇ كۈنى قويمىچىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتتى. ھەتتا ئۆزىنىڭ قانداق چۈشۈپ كەتكىنىنىمۇ سېزەلمىدى. ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئارىلىقتا، ئۆزى بىر قېتىم يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» نى ئىزدەپ تاپالماي يۈرگەندە، تېخى ئۇنىڭ ھېلىقى سومكىسىدا بەش يۈز سوم پايدا پۇل بار ئىدى، شۇ پۇلنى ئېلىپ ئۆيگە يېنىپ كېلىۋەرسىچۇ، يەنە ھېلىقى ئىچى زەھەر ياغاق يۈزنى نېمىدەپ تاپتى؟! ھەرئىككىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى ئىكەنلىكىنى نېمىدەپ سېزىۋالالمىدى، مانا ئەمدى نېمە بولدى؟! تۈگىمەس ھەسرەت ـ نادامەتكە قالدى. نادانلىق ئىنسان ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ، دېگىنى راست ئىكەن ـ دە! نادانلىق تۈپەيلىدىن يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلۇپ كېتىۋېدى، ئۆزىمۇ تەڭلا يېرىم جان ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى، نادان، كاج يۈسۈپ ھوشۇرغا تەكەببۇر ـ كۆرەڭلىكنى، ئوقەت قىلىپ پايدا ئېلىشنى كىم قويۇپتۇ، ھەرقانداق بىر ئادەم ئەقىل-لىق، قابىلىيەتلىك، مول خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان بىلەنمۇ، جەمئىيەت ساۋاتىدىن خەۋەردار بولمىسا بىكار، جەمئى-يەت كۆرمىگەن كىشىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاينىمىدا بىر-دىن قايناپ چىققان ھىيلىگەر ئوغرى ـ ئالدامچىلارنىڭ ئۇستىدىن غالىب كېلىشى ناتايىن، ھازىر ئېلېكترون دەۋرى، يۈسۈپ ھو-شۇرنىڭ دەۋرىدە چوتنى قولىدا سوقاتتى، ھازىرچۇ؟ خەقلەرنىڭ ئون بارمىقى كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكىلىرىدا ئويناپدىغان بولۇپ كەتتى. سەن تاش سانىغۇچە باشقىلار قۇم سانايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىنچىكە، رەزگى بارماقلىرى تەييارغا ھەييار بولۇشنى ئۆگەن-گەن. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپمۇ كۆزلىرىڭ ئالىچەكمەن بو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لۇپ، كاللاڭ ئېلىشىپ كېتىدۇ. سەنمۇ ئۇلارنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئىختىيارسىز باغلىنىپ قالىسەن، مانا يۇسۇپ ھوشۇر شۇنداق بولمىدىمۇ؟ !...

يۇسۇپ ھوشۇر خۇددى تۈگمەن تېشى بېسىپ تۇرغاندەك ئېغىر تۇيۇلغان كۆكرىكىنى سول قولىنىڭ ئالقىنىدا بېسىپ تۇرۇپ ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ھېلىقى ئەبجىقى چىققان كونا قارا سومكا تېخىچىلا تاشلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئەمدى نېمە لازىمى؟! قارغىش تەگكۈر كونا تەڭگىلەرمۇ شۇ سومكىنىڭ ئىچىدە شالدىرلاپ تۇراتتى. توغرا، كېرەكسىز تاقىنى ئەسلىتىدىغان ئاشۇ تەڭگىلەرنى نېمىشقا تۆت قەۋەت كونا پوچتىخانا ئالدىدا ئولتۇرۇپ كونا ئاسارئەتىقىلەرنى ساتىدىغانلارغا بىر كۆرسىتىپ باقمايدۇ، قىممىتى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، پۇلىنىڭ يېرىمى بولسىمۇ قايتىپ كەلسە، ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر تۈگمەن تېشىنىڭ يېرىمى ئېلىنىپ كەتكەندەك يېنىكلەپ قالار ئىدى!...

بىردىنلا، يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ كۆڭلىدە كونا تەڭگىلەرنى قايتىدىن پۇلغا يارىتىشنىڭ يېڭى بىر ئارزۇ - ئۈمىدى ئويغانغاندەك بولدى. بۇ ئارزۇ - ئۈمىد ئۇنىڭ زەئىپلەشكەن تېنىدە غەيرەت - جاسارەتكە، يېڭى بىر كۈچكە ئايلاندى. ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇردى. ھېلىقى تەڭگە يارماقلار قاچىلانغان كونا سومكىنىنى قولىغا ئېلىپ بىلىنگىسە ئاستىنى ۋە سىرتىقا مېڭىشقا ھازىرلاندى.

— ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋالدىلىغۇ، نەگە بارىلا؟ — سورىدى ئايالى ئەنسىرەپ، — تېخى دېگەندەك ياخشى بولۇپ كەتمىدىلا، كوچىدا يەنە ئۈزۈلۈپ قالىلا.

— قويمىچىلارنى ئىزدەيمەن، — كەسكىن جاۋاب بەردى يۇسۇپ ھوشۇر، — پۇلۇمنى تاپىمەن...

يۇسۇپ ھوشۇر گېپىنىڭ ئاخىرىدا «سومكىدىكى تەڭگىلەرنى

ئاسارىئەتىقە يىغىدىغانلارغا كۆرسىتىپ باقىمەن» دېمەكچىدىيۇ، ئوغلىنىڭ ئالدىدا ئېغىزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى. ئۆتكەندە ئوغلى ئۇلارنىڭ كىرەكسىز تەڭگە ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگەنىدى. لېكىن، بۇ گەپكە يۇسۇپ ھوشۇر ھەرگىز يىقىن كەلمەيتتى. ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي غەيرىتىگە ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن يۇسۇپ ھوشۇر بىر پەس تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن سىرتقا ماڭدى.

— مۇشۇ ھاللىرى بىلەن قويمىچىلارنى قانداق ئىزدەيلا؟ — ئىشىك بوسۇغىسىدا زارلاندى ئايالى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، — بولدى قويسىلا ئەمدى، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دەيلى...

— ياق، خوتۇن، مەندىن ئەنسىرىمەڭلار، ياخشى بولۇپ قالدىم، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر مۇرىسىنى سىلكىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەن ھالدا، — دەرد ـ پىغانغا يەم بولۇپ تۆت تامغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرەمەنمۇ، يۈرىكىم بەك قىسىلىپ كەتتى، مەن ئۆلۈك بولمىغاندىكىن سىرتقا چىقىپ ھېلىقى قويمىچىلارنى ئىزدەپ باقمايمەنمۇ!

— شۇنچىۋالا كۆپ پۇلغا ئېرىشكەن قويمىچىلار غۇلجىدا تۇراتتىمۇ، دادا، ئاللىقاچان باشقا شەھەرگە قۇيرۇقىنى خادا قىلغان گەپ، — پەرھات بۇ گەپنى دادىسىنى نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئەتەي ئاچچىق بىلەن دېدى. لېكىن، بۇ تاپا ـ تەنىلەر يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ قېتىغا كىرىپ چىقمىدى.

— شۇنداق بولسىمۇ ئىزدەشتۈرۈپ باقىمەن، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر گېپىدە چىڭ تۇرۇپ.

— دادا، بۇ نېمە دېگىنىڭ! ؟ — نارازى بولدى پەرھات دادىسىغا، — ساقچىلار ئىزدەپ تاپالمىغان قويمىچىلارنى سەن قانداق تاپاتتىڭ؟ ! ...

— ھېچبولمىغاندا تونۇپ بېرەرمەن، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن www.uyghurkitap.com

كونا سومكىسىدىكى ھېلىقى يارماقلارنى مالتىلاپ تۇرۇپ. سومـ-كىدا يەنە يىگىرمە مىڭ سومنىڭ ئاچچىق يادنامىسى بانكىنىڭ ئازراق ئۆسۈم پۇلىمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇ پۇلنى قولىغا ئېلىپ ئېرەنسىزلا قاراپ قويدى. يۈرىكى يەنە ئېچىشقاندەك بولدى ـ دە، قوشۇپ قويدى، — ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا دەپ ئۆزۈم بىر يول تاپاي، بالام.

يۇسۇپ ھوشۇر يەنىلا ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى دېيەلمىدى. ئەگەر ئۇ مەقسىتىنى ئاشكارىلىسا، ئوغلىنىڭ ئۇنى ئەمدى ھېچ يەرگە چىقارمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى. دېمەـ-سىمۇ ئوغلى دادىسىنىڭ ئالدامچىلارنى تۇتىمەن دەپ كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ بىرەر ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇشىدىن، يىگىرمە مىڭ سوم پۇل ئۈچۈن ھەتتا جېنىنى سېلىپ بېرىشىدىن قاتتىق ئەنسىـ-رەيتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ئوغلى پەرھاتنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماي تالاغا ماڭدى. پەرھاتمۇ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرغانىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى: دادىسىنىڭ ئارانلا قالغان جېنىنى قوغداپ قېـ-لىش ئىدى. لېكىن، دادىسى پۇللىرىم بىر يەردىن تېپىلىپ قالار دېگەن نىيەتتە ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمىدى.

— ئەمدى جېنىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن، دادا، — دېدى پەرھات قاتتىق ئازابتىن چىدىيالمىغاندەك ئىڭراپ، — بولدى قوي ئەمدى، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن!...

پەرھات شۇ گەپنى قىلىپ تەتۈر قارىۋالدى. ئۇ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ كۆز يېشى دادىسىغا ئىچ ئاغرىتقانلىقتىنمۇ ياكى يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنىڭ بىھۇدە قولدىن چىقىپ كەتكىنىگە چىدىيالمىغىنىدىنمۇ ۋە ياكى دادىسىنىڭ گەپ ئاڭلىمىغانلىقىدىنمۇ بۇنىڭغا بىر نېمە دېيىش تەس ئىدى.

— بالىنىڭ گېپىنى ئاڭلىسىلىچۇ. ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىمىز شۇ پۇلغا قاراشلىق ئەمەسقۇ؟! — ئانا ئوغلىغا بولۇشۇپ گەپ قاتتى، — بالىغا دادا كېرەك، ئالدىمىزدا قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار تېخى...

ئانا گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق
ھەمراھىنىڭ كۆڭلىنى ئايىغانىدى. لېكىن، يۇسۇپ ھوشۇر ئۆز
گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. دۇرۇس، ھازىر ئايالى ۋە ئوغلىنىڭ
دېگىنىدەك ئۆينىڭ تۇۋرۇكى بولمىسا بولمايدۇ، ئۆي دېگەن ئۆز
ئىگىسى بىلەن ئاۋات بولىدىغان گەپ. ئاتا ـ ئانا دېگەن ئۆينىڭ
گۈلى، ئائىلىنىڭ روناق تېپىشى، گۈللىنىشى ئاشۇ ئىككىسىگىلا
باغلىق ئەمەسمۇ، شۇنچىلىك كۆپ پۇلنى ئالدامچىلار ئېلىپ
قېچىپ كېتىشى بۇ ئائىلە ئۈچۈن زور يوقىتىش بولۇپ، ئېچىنار-
لىق قايغۇ ئەكەلسىمۇ، يەنىلا مۇشۇ ئائىلىنىڭ كېيىنكى ھاياتى-
نى، خاتىرجەملىكىنى ئويلىماي بولمايتتى. ھەممىدىن مۇھىمى:
يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى ئۇنتۇپ كېتىش، كۆڭۈلدىن پۈتۈنلەي
چىقىرىۋېتىش، يەنە باشقىدىن كۆڭۈللۈك تۇرمۇش باشلاش ئى-
دى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا تېخى پەرھاتنىڭ توي ئىشلىرى بار،
كەنجى ئوغلىنىڭ تويى ھەممىدىن مۇھىم، دېمەك، بۇ ئائىلىدە
كۆڭۈللۈك ئىشلار تېخى تۈگەپ كەتكىنى يوق. بايا ئوغلىنىڭ
ئىڭراپ تۇرۇپ دېگەن گېپىنىڭ تېگىدە يوشۇرۇن بىر سىر بار
ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ توي ئىشلىرىغا ئاتاپ قويغان يىگىرمە
مىڭ سوم پۇلنى ئالدامچىلار دادىسىنىڭ كۆز ئالدىدىلا بىر تىيىن-
نى قويماي پاك ـ پاكىز ئالداپ كەتكەنلىكى ئىدى. لېكىن، ئۇ
بۇ سىرنى دادىسىغا چاندۇرمايتتى. ھەممىدىن مۇھىمى: دادىسى-
نىڭ ئامان قېلىشى، ئائىلىسىنىڭ كەلگۈسى خاتىرجەملىكىنى
قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. ئۆينىڭ تۈۋرۈكى يۇسۇپ ھوشۇر ئامان
بولسىلا قالغان ئىشلار ئۆز لايىقىدا، ئۆز يولى بىلەن پۈتۈۋېرەت-
تى. ھازىرقى ياشلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئىشلىرى ئون ـ يىگىرمە
مىڭ سوم پۇلسىز پۈتمىسىمۇ، ئۇنىڭغا بەكمۇ قايغۇرۇپ كېتىش
ھاجەتسىز ئىدى. دادا دېگەن ئۆينىڭ تۈۋرۈكى، تۇرمۇشنىڭ
تۈگمەس بايلىقى تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا قانداق قىلغۇ-
لۇق؟ ناھايىتى شۇ: ئۆزى تاپقان پۇلنى ئالدامچىلارغا ئالدىنىپ

ئۆزى بېرئۆيتىپتۇ. ھاياتلا بولسا يەنە شۇنچىلىك پۇلنى ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ دۇنيانى تاپىدۇ...

پەرھات بىر چەتتە ئەنە شۇلارنى خىيال قىلىپ تۇراتتى. ئانىنىڭ بايىقى گەپلىرى ئوغلىنى ھەتتا يۇسۇپ ھوشۇرنىمۇ ئاز-راق ئويغا سالغانىدى. ئىساخان ھەدىمۇ ئۇلارغا قاراپ ئۆز ئالدىغا ئوي - خىيالغا غەرق بولغانىدى. يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ بوسۇغا ئاتلىغان ئاياغ تاۋۇشى ئۇلارنىڭ خىيالىنى بۆلدى.

— دادا، سەن بارمىغىن! — دېدى ئوغلى خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، — ساقچىلار ئۆزلىرى خەۋەر قىلىدىغان بولدى.

لېكىن دادىسىنىڭ جاھىللىقى تۇتقانىدى.

— قاچان خەۋەر قىلىدۇ؟! — دېدى ئۇ پەرھاتقا مىختەك قادىلىپ، — مەن تىرىك چاغدىمۇ ياكى ئۆلگەندىمۇ؟ ياكى بولمىسا قويمىچىلار پۇلنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇپ بولغاندىمۇ؟!

— ئەمىسە سەنمۇ نېمانداق گالۋاڭدەك ئىش قىلدىڭ، دادا، — دېدى پەرھات ئاغزى ئىتتىكلىك قىلىپ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق سۆزنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمى-غانىدى، — ئۇششاق باللار ئوتتۇرىسىنى تېشىپ تەپكۈچ ياساپ ئوينايدىغان تۆمۈر يارماقنىڭ دانىسىنى بەش يۈز سومدىنمۇ ئالامە-سەن، كاللاڭنى ئىشلىتىپ باقساڭ بولمامدۇ، دادا، كونا سوت كادىرىمەن، تەجرىبەم مول دەپ گەپ بەرمەيتتىڭ، قېنى شۇ دېگەنلىرىڭ؟ سېنىڭ كونا زامانىڭ ئەمەس - دە بۇ، مەسىلىنى ئاددىي كاللاڭدا ئويلايدىغان! ئېلېكترون دەۋرى بۇ، خەقلەرمۇ كاللىسىغا ئېلېكترون مېڭە ئورناتقاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئاشۇ ئېلېكترون كاللىسى بويىچە ئىش قىلىدۇ، سەن ئەمدى ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن، ئالدامچى، قويمىچىلارغا كەلسەك تېخىمۇ شۇنداق... ئۇلار تېخىمۇ قارا كۆڭۈل، قارا نىيەت بولۇپ كەتتى، قارانىيەتلەر غەلىبە قازىنىپ، ساڭا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل ساددىلار مەغلۇپ بولىدىغان زامان بۇ، بولمىسا قېرى جاللاتنىڭ

سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر چاڭگال يارماقنىمۇ يىگىرمە مىڭ سوم-
غا ئېلىپ قاراپ ئولتۇرامسەن! ھېلىقى يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر»
دېگىنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە ھېلىقى ياغاق يۈز بىلەن بىر دېڭىزنىڭ
قاراقچىلىرى، ئولجىنى تەڭ بۆلۈشىدۇ، ئۇلار قىزىل كۆزلۈكتى-
مۇ تەڭ شېرىك، سېنىڭ پۇلۇڭغىمۇ تەڭ شېرىك ياغاق يۈزگە:
ئەكەل پۇلۇڭنى، مەن ساڭا ئېلىپ بېرەي، ئون تىيىن پايدا
يېمەيمەن دېسەڭ بولمامدۇ، شۇ چاغدا كارامىتى ئاشكارا بولاتتى
ئۇنىڭ! ئۇ سولتەكلـەرنىڭ ئاشـۇ ھىيلىسىگىمـۇ كالالاڭ ئىش-
لىمىدىمۇ؟ ! ...

پەرھات نەچچە كۈنلۈك پىغانلىق دەردىنى بىراقلا تۆكۈۋاتقان-
دەك قىلاتتى. ئۇ، بۇ گەپلەرنى قىلمىغانمۇ بولاتتى. لېكىن
دادىسىنىڭ جاھىللىقىدىن خۇرۇچى ئۆرلەپ، كۆڭلىدىكىنى بى-
راقلا دەپ سالدى، ئانا ئوغلىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن دادىسىنىڭ
كۆڭلى ئازار يەمدىكىن، دېگەن ئەندىشتە قالدى. ئاران شۇنچىلىك
ئۆرە بولغاندا، ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك ئىش بولمىسۇن
دەپ ئەنسىرىگىنىچە يۈسۈپ ھوشۇرغا قارىدى. لېكىن ئۇنىڭ
چىرايىدا باشقا ھېچقانداق بىر رەنجىش كۆرۈنمەيتتى. يۈسۈپ
ھوشۇرنىڭ ئويىچە، ئوغلىنىڭ دېگەنلىرى ھەقىقەت ئىدى. ئاق
كۆڭۈل، ساددا، كىشىلەرنىڭ زىيىنىغا ئىچى ئاغرىيدىغان، ھا-
لال تاپقان رىزقىغا توپا چاچمايدىغان ئادەملەر ئەمدى بۇ جاھاندا
قالمىغان ئوخشايدۇ، بايا ئوغلىنىڭ دېگەنلىرى نېمىشقا شۇ چاغدا
كاللىسىغا كەلمىگەندۇر، دۇرۇس ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنداق ئوي
كەلگەندى، لېكىن، ئۇنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن بىر دانە يارماققا
بەش يۈز سوم پايدا بېرىپ ئۇنىڭ كۆزىنى باغلىغاندەك ئىش
بولمىدىمۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە گۇماندىن ۋاز كېچىپ ئىشى-
نىپ كەتكەن. نېمىدېگەن سىرلىق سېھىرگەرلىك بۇ ـ ھە! ئۇ
نېمە ئۈچۈن ئىلگىرى شۇنداق ھىيلىگەر، ساختىپەزلەرنىڭ ھىي-
لىسىنى تەتقىق قىلمىغاندۇر، ھەتتا ئۆگەنمىگەندۇر، ساختىلىق

ئۆگىنىش — ئىشلىتىش ئۇچۇن ئەمەس، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇنمۇ ئۆگىنىش كېرەك ئىكەن! نادان، گول بولۇپ قېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ چىدىغۇسىز ئازاب ئىكەنلىكىنى، باشباشتاقلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى كېڭەش بىلەن قىلغان ئىشنىڭ زادى بۇزۇلمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن يۇسۇپ ھوشۇر ئوغلىنىڭ سۆزىگىمۇ جاۋاب بەرمەي، ئايالىنىڭ تارتىشقان ھەرىكەتلىرىگىمۇ بوي بەرمەي كوچىغا چىقتى...

VII

كوچىدا كېتىۋاتقان يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ نىشانى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەتتى. كوچىدا دەلدۇگۇنۇپ ماڭغاندا جايىدا بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ ئاندىن قەدەم باساتتى. بىرقانچە يەردە، ماشىنا، رىكشىچىلارغا ئۇرۇلۇپ كەتكىلى تاس - تاسلا قالدى. شاۋقۇنلۇق كوچا، ئاۋات رەستىلەردىكى توختاۋسىز ۋارقىراش - جارقىراشلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ «قازانچى» مەھەللىسىگە ناھايىتى ئىتتىك كەلدى. چۈنكى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئۆزىنى «قازانچى»لىق دەپ تونۇشتۇرغانىدى. ئۇ مۇبادا جۆيلۈپ سېلىپ ئاغزىدىن راست سۆز چىقىپ كەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس، ئۆيىنىلا تېپىۋالسا قۇرۇق تۆت تېمى بولسىمۇ پۇلىنى ئېلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدا بۇ ئۈمىد تېخى ئۆچمىگەنىدى، يۇرىكىنىڭ بىر چېتىدە يالقۇنجاۋاتقان كىچىككىنە بىر ئۇچقۇن ئۇنى مۇشۇ «قازانچى» مەھەللىسىگە سۆرەپ كەلگەنىدى. ئۇ، مەھەللىگە كىلىپ ئۇياق - بۇياققا قارىدى، كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان يولۇچىلار كۆپ ئىدى. ئۇ، مەھەللە دوقمۇشىدا پاراڭ قىلىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرغان ياشلارنىڭ قېشىغا باردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، باللار! — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر بىلىنگە يىگىرمە مىڭ سوملۇق يارماق تەڭگە سېلىنغان ھېلىقى

كونا سومكىسىدىكى ئۆتكۈزۈۋالغان ئېلىك قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — سىلەر مۇشۇ مەھەللىلىكمۇ؟

— شۇنداق، ئاكا، بىز مۇشۇ مەھەللىلىك، — دېدى بالىلار يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، — بىر ئىشىڭىز بارمىدى؟

بالىلار قىلىۋاتقان پاراڭلىرىنى قويۇپ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشتى.

— مۇشۇ مەھەللىدە «يۈسۈپ ئەڭگۈشتەر» دەپ بىرى بار-مۇ؟ — سورىدى يۈسۈپ ھوشۇر ئېھتىيات بىلەن، — يېقىندىن قىز ئەپقېچىپ كېلىپ توي قىلىۋالغان، ئۆزى بازاردا ئاسارئەتىقىلەر-نى ئېلىپ ساتىدۇ.

— بىزنىڭ مەھەللىدە ئۇنداق ئادەم يوق، — دېدى بالىلار-نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان بۇغداي ئۆڭ بالا، ئۇ بايا گەپ بىلەن بالىلارنى كۈلدۈرۈپ ئولتۇرغانىدى، — يۈسۈپ توكۇلاڭ دېگىنى بار، ئىلگىرى شارا - باراچىلىق قىلاتتى، ھازىر تاغدىن چىخ ئەكېلىپ ساتىدۇ، شۇنداققۇ - ھە، بالىلار؟

— ھە، — تەڭلا جاۋاب بېرىشتى بالىلار، — ھە، راست، يۈسۈپ تورپاق دېگىنىمۇ بار، ئۇ ئۆزى چوڭ بولسىمۇ كىچىك بالىلار بىلەن ئوينايدۇ.

— يۈسۈپ بوياق بار، — دېدى بالىلارنىڭ بىرى ئېسىگە ئېلىپ، — لېكىن ئۇ بوياق ساتىدۇ.

— يۈسۈپ گۇر - گۇر دېگىنىمۇ بار... ئەمما يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» دېگىنىنى ئاڭلىماپتۇق، لەقىمىنى ئۆزگەرتىۋالدى-مۇ - يە؟ بولمىسا بېرىپ ئىزدەپ بېقىڭ!

يۈسۈپ ھوشۇر بالىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان «يۈسۈپ»لەرنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ تاپتى، لېكىن ئەمەس بولۇپ چىقتى. ئۇلار ئۇنداق ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغان، قىز ئەپقېچىپ كېلىدىغانلاردىن ئەمەس ئىكەن، يۈسۈپ ھوشۇر ئۇلار-

www.uyghurkitap.com

نىڭ ئۆيدىن نائۇمىد ھالدا روھى چۈشۈپ قايتتى. كىشى دۇنيادا ھەربىر قېتىم ئۈمىدسىزلەنگەندە ئاجايىپ بىر روھىي ئازابقا قالىدۇ، ئامال بار شۇ ئازابنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا ئىزدىنىدۇ، ئىشنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى: شەھەر ئىچىدىكى چوڭ گۇللۇكنىڭ بىر چېتىدە، تۆت قەۋەتلىك پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا كونا ئاسارئەتىقىلەرنى ئېلىپ ـ ساتىدىغان جاڭگۇيدىلەردىن ئۆزىنىڭ قولىدىكى ئاشۇ تەڭگىلەرنىڭ قىممىتىنى سوراپ بېقىش بولدى.

بۇ يەردە ئىككى جاڭگۇيدە ئولتۇراتتى. بىرى: شالاڭ ساقال، ئۇچلۇق ئېڭەك، كۆز چاناقلىرىدىكى ئۇششاق قورۇقلار، كىچىككىنە گازىردەك كۆرۈنگەن كۆزلىرىنى تېخىمۇ پۈرلەشتۈرۇۋەتكەن. ئۇ كونا قارا جۇيازىسىنى يېپىنچاقلىۋالغانىدى. يەنە بىرى ياش بولۇپ، ھېلىقى ياغاق يۈزگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئوخشاشمىغان يېرى: ئۇ كونا زامانلارنىڭكىدەك ئۈچىسىغا «چىپاۋ» كىيىۋالغان بولۇپ، بېشىغا كىيگەن دوپپىسىنىڭ چوققىسىدا كىچىككىنە مونچىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەنلەر، ئاسارئەتىقىلەرگە ئەمەس، كۆپرەك ئۇنىڭ كونا زامانلاردىكى «شيۇسەي» لەرگە تەقلىد قىلىپ ياسىنىۋالغانلىقىغا قىزىقىپ كەلگەندەك تۇراتتى. يۇسۇپ ھوشۇر بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ھالىنى ئېيتقاچ ھېلىقى بىرنېمىلەرنىڭ باھاسىنى ئۇقۇپ بېقىشنى ئويلىدى. ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، قارا شاپاق بۆكىنىڭ تۆپىسىدە مونچىكى بار ئاۋۇنى ئۇ نەيرەڭۋاز كۆردى، خۇددى ياغاق يۈزدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن سۆرۈن تەلەت چىرايىغا بىر خىل ئۆچمەنلىك بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئاۋۇ قارا جۇيازا يېپىنچاقلىۋېلىپ ئولتۇرغان شالاڭ ساقال، ئوچلۇق ئېڭەك جاڭگۇيدە ئۇنىڭ ھالىغا يېتىدىغاندەك كۆرۈندى. كونا زاماننىڭ ئادەملىرى راست گەپ قىلىدۇ، كۆڭلۈڭنى ئاغرىتىسىمۇ بارنى دەيدۇ، نەيرەڭۋازلىق قىلمايدۇ، ئۇ زامانلاردا يالغان -

ساختا نەرسىلەر بولمىغاچقا، ئۇنداق نەرسىلەرنى ياسايدىغان ساختىپەزلەرمۇ يوق ئىدى. ھەممە نەرسە جىلىڭ ئىدى. جىلىڭ - جادەپ ئايرىلمايتتى. ھازىرچۇ، ئادەملەرمۇ نەرسىلەرگە ئوخشاشلا جىلىڭ، ساختا دەپ ئايرىلىدىغان بولۇپ كەتتى. راست - يالغىنى ئارىلىشىپ، پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بۇ زاماندا ئۇلارنىڭ ئېنىق بەلگىسى بولمىسىمۇ، يەنىلا كونىلارغا ئىشىنىشكە بولاتتى...

يۇسۇپ ھوشۇر چەتتە بىر پەس تۇرۇپ ئەنە شۇلارنى ئويلىغاندىن كېيىن ئۇددۇللا قېرى جاڭگۇيدىنىڭ ئالدىغا باردى. زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ھېلىقى ئەبجەقى چىققان سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىپ تەڭگىنى ئالدى - دە، باياتىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان جاڭگۇيدىگە ئۇزاتتى.

— جاڭگۇيدە، مۇنداقلىرىنى قانچىدىن ئالىسەن؟ — سورىدى يۇسۇپ ھوشـۇر ئىنـتايىن تـەقەززالىق بىلـەن ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ، — دىتىڭدىكى گەپنى ئوچۇق دېگىنە.

جاڭگۇيدە بىر قولىنى ياماقنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇزىتىپ، يەنە بىر قولىدا ئىچىگە كىيىۋالغان كۆك جۇڭسەنفۇسىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن كۆزەينىكىنى ئېلىپ تاقىدى ۋە قولىدىكى تەڭگىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— قانچىگە ساتىمەن دەيسەن، لوخەن؟ — سورىدى جاڭگۇيدە تەڭگىنى كۆرۈپ بولۇپ كۆزەينىكىنى قاڭشىرىغا چۈشۈرۈپ ئۈستىدىن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قارىغان ھالدا، — مۇشۇ بىرلىما؟

— ياق، قىرىق دانىسى بار، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر يۈرىكىنىڭ بىر يېرىدە ئويغانغان كۈچلۈك ئۈمىد - ئارزۇسىنىڭ ئىسسىق ھارارىتى يۈزىگە تەپكەن ھالدا قىزىرىپ، — ھەممىسىنى ئالامسەن؟!

— ئالاي، قانچىدىن بېرىسەن؟ — سورىدى جاڭگۇيدە، يۇسۇپ ھوشۇر ئالدىغا قويغان قىرىق دانە تەڭگىنى بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كۆزەينىكىنى قاتلاپ

يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — قېنى بىرنېمە دەپ باقمامسەن، لوخەن.

— ياق، سەن دەپ باققىن، جاڭگۇيدە، — دېدى تەقەززالانغان يۇسۇپ ھوشۇر تىترەك ئاۋازدا، — سەن مۇشۇنىڭ بىلەن نان تېپىپ يەۋاتقاندىكىن، بۇنىڭغا كۆزۈڭ يېتىدۇ، يالغان گەپ قىلمايسەن!

جاڭگۇيدە قولىدىكى بىر تال يارماققا ۋە ئۇنىڭدىكى غۇۋا كۆرۈنگەن باسما سۈرەتكە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ خىيالغا چۆكتى. يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭ قارىشىدىن: «ئىچىدە دېتلاۋاتىدۇ قېرى جادۇ، بۇمۇ مېنى جايلاي دەيدۇ، ئەمدى بوزەك بولماسمەن، قېنى ئەمدى مېنى ئالداپ باققىنا قېرى ...» دەپ ئويلىدى.

— لوخەن، بۇ نېمەڭگە، — ئاخىر گەپ تەشتى جاڭگۇيدە خىيالدىن ئويغانغاندەك بىردىنلا ئۇنىڭغا قاراپ، — بۇ نېمەڭنىڭ دانىسىغا ئون سومدىن بېرىمەن!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يۇسۇپ ھوشۇر كەينىگە «دىڭڭىدە» چۆچۈپ كەتتى. زوڭزىيىپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئارقىسىغا شوخشۇپ داق يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى، بېشىنى ئالدىغا شۇنچە ئەگسىمۇ يەنىلا گەجگىسى ئارقىسىغا تارتىشىپ كۆزلىرى خۇددى قاسساپنىڭ پىچىقى ئاستىدا ياتقان تورپاقنىڭ كۆزلىرىدەك چەكچىيىپ، جاۋغىيىدىن شالى ئېقىشقا باشلىدى. جاڭگۇيدە ئالدىدا ئولتۇرغان بۇ خېرىدارنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرگىنىگە قاراپ ھەيران بولغان ھالدا ئۇنى دەرھال يۆلىۋالدى.

— لوخەن، لوخەن، نېمە بولدى ساڭا؟ — دېدى جاڭگۇيدە ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ، — قان بېسىمىڭ بارمۇ، يۈرىكىڭ چاتاقمۇ - يە؟

— ياق، ياق ھېچ نەرسە بولمىدىم، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — ئوڭشىلىپ قالدىمەن، جاڭگۇيدە...

— مىنىڭ گېپىمنى ئېرۋاڭغا قاتتىق تەسىر قىلغاندەك تۇرىدۇ - ھە، لوخەن، — سورىدى جاڭگۇيدە ئۆزىنى ئوڭشىۋې- لىپ خۇددى ناماقۇل بولغاندەك، — ئەمىسە نېمە بولدى دېگىنە، لوخەن، سەندە بىر گەپ بار.

— ماڭا قارا، جاڭگۇيدە، ماڭا ئىشىنەمسەن، يوق؟! مەن بۇنىملەرنىڭ دانىسىنى بەش يۈز سومدىن ئالغانمەن! سەن ھازىر بەش يۈز تەڭگىلىك نەرسىنى ئون سومدىن سوراۋاتىسەن، نېمىدې- گەن ناھەقچىلىك بۇ!

جاڭگۇيدە «دىڭگىدە» چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇرۇم - پۇ- رۇم قورۇقلار ئىچىدىكى كىچىككىنە پىستە كۆزلىرى ئالىيىپ پارقىراپ كەتكەندى. قولىمۇ تىترەپ، بىر تال يارماق ئۆزى يېيىپ قويغان نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ جىرىڭلىدى.

— ئالجىپسەن، لوخەن، — دېدى جاڭگۇيدە ھاڭدەك ئېچىد- لىپ قالغان ئاغزىنى ئارانلا گەپكە كەلتۈرۈپ، — ساراڭ بولۇپ- سەن! بۇ نېمە قىلغىنىڭ! بانكا تەشكەن پۇل بارمىدى يە سەندە، لوخەن!

يۈسۈپ ھوشۇر جاڭگۇيدىنىڭ بۇ گېپى بىلەن تەڭ بىر پەس ئېسەنكىرەپ تۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ يۈرىكى قايتىدىن ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە ئۆرتەنگەندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئەمدى ئىككىنچى قېتىم ياق، ئۈچىنچى قېتىم يالغانچىلىقنىڭ زەربىسىگە ئۇچراۋاتاتتى، ئۇ خۇددى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراۋاتقاندەك مەڭدەپ كەتتى.

— ھەي، سودايى لوخەن، ساڭا بۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم شېڭ دۇبەننىڭ سۈرىتىنى پۇل قىلاي دەپتۇ، ئالجىپسەن، لو- خەن، ئالجىپسەن! — جاڭگۇيدە يۈرىكىدىن ئېچىنىپ شۇ سۆز- لەرنى قىلدى.

— بەلكىم ئالجىغاندىمەن، جاڭگۇيدە، — دېدى ئاخىر زۇۋاد- غا كېلىپ يۈسۈپ ھوشۇر كىمگىدۇر تەنە قىلغاندەك. ئۇ ئېغىر قايغۇدا زەئىپلەشكەن گەۋدىسىنى تەستە مىدىرلىتىپ قويدى.

يۇرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۇچقۇنداۋاتقان كىچىككىنە ئۇمىدىمۇ ئەمدى بەربات بولۇۋاتاتتى. يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنىڭ دەردىلىك ئەلىمى ئۇنىڭ يۇرىكىنى قايتىدىن چىرمىۋالدى. يەرگە ئېگىلىشىپ، بېشىنى ئىككى چاترىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. ئۇ، ئۆزىنى يەر يېرىلىپ، چەكسىز ھاڭغا تېخىمۇ چۆكۈپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

— ماڭا قارا، لوخەن، سەن تازىمۇ ئېغىر كۈنىدە قاپسەن! — دېدى جاڭگۈيدە يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىدىن ئەنسىرەپ، — گېپىمنى ئاڭلاپ تۇر، بولغۇلۇق بوپتۇ، بۇنىڭغا قايغۇرما، بۇ دۇنيادا ئادەم ئانچە - مۇنچە زىيان تارتىپ تۇرمىسا، ھوش - كاللىسىدىن تېپىۋالالمايدۇ. ئاڭلاپ تۇر، لوخەن، قەدىمكى زاماندا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن كۈمۈش تەڭگە مۇشۇنداق بولاتتى، بۇ ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن شىڭ دۇبەننىڭ ئاق تەڭگىسى، بىز بۇنى ئۆز زامانىسىدا تالاي كۆرگەن، — جاڭگۈيدە بايا قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن تەڭگىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ يەنە ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرگەچ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ تەڭگىنى دەسلەپتە قولۇمغا ئېلىپ ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ كەتتىم، بۇنى سەن بايقاپ قالدىڭ، بۇنى سېتىۋېلىش بۇياقتا تۇرسۇن، كۆرەر كۆزۈممۇ يوق، بىراق، يەنە بىر يېرىنى دەپ ئېلىپ قوياي دەۋاتىمەن، نېمىشقا دەمسەن؟ جاڭ جىجۇڭ گېنېرال ئۈچ مەسىلەك بىلەن شىنجاڭنى تىنچلاندۇرىمەن دەپ دىخۇاغا[1] كەلگەندە مەن شىڭ دۇبەننىڭ تۈرمىسىدە پىت - بۈرگە، چوشقىلارغا يەم بولۇپ جېنىمدىن ئايرىلايلا دەپ قالغاندىم، شۇ چاغدا مۇشۇ ياماقتىن بىرىگە گۈندىپايدىن بىر موما ئارتۇق ئېلىپ يەيتتۇق، كېيىن، ئەخمەتجان ئەپەندى جاڭ جىجۇڭ بىلەن «ئون بىر بىتىم» گە كېلىشكەندە سىياسىي مەھبۇس-

---

① دىخۇا — ئۈرۈمچى.

لار ئومۇميۈزلۈك كەچۈرۈم قىلىنغانىدى. مەنمۇ شۇلارنىڭ قاتا-
رىدا تۈرمىدىن بوشاپ غۇلجىغا قايتىپ كەلگەنمەن، ئەگەر دېگە-
نىمگە بەرسەڭ، لوخەن، ئاشۇ تۈرمىدىكى چاغلىرىمنى ئەسلەپ
تۇرۇش ئۈچۈن، خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قويىمەن، خېرىدار بولسا
ساتىمەن، بولمىسا تۇرىدۇ، ساتمىساڭ، يەنە ئىختىيار
ئۆزۈڭدە...

يۈسۈپ ھوشۇر ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويدى. ئۇ جاڭ-
گۇيدىنىڭ گۇمان ئارىلاشقان بۇ سۆزلىرىگە ئىشەنمەي سوئال
نەزىرىدە تىكىلىپ تۇراتتى. «يەنىلا قويماقچى! ...» دېگەن ئوي
ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغانىدى.

— ماڭا، قارىغىنا، جاڭگۇيدە، مەيلى ئەقىلسىز بولاي،
ھەتتا ساراڭمۇ بولاي، مەن دانىسىنى بەش يۈز سومدىن ئالغان
نەرسىنى سەن يۈز سومدىن ئالالامسەن؟ مۇشۇنداق ئەتىۋارسىز،
قىممىتى يوق نەرسىنى مەن قانداق قىلىپ بەش يۈز سومدىن
ئېلىپ قالىدىم، قىرىق تەڭگە — يىگىرمە مىڭ سوم
دېگەن گەپ ...

جاڭگۇيدە تېخىچە ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ
يارماقلارنى شۇنچىلىك كۆپ پۇلغا ئالغانلىقىنى سېھىرگەرلىكنىڭ
كۈچى، قويمىچىلىقنىڭ قۇدرەتلىك ھىيلىسى دەپ چۈشىنىۋاتات-
تى. يىگىرمە مىڭ سوم پۇل خۇددى جاڭگۇيدىنىڭ يانچۇقىدىن
ئۇچۇپ كەتكەندەك، ئۇ بۇ ئىشقا ئىچ - ئىچىدىن ئېچىنىۋاتاتتى.

— بىچارە لوخەن، ئەقىلىڭدىن ئازغاندەكلا ئىش قى-
لىپسەن، — دېدى جاڭگۇيدە ئاخىر، — سەن بىلەن سودىلاشقان
ھەر ئىككىسى پۇلۇڭغا تەڭ شېرىك قويمىچىلار ئۇ! بىر يارماقنى
مىڭ سومغا سېتىۋېلىشى سېنى ئىشەندۈرۈپ قاپقانغا دەسسىتىش
ئۈچۈنلا قىلىنغان ئىش. بۇ خۇددى مىڭ سوم پۇلنى دو تىكىپ،
يىگىرمە مىڭنى ئۇتقاندەكلا قىمار ئويۇنى، مۇنچىلىك چوڭ سودى-
نىڭ كۆزىنى بىلمىگەن ئادەم ھېچبولمىغاندا بىزگە كېلىپ يار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماقنى بىر كۆرسىتىۋەتسەڭ بولماسمىدى. ئۇنى بۇ يەرگە «يۇرە» دەپلا باشلىساڭ شۇ زامان قېچىپ كېتەتتى، سەنمۇ چوڭ ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالاتتىڭ! ئىسىت، ئىسىت! لوخەن، مەن ساڭا ئېچىنىۋاتىمەن!

— شۇنى دېمەمسەن، جاڭگۇيدە، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئۆز - ئۆزىنى كايىپ، — بۇ سودىنى ئۆيدىكى خوتۇندىنمۇ يوشۇرۇپ قىلغانىدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — تىكىلدى جاڭگۇيدە ھەيران بولۇپ، — پۇلنى ئۆيدىن ئوغرىلاپ چىقتىڭمۇ - يە، شۇ، شۇ نادان بالىدەك ئىش قىلىپسەن، ئاق چەككەن بالىلار ئۆيىدىن پۇل، مال ئوغرىلاپ چىقىپ سېتىۋەتكەندەكلا ئىش بوپتۇ، لوخەن!

— خوتۇنغا دېمەي بىر ئىش قىلىپ، باقاي دەپتىمەن، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئەيىبكارلاردەك زەئىپ ئاۋازدا، — چوڭ پايدا ئېلىپ ئۆيدىكىلەرنى بىراقلا ھەيران قالدۇراي دېسەم قويمىچىنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپتىمەن ئەمەسمۇ.

— بىز قېرىلار كۆپىنچە مۇشۇنداق نادان كېلىمىز، قېرىغاندىكى نادانلىق كىشىنى كۆرەڭ ۋە تەكەببۇر قىلىپ قويىدۇ، — دېدى جاڭگۇيدە دانىشمەندەك سۆزلەپ، — مانا مەن مۇشۇ تىرىشىۋالغانلىرىمدىن پۇل تاپىمەنمۇ؟ ياق، بۇ بىر ھەۋەس! قۇرۇق ھەۋەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيدىكى ھۇرۇنلۇق ۋە ئىشسىزلىقتىن قېچىپلا مۇشۇنداق قىلىپ يۈرىمەن، سەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپسەن - دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئايالىڭدىن يوشۇرغىنىڭ نېمىسى؟ مەن جېنىمدا خوتۇنۇمدىن سورىماي ئىش قىلالمايمەن. بۇ خوتۇندىن قورققانلىق ئەمەس، بەلكى بامەسلىھەت ئىش قىلغانلىق. ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىدىن كۈچ - مەدەت ئالغىنىڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ گېپىگە كىرمىسەڭ ياكى مەسلىھەت ئالمىساڭ ئاخىرىدا چاتاق چىقىدۇ. ئازار يەيسەن، مانا شۇنداق نادانلىقى-

مىزدىن ئـۆمرىمىز قىسقىرايـدۇ، تېزلا قېرىپ مـۇكچىيىپ
كېتىمىز!...
— بىلمىدىم، جاڭگۇيدە، ئاشۇ ئالدامچىلارنىڭ گېپىگە ئىـ
شىنىپ كېتىپتىمەن، — خۇرسىندى يۇسۇپ هوشۇر، — مېنى
تازىمۇ قارا باستى، دېگىنە، شىڭ دۇبەنىنىڭ سۈرىتى چۇشۇرۇلـ
گەن يوغان تەڭگىنى گۇاڭجۇ، شياڭگاڭلاردا ئاسارئەتىقە يىغقانلار
مىڭ سومدىن ئاشۇرۇپ ئالىدۇ، هەتتا چەت ئەلگە ئەكېتىدۇ دېسە
راست دەپ ئىشىنىپتىمەن!
— دەۋاتىمەنغۇ، ساڭا بەكمۇ ئۇۋال بوپتۇ، — چۇشەندۇردى
جاڭگۇيدە باشقىدىن جايىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئىلگىرى باللار
خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئاشۇ شىڭ دۇبەنىنىڭ سۈرىتى چۇشۇرۇلـ
گەن يارماقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ جاڭزا ياساپ ئوينايتتى.
مانا قارا ئاجايىپ ئىش، ئۆز زامانىسىدا شىڭ دۇبەن شىنجاڭ
خەلقىنىڭ ئەللىك مىڭ سەر ئالتۇن، ئون ئىككى مىڭ سەر
كۈمۈشىنى ئوغرىلاپ ئەكېتىپ جياڭ جيېشىغا سوڭگۇتۇپ، ئۆزىـ
نىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ قالغان، ئۇنىڭ جاللات قىلمىشـ
لىرى، قان ئىچكەن ياۋۇزلۇقى هالا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر شىنـ
جاڭ خەلقىنىڭ يۈرىكىدىن چىققىنى يوق، مانا ئالدىمدىكىنى دېـ
سەم، ئۇنىڭ قۇرۇق سۆرىتى چۇشۇرۇلگەن تەڭگىسىمۇ سىنىڭ
يىگىرمە مىڭ سوم پۇلۇڭنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ. شىڭ شىسەي
دۇبەنلىكتە ئولتۇرغان ۋاقىتتىمـۇ شىنجاڭدىكـى مىڭلىغان
گـۇناهسىز پۇقـرالارنىڭ هەددى ـ هېسابسىز بايلىقىغا كۆزى
قىزىرىپ چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى
ئالغان، قېنىنى ئىچكەن! ئۇ جاللات كېتىپ يېرىم ئەسىردىن
كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ سۈرىتى سىنىڭ نۇرغۇن پۇـ
لۇڭنى كۆلدەك سورۇۋېتىپتۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ جاللات دوـ
زاختا كۆيۈۋېتىپمۇ مال ـ پۇلغا تويماي قانلىق قولىنى سوزۇپ

ساڭا زىيانكەشلىك قىلىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ! دېگىنىم توغرىمۇ، خاتامۇ؟ ھە! ...ھا! ...ھا! ...

بوۋاي گېپىنىڭ ئاخىرىنى چاقچاقتا ئايلاندۇرۇپ ئۆز - ئۆزىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. خىرىلداپ كۈلگەندە ئۇنىڭ تاماكىدىن سارغايغان ئاراچ ئات چىشلىرى ئوچۇق كۆرۈندى. يۈسۈپ ھوشۇر بولسا ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەسرەت - نادامەتتە يۈرىكى ئۆرتەنگەندەك بولۇپ مەيۈسلىنىپ تۇرۇپ قالدى. جاڭگۈيدە ئۆز خېرىدارلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. يۈسۈپ ھوشۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئەبجىقى چىققان ھېلىقى سومكىسىنى ئالدى - دە، ئىچىدىكى يارماقلارنى شاراقشىتىپ كېتىپ قالدى. پاتپاراقچىلىق، ئوپۇر - توپۇر بولۇپ كېتىدىغان قايناق «ئۇيغۇر بازىرى»نى كەچكىچە ئايلاندى. ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقتىكى چايخانىلار، ئەگىرى - دوناي رەستىلەر، زاسۇپپەزلەر دۇكىنى، گۆش - كۆكتات، بېدە بازىرى، «چوڭكۆۋرۈك بازىرى»، «خەلقنى بېيىتىش بازىرى» دېگەندەك ناملار بىلەن ئۆزىنىڭ قايناق ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان بۇ كوچىلاردىن ئاختۇرمىغان يېرى قالمىدى. «پىت بازىرى»دا بىرى ئۇنىڭغا ياغاق يۈزدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ مۈرىسىنى تارتىۋىدى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ئالىيىپ قارىدى. ئۇ بىر شارا - باراچى ئادەم ئىدى. يۈسۈپ ھوشۇر قاتتىق خىجىل بولدى، ئۇ كىشى يۈسۈپ ھوشۇرنى ئاياپ ھېچ نەرسە دېمەي - بۇرۇلۇپ كېتىۋەردى. بولمىسا خېلى بىرنېمىلەرنى دەپ، خېلى بىر ئىشلارنى قىلغۇسى بار ئىدى. مۇنداق ئىشلار نۇرغۇن تەكرارلاندى، «ساراڭ بولدىمۇ، نېمە ماۋۇ ئادەم؟ ! ...» دەپ قويۇپلا كېتىۋەرگەنلەرمۇ بولدى، «نېمانداق قىلىسىزوي، ئاكا، تونۇپ گەپ قىلىڭە» دەپ ئاچچىقلانغانلارمۇ بولدى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا قىلغان گەپلەر ئىچىدە تېخى ئەڭ چىرايلىقى، ئەڭ يۇمشىقى ئىدى. كېيىن ئۇ «چوكانلار بازىرى»نى ئايلاندى. ئۇ

ئادەتتە بۇ بازارنى ئايلانغاندا بۇ يەردە نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل، ساددا ئوقەتچى ئايالىلارنىڭ نۇرغۇن پۇلىنى ئالداپ قېچىپ كەتكەن ھې- لىقى چوڭ قويمىچى ئايال «مىنەۋەر خانىم»نى ئەسلەپ قوياتتى. خوتۇنلاردىمۇ شۇنداق چوڭ قويمىچىلار چىقىدىكەن ـ ھە، دەپ ھەيران قالغان يۇسۇپ ھوشۇر، بۇگۈن ئۆزىنىڭ ياش بالىغا ئالدىنىپ قالغىنىنى ئويلاپ خىجالەت بولدى. ئۇ دۇكاندار چوكان- لارنىڭ «كېلىڭ، نېمە كېرەك ئىدى» دەپ تەلمۈرۈپ قاراشلىرى- غىمۇ ئېرەن قىلماي ئۆز يولىنى داۋام قىلاتتى، ھارماي ـ تالماي كوچا كېزەتتى. شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك «مىلىچماللار بازىرى»نى تىنماي چۆرگىلەيتتى. كىشىلەر بازاردا ئۆزى ئالماقچى بولغان ماللارغا قاراپ ماڭسا، يۇسۇپ ھوشۇر ئۇلارنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا سەپسالاتتى، مەيلى قانداق ئادەم بولمىسۇن ھەممىسىنىڭ چىرايى- غىلا قارايتتى ـ دە، «ھەسسىنەي!... ئۇچراپ قالساڭ ئىدىڭ ـ ھە، بوينۇڭنى خۇددى چۈجىنىڭ بوينىدىن ئۈزگەندەكلا ئۈزۈپ ئەتىمنى ئالاتتىم، دەردىمنى چىقىرىۋالاتتىم...» دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ تەتۈرسى بو- لۇپ چىقاتتى...

يەنە كەچ كىردى. بازارچىلار دۇكانلىرىنى ئېتىپ، كوچى- دىكى تەنزىكەشلەر قۇرۇقدالغان ھارۋىلىرىنى ئىتتىرىشىپ ياكى تېخى يېرىمدىمىغان كىچىك تەنزىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى. يۇسۇپ ھوشۇر بولسا كەچ قالغان بازارچىدەك ھەممى- نىڭ كەينىدە قېلىپ ئادەم قالمىغان بازارلارنى ئارىلاپ يۈردى. كەچقۇرۇن كۆز باغلانغاندىلا ئاندىن مەھەللىگە كىردى. مەھەللى- دىكىلەر ئۇنى كۆرۈپ قالسا سالام قىلىشتى، ئەمما يۇسۇپ ھو- شۇرنىڭ ئۇلارغا سالام قايتۇرىدىغان ماجالىمۇ قالمىغانىدى، ھې- رىپ ـ ئېچىپ قايتقان يۇسۇپ ھوشۇر ھېلىقى سومكىسىنى پەگاھقا چۆرۈۋېتىپ، تام تۈۋىدە سېلىنقلىق تۇرغان كۆرپە ـ

ياستۇقنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. ئىككى قولىنى گىرەلەش-تۈرۈپ بېشىنىڭ ئاستىغا قويدى ـ دە، تورۇستىكى چەككىلەر-نىڭ سانىنى ئېلىۋاتقاندەك ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا قاراپ ياتتى. نىساخان ھەدىنىڭ تاماقتا چاقىرغىنىغىمۇ جاۋاب قايتۇرغۇسى كەلمىدى. يۈرىكى ئۆرتىنىپ كۆيۈپ، گېلى قۇرۇپ تۇرغاچقىمۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا چىنە ـ چىنىلەپ ئۇسسۇزلۇق ئىچەتتى. ئايالى ئۇسسۇزلۇق يېتىشتۇرەلمەيلا ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. يۈسۈپ ھوشۇر ئوغلى پەرھاتقىمۇ ئۈنچىقمىدى. ئوغلىمۇ ئۆتكەن-كى گېپىدىن كېيىن، دادىسىنىڭ نېرۋىسىغا تېگىدىغان گەپلەرنى زادىلا قىلماس بولغانىدى. ئۇمۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى ئۇنتۇپ كېتىش غېمىدە يۈرەتتى، لېكىن، نېمىشقىدۇر، دادىسىنىڭ ھا-زىرقى ھالىتىغا قاراپ ئىچى سىيرىلاتتى. بىچارە ئاتا ئۆمۈر بويى بالىلىرى، ئايالى ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قىسىپ، غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈپ يىغقان يىگىرمە مىڭ سوم پۇلىنى قويمىچى-لارغا ئالدۇرۇپ قويغىنىنى ئويلىسىلا دادىسىنىڭ ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىچى ئاغرىيتتى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ پۇللارنىڭ ھېچبىر سەۋەبسىزلا كۆلى كۆككە سورۇلۇپ كەتكى-نىگە ھەسرەتلىنىپ يۈرىكى ئېچىشاتتى. ئىككى چېكىسى تىنماي قىسىپ ئاغرىيتتى، ئۆزىنىڭ مۈنچىلىك ئىچ ئاغرىقى تارتىپ كېتىپ بارغىنىنى ئويلاپ، دادىسىنىڭ ھالىغا يېتەتتى. ئۇ-نىڭ كۆزىگە دادىسى كۈندىن ـ كۈنگە قۇرۇپ قاقشال بولۇپ ئىچ ـ ئىچىدىن تۈگىشىپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنەتتى. نىسا-خان ھەدىمۇ ئۈنچىقمىغان بىلەن دەردىنى ئۆزى بىلەتتى، ھەسرى-تىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بەزىدە يوشۇرۇن كۆز يېشى قىلاتتى. ئېرىنىڭ كاجلىقىدىن ئاغرىناتتى، لېكىن تېشىغا چىقارمايتتى، بىر ئۆيدە ئۈچ ئادەم — ئۈچىلىسى ھەرخىل ئويدا، ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى، لېكىن تۇرمۇش يەنىلا ئۆز رىتىمى بويىچە داۋام قىلاتتى...

## VIII

بۈگۈن يۈسۈپ ھوشۇر ئادەتتىكى ۋاقىتلاردىن خېلى ئەتىگەن تۇرۇپ كەتتى. پەگاھ تەرەپتە ئولتۇرۇپ كىيىملىرىنى تەستە كىيدى. ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا سالغان يوتقاندا ياتقان نىساخان ھەدە ئۇخلىغاندەك كۆزىنى چىڭگىدە يۇمۇپ ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ ياتاتتى. يۈسۈپ ھوشۇر ئەزەلدىن مۇنداق سەھەر تۇرۇپ باقمىغانىدى. بۇ پەقەت بامدات نامىزىنى ئوقۇيدىغانلارنىڭ تۇرىدىغان ۋاقتى ئىدى. نىساخان ئېرىنىڭ سەھەر تۇرغىنىغا قاراپ ئۇنى ئاللاغا تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىش ئۈچۈن بامدات نامىزى ئوقۇمدۇ، نېمە دەپ ئويلىدى. چۈنكى ھازىر يۈسۈپ ھوشۇر بىلەن قورامىلىق ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەتىگەن تۇرۇشۇپ ئۆمۈر بويى ئالمىغان تەرەتنى ئېلىپ، بىر ۋاخلا بامدات نامىزىنى ئوقۇيتتى، ياش چاغلىرىدا قىلغان بەڭۋاشلىقلىرى، كېيىنكى ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھىكەبىر ۋە گۇناھىسەغىرلىرىنى كەچۈرۈشنى ئاللادىن تىلىشەتتى. لېكىن، يۈسۈپ ھوشۇر زادىلا ناماز ئوقۇپ باقمىغان، تەرەتنى قانداق ئېلىشنى، تەرەت ئالغاندا قانداق ئايەتلەرنى ئوقۇش لازىملىقىنى، «ئىمان سۈرىسى»نى قانداق چاغلاردا ئوقۇيدىغانلىقىنى قىلچە ئۇقمايتتى. ئېنىقكى، ئىككى مۇسۇلماننىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن بۇ ئادەمگە تېخى مۇنداق ئىشلار ئادەت بولمىغانىدى. قېرىپ، يېشى خېلىغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ ناماز ئوقۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. «شۇ پېتى كېلىپ، شۇ پېتى كېتىدىغان بولدۇق...» دەيتتى بەزىدە ئايالىنىڭ «بىر ۋاخ ناماز ئوقۇپ، تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتمامسىز...» دېگەنلىرىگە جاۋابەن غودۇڭشىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن گەپ تۈگەيتتى. مانا ئەمدى بېشىغا ئېغىر كۈن كەلگەندە سانسىز قېتىم: «ئېھ، ياراتقان ئاللا، پېشانەمگە يازغىنىڭ شۇ ئوخشايدۇ...» دېگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۈگۈن ئۇنىڭ ئەتىگەن تۇرۇشى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇ بۈگۈندىن باشلاپ يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» ئېيتقان ھېلىقى «مازار»لارغا بىر ـ بىرلەپ چىقىپ، ئۇلارنى تىمىسقىلاپ يۈرگەن يېرىدىن «كاپلا» قىلىپ تۇتۇۋالماقچى بولۇۋاتاتتى. بۇ ئىشنى ئۇ ھازىرچە ئايالى ۋە ئوغلىدىن سىر تۇتماقچى بولدى. شۇڭا ھازىرلا قاتناش بېكىتىگە ماڭماي بولمايتتى. يۈسۈپ ھوشۇر ئاخىرقى ھەرىكەتلىرىنى تېزلا ئورۇندىدى. ئايىغىنى كىيىپلا، ئېسىقلىق تۇرغان چاپىنىنى ئالدى ۋە پەگاھدا تاشلاقلىق تۇرغان ھېلىقى كونا سومكىسىنى ئېلىپ ھويلىغا چىقتى. ئۇدۇل يازلىق چايخانىغا كېلىپ تېرموستىن سىركايىگە قايناق سۇ قۇيدى.

— نەگە بارماقچى بولۇۋاتىلا؟ — سورىدى ئايالى ئارقىسىدىن ئەنسىرەپ چىقىپ، — توختىسىلا، بىر چىنە چاي ئېتىپ بېرەي، ئالدىرىماي كوچىغا چىقمامىلا، قاغا تېزەك چوقۇلىمىغان قاق سەھەردە نېمــە قىلىلا، ھېچبــولمىسا ئــۇستۋاشلىرىنــى ئالماشتۇرۇۋالسىلا...

— توپ سېتىش بازارلىرىنى ئارىلايمەن، — يالغان سۆزلىدى يۈسۈپ ھوشۇر قايناق سۇنى ئوتلاۋېتىپ، — ئادەملەر توپلاشقان يەرلــەردە ئــوغرى ـ يانچۇقچــى بولغىنىــدەك قويمىچمۇ بولار ـ ھە!؟

«پەرھات ‹دادام ئەمدى تالاغا چىقمىسۇن، كەچكىچە كوچا چۆرگىلىگەن بىلەن پايدىسى يوق دېگەن›، بالا ئويغىنىپ قالسا رەنجىپ يۈرمىسۇن يەنە.» ئانا غەمكىن ھالدا يۈسۈپ ھوشۇرغا ئوغلىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى.

ئېرى بولسا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلار ئەمەس ئىدى. يۈسۈپ ھوشۇر داغ سۇنى ئوتلاپ بولۇپلا، چىتلاقلىق تامغا تۇتىشىپ تۇرغان قىيسىق ئىشىكتىن چىقىپ كوچىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىققان نىساخان ھەدە غەمكىن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ئىسىت، شۇ پۇللارغا دەرۋازا قويۇپ، قورۇق تامنى ياستىۋالساق نېمە ئارمان ئىدى، — دېدى.

شەھەر تېخى يېرىم ئۇيقۇدا ئىدى. كوچىدا تاكسىچىلارنىڭ ئاندا ـ ساندا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغىنىدىن باشقا بىرەر جانلىق كۆرۈنمەيتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ئۇدۇل «ئۇيغۇر بازىرى» دىكى ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارغا چىقىدىغان ئەتراپى تۆمۈر رېشاتكىلار بىلەن قاشالانغان، كىچىك مىنىبۇس ۋە سەككىز كىشىلىك كونا ماشىنىلار قاتار تىزىلـغان بېكـەتكە كـەلدى. ئـۇ بـۇ بېكەتتە «سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى»غا مېڭىش ئالدىدا تۇرغان «سەككىز كىشىلىك» سوزۇنچاق ماشىنىنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرىدىغان ياغاچ بەلدىڭگە ئارانلا ئۇلگۇردى. ئۇ ئولتۇرۇشى بىلەنلا ماشىنىمۇ قوزغالدى.

ئۇ تۆكۈلۈپ تۇرغان كونا ماشىنىدا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ دېگەندەك ئارانلا ئولتۇردى. ھېچكىممۇ ئۇنى ئالدىدا ئولتۇرۇۋې-لىشقا تەكلىپ قىلمىدى. ئۇنىڭ ئاۋارە ئۇستۇۋېشى، قىرىلمىغان ساقال ـ بۇرۇتى، كىر ياقىسى، مايسىراپ ئاقىرىپ كەتكەن ئايىغى، يىرتىلىپ ئايىغىنىڭ ئۇشۇقىغىچە كۆرۈنۈپ قالغان مەي-نەت پايپىقى، قولىدىكى ئەبجىقى چىققان كونا سومكىسىنىڭ بىلىكىدىلا ئىسقىلىق تۇرۇشى ئۇنى بەكمۇ بىچارە كۆرسىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقى، ھېچكىمگە گەپ قىلماسلى-قى، خىيال بىلەن ئۆزىگە ـ ئۆزى پىچىرلاپ قويۇشى كىشىلەردە ئېسىنى يوقاتقان كىشىمۇ، نېمە؟ دېگەن گۇماننى تۇغدۇراتتى. ياساتمىغان شالاڭ ئاپئاق چاچلىرى پاخپىيىپ، ھەددىدىن زىيادە مايلىشىپ كەتكەن كەپكىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇراتتى. يۇ-سۇپ ھوشۇر ماشىنىدىكىلەرنىڭ قاراۋېرىپ، پىچىرلاشلىرى بى-لەن كارى بولمىدى. ئۇنىڭ مۇنداق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ماجالى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» ئېيتـقان مـازارلارنىڭ بىرىنىمـۇ قـويماي قىـدىرىپ چىقىش ئىدى!...

www.uyghurkitap.com

ئۇ «مازار» نىڭ تۆت كوچىسىدا ماشىنىدىن چۈشتى. «مازار» نىمۇ ئاسانلا تاپتى. «سۇلتان ئۇۋەيس»① مازىرىنىڭ شەيخى ئۇنى سوغۇقلا قارشى ئالدى.

— كەلسىلە، مېھمان، — دېدى قارا بومبا ساقاللىق كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام قىلغاندىن كېيىن، — مېھمان قاياقتىن كېلىشتىلە؟!

يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭغا ئۇنچىقماي تىكىلدى. قارا بومبا ساقاللىق كىشىنىڭ يۈزى شولا چېچىلغاندەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى، يوغان قارا كۆزلىرى يۇسۇپ ھوشۇرغا تىكىلگەندە ئۇنىڭدا بىرخىل ئەيمىنىش ھېسسىياتى قوزغالدى. ئاخىر كۆزلىرىنى باشقا ياقلارغا ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى يۇسۇپ ھوشۇردا بىرخىل قىزىقىش ھېسسىياتى پەيدا قىلدى. شەيخگە يەنە قارىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى قۇم چۆگۈن يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ كۆز ئالدىدا خۇددى بىر سەلتەنەتلىك بۇيۇمدەك نامايان بولدى. «ھەممىسى قەدىمي نەرسىلەر ئاسارئەتىقىلەر...، — ئويلىدى يۇسۇپ ھوشۇر ئىچىدە، — دېمەك ھېلىقى ئەبلەخنىڭ دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە...»

— مېھمان ئۆزلىرى...

— مەن مېھمان ئەمەس، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭ سۆزىنى قوپاللىق بىلەن بۆلۈپ، — مەن بىرىنى ئىزدەپ كەلگەنتىم...

— بىز ھەممىمىز بۇ دۇنياغا مېھمان، — دېدى بومبا ساقاللىق شەيخ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ تۇرۇپ، — بۇ دۇنيا بىر قونالغۇ، ئۆتەڭ، بىز ئۇنىڭدا بىرلا قېتىم قونۇپ ئۆتۈپلا كېتىمىز،

---

① سۇلتان ئۇۋەيس مازىرى — غۇلجا شەھىرىدىن ئەللىك كىلومېتىر يىراقلىقتا، ئابرال تېغىنىڭ غەربىي شىمال ئېتىكىگە جايلاشقان ئىلىدىكي مەشھۇر تۆت چوڭ مازارنىڭ بىرى. «تارىخىي رەشىدە زەيلىلى» دە خاتىرىلىنىشىچە: چىڭگىزخاننىڭ ئون ئىككىنچى ئەۋلاد ۋارىسى سۇلتان ئۇۋەيس ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئىسمى ئۇۋەيس، سۇلتان — ئۇنىڭ خانلىق مەرتىۋىسى. ئۇ ئاتىسى شىرئەلى خان ۋاپاتىدىن كېيىن، 1418 ـ يىلىدىن 1428 ـ يىلىغىچە خانلىق تەختىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

خالاس، خوش، ئەمدى ئۆزلىرى كىمنى ئىزدەيتتىم دېدىلا؟
— يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» دېگەننى، — دېدى يۈسۈپ هو-شۇر، شەيخنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە ئېرەن قىلماي گېپىنى يورغىلىتىپ، — مۇشۇنداق كونا مازارلاردىن قېزىپ تاپقان نەر-سىلەرنى، مەسىلەن، قوللىرىدىكى مونۇ چۆگۈندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ - ساتىدىغان كىشىنى سىزگە يولۇققان بولسا ئۇقۇشايمد-كىن دەپ كېلىۋىدىم...
— هە، ئۇنداق ساپ - ساپچىلارنى مۇنداق يەردىن ئىزدىمەي-مىز، تەقسىر، — دېدى شەيخ ئازراق نارازى بولغان هالدا، — ئەۋلىيا - ئەنبىيالار، ئۇلۇغلار ياتقان بۇ ماكاندا كونا ئاسارئەتىقە دېگەنلەر نېمە قىلسۇن، بۇ دۇنيانىڭ گۇناهكەبىرلىد-رى بىلەن تولغان ئۇنداق ئادەملەرنى قىمارخانىدىن ئىزدەڭ، قاۋاقتىن ئىزدەڭ. توۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ پاكلىنىپ يېڭىدىن ئادەم بولاي دېسىڭىز ئۇلۇغلار ياتقان بۇ قەدىمىي مازارنى تاۋاپ قىلىڭ، بۇرادەر، مەن تېخى سىلىنى غېرىبلىق بىلەن بۇ دۇنيا-دىن ئۆتۈۋاتقان بىر مۆمىنمىكىن دەپتىمەن، چىرايلىرى بەكمۇ ئوسالغۇ، ئەسەبلىرى چاچرىغان ئادەمدەك كۆزلىرىمۇ بىر جايدا ئەمەس، چىرايلىرىدىمۇ قان دىدارى قالماپتۇ. راست، بۇ ماكان سۇرلۇك، تىنچ ۋە كىشىنى ئەيمەندۇرىدىغان جاي. چۈنكى بۇ مازار سىلىگە ئۇ دۇنيانى، ئاخىرەتنى ۋە ئاخىرى مۇشۇ ماكانغا كېلىدىغانلىقلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۆلۈم بىر، ئەمما ئۆلۈش ئوخ-شاشمايدۇ، پانىي دۇنيادىكى گۇناهكار بەندىلەرنىڭ هەممىسى ئاخىر مۇشۇ ماكانغا كېلىدۇ.
— گۇناه، گۇناه! ...، — يۈسۈپ هوشۇر ئاخىرنى ئېيد-تىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.
— بىز بۇ دۇنياغا گۇناه ئۈچۈنلا تۇغۇلغان، — دېدى شەيخ گۇمبۇرلىگەندەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن، — گەپ ئۇنى يۇيۇشتا، ئىنسان بالىسى گۇناهتىن خالىي بولۇشى تەس، شۇڭا، توۋا

قىلىش، سەدىقىمۇ بېرىش كېرەك. ھەرئىككىسى مۇھىم، توۋا گۇناھنى يەيدۇ، سەدىقە بالانى!...

— سەدىقە، سەدىقە... ، — يۇسۇپ ھوشۇر سۆزىنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئېيتالمىدى، — سىزمۇ...

ئۇ: «سىزمۇ پۇل دەيسىز، شۇنداقمۇ؟ ھەممىگە پۇل كېرەك! مەنمۇ بۇ يەرگە پۇلۇمنى ئىزدەپ چىقتىم» دېمەكچىدىيۇ، لېكىن دېيەلمىدى، دېيىشنىمۇ خالىمىدى، ئۇ، ساراڭدەك كۆرۈنگەن ھازىرقى ئەلپازى بىلەن شۇ گەپنى قىلسا ئەلۋەتتە ئۇنى ساراڭ دەپ بۇ يەردىن كالتەكلەپ ھەيدىمىسىمۇ، ھەرھالدا گەجگىسىدىن ئىتتىرىپ ئاۋۇ چىغلىق دۆڭدىن تۆۋەنگە دومىلىتىپ قوغلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

— شۇنداق، تاپقىنىڭلارغا تۇشلۇق سەدىقە تاشلاپ كېتىڭلار، — دېدى شەيخ ئۆزرىخاھلىق بىلەن، — بۇ نەپسانىيەتچىلىكتىن ئېيتىلغان گەپ ئەمەس، بىز ئاشۇ پۇللارغا ئۇلۇغلار ياتقان بۇ ماكاننىڭ سۇۋۇقى چۈشكەن گۇمبىزى، ئۆرۈلگەن تېمى، سېسىغان، چىرىگەن رام ـ كېشەكلىرىنى رېمونت قىلىپ، يېڭىلاپ تۇرىمىز، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ، كەمىنە ئەل ـ يۇرتنىڭ سۇنغان ئاش ـ ئوزۇقى بىلەن بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق روزغارىنى قامداپ كېتىۋېرىدۇ. كەمىنە بىرى: تەمەگەر ئەمەس، يەنە بىرى: ئاچ كۆز ئەمەسمەن! ئىشتىڭكى:

ئاچ كۆزلۈك كىشى ئۇچۇن ياۋۇز خىسلەتتۇر،
ئاچ كۆزنىڭ ئاقىۋىتى غەم، ئۆكۈنۈش، ھەسرەتتۇر.
بايلىق، گادايلىق قىسمىتىدۇر ئاللانىڭ،
ئاچ كۆزلۈك ئىنسانغا قۇرۇق زەخمەتتۇر.

دەپ نەزمە ئوقۇدى ئۇ ۋە گېپىنىڭ ئاخىرىدا، — بۇ نەزمە ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ بىزگە قالدۇرغان بىرا كەلىمە نەسىھىتى، ئېسىل

سۆز دۇردانىسى، تەقسىر، ئەسلىرىدە ئوبدان ساقلىسىلا،
جۇمۇ، — دېدى.
— شائىر ئىكەنلا، شائىر…، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر قەدد-
ىنى يۆتكەپ ۋە بىر پەس ئويلىنىپ قالدى: راست، ئۇ ئاچ
كۆزلۈك قىلغانمىدۇر؟ ئۆيىدىكى شۇنچىلىك كۆپ پۇلغا، ھەر
ئايدا بانكىغا بېرىپلا ئېلىۋالىدىغان مىڭ سوم رىزقىغا «شۈكرى
قىلماي» ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مال ـ دۇنياغا ئېرىشىش ئۈچۈن شۇ
سودىنى قىلغانمىدۇر؟! شەيخنىڭ: «ئاچ كۆزنىڭ ئاقىۋىد-
تى غەم ـ ئەندىشە، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەت… دېگىنى مانا مۇشۇ
ئەمەسمۇ! ئۆمۈر بويى قانۇن، جىنايەتچىلەر بىلەن ھەپىلىشىپ
ئۆتكەن بۇ ئادەمنىڭ ئاخىر بىر جىنايەتچىنىڭ ئالدام خالتىسىغا
چۈشۈپ كەتكىنى ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەت بولماي نېمە؟! ئۇ خىز-
مەت قىلىش جەريانىدا، ئۆزى جىنايەتچى دەپ ھېسابلىغان ئاشۇ
ئىنسانلارنىڭ كۆزىدىن بىھۇدە ياش تۆكۈپ قويغان يېرى
بارمۇ ـ يە؟ بەندىچىلىك، بەلكىم، بەزىدە قانۇنغا ئەمەس، شەخ-
سىي زىددىيىتىگە، شەخسىي ھېسسىياتىغا تايىنىپمۇ ھۆكۈم چى-
قىرىۋەتكەن يېرىمۇ يوق ئەمەستۇر! بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى —
بولۇپمۇ گۇناھلىق دەپ تونۇلغان بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەر،
مۇشۇنداق دۇمچەك ـ دۇمچەك تۇپراق، يوغان ـ يوغان گۈمبەز-
لەر بار، ئالەمنىڭ جىمى ئىمتاسلىقى يىغىلغان بۇ ماكاندا كىشى-
نىڭ ئېسىگە كېلىدۇ. تۇغۇلۇپ ئۆز ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپ
تا ھازىرغىچە بولغان ھايات مۇساپىسىنى ئىنسانغا ئەسلىتىپ ئۆتى-
دۇ. ئۇنىڭ ئىنسان بالىسىغا بېغىشلايدىغان خاسىيىتى شۇ…»
يۇسۇپ ھوشۇر بىر گۈمبەزنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئەنە شۇ-
لارنى ئويلىدى. ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلار-
غا — قاقاس دۆڭ ـ ئېدىرلارغا تىكىلدى، نېرىدا قوي بېقىۋاتقان
باللار قويلىرىنى تۇپراقلىق ئارىسىدىكى شىۋاقلىقىقا قويۇۋې-
تىپ «سوقۇش» ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ «ئۆلدۇڭ!»

«ئۆلمۇدۇم!...» دەپلا ۋارقىراشلىرى بۇ تىمتاسلىقتا چوڭكەن ماكاننى ئاۋات قىلىپ تۇراتتى. يۇسۇپ هوشۇر نەزىرىنى ئۇلاردىن ئاغدۇرۇپ، شەيخ بىلەن بولغان بايىقى سۆھبەتنى داۋام قىلماقچى بولدى. ئەمما شەيخ ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتى. يۇسۇپ هوشۇر ئۇنىڭ قېشىغا يەنە باردى.

— مەن قايتاي، — دېدى يۇسۇپ هوشۇر مەقسەتسىزلا، — مەن بۇ يەردە ئىزدىگەن ئادىمىمنى تاپالمايدىغان ئوخشايمەن!

— ھېلىقى يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» دېگەن ئادىمىڭىزنىمۇ؟ — دېدى شەيخ ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ، — بۇ يەردە ئۇنداق ئادەم يوق، ئۇنداق ئادەم كەلگىنىمۇ يوق. راست، يۇسۇپ شەيخ دېگەن ئادەم ئۆتكەن، لېكىن ئۇ پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا سەپەر قىلغان!...

يۇسۇپ هوشۇر «مازار» دىن قۇرۇقلا قايتتى. سەدىقىمۇ بەرمىدى، سەدىقە بەرگۈدەك پۇلىمۇ يوق ئىدى. ئۇ، كۆڭۈلسىز ھالدا ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ غەمكىن، مىسكىن ھالىتىگە قاراپ قالغان شەيخ ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— تەقسىر ئۇ كىشى سىلىگە نېمىگە شۇنچە زۆرۈر ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ يىگىرمە مىڭ سوم پۇلۇمنى ئالداپ ئېلىپ قېچىپ كەتتى، — دېدى يۇسۇپ هوشۇر يۈرىكىدە كىچىككىنە بولسىمۇ ئوتى بېسىلىپ قالغان ھەسرىتىنى يېڭىدىن قوزغاپ ۋە بولغان جەريانىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

— شۇنداقلار بار، تەقسىر، — دېدى شەيخ ھەممىگە چۈشەنگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۇنداقلار بىزنىڭ بۇ مازارلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن پايدىلىنىدۇ. خەقلەرنى راست شۇنداقمىدۇر؟ دەپ ئىشەندۈرىدۇ. ھەرگىز ئىشەنمىسىلە! قان ئىچەر جاللاتنىڭ بەترەڭ رەسمى سىزىلغان يارماقتا نېمە خاسىيەت، نېمە قىممەت بولىدۇ دەيلا، تىللا بولسىمۇ كاشكى، ئېلىپ قويغان بولسىلا،

ئۆز ئىزى بولىسىمۇ، ھەرھالدا زىيانىنىڭ ئوتىنى باساتتى. گەپ نىمە دېسىلە، تەقسىر، بىز ئەھلى مۇسۇلمان بەندىسى، تاپقان پـۇلىمىزنىڭ ئـۆز خـەج ـ خىراجىتىمىزدىن ئاشـقان قىسمى-غا ئوشۇر ـ زاكات بېرىپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئۇنىڭدا يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ، كەمبەغەللەرنىڭ، ئاسقاق ـ چولاقلارنىڭمۇ نېسى-ۋىسى بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟ راست، نامىشەرىپلىرى قانداق ئىدى، تەقسىر؟

— يۇسۇپ ھوشۇر، — جاۋاب بەردى ئۇ.

— يۇسۇپ دېگەن بۇ نام ناھايىتى خاسىيەتلىك، — چۈشەندۈردى شەيخ ئۇنىڭغا، — دادىلىرى ئۆزلىرىگە يۇسۇپ ئەلەي-ھىسسالامنىڭ نامىنى قويۇپتىكەن ـ دە، نېمىدېگەن خاسىيەتلىك ئىسىم بۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بەندىدىن شاپائەت تىلەپ، تۆمۈر يارماقتىن قۇد ـ ئامەت تەمە قىلىپ مۇشۇ كۇنگە قالىلىمۇ، تەقسىر؟! بولماپتۇ، بولماپتۇ... ھازىر ئادەملەردە ئىنساپ ـ دىيانەت دېگەن نەرسە قالمىدى. پۇل ـ دۇنيا ئۇچۇن قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق قىلىدۇ. ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق، ساختىپەزلىك، قىزىل كۆزلۈك دېگەنلەر ھازىر بەكمۇ تولا، مۇنداق ئىشلارنى تازىمۇ پۇزۇر كىيىنىۋالغانلار، ئاستىدا يۈز مىڭ سوملۇق ماشىنىلار گۇركىرەپ تۇرىدىغان بايۋەچچىلەرمۇ قىلىدۇ. تەقسىر، ئۇنداقلارنى ھەرگىز مۇنداق يەردىن ئىزدىمە-سىلە، ھەي بىچارە بايقۇش، سىلىمۇ پۇل سەۋدايىلىقىدا قالغان سەرگەردان ئىكەنلا، تەقى ـ تۇرقىلىرىدىن بەكمۇ جاپا چېكىپ ئازابلانغانلىرى چىقىپ تـۇرۇپتۇ. ئـۇ پـۇللارنى ئويلىمىسىلا، پەقەت ئويلىمىسىلا، بولمىسا ئۆزلىرىنى ئالدۇرۇپ قويىلا، جان بولسا جاھان بولىدىغان گەپ، سىلى ئىزدىگەن پۇل ـ دۇنيانىڭ كۆلى كۆككە ئاللىقاچان سورۇلۇپ بولدى...

— پۇلۇمنىڭ دەردىدە سەرسان بولۇپ يۈرۈپتىمەن، دۇنيادا ھېچ نەرسە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ. ساراڭ بولايلا دېدىم، —

يۈسۈپ ھوشۇر ئاللىقاياقلارغا مەقسەتسىز قارىغان ھالدا شۇ گەپنى قىلدى. جەزىرىمە ئىسسىقتىن پېشانىسىدىكى تەرنى ئېرتىپ كۆزىنى قىسىپ، كۈن نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنگەن شىۋاقلىق، دۆڭلۈكىگە تىكىلدى. ئۇ پۇلدىن ئايرىلغاندىن بۇيان ئاشۇنداق بىر نۇقتىغا مەقسەتسىزلا ئۇزاق تىكىلىپ تۇرۇپ قالىدىغان بولغانىدى. شەيخ ئۇنىڭ پۇل - دۇنيا ئۈچۈن جاھان كېزىپ، سەرسان بولۇپ يۈرگەن ھالىتىگە قاراپ بېشىنى چايقىدى - دە، يۈسۈپ ھوشۇرغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— تەقسىر، ئۆزلىرىدىن بىر سوئال سوراي، دۇنيادا جانابىي ئاللادىن كىچىك، جانابىي روسۇلىللادىن چوڭ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەملا؟ — دەپ سورىدى.

يۈسۈپ ھوشۇر داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ مۇنداق سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن تېخى يىراق ئىدى، قىسقىسى بىلمەيتتى.

— بىلمەيدىكەنمەن، — قول باغلاپ خىجىللىق ئىچىدە جاۋاب بەردى يۈسۈپ ھوشۇر بوش ئاۋازدا، بىز ئاشۇنداق بىر قارىتورۇك، تۇزلا ئۆسۈپ قاپتۇق دەڭا.

— تەقسىر، قۇلاق سالسىلا، — داۋام قىلدى شەيخ، — جانابىي ئاللادىن كىچىك، روسۇلىللادىن چوڭ نەرسە — ئۇ سەۋردۇر. دۇنيادىكى جىمى ياخشى - يامان ئىشلارغا سەۋر قىلىش كېرەك، سەۋرسىز ئىش پۈتمەيدۇ، پۇل - دۇنيا قوغلىشىپ يۈرۈپلا، كالىلىمۇ چارچاپتۇ، ئۆزلىرىمۇ تۈگىشىپلا، سەۋر قىلسىلا، سەۋر! تەقدىر ئاللا، پۇللىرىنى ئوغرى ئاپتۇ. دېسىلە، ئەمدى سىلىگە سەۋر كېرەك!...

بۇ گەپلەر يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. پۇلنىڭ ھېرىسلىقىدا يۈرگەن بۇ ئادەم بۇ دۇنيادىكى جىمىكى نەرسىدىن ۋاز كەچكەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆيىگە كەلگەن گەپنى قىلىپ غودۇڭشىدى:

— ھەي، ئىسىت پۇللىرىم، ئىسىت! مېنىڭ پۇللىرىم!...

— تەقسىر، سەۋر قىلسىلا، سەۋر، — دېدى شەيخ تەك-رارلاپ، — بۇ دۇنيادىن گويا بىر مۇساپىردەك ياكى بىر يولۇچى-دەك ئۆتسىلە، پۇل - پۇچەككە بېرىلىش دۇنيا تىرىكچىلىكى دېگەنلەر غاپىللارنى ئالدايدىغان نەرسە...

— شۇنداقمىدۇر؟ ! — ئويلىنىپ قالدى يۇسۇپ ھوشۇر، نېمە قىلارىنى بىلمەي لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر چېتىدە يەنە شۇ پۇلنى ئىزدىمەي ئارام تاپمايدىغان بىر خىل ئىنتىزارلىق قايناپ تۇراتتى، — سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى سورىماپتىمەن...

— شەيخ ئىسلام، — دېدى شەيخ ئوڭ قولىدا بومبا ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ، — مانا ئەمدى ئىمام ئەزەمنىڭ ئۇممەتلىرى بول-دۇق، نام - شەرىپىمىزنى بىلىشتۇق ئەمەسمۇ، تەقسىر... ئىنشائاللا، ئامان بولايلى! ...

ئۇلار خوشلاشتى. دۇمچەك - دۇمچەك گۇمبەز ۋە قەبرىلەر-نى ئارىلاپ كېتىۋاتقان يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان شەيخ ئىسلام بىر ئىش ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— تەقسىر، ئاشۇ پۇللارنىڭ ئىچىدە كىشىنىڭ ھەققىمۇ ئارى-لىشىپ قالغان بولغىيمىتى؟ ! دېمەكچىمەنكى، ھارام پۇل - مال؟ !

يۇسۇپ ھوشۇر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ توختىدى. بىر ئاز ئوي-لىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ياق، قىرىق يىللىق قان - تەرىم ئىدى! ئىسىت پۇللى-رىم! — دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ ئاۋازى قەبرىلەر ئۈستىدە ياڭرىدى، ئايغىنىڭ ئاستىدىكى بىر توپ چىغ-نىڭ ئارىسىدىن بوز تورغاي پۇررىدە ئۇچتى.

ئەلياتقۇدا غۇلجىغا قايتقان يۇسۇپ ھوشۇر ئىككى پۇتىنى يەردىن ئارانلا يۇلۇۋالغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. نىساخان ھەدە ئۇنى يەنە ئىلگىرىكىدەك ھۆرمەت ۋە قىزغىن مۇھەببەت

www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆتۈۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئادىتىنى يۇسۇپ ھوشۇرنى يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنىڭ ھەسرىتىنى ئۇنتۇپ. ئۆزىنىڭ نورمال، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى يەنە باشلىۋالامدىكىن دېگەن ئۈمىدتە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. پەرھات بولسا دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ يۈرگەنىدى.

— دادا، سەنمۇ جىندەكلا يوقىلىپ كېتىدىغان بولدۇڭ، — دېدى ئوغلى ئازراق چېچىلىپ، — بارغانلا يەردە تونۇش - بىلىشلەردىن سورىدىم، كۆرمىدۇقلا دەيدۇ، سېنى تاپالماي تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىپ يۈرمەيلى يەنە، بولدى قىلساڭچۇ، قولدىن چىقىپ كەتكەن پۇلنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى قەيەردە كۆرگەنتىڭ! ئەمدىكى ئىشنى ساقچىلارغا قويۇپ بەر، سەن ئاپام ئېتىپ بەرگەن ئاشنى يەپ ئۆيدە يات، ئىشىك ئالدىغىمۇ چىقما، يەنە بىر چوڭ قويمىچىغا ئۇچراپ قېلىپ قورۇ - جايىنى ئاپام بىلەن قوشۇپ سېتىۋەتمىگىن!

ئوغلىنىڭ دېگەنلىرى تەنە ۋە ئاچچىق ئارىلاش كىنايە گەپلەر ئىدى. نېمىلا دېمىگەن بىلەن ياشلار - دە، ياشلار دېگەن قېرىلارنىڭ كۆڭلىنى ئايىمايدۇ. ئاتا ئوغلىنى جىملىدى. يۇسۇپ ھوشۇر ھارغىن ھالدا ياستۇقىغا بېشىنى قويۇپ تورۇستىكى چەڭزىلەرنى ساناۋاتقاندەك ياتاتتى. خوتۇنى ئۇنىڭغا كەچ بولسىمۇ ئىسسىق تاماق بېرىشكە تەرەددۇتلەندى. يۇسۇپ ھوشۇر ئازراق يەپلا، سېلىقلىق تۇرغان ئورنىغا بېرىپ دۈم چۈشتى.

ئۇ ئەتىسى، يەنە ئەتىگەندە تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بۈگۈن ئۇ «خونىخاي مازىرى»① غا بارماقچى بولغانىدى. ئۇ تاغ ئارىسىدا خىلۋەتتە ياتقان بۇ مازاردىمۇ ئاشۇ يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر»نى ئىزدىمەكچىدى. لېكىن بۇ يەرنىڭ شەيخى ئۇنداق سۆزمەن، چىقىشقاق ئەمەس بولۇپ چىقتى.

① خونىخاي مازىرى — ئىلىدىكى مەشھۇر تۆت چوڭ مازارنىڭ بىرى، چاپچال ناھىيىسىنىڭ «خونىخاي مازار مەھەللىسى»گە جايلاشقان. شائىر سەككاكى مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان.

— يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز بۇ يەرگە ھەرقانداق ئادەمنى قالايمىقان كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ، — دېدى قاپىقىدىن قار ياغىدىغان، سۈرۈن تەلەت شەيخ يۇسۇپ ھوشۇرغا مىختەك تىكىلىپ، — بۇ «سەككاكى مازىرى» دا سىز دېگەندەك ئاسارئەتىقىلەر توشۇپ يېتىپتۇ. لېكىن، سىز ئىزدىگەن ئادەم بۇ يەردە يوق ھەم كەلمەيدۇ. بۇ يەرگە قانداق مەقسەت بىلەن كەلگەنلىكىڭىزنى كىم بىلىدۇ؟! ... بولدى! ... بولدى! كېتىڭ، بۇ يەردە «ئەڭگۈشتەر» يوق، كونا سۆڭەك، ساپال تەشتەك بار، كېتىڭ! كېتىڭ! ...

— ھەي، مەن سىزنى شۇنداق ئادەمنى كۆرگەنمۇ ياكى بىلەمسىز؟ دەپ سوراپ كەلدىم، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئۆزىنىڭلا گېپىنى يورغىلىتىدىغان بۇ تەرسا ئادەمگە گەپ ئۇقتۇرالماي، — ئۇ مۇشۇنداق يەرلەردىن ئاسارئەتىقە سېتىۋالىمەن، يىغىۋالىمەن دېگەنىدى! ...

— ھەي، بۇرادەر، سىز بۇ گەپلىرىڭىز بىلەن مېنى ئوتقا ئىتتىرىسىز ياكى بىر بالاغا قويىسىز، — دېدى شەيخ گېپىنى يورغىلىتىپ، — راست، بۇ يەردە قىممەتلىك ئاسارئەتىقىلەر بار...

— مەسىلەن، قىممىتى قانچىلىك بار؟ — ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر، — ئۇلار قانداق نەرسىلەر؟ قاچىمۇ، ساپالمۇ ياكى يارماقمۇ؟ ...

شەيخ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىۋېتىپ، بېشىنى باشقا ياققا بۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ يېپېشقاق ئادەمنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا «توككىدە» پەيدا بولغىنىغا ئاچچىقى كەلگەنىدى. يالغۇز يۈرۈپ، ئاز گەپ قىلىپ، ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇخلاش بىلەنلا ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ شەيخنىڭ كۆپ گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى. لېكىن، يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭغا تۆشۈكتەك قاراپ تۇراتتى.

— قاشتېشىدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تارىخى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىممىتى بولسىلا ئۇن ـ يىگىرمە مىڭ سومغا يارايدۇ، — دېدى شەيخ جاۋاب بەرمەي قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ. «ۋاھ، نەقلا مېنىڭ پۇلۇم ئىكەن، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئىچىدە، — شۇنداق قاشتېشى ئالسامچۇ! ئىسىت، پۇللىرىم!...» يۇسۇپ ھوشۇر شەيخكە باشقا ئۇنچىقمىدى، ئۆز ـ ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ، بۇ مازاردىنمۇ قورۇق قايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەيران بولۇپ قاراپ قالغان شەيخ ئۇ ئادەمنى نېمىگە كەلدى، نېمىگە كېتىۋاتىدۇ، زادىلا چۈشىنەلـمىدى. «‹ئەڭگۈشتەر› ئىمىش، ساپال ئۇۋرىقمۇ ئالالمايسەن بۇ يەردىن، يۇسۇپ ‹ئەڭگۈشتەر› نى ئىزدەرمىش تېخى! — ئىچىدە پىچىرلىدى تەرسا شەيخ، — كەتكىنى ياخشى بولدى، يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ قالسا، يوق بالانى تېپىپ بۇ يەردىن قوغلىغا تېپىپ ھەيدىۋېتىشتىن يانمايدۇ. يەۋاتقان رىزقىمغا توپا چېچىلىدۇ، ئۇخلاپلا ئېلىۋاتقان پۇلۇمنى گۆرگە تىقىدۇ، ئايىغىدىن شۇمبۇيا، زەھەرلىك چۆپ ئۈنىدىغان مۇنۇ گاس ـ گالۋاڭ ئادەم نەدىن پەيدا بولدۇي؟!... تېزرەك يوقالسۇن بۇ ئەبلەخ!...»

يۇسۇپ ھوشۇر «خونخاي مازىرى» دىن بەكمۇ چۈشكۈن ھالدا قايتتى. كېلىۋېتىپ بىردىنلا بۇ يەردە يەنە بىر مەشھۇر مازارنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، خۇددى ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن «ئەڭگۈشتەر» نى تېپىۋالغاندەك خۇشاللاندى. سورا ـ سورا مىڭ بىر مۇشەققەتتە بۇ مازارنىمۇ تاپتى. كونا تام، غىچىلداپ تۇرغان قەدىمىي ئىشىكتىن ئېھتىيات، قورۇنۇش بىلەن كىرگەن يۇسۇپ ھوشۇر ئۆزىگە قاراپ شاپاشلاپ كېلىۋاتقان بىر شەيخ سۈپەت كىشىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. شەيخ يېڭىلا چاللا يوغان لاي يوقى قوللىرىنى بېلىدىكى قارا بەلۋېغىنىڭ ساڭـگىلاپ تۇرغان ئۇچىغا ئېرتىپ تۇراتتى.

— ئۇشبۇ يەر «ئىنايىتۇللا غوجام مازىرى»[1] مۇ؟ — گاراڭ ـ گومۇشلۇقىتىن ئەمدىلا ئەس ـ ھوشىنى تاپقان ئادەمدەك سەگەكلىشىپ سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭغا بوينىنى سوزۇپ يېقىنلاپ، — ئۆزىڭىز شاھىدىن شەيخ بولىسىزغۇ دەيمەن!

— شۇنداق، تەقسىر، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟ تونۇمىدىمغۇ؟...

— يۇسۇپ ھوشۇر...

— خۇش، ئۆزلىرى بۇ مۇقەددەس جاينى تاۋاب قىلىپ، گۇناھىكەبىر ۋە گۇناھىسەغىرلەرنى يۇيۇپ، پاكلىناي دەپ كەپلا ـ دە، خۇش كەپسىز، خۇش، ئەمىسە، ئالدى بىلەن مېنىڭ غېرىب كۇلبەمگە قەدەم تەشرىپ قىلسىلا ئاندىن ...

— ياقەي ئۇنداق ئەمەس! — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر شاھىدىن شەيخنىڭ سۆزىنى چورتلا بۆلۈۋېتىپ، — مەن بۇ يەرگە يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» دېگەن بىر ئالۋاستىنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

— ئالۋاستىنى؟! — ھەيران بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى شاھىدىن شەيخ، — سىلىچە مازار دېگەن ئالۋاستىلار ماكان تۇتىدىغان جايكەن ـ دە!

— ياقەي، بىر قىزىل كۆز قويمىچىنى ئىزدەپ كەلدىم، — داۋام قىلدى يۇسۇپ ھوشۇر كۆڭلىدە ئويلىغىنىنى دېيىشكە ئالدىراپ، — ئۇ مېنىڭ نۇرغۇن پۇلۇمنى بىر ئەسكى يارماققا تېگىشىپ قېچىپ كەتكەن. ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، ئۇ مۇشۇنداق مازارلاردىن قىممەت باھالىق ئاسارئەتىقىلەرنى قازارمىش...

— ھە، مۇنداق دېسىلە، سىلى ئەسلىدە بۇ يەردىن پۇل، دەپنە ـ دۇنيا ئىزدەپ چىقىپلا ـ دە، — ھەيرانلىقتىن چەكچەيگەن يوغان قارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئۇنىڭغا تىكتى شاھىدىن

---

① ئىنايىتۇللا غوجام مازىرى — چاپچال ناھىيىسىدە بولۇپ، «چاپچال مازىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەيخ، — بۇ يەرگە پەقەت، بۇ پانىي دۇنيانىڭ پۈتۈن مەينەتچىلىكىدىن پاكلىنىش، توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىش ئۈچۈن مۆمىن بەندىلەرلا كېلىدۇ. ئۆمرۈم بىنا بولۇپ مازاردىن ئۆلگەن ئاتىنىڭ كونا تاقىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن سىلىدەك ئادەمنى كۆرمەپتىكەنمەن، تەقسىر...

— ياقەي... يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» شۇنداق دېگەن، — چىڭقىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى يۇسۇپ ھوشۇر تىترىگەن جانسىز بارماقلىرىنى چەمبىرەك شەكلىدە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مۇنداق فارفور قاچىلار، ھەرخىل تۆشۈك يارماقلارنى قېزىپ قىممەت باھادا ساتىمەن دېگەن...

— پاھ ـ ھا!... ئاسانلا پۇل بولىدىغان يەرنى تاپتىم دەپتىكەنلا ـ دە، — قوللىرىنى ئىككى ياققا كېرىپ غەزىپى ئۆرلىگەن ھالدا ۋارقىرىدى شاھىدىن شەيخ تىپتىنچ مازارنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قىلىپ، — بۇ يەردە فارفۇر، يارماق ـ پارماق دېگەنلەر نېمە قىلسۇن؟ بۇ يەردە پەقەت ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتكەن بەندىلەرلا بار. ئاڭلاپ تۇرسىلا، تەقسىر، قالو ئىنىنەلىللەيى ۋە ئىنىنەئىلەيھى راجىئون، بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى بىلەملا، بىز ئاللانىڭ ئىلكىدىمىز، ۋە يەنە ئاخىر ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز، دېگەن گەپ. مۇنۇ ئاياغلىرىدا دەسسەپ تۇرغان يەرنى قازسىلا، قۇرۇق ئۇستىخان چىقىدۇ. سەۋدايىمۇ نېمە بۇ ئادەم، بايا سالام ـ سەھەتى يوق گەپ باشلىشىدىنلا بىر ئازغۇن ـ شەقىقە بەندىمىكىن، دەپ ئويلىۋېدىم، دېگەندەكلا بىر مۇرتەتنىڭ ئۆزىكەن ـ دە بۇ... ماڭسىلا ـ ماڭسىلا قەيەردىن كەلگەن بولسىلا شۇ يەرگە كەتسىلە، ئوغامنى قايناتمىسىلا، بىكاردىن ـ بىكار مۇشۇ يەردە سىلە بىلەن گۇناھقا شېرىك بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن!...

— ياقەي مەن... يۇسۇپ ئالۋاستىنى، ياقەي، يۇسۇپ «ئەڭگۈشتەر» دېگەن قويىمچىنى مۇشۇ مازارغا چىقىپ...

— بىرنېمە دېسە «ياقەي، ياقەي...» دەپلا تۇرىدىغان بىر بىغەرەز ئادەم ئىكەنغۇ بۇ! بۇ يەردە جىن ـ ئاۋاستىلار نېمىش قىلىدۇ؟ ئەرۋاھ بار دەۋاتىمەنغۇ، ئەرۋاھ! ئەڭگۈشتەر ـ پەڭ-گۈشتەر دېگەنلەرنى بازاردىن ئىزدىمەملا، ئاۋۇ، ھېلىقى ئادەملەر مىغ ـ مىغ قايناپ تۇرغان، بىر ـ بىرىنى سوقسام، قويسام دەپ پايدا ئۈچۈن ھەتتا بىر ـ بىرىنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ قولىنى كەسسەم، كۆزىنى ئويسام دەپ يۈرگەن بازاردىن ئىزدىمەملا، مازاردىن ئىزدەپ نېمە قىلىلا!...

— مازارلاردىن قىممەت باھالىق ئاسارئەتىقىلەر...، — ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلاتتى يۈسۈپ ھوشۇر جاھىللىق بىلەن.

— ئۇنداق ساختىپەز، ھارام تاماقلارنى مازاردىن ئىزدىمە-سىلە، — سۆزىنى تەكرارلىدى شاھىدىن شەيخ، — ئۇنداقلار پانىي دۇنيانىڭ مەينەتچىلىكىدىن قول ئۈزۈپ، ياغاچ ئاتقا مىنىپ، باقىي دۇنياغا سەپەر قىلغاندىلا بۇ يەرگە كېلىدۇ، ئاۋارە بولمى-سىلا، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇن كەلمەيدۇ. ئۇ بەتبەخت سىلى-نى ئالداپتۇ.

شەيخ ئاخىرقى سۆزىنى تۈگىتىپ، كەتمىنىنى دولىسىغا ئارتقىنىچە بىر بۇرجىكى ئۆرۈلگەن گۈمبەزنىڭ قېشىغا كەتتى. ئۇ بۇ رودۇپاي ئادەم بىلەن سۆز تەگىشىپ ئولتۇرغانىنىڭ قىلچە پايدىسىـى يوقلۇقىنىـى ئاللىمـۇقاچان كـۆڭلىدە جەزملەشتۈرگە-نىدى...

يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوللىرىنى ئىشقىلاپ، ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. چۈشكۈن روھى، ھەممىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ مۆڭلىنىپ قاراشلىرى، تېگى ـ تېگىدىن زەپرەن بولۇپ كۆرۈنگەن چىرايى ئۇنى بەكمۇ بىچارە كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئىك-كى ئايغى ئاشۇ دۆمچەك ـ دۆمچەك قەبرىلەر تۇرغان شىغىللىق يەرگە مىخلىنىپ قالغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. لېكىن قانداق بولمىسۇن بۇ يەردىن كېتىش كېرەك!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«قايتىش! ...» دېگەن بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدا «پاللىدا» ئەكس ئەتكەندەك بولدى. يۈسۈپ ھوشۇر بىر دە قەبرىلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بىر دە چۈشۈپ سەنتۈرۈلۈپ، دەلدۈگۈنۈپ قەبرىلەرنى ئارىلاپ مېڭىپ كەتتى.

يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ چىلپەڭزە «چوڭ مازار» ۋە «كىچىك مازار»غا قانداق بارغانلىقى ئۇ يەردىن «تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى»[①]دا كىملەرگە يولۇقۇپ، كىملەردىن سورىغانلىقى ھەققىدە توختالمىساقمۇ بولار. بۇ يەردە كىتابخانلارغا سۆزلەپ بەرگۈدەك ئالاھىدە ئىش بولمىدى. بىز ئۇنىڭ مۇشەققەتلىك سەپەرلىرى ئىچىدىكى موللىتوختى يۈزىگە جايلاشقان «سادىر پالۋان» مازىرىغا بارغىنىنىلا ئېيتىپ ئۆتسەك كۇپايە. يۈسۈپ ھوشۇر ھەممىلا يەرنى «مازار» دەپ ئاتاۋەردى. ئىزدەپ - سوراپ «سادىر پالۋان قەبرىسى»نىمۇ تاپتى، توپا - چاڭ باسقان ئۈستۈۋىشى ئايىغىدا سۆرىلىپ تۇرغان ئاقىرىپ، كونىراپ كەتكەن شىبلىتى، قولىدىكى ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن كونا سومكا بىلەن «پالۋان قەبرىسى»نىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى گويا سەرگەردانلىقتا ئۆتۈۋاتقان بىرەر مۇساپىرغا ياكى بولمىسا كاللىسىدىن كېتىپ قالغان بىرەر غېرىب - مىسكىنگە ئوخشاتماي قالمايتتى. ئۇ، خۇددى «تۆگىنىڭ مازار بىلەن نېمە ئىشى» دېگەندەك، تۆمۈر دەرۋازىدىن كىردى - دە، ئەمدىلا ياسالغان شېغىللىق يول بىلەن ئۇدۇل مېڭىۋەردى، ئۇ باشقا «مازار»لارغا ئوخشاش بۇ يەرگىمۇ كىرىۋېرەمەن دەپ ئويلىغاندى. شۇ ئەسنادا، تۆمۈر دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى باراڭلىق ئۆيدىن چىققان پاكار، دوغىلاق بىر ئادەم ئۇنى توختاتتى.

— ھوي، بۇرادەر، يول قاياقا؟ — سورىدى پاكار دوغىلاق

① «تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى» — قورغاس «مازار»غا جايلاشقان بولۇپ ئىلىدىكى ماشھۇر تۆت مازارنىڭ بىرى. تۇغلۇق تۆمۈرخان — چىڭگىزخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى تارىخىي مەتبەئەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، «ئالمالىق»تا خان تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1364 - يىلى شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئادەم بېشىدىكى قويۇق ئاق سانجىلغان چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن-
لا تاراپ قويدى. ئۇ، چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئەمدىلا ئۇخلاپ چىق-
قان بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ داۋام قىل-
دى، — دەڭ دەرۋازىسىدەك ھەممىلا ۋاخ ئوچۇقكەن دەپ قالدى-
ڭىزمۇ نېمە بۇ يەرنى!
— «سادىر پالۋان مازىرى» مۇشۇمۇ؟ — يۇسۇپ ھوشۇر
قەدىمىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە باراڭلىق ئۆي-
نىڭ يان تەرىپىگە ياسالغان ئۇزۇن ئورۇندۇققا قاراپ ماڭ-
دى، — سىز مۇشۇ يەرنىڭ شەيخىمۇ؟ خەلپەم بولامسىز - يە؟
— ھەي، بۇرادەر، بۇ «سادىر پالۋان قەبرىسى»، — دېدى
پاكار دوغىلاق ئادەم نارازى بولغان ئاھاڭدا، — ئاڭلىغانمۇ سىز
«سادىر پالۋان» دېگەن بۇ زات ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ داڭدار پالۋان-
لىرىدىن بىرى، ئۆز زامانىسىدا تارىخقا ئۆچمەس نام قالدۇرغان
«باياندای ئۇرۇشى»دا باياندای سېپىلىنى تېشىپ قەھرىمانلىق
كۆرسەتكەن، كۇرە جياڭجۇنى ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىسىلا قورقى-
نىدىن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتكەن مانا شۇنداق پالۋان
ئىدى ئۇ!
— سېپىل تەشكىنىگە قارىغاندا ئوغرىكەن دەڭا، — دېدى
يۇسۇپ ھوشۇر ئاغزىنى ئېچىپ ھاڭقىيىپ تۇرغان قىياپىتىنى
بۇزماي، — جياڭجۇننىڭ ئالتۇن - يامبۇلىرىنى ئوغرىلاي دەپتى-
كەن - دە، ھە!
— ھەي، نېمە دەۋاتىسىز، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قەھرىمانى-
نى ئوغرى دەيدىغۇ بۇ ئادەم، خەلققە ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك ئېنىق
بىر ئۇلۇغ زاتنى بىلمەيدىغان قانداق گاس - گومۇش، دۆلەي
ئادەمسىز، — دېدى پاكار دوغىلاق ئادەم بىردىنلا چېچىلىپ، —
سىز نەدە چوڭ بولغان، باش نەدە ئاقارغان؟ ئالتۇن قەلەم بىلەن
تارىخنىڭ بەتلىرىگە يېزىلغان بىر قەھرىماننى «ئوغرى» دەپ
يۈرسىڭىز نومۇس ئەمەسمۇ. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز ئوغرىمۇ،

ئاتا ـ بوۋىسىنى تونۇمايدىغان قانداق ئازغۇن سىز؟ ھەي، سىز مۇنداق دىسىڭىز ياشلاردىن رەنجىمىسەك بولغۇدەك!...

پاكار دوغىلاق ئادەم يۈسۈپ ھوشۇرغا بىرمۇنچە كايىدى. لېكىن، يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ ئەس ـ خىيالى يىتىپ كەتكەن پۇلى ۋە ھېلىقى يۈسۈپ «ئەڭگۈشتەر» دە بولغاچقا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە رەنجىپ كەتمىدى.

— قېنى، ئالدى بىلەن بۇ مازارنى بىر كۆرۈپ باقاي، ئاسار ئەتىقە چىقىدىغان يەرمۇ، ئەمەسمۇ؟ — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر كايىشلارنى ئاڭلىمىغاندەك، — ئاندىن سىز بىلەن پاراڭلىشاي...

ئۇ شۇنداق دەپ ئەمدىلا قەدەم بېسىشىغا پاكار دوغىلاق ئادەم ئاچچىق بىلەن كايىپ ئۇنى توختاتتى:

— كىرىش بېلىتى ئالسىلا ئەمىسە، بەش سوم...

— مازارغىمۇ پۇل ئالامدۇ؟ — سورىدى يۈسۈپ ھوشۇر.

— ھەي، بۇرادەر، نېمە دەۋاتىمەن، باياتىنياقى سىزگە رامزان ئېيتىۋاتـقىنىم يوققـۇ، بـۇ يـەر «سادىر پالۋان قەبرىسى»، زىيارەت باغچىسى بۇ. پۇل ئالىمىز...

— ئەمىسە سىز شەيخ ئەمەسكەنسىز ـ دە؟ — سورىدى يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭدىن، — شەيخ بولمىسىڭىز نېمىدەپ پۇل دەيسىز ئەمىسە.

— ھەي، مەن مۇشۇ «سادىر پالۋان قەبرىسى» خاتىرە سارىيىنىڭ خوجايىنى بولىمەن، ئۆز پۇلۇمغا قۇرغانمەن. سىز «سادىر پالۋان» رومانىنى ئوقۇغانمۇ؟

— ياق، ئۇنداق نەرسىلەر بىلەن خوشۇم يوق.

— ئۆزىڭىز زادى شۇ كەمگىچە نېمە قىلغان ئادەم؟ ماڭا بىر دەپ بېقىڭا؟ — غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ سورىدى پاكار، دوغىلاق ئادەم، لېكىن، ئېگىز بوي، ئورۇق، قاتاڭغۇ كەلگەن يۈسۈپ ھوشۇر خۇددى ھېچ نەرسە بولمىغاندەك بەخىرامان تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ پاكار، دوغىلاق خوجايىنىنىڭ

تېخىمۇ ئەسەبىيلىكى تۇتتى. بىراق، ئۇنچىقماي، ئېغىر پۇشۇل-
داپ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن جاۋاب كۈتتى.
— مەن ئۆمرۈم بويى قانۇن - جىنايەتچىلەر بىلەن ھەپىلە-
شىپ ئۆتكەنمەن! «سادىر پالۋان» دېگىنىڭىز بىلەن ئانچە تونۇش-
لۇقۇم يوقكەن! — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر. ئۇنىڭ كاللىسىدىن
«تونۇشلۇقۇم بولسا يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى قويمىچىغا قويدۇ-
راتتىممۇ؟» دېگەن خىياللار كەچتىيۇ، تېشىغا چىقىرالمىدى.
— ئۆزىڭىز زادى كىم سىز؟ — سورىدى پاكار، دوغىلاق
ئادەم ئاچچىقىنى يۇتۇپ، — بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭىز زادى؟
«سادىر پالۋان»نى بىلمىسىڭىز، سىزنى ساۋاتسىز، قارىتۇرۇك
ئادەم دېسەك بولغۇدەك، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ، مەدەنىيەت قارى-
غۇسى!
— ۋاي! ... راست دېدىڭىز، راست گەپنى قىلدىڭىز، ئاجا-
يىپ توغرا سۆزلىدىڭىز، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر ھاياجاندا خۇدى-
نى يوقاتقاندەك بولۇپ، — راست، مەن بىر قارىغۇ، كۆزى
ئوچۇق قارىغۇ بولمىسام شىڭ دۇبەنىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن
ئەسكى يارماقنى يىگىرمە مىڭ سوم پۇل جەجلەپ ئالاتتىممۇ؟
ۋاي، راست دەيسىز. ئەجەب توغرا گەپ قىلدىڭىز! ...
كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، بۇرۇنراق مۇشۇ يەرگە كەلسەم-
چۇ، ئىسىت، ۋاي ... ۋاي ...
پاكار دوغىلاق ئادەم ئەسلىدە ئۆزىنىڭ گېپىگە بۇ كىشىنى
ئاچچىقلاپ، يېرىلىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن، ئۇنىڭ
ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئەكسىچە خۇش بولۇپ كەتكىنى ئۇنى
بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. «ياۋاش بايقۇش ئىكەن!» دەپ ئويلى-
دى پاكار، دوغىلاق خوجايىن ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلى-
رىنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ قالدى. ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلدى،
كۆڭۈل ئېيتتى، دۇنيادىكى جىمى تەسەللى گەپلەرنى قىلدى.
— ئىسمىڭىز؟ — سورىدى پاكار، دوغىلاق خوجا-

يىن، — تونۇشۇپ قالساقمۇ، تېخىچە ئىسمىم سوراشماپتۇق.
— يۇسۇپ ھوشۇر، — جاۋاب بەردى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا ۋە ھېلىقى ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى، — ئۆزىڭىزنىڭچۇ؟
— يۇسۇپ سوتچى، دېگەن سىزمۇ، — پاكار، دوغىلاق خوجايىن سورىدى ئۇنىڭدىن، — ھە، ئاڭلىغان، كونا سوت كادىرى، ئادىل ئىشلىگەن. نېمىدەپ مۇنداق قىلتاقتا دەسسەپ يۈردىسىز؟ بەك ئۇۋال بوپتۇ، ئاشۇ يۇسۇپ «ئەگگۈشتەر» دېگىنىڭىز ئەسلىي يوق ئادەم، ئۇ يالغان ئىسمنى ئېيتىپ سىزنى قايمۇقتۇرغان، ئاسار ئەتىقە دېگەنلەرنى مازاردىن ئېلىپ - ساتىدۇ دېگىنى قىپقىزىل ئالدامچىلىق! نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ ئۇ شۇنداق ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان جىنايەتچىلەر گۇرۇھى — قويمىچىلار. قويمىچىلار باشقا جىنايەتچىلەرگە قارىغاندا ئەركىنرەك بولىدۇ، شۇڭا ئەركىن تور يېيىپ، سىزدەكلەرنى بىرقانچىسى بىرلىشىپ ئىسكەنجىگە ئالىدۇ، ئاخىر، تورغا ئىلىندۇرۇپ، پۇلىڭىزنى يۇلۇۋالىدۇ، ئۇنداقلار ئېغىزىنى بەك يوغان ئاچىدۇ، بەلكى ئاشۇ نەرسىلىرىڭىز قىرىق سوملۇق نەرسىدۇر.
— توغرا، توغرا دېدىڭىز، ھېلىم ... ئىسمىڭىز؟...
— نۇردۇن مۆيدۇن، — جاۋاب بەردى پاكار دوغىلاق خوجايىن ئۇنىڭ قېشىغا ئولتۇرۇۋېتىپ.
— ھە، نۇردۇن مۆيدۇن، ئەجەب توغرا دېدىڭىز، مەن بۇ نەرسىلەرنى پوچتىخانا ئالدىدىكى جاڭگۇيدىنگە كۆرسىتىپ باقتىم! ئۇ تۆت يۈز سوم بېرەي، قىرىق يارماقنىڭ ھەممىسىنى ئالاي، دېدى، مەن ھېلىقى يۇسۇپ «ئەگگۈشتەر»نى تېپىپ بۇ يارماقلىرىنى قولىغا بېرىپ پۇلۇمنى، مېنىڭ ئاشۇ قىرىق يىللىق ئۆمرۈم بىلەن تەڭ يىغقان پۇللىرىمنى قايتۇرۇۋالاي دەپ ئويلىدىم. سىزچە قانداق، نۇردۇن مۆيدۇن؟ مەن ھەقىقەتەنمۇ سىز تىللىغاندەك گاس - گومۇش، دۆت - دۆلەي ئادەم جۇمۇك، مېنى

تىللىغىنىڭىز بەرھەق. مەن شۇنداق بولمىسام يىگىرمە مىڭ سومنى ئەسكى يارماققا تېگىشەمدىمەن، ئويلاپ بېقىڭە، نۇردۇن مۆيدۇن. مەن ھەقىقەتەنمۇ كارغا كەلمەس، ئەرزىمەس ئادەممەن، راست، ئېسىمگە كەلدى، سىز بىر چوڭ يازغۇچى، «سادىر پالۋان»نى يازغان، ئەمما ئۇ كىتابنى ئوقۇمىغىنىممۇ راست، ئۆمۈر بويى «قانـۇن گېزىت»، «قانـۇن ـ نىزام»غا ئـائىت ژۇرنال ـ ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپلا ئۆتكەنمەن. ھەي،… سىز مېنىڭ مۇشۇ دۆتلۇكۈمنى بىر يېزىڭچۇ، باشقىلار ئىبرەت ئال-سۇن، مېنىڭدىن ئىبرەت ئېلىپ، ئاچ كۆزلۈك، نەپسانىيەتچى-لىك قىلمىسۇن، خەير ـ خوش مەن كەتتىم…

يۇسۇپ ھوشۇر ئورنىدىن قوزغالدى.

نۇردۇن مۆيدۇن ئۇنچىقماي ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ مۇنداق سەمىمىي، ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەپ، يارىماس تەرىپىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا سۆزلەيدىغان ئادەت — پەقەت كونا كادىرلارغىلا خاس بولغان خىزمەت ئىستىلى ئىكەنلىكىنى ئويلاۋاتاتتى، «ئۇ بىلمەيدۇ ئەمەس، ھەممىنى بىلىدۇ، چۈشىنىدۇ، بىراق، ئۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى قويمىچىغا ئالدۇرۇپ قويۇپ ئېسەنكى-رەپ قاپتۇ، خاتىرىسىنى يوقىتىپتۇ، بىچارە بايقۇش، ئاسان دەرد تارتماپتۇ، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قاپتۇ، دەردى ئىچىدە» دەپ ئويلىدى نۇردۇن مۆيدۇن. ئۇ ئالدىراپ تۆمۈر دەرۋازا ئالدىغا چىقتى، نېرىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە «چۇلۇقاي» يېزىسىدىن قايتقان ماشىنىغا ئەمدى چۈشەي دەپ تۇرغان يۇسۇپ ھوشۇرغا قول كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— ھـەي، يۇسـۇۋاخۇن! دېگـەنلىرىڭىزنـى جـەزمەن يا-زىمەن!… ئوقۇماي قالماڭ جۇمۇ!…

يۇسۇپ ھوشـۇر ماشـىنىنىڭ گۈركىرىشـى، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ چۇڭىدا يازغۇچى نۇردۇن مۆيدۇننىڭ نېمىدەپ ۋارقىرىغىنى-نى ئاڭلىمىدى، پەقەت «سادىر پالۋان قەبرىسى»نىڭ خوجايىنى

مەن بىلەن خوشلاشقان بولسا كېرەك دەپلا چۈشەندى...

مۇنداق خاتا چۈشەنچىلەر نۇرغۇن ئىدى. ئۆيدىكىلىرىمۇ ئۇنى چۈشەنمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوغلى چېچىلىپ سۆزلەيدىغان بولۇۋالدى. دادىسىنىڭ ھالىغا تازا يەتمەيتتى. ئايالى بىچارە ئۇنى ئايايتتى. ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە سەدپارە بولاتتى. «بوۋايدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالارمەنمۇ؟...» دەپ ئەنسىرەيتتى. يۇسۇپ ھوشۇر شۇ كۈنلەردە ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئوي ـ خىيالى، ئۆي ـ روزغارىنىڭ ئىشلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇۋالغانىدى. ھەتتا بەزىدە ئۆزىنىڭ قورسىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇنىڭغا پەقەت ئوي ـ خىيال، ھەسرەت ـ نادامەتلا ھەمراھ ئىدى. كىشى ھەسرەت چەككەندە، ئازار يېگەندە ياكى كۈنلىرى ئازاب ئىچىدە ئۆتكەندە خېلى زامانلارغىچە گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەيدۇ، كېسەل كىشىگىمۇ شۇنداق. ئېغىر كېسەلنىڭ ئۆزى ئوزۇق بولۇۋېرىدۇ. ئاغرىق ئازابىدىن يېيىش ـ ئىچىشنى ئۇنتۇيدۇ. ھازىر يۇسۇپ ھوشۇرمۇ خۇددى شۇنداق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىگە يىگىرمە مىڭ سومنى ئىزدەپ تېپىش خىيالى ئاش ـ ئوزۇق بولغاندەكلا يۈرۈۋەردى. «ھەي بىرنېمە يېمەملا» دەپ ئايالى دەۋەت قىلغاندىلا ئاز ـ تولا بىرنېمە يېگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا سېلىقلىق ئورنىغا كېلىپ ئىزرۇستىكى چەكزىلەرنى ساناشقاندەك ياتاتتى. ئوي ـ خىيالى يەنىلا شۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇلدا ئىدى. بىردىنلا ئۆتكەندە بىرىنىڭ: «ھەي، يۇسۇۋاخۇن، ئۇنداقلارنى مازارلاردىن ئىزدىمەڭ، مازاردا ئۆلۈك بولىدۇ. ئەرۋاھ بولىدۇ، باشقا نېمە بولاتتى، بۇ ئۇلارنىڭ سىلىنى گالۋاڭ قىلغىنى، ئۇنداق قويمىچىلارنى مىغ ـ مىغ بازاردىن، چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەردىكى ئادەم قاينىمىدىن ئىزدەڭ!...» دېگىنى ئېسىگە چۈشتى. راست، غۇلجىنىڭ جىمى بازىرى قالمىدى، ئەمدى ئۈرۈمچىلا قالدى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭغا: «ئۈرۈمچى دېگەن ئەڭ چوڭ قويمىچىلار يىغىلىدىغان شەھەر» دەپ ئېيتقۇېدى، شۇ يەردىن

تېپىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئۇنىڭ خىيالىغا كەلگەن بۇ ئوي ئۇنى ئورنىدىن قوزغاتتى. كەچ بولسىمۇ «كائىنات» بېكىتىگە بېرىپ باقماقچى بولدى. ئۇ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاياغ تەرىپىدە تاشلاقلىق تۇرغان ھېلىقى ئەبجىقى چىققان كونا سومكا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى «قىرىق تىللا» نى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. قورۇدىكى يازلىق چايخانىنى كېچىلەپ جىمىقتۇرۇپ، ھېلىلا تاماق يېگەن چىنىلەرنى يېسىقتۇرۇۋېتىپ ئۆيگە كىرىۋاتقان ئايالى بىلەن بوسۇغىدىلا دوقۇراشتى.

— بۇ كەچتە يەنە نەگە؟ — سورىدى ئايالى ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ، — دەم ئالسىلا بولمامدۇ، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا…

— ئىشىك ئالدىغىلا چىقىمەن، خوتۇن، — دېدى يۇسۇپ ھوشۇر ئېرەنسىز ھالدا.

— ئەمىسە سومكىلىرىنى كۆتۈرۈۋاپلىغۇ.

— ماۋۇ يەردە بىرىگە كۆرسىتىپ باقاي دېۋىدىم…

— قويسىلا ئەمدى ئۇ ئەسكى يارماقلىرىنى كىمگە كۆرسىتەتتىلا، شەھەر خەلقى دېگۇدەك بىلىپ كېتىپتۇ، ئەمدى نومۇس قىلىدىغان بولدى كىشى. خەقلەر «ئەسكى يارماق» نى «تىللا» دەپ تېگىشىپتىمىش دەپ گەپ تارقاتقۇدەك، نېمىدېگەن ئىزا - ئەلەم بۇ! …، — نىساخان ھەدە رەنجىگەن ھالدا شۇ گەپنى قىلدى. ئەمما بۇ گەپلەر يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ قېتىغىمۇ كىرمەيتتى، ئۇ، كوچىغا چىقىپ كېچىلىك مىنىبۇسقا چۇشۇپلا «كائىنات» بېكىتىگە كەلدى. دېگەندەك، ئاخىرقى قېتىملىق كەچلىك ماشىنا ئورۇمچىگە مېڭىش ئالدىدا تۇراتتى. كەچلىكىگە قارىماي ئادەم خېلى كۆپ ئىدى. يۇسۇپ ھوشۇر ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە ھېلىقى ياغاق يۈز ياكى «ئەڭگۈشتەر» دېگىنى ئۇچراپ قالامدۇ، دېگەن ئۈمىدتە ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئاپتوبۇس ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ خېرىدار چاقىرىۋاتقان ماشىنا خوجايىنى يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ قولىدىكى سومكىنى كۆرۈپ يولۇچى بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېرەك، دېگەن ئويدا ئۇنى چاقىردى، لېكىن يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلىماي ھەدەپ ئادەملەرنىڭ چىرايىغا، بويى ـ تۇرقىغا، سىنچىلاپ قاراپ يۈرەتتى. ماشىنا گۈركىرەپ ئوت ئالدى. ماشىنا خوجايىنى يەنە ۋارقىرىدى:

— ھوي، ئاكا ۋۇي! ھوي سومكا! ئۈرۈمچىگە ماڭامسىز، ھە، ماڭسىڭىز بولامسىز، ماشىنىغا چۈشەمسىز، مانا ھازىر ماڭىمىز!...

يۈسۈپ ھوشۇر ماشىنىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ماشىنىغا چۈشۈشى ھامان ئىشىكمۇ يېپىلىپ ماشىنا ئورنىدىن قوزغالدى...

«ئۈرۈمچى دېگەن كاتتا شەھەردە ئادەملەر مىغىلدايدىكەن، سەن ئويلىغان، ئىزدىگەن ھەممە نەرسە تېپىلىدىكەن، نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلغان يەردە، ئادەملەرنىڭمۇ ھەر خىلى تېپىلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلايتتى يۈسۈپ ھوشۇر كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ. ئۇ بۇ شەھەردە ھەممىگە قارايتتى، ھېلىقى قويمىچىنىڭ بىرەرنى ئۇچرىتىپ قالارمەنمۇ؟ دېگەن ئۈمىدتە، ئادەم ئەڭ كۆپ قاينايدىغان «دۆڭكۆۋرۈك» بازىرىدا ئايلىناتتى. ئۇ بۇ يەردە ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ «يەنئەن يولى» دىكى «ئۇچىنچى مېھمانخانا» قورۇسىغا كىردى. ئىلگىرى بۇ يەردە چەت ئەللىكلەرنىڭ پۇلىنى ئېلىپ قاچىدىغان قويمىچىلار بار، ھەتتا قوراللىق ئادەم بۇلىغان قاراقچىلارمۇ پەيدا بولغان.

يۈسۈپ ھوشۇر بۇ شەھەرگە كېلىپمۇ ناشتىلىقنى ئاز يېدى. توغرىسى گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيتتى. ئەمما ئۇسسۇزلۇقنى كۆپ ئىچەتتى. ئۇ گويا ئۇسسۇزلۇق بىلەنلا ئۆزرە بولۇپ يۈرگەندەك قىلاتتى. يۈرىكى ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ كۆيەتتى. مۇزدەك ئۇسسۇزلۇق يۈرىكىنى سەگىتىپ، قايغۇسىنى يېنىكلەتكەندەك، ئۆزىگە كېچىككىنە بولسىمۇ ماغدۇر كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ جۈدەپ كەتكەنىدى. ئۇ قىرىق يىللىق ئەجرىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا تۇگىشىپ كېتىپ

باراتتى. بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، پەقەتلا بىرلا ئادەم بىلەتتى، ئۇ بولسىمۇ ئەللىك يىللىق ھەمراھى نىساخان ھەدە ئىدى. لېكىن ئۇ ھازىر يېنىدا ئەمەس، ئۇنى ھېچكىم كۈتمەيدۇ، بىر چىنە چاي ئىچىۋالغىن دەيدىغان، ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغان كىشى يىراقتا، قاتمۇقات تاغلار كەينىدىكى غۇلجىدا قالغان. ئۇرۇمچىدە ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى، «جۇلدۇر كېپەن» بولمىسىمۇ، كونىراپ كىر بولۇپ كەتكەن كىيىم ـ كېچىكى، ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن چېچىنىڭ تۆپىسىگە قوندۇرۇلغان مايلىق كەپكىسى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ رەڭگىروينىڭ خۇددى كۆز غازاڭلىرىدەك سارغىيىپ، ئىزغىرىن شامالدا دىرىلدەپ تۇرغىنىدەك كۆرۈنۈشى كىشىلەرنى «ئاق چېكەمدىكىن بۇ ئادەم؟!...» دېگەن ئويغا كەلتۈرەتتى. يەنە بەزىلەر پۈتىدىكى ئاقىرىپ، كونىراپ ھېچ ھالى قالمىغان كونا ئايىغىغا يىرتىق قارا پايپىقىنىڭ ئاستىدىن كۆرۈنۈپ قالغان توڭۇرلۇق پۇتلىرىغا قاراپ ئۇنى: «كالىلىسى جايىدا ئەمەس ئوخشايدۇ» دېگەن ئويغا كېلەتتى. يۈسۈپ ھوشۇر بۇ شەھەردە ئىشلەك ئېچىپ كىرىدىغان تۇغقىنىنىڭ ھېچبولمىغاندا ساۋاقداشلىرىنىڭ، تەڭتۇش ـ بۇرادەرلىرى بولمىغاچقا، كوچىدا لاغايلاپ يۈرۈشكە باشلىدى. بۇ شەھەردە ھەرقاندىقىنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭمۇ كەچتە: «قايسى ياتاقتا چۈشكەنتىڭىز» دېگىنى ئۇلارنىڭ «سىزنى قوندۇرالمايمىز، بالدۇرراق ياتاق تېپىۋېلىڭ» دېگىنى ئىكەنلىكىنى يۈسۈپ ھوشۇر ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. ئىلگىرى ئۇ بۇ شەھەرگە كەلگەندە پۇزۇر كىيىنىۋېلىپ يۈرگەندىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچرىغان، ھازىرقى بۇ ئەبگار ھالىتى بىلەن ئۇلار ئۆي ئەمەس، بەلكى بوسۇغىسىغىمۇ يولاتماسلىقى مۇمكىن، يۈسۈپ ھوشۇر تالادا يېتىپ ئاچ قالسىمۇ ئۇنداق يەرلەرگە بارمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئالدىدا ئون سوملۇق، كېيىن بەش سوملۇق، ھەتتا داق كارتۇنتى بار، ئىككى سوملۇق ئېغىلدەك ياتاقلاردىمۇ يېتىپ يۈردى، پۇلىمۇ توگەي دېگەندى. بۈگۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ يېنىدا ئەللىك سوملا پۇل قالغانىدى. ئۇ ئىزدىگەن ئادەم- لىرىنى تاپالمىدى، تاپالىغاندا ئىدى ئۇلارنىڭ كانىيىغا ئېسىلىپ يۈرۈپ، جېنىنى ئالمىسىمۇ بىر يەرگە ئاپىرىپ بولغان بولاتتى!...

ئۈمىدسىزلىك، يوقسۇزلۇق، سەرگەردانلىق بىرلىشىپ يۇ- سۇپ ھوشۇرنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇۋاتاتتى. ئۇ خۇددى يىگ- دەپ قالغان كاۋىدەك بەكمۇ رەزگى كۆرۈنەتتى. بۇ بىچارە ئادەم ئاخىر ئۇرۇمچىدەك مۇنداق كاتتا چوڭ شەھەردە پاناھلانغۇدەك بىرەر ماكان ياكى دەردىنى ئاڭلىغۇدەك بىرەر ئادەم تاپالماي قولىدا قالغان ئەللىك سوم پۇلىنى سىقىمداپ تۇرۇپ شوپۇرغا يېلىندى.

— بۇرادەر، ئەھۋالىمنى ئېيتتىم، قولۇمدا ئەللىك سوملا پولۇم قالدى، مەن بۇ شەھەرگە يىگىرمە مىڭ سوم پۇلۇمنى ئالداپ قېچىپ كەتكەن قويمىچىلارنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، تاپال- مىدىم، چىرايىغا قاراپ ھال سورا دەپتىكەن، چىرايىمدىنمۇ بىلگەنسەن، ساڭا بۇ پۇلۇمنى بەرسەم، يېنىمدا ئون تىيىنمۇ قالمايدۇ، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن...

يۇسۇپ ھوشۇر راست گەپنى قىلىۋاتاتتى، ئەمما شوپۇر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى.

— ئاكا ۋۇي، پۇلۇڭ بولمىسا نېمىدەپ چوڭ شەھەرگە كەلدىڭ؟! ھېچبولمىغاندا بەش مىڭ سومنى يانچۇقۇڭغا سېلىپ قويۇپ ئاندىن قويمىچىلارنى ئىزدىمەمسەن!...

سوغۇق تەلەت شوپۇر بېنزىنىنىڭ ئۆرلەپ كەتكىنىنى، يول ھەققى ۋە باشقا گادىرماچ ھەقلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكتىن بېلەت باھا- سىنى ئۆستۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. يۇسۇپ ھوشۇر تام تۈۋىدە بىر سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇردى. ئۈرۈمچى قاتناش بېكى- تىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي، يولۇچىلار ئاز ئىدى. يۇسۇپ ھوشۇر بۇ بېكەتتە ئۆزىگە ياردەمدە بولىدىغان بىرمۇ ئادەم تاپالمىدى. ئۇ

كېتەي دەپ تۇرۇشقا ھېلىقى سۆرۈن تەلەت شوپۇر ئۇنى چاقى-رىپ قالدى. بەلكى ماشىنىسى توشمىسا كېرەك. «قۇشقاچ بول-سىمۇ گۆش، ئەللىك سوم بولسىمۇ پۇل...» دېدى ئۇ ئېھتىمال، يۇسۇپ ھوشۇرنى ئەڭ كەينىدىكى كارىۋاتقا ئورۇنلاشتۇردى. مەي-لى قەيەر بولسۇن، يۇسۇپ ھوشۇر ئەللىك سوم پۇل بىلەن ماشىنىغا چۈشكىنىگە خۇش ئىدى.

ئۇرۇمچىدىن كەچ قوزغالغان ماشىنا كەچلىك تاماق ئۈچۈن ساۋەندە توختىدى. شوپۇر ماشىنىدىكىلەرنى تاماققا چۈشۈرۈۋې-تىپ، ئىشىكنى بېكىتتى ـ دە، ماشىنىدىن چۈشۈپ ھەمراھلى-رى بىلەن بىللە ئۆزى توختىغان ئاشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى مەخ-سۇس كۇتۇشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاپتوبۇس ئىشىكىدىن چۈشكەن يولۇچىلار قەيەردىندۇر پەيدا بولغان پەيلى يامان ئادەم-لەرنىڭ قورشاۋىدا قالدى. ئۇلار ئاپتوبۇستىن چۈشكەن ھەربىر يولۇچىنىڭ باشقا ئاشخانىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشمىدى. ھەممە يولۇچىلار جەزمەن ئاشۇ ھۆرپىيىپ تۇرغان قىسقا بۇرۇت، شالاڭ ساقال، قارا پېنجەكلىك ئادەمنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشى كېرەك ئىدى. بولمىسا كۆرگۈلۈكىنى كۆرەتتى. يولۇچىلار ئۇ-نىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىغا، شېرىكلىرىنىڭ خىرىس قىلىپ، ۋارقىراپ تۇرغىنىغا قاراپ، ئۇ كۆرسەتكەن ئاشخانا ئىشىكىگە قاراپ جىممىدە مېڭىشتى. يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ پۇلى بولمىغاچقا ئاشخانىغا كىرىشىمۇ ھاجەتسىز ئىدى، ئۇ ئۇرۇمچىدىن مېڭىش ئالدىدا ئەڭ ئەرزان بىر چىنە كالا گۆشى ئۇگرىسى ئىچىۋالغان-دى. ئۇنىڭ ئاشۇ زەھەردەك ئاچچىق، بەتتام تاماق بىلەن غۇلجىغا يېتىۋېلىشقا كۆزى يېتەتتى. يۇسۇپ ھوشۇر ھېلىقى پەيلى يامان ئادەملەر بىلەن كارى بولماي ھاجەت قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئاستا بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ چەت ياققا ماڭغىنىنى كۆرگەن ئاشخانا خوجايىنى ئۇنىڭغا ھۆرپىيىپ قارىدى، يۇسۇپ ھوشۇر ئۇنىڭ بىلەنمۇ كارى بولمىدى. ئۇ تېزرەك خالىي بىر جاي تېپىشنىلا ئويلايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھېي، نەگە بارىسەن؟ ئاشخانا مايافتا قالدى! — دېدى ئاشخانا خوجايىنى ھورپەيگىنىچە يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مايافقا ماڭ دەيمەن، بىغەرەز!

— ھاجەت قىلىنمەن! — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر، — تاماق يېمەيمەن، بىكارغا بەرمەيسەن ھەرقاچان!...

— يالغان سۆزلىمە، مايافقا ماڭ دەيمەن!...، — ۋارقىرىدى يەنە قىسقا بۇرۇت، شالاڭ ساقاللىق خوجايىن قوپاللىق بىلەن ئۇنىڭغا قول شىلتىپ.

يۈسۈپ ھوشۇرنىڭمۇ غەزىپى تۇتتى:

— قايافقا ماڭسام چاتىقىڭ نېمە؟ مېنى نېمىدەپ ئۇياق، بۇيافقا ماڭ دەيتتىڭ! نېمە ھەققىڭ! پۇلۇمنى يىتتۇردۇم، ئەمدى جېنىمنى ئالامسەن؟

خوجايىن يۈگۈرۈپ كەلدى. يۈسۈپ ھوشۇرمۇ قەدىمىنى توختىتىپ قاراپ تۇردى.

— باشقا ئاشخانىدىن تاماق يېمەيسەن! ئۇقتۇڭمۇ، سولتەك! — دېۋەيلەپ ۋارقىرىدى پەيلى يامان خوجايىن گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازى بىلەن ھەيۋە قىلىپ، — بىلىۋاتامسەن، شوپۇرۇڭ مېنىڭ ئاشخانامدىن يەيدۇ، سەنمۇ مۇشۇ ئاشخانىدىن يەيسەن!

— شوپۇر ئاشخاناڭدىن تاماق يېسە، مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر، — يېسە يەۋەرسۇن، مەن كىرىپ كانىيىغا تىقىپ قويىاتتىممۇ؟! پۇلىنى مەن تۆلەيمەنمۇ — يە؟!... پۇلۇم يوق! ئاشخاناڭدىن تاماقمۇ يېمەيمەن!

— تاماق يېمىسەڭ مۇشت يەيسەن، توڭگۇز! — دېدى خوجايىن يۈسۈپ ھوشۇرنىڭ قاسماق كىر بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن چىڭ سىقىپ كۈچ بىلەن سىلكىگەندە كۆڭلەكنىڭ تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ، ياقىسىمۇ «جارت» قىلىپ يىرتىلدى.

— قويۇۋەت ياقامنى! — ۋارقىرىدى يۈسۈپ ھوشۇر ئۇ ئەم-

ـدى ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانىدى، — تامىقىڭنى يېمىسە، ئۇرۇدىغان قانداق مۇشتۇمزورسەن! نەدە شۇنداق قانۇن بار ئىكەن! قويۇۋەت دەيمەن، ئەبلەخ!...

شۇ گەپ بىلەن تەڭلا يۇسۇپ ھوشۇر ئۇشتۇمتۇت تۇمشۇقىغا قاتتىق تەگكەن مۇشتتىن ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئارقىسىدىنلا پەشۋا ـ تېپىكنىڭ ئارىسىدا قالدى. ھېلىقىنىڭ شىرىكلىرىمۇ ئۇلىشىپ كەلدى ـ دە، قولىغا چىققان نەرسىلەر بىلەن ئۇنى دۇمبالاپ كەتتى.

— فاشىستلار! — ۋارقىرىدى يۇسۇپ ھوشۇر ساناقسىز تېپىك ۋە تاياق ئاستىدا جان تالاشقاندەك تولغىنىپ، — ۋەھشىي قاراقچىلار! قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايسەن! قېنى، ئۇرە، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت! سورىقى يوق جاھان بۇ دەۋاتامسەن! خالايىق، ماۋۇ فاشىستلار ئىكەن! كۆردۇڭلارمۇ، تاماق يېمىگەنگە تاياق يېگەن نەدە بار، خالايىق! ۋايجان! ۋاي بىسىقىنىم! ۋايجان!...

— كىم فاشىست ئىكەن! ئۇرۇڭلار بۇنى، ئۆلسە مەن ئىگە، قانۇن دەيدۇ تېخى! بۇ يەردە قانۇن نېمە ئىش قىلىدۇ، تاياق بار، تاياق! ئۇرۇڭلار...، — ھېلىقى خوجايىن غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى. باشقىلار ئۇنى تېپەتتى، دەسسەيتتى، چەيلەيتتى.

يۇسۇپ ھوشۇر بىر پەستىلا جىمىپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ھېلىقى ياۋۇزلار دۇمبالاشتىن توختىدى. مىدىرلىماي ياتقان يۇسۇپ ھوشۇرنى ھېلىقى خوجايىن ئاخىرقى قېتىم تېپىپ قويۇپ نېرىغا كەتتى ۋە شېرىكلىرىگە پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. كەچ، ئاشخانا ئالدىدىكى چىراغنىڭ نۇرىلا بۇ جازا مەيدانىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار يۇسۇپ ھوشۇرغا قول سالغاندا ھېچكىم ئارىچى بولالمىدى، تاياقچىلارغا يالۋۇرۇپ بىرىنچىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ھارام تاياق يېگەن يۇسۇپ ھوشۇر ئىڭرىغان ھالدا توپىغا مىلىنىپ ياتاتتى. نېرىدا ئۇنىڭغا قاراپ

تۇرغان ھېلىقى بىر توپ قاراقچىلار:
— قاچايلى! — دەپ پىچىرلاشتى - دە، ئاشخانا خوجايىنىنى ئارىغا ئېلىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇشتى.
ئاشخانىدىن چىققان بىر توپ ياشلار توپىلىق مەيداندا يەرگە مىلىنىپ ئىڭراپ ياتقان ئادەمنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.
— بىزنىڭ ماشىنىدىكى ئادەمغۇ! — دېيىشتى ئۇلار چۇرقىرىشىپ، — نېمە بولدى، ئاغزى - بۇرنى قانغۇ، ۋاي، تىنىقى بارمۇ، يوق! ؟...
— مۇشۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى غالچىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ كېلىپ ئۇردى، — دېيىشتى باياتىن قاراپ تۇرغانلارغا ئەمدى جان كىرىپ.
— نېمىشقا؟ — سوراشتى ياشلار.
— تاماق يېمىدىڭ دەپ...
— دۇنيادا مۇنداقمۇ زوراۋانلىق بولامدۇ؟! قېنى ئۇ زومىگەرلەر!
ياشلار تەرەپ - تەرەپكە چېپىشتى. ئاشخانىغا كىرىپ ئاشپەز ۋە تاڭجاڭلارنىڭ ياقىسىدىن، بەزىلىرىنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ تالاغا ئاچىقىشتى. لېكىن، ئۇلار: ئۇقمايدىكەنمىز، دەپ ئىشىشىپ قاراپ تۇرۇشتى. يىگىتلەر ھېلىقى زوراۋانلارنى ئاختۇرۇپ كېزىۋەتتى. لېكىن ئۇلار سۇغا چۆشكەن تاشتەك يىتىپ كەتكەنىدى.
— شۇنچىۋالا ئىش بولۇپ كەتكۇچە قاراپ تۇردۇڭلارمۇ، توخۇ يۈرەك قورقۇنچاقلار! — ئەتراپتىكىلەرگە ۋارقىراشتى ياشلاردىن بىرى غەزەپلىنىپ، — بىز ئاشخانىدا تاماق يەپ پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قاپتۇق! بايا ۋاراڭ - چۇرۇڭ چىققاندەك قىلدى، بۇ جېدەل شۇ ئىكەن - دە!
ياشلار ئاشخانىنىڭ باش ئاشپەزى ۋە تاڭجاڭلىرىنى سۆرەپ چىقىپ يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىشكەندىن كېيىن،

ئاشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى خاس ئۆيدە بەخىرامان يەپ ـ ئىچىپ ئولتۇرغان شوپۇر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىمۇ ھەيدەپ چىقىشتى.

— كۆرە مانى! — دېدى ياشلاردىن بىرى، — سەن پۇل ئۈچۈن بىزنى بۇ ئاشخانىغا ساتقانمىدىڭ؟ ئاش يېمىسە تاش بىلەن ئۇر، دېگەنمىدىڭ! مۇنۇ كىشىنى داۋالىتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا ئاپىرىسەن، بولمىسا ماڭمەن دەپ خام خىيال قىلما! ھۇ نەپسانىيەتچى توڭگۇز! بىزنىڭ دېگىنىمىزچە ئىش قىلمىساڭ، سېنىمۇ مۇشۇنداق قىلىمىز!...

ياشلارنىڭ غەزىپى تېشىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇنچە ئىزدەپمۇ ھېلىقى زوراۋانلارنى تاپالمىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاشخانىنىڭ باش ئاشپىزىنى تۇتۇۋېلىپ، دوختۇرخانىغا بىللە ئېلىپ بېرىشتى، داۋالاش ھەققىنى ئۇنىڭغا تۆلەتكۈزدى. دوختۇرلار يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ باش ـ كۆزىنى تازىلاپ تاڭدى، رېنتگېن ۋە باشقا تەكشۈرۈش ئەسۋابىدا تەكشۈرۈپ «ئىچىدىن رەخىملەنگەن» دەپ دىئاگنوز قويۇشتى. قوۋۇرغىسىنى ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ياشلار ئاشخانىنىڭ ئادرېسىنى ئىنچىكىلەپ يېزىۋالدى. ئاندىن ئۇلار بىلەن قانۇن ئارقىلىق سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويۇپ ماشىنىغا چىقىشتى. ياشلار غۇلجىغا بارغۇچە ئاچ كۆز شوپۇرغا لەنەت ـ نەپرەتنى ياغدۇرۇۋەتتى.

— نەپسانىيەتچى ئوغرىكەن بۇ! — دېدى يولۇچىلاردىن بىرى، — پۇل دېسە دادىسىنى سېتىشتىنمۇ يانمايدىغان ئوخشايدۇ، مۇشۇنداقلارنىڭ كاساپىتىدىن يولدا خاتىرجەم ماڭالمايدىغان بولدۇق.

ماشىنا يولدا توختىماي ماڭسىمۇ يولدىكى پېشكەللىكلەر تۈپەيلىدىن غۇلجىغا ئەتىسى كەچتە يېتىپ بارالىدى. ياشلار يۇسۇپ ھوشۇرنى ساۋەندىلا ئالدىنقى كارىۋاتلارنىڭ بىرىگە يۆتكەپ قويغانىدى، ئۇ تا غۇلجىغا كەلگۈچە ئىنجىقلاپ كەلدى.

— ئاكاۋۇي، ئۆيىڭىز نەدە، ماشىنىدىلا ئاپىرىمىز

سىزنى، — دېدى ياشلاردىن بىرى، — ھە، باشكۆۋرۈك دېدىڭىز-ما، بولدى، بىلدۇق، يول ئۇستى ئىكەن!

يۇسۇپ ھوشۇر چۈشكەن ئاپتوبۇس ئەتراپى چىتلانغان قو-رۇق تېمى يوق قورۇنىڭ ئالدىدا توختىغاندا نىساخان ھەدە ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىققانىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق ھەمراھىنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ ئېسىدىن كېتەيلا دېدى. ياشلار يۇسۇپ ھوشۇرنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزغاندىن كېيىن، ماشىنا نومۇرى، ساۋەندىكى ئاشخانىنىڭ تولۇق ئادرېسى، ساۋەن دوختۇرخانىسىنىڭ دىئاگنوز قەغەزلىرىنى قوشۇپ نىساخان ھەدىگە تۇتقۇزدى. ئەھۋالنى ئېيت-تىپ، ھەممىنى چۈشەندۇردى، ھەتتا ئۇنى ئىزدەپ ئۇرۇمچىگە كەتكەن پەرھاتقىمۇ چاقىرغۇ قىلدى.

— ئوغلۇم دادىسىنى ئىزدەپ سەرسان بولۇپ كەتتى، — دېدى ئانا ھەسرەتلىك يىغلاپ تۇرۇپ، — بۇ بىزنىڭ ئائىلىگە كەلگەن نېمە بالا — قازادۇر؟ ! بۇ ئاكاڭلارغا، قويمىچىلار ئەكەتكەن يىگىرمە مىڭ جېنىڭىزمىدى؟ دېسەك ئاڭلىمايدۇ، بالىلىرىم!...

ئانا ھەممە ئىشنى ياشلارغا ئېيتىپ بەردى. ئۇلارمۇ يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئۆمۈر بويى يىغقان پۇلىنى قويمىچىغا بېرىپ قويغىنىنى ئاڭلاپ ئىچ ئاغرىتىشتى.

— بولغۇلۇق بوپتۇ، جاننى سېلىپ بېرىشنىڭ ئورنى يوق، يۇسۇپكا، — دېدى ياشلاردىن بىرى ئىنجىقلاپ ياتقان يۇسۇپ ھوشۇرغا نەسىھەت قىلىپ، — پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى. مۇن-داق بولۇۋاتقانلاردىن يالغۇز سىزلا ئەمەس، ئۇلارمۇ كۆلۈپ — ئويناپ يۈرمەمدۇ، سىزمۇ بۇ ئاپەتنى ئارقىڭىزغا تاشلاپ يۈرۈۋەر-مەمسىز، نېمىشقا مۇنداق قىلىسىز، ھەر ئايدا مىڭ سوم مائاشىڭىز چىقىدىكەن، شۈكرى قىلىڭ، ئاكا!...

ياشلار كەتتى. ئۆيگە ئامان — ئېسەن قايتقان يۇسۇپ ھو-شۇرنى كۆرگەن ئانا بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا يەنە بىر تەرەپتىن

ئۇنىڭ تېڭىلغان باش ـ كۆزى ۋە بىقىنىنى تۇتۇپ ئىنجىقلاشلىرى ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى. ئانا شۇ ھامان يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئىدارىسىگە تېلېفون قىلدى. مەھكىمە باشلىقى خىزمەتكە چۇشۇپلا ئىدارىدىكى مۇناسىۋەتلىك كادىرلارنى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تەشكىل دېگەن نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدىكەن، ئېغىرىڭنى يېنىكلىتىپ يار ـ يۆلەك بولىدىكەن!... نىساخان ھەدە كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى. دېگەندەك، دەل سائەت سەككىزدە سوت مەھكىمىسىنىڭ كونا كادىرلىرى بىلەن يېڭى كادىرلىرى بىرلىكتە كېلىپ يۇسۇپ ھوشۇردىن ئەھۋال سورىدى. ئۇ، ئىنجىقلاپ ئولتۇرۇپ ساۋەندىكى ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بەردى. مەھكىمە باشلىقى ھازىرقى جەمئىيەتتە شۇنداق ۋەھشىي ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. بۇ ئىشنى دەلىل ـ ئىسپاتى بىلەن ساۋەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئەۋەتىش بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىگىمۇ بىر نۇسخا ئەۋەتىشنى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقىغا تاپشۇردى، يۇسۇپ ھوشۇرنى دەرھال داۋالىتىپ بارلىق چىقىمنى ئاشخانا خوجايىنى بىلەن ماشىنا شوپۇرىغا يۈكلەش كېرەك دەپ بېكىتتى.

— پېشقەدەم قانۇن كادىرىمىزنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدا بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز بار، — دېدى مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى، — يۇسۇپكام پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولماپتۇ، ھازىرقى جەمئىيەتتە پۇلپەرەسلەر، دۇنياخورلار، خىيانەتچىلەر ئادەم ھاياتى بىلەن ئوينىشىپ، خورىكى ئۆسۈپ قالدى. بۇنداق قىلمىشلارنى قاتتىق تىزگىنلىمەي بولمايدۇ.

خىزمەتداشلار بىر چىنە چايغىمۇ ئولتۇرماي يۇسۇپ ھوشۇرنى بالنىتسىغا يۆتكىدى. پەرھاتمۇ ئورۇمچىدىن تېزلا يېتىپ كېلىپ، دوختۇرخانىغا باردى.

— دادا، سەنمۇ جىندەك يوقىلىپ كەتتىڭا؟ — دېدى پەرھات زورىغا كۈلۈمسىرەپ، — بۇ يىگىرمە مىڭ سومنىڭ بالاسى تۇگىمەسلا بولدىغۇ، بۇ قېتىم ئۇرۇمچىدە كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى، بارغانلار يەردە تونۇش - بىلىشلەردىن سورايمەن، يۇسۇپكامنى كۆرگەنىدۇق، قارىماي ئۆتۈپ كەتتى، نېمە بولغاندۇر دەپ ھەيران قالدۇق، دېيىشتى. دادا، بولدى قىلساڭچۇ. ئارامخۇدا داۋالىنىپ ساقايغىن، مانا ياخشى بولۇپ قاپسەن، تەشكىلمۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، ھە، راست، مەھكىمىدىن جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىغا ئادەم كېتىپتۇ.

— پۇلۇمنى تېپىپ بېرەمدىكەن؟ — سورىدى يۇسۇپ ھوشۇر ياتقان يېرىدىن بېشىنى بۇراپ، — پۇل ئۇچۇن مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇشتى. مەنمۇ پۇلۇمنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن، ئۇلارنى شۇنداق ھالغا چۈشۈرسەم، ئاندىن قانۇننىڭ ئادىللىقىنى كۆرگەن بولاتتىم.

— دادا، مۇنداق دېمىگىن، — دېدى پەرھات ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، — سىنىڭ پۇلۇڭنى ئېلىپ قاچقان بۇ قويمىچىلارنىڭ پېشانىسىدە تامغىسى يوق - دە، ئوڭايلا تېپىلىدىغان قويمىچىلىق ئىز قالدۇرمايدىغان جىنايەت بىلدىڭمۇ، شۇلارنى تۇتمىغۇچە دېلو تىكلەشكە بولمايدۇ. ئۆزۈڭمۇ ئىزدىدىڭ، تاپالمىدىڭ، قويمىچى دېگەن ئېقىپ يۈرۈپ جىنايەت سادىر قىلىدۇ، تاپىنىڭنىڭ ئاستىدىن چىقىپلا سېنى ئوڭدا قويىدۇ. يەنە شۇ يەردىلا غايىب بولىدۇ. شۇڭا بۇ دېلونى پاش قىلىش ئۇچۇن بىر جەريان كېتىدۇ.

— ھەي، مېنىڭ جاسارىتىم تۇگەپتۇ - دە، — ھەسرەت چەكتى يۇسۇپ ھوشۇر ئېغىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن، — قېرىپتىمەن، قېرىپتىمەن! قېرىلىقىنى ئويلىغانسېرى كىشى تېز قېرىيدۇ...

— بۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلىلا؟ — ئانا تەسەللى بەردى

ئۇنىڭغا، — داۋالىنىپ ياخشى بولۇشنىڭ غېمىدە بولسىلا ئەمدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن بالنىتسىغا پەرھات خۇشال كىرىپ كەلدى. ئاغرىق كارنۇتىدا خېلى ياخشى كەيپىيات بىلەن ياتقان يۈسۈپ ھوشۇر ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، قويمىچىلار تۇتۇلۇپ، پۇل تېپىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئالدىراپ - تېنەپ ئېغىز ئاچتى.

— ھە-ە، خۇشالغۇ سەن، يىگىرمە مىڭ تېپىلغان ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى يۈسۈپ ھوشۇر شۇغىنىسى، ئوغلىنىڭ «ھە...» دېمىگىنىگە قاراپ لاسىدە بولۇپ قالدى.

— يىگىرمە مىڭ سوملا دەيدىكەنسەن، دادا، — دېدى پەرھات، — ساۋەندىكى ئىشنى سورىغىنا، ساۋەندە ئۇلارنىڭ ئارقا تىرىكى بار ئىكەن، بۇ دېلونى باش نازارەتتىن بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلەپتۇ، زوراۋانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپتۇ. سېنىڭ جىسمانىي زەخىملىنىشىڭنى كاپالەتلەندۈرىدىغان بوپتۇ. قاتناش بېكەتلىرىگە، ئاشخانىلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ بۇ خىلدىكى دېلولارنى سادىر قىلماسلىقنى، يولۇچىلارنى تاماق يېيىشكە زورلىماسلىقنى ئېيتىپتۇ.

— پۇلنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغان ئىشقا شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتتىڭمۇ، بالام، — دېدى يۈسۈپ ھوشۇر ئېرەنسىزلا. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پەرھات يا ئاچچىقلىنىشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

يۈسۈپ ھوشۇر ئۇزاق داۋالاندى. كۆز كىردى، غۇلجىنىڭ باغلىرىدىن خۇشبۇي ئالما پۇرىقى كېلىشكە باشلىدى. ھايات يەنىلا ئۆز يولىدا داۋام قىلىۋاتاتتى. يۈسۈپ ھوشۇرمۇ بالنىتسىدىن چىقتى. دەم ئېلىپ يېتىش، زېرىكسە تالاغا چىقىشتىن باشقا ئىشقا تاۋى يوق ئىدى. ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرغان بۇ ھايات ئۇنىڭغا زېرىكىشلىك تۇيۇلاتتى. يىگىرمە مىڭ سوم پۇل تېخىچە ئۇنىڭ خىيالىدىن كەتمىگەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«مېنىڭ يىگىرمە سوم پۇلۇمنى ساقچىلار قاچان ئەكىلىپ بېرىدۇ. زادى قاچان؟...»

لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر خەۋەر كەلمەيتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتى...

«يىگىرمە مىڭنى ئەتە ئەكېلەرمۇ ـ يە؟»

لېكىن ئەتىسىمۇ جىمجىت ئۆتۈپ كېتەتتى. ...

تالا ـ تۈزگە چىققۇدەك بولۇپ ساقىيىپ قالغان يۇسۇپ ھوشۇر يەنە ئاۋۋالقىدەك مەھەللىنىڭ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلىرىغا بېرىپ يۈرۈۋەردى، لېكىن شۇ يەردىمۇ «يىگىرمە مىڭ سوم پۇل» نىڭ گېپىنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

— قاراڭ، قويمىچىلار يىگىرمە مىڭ سوم پۇلۇمنى خۇددى سا جۇجىنى ئېلىپ قاچقاندەك ئېلىپ قاچتى، — دەيتتى يۇسۇپ ھوشۇر ھەمتاۋاق ئادەمگە ئۆز دەردىنى تۆكۈپ، — قالتىس چوڭ يوقىتىش بولدى دەڭە!

— بۇ جاھاندا ماڭدامدا بىر چوڭ قويمىچى، — دەيتتى ھېلىقى ھەمتاۋاق ئادەم ئاغزىغا بىر كاپام پولۇنى تولدۇرۇپ ئېتىپ تۇرۇپ، — ھەممىز قويمىچىغا ئۇچراپ تۇرىمىز، مەنمۇ ئۇچرىغان، نۇرغۇن پۇلدىن ئايرىلغان!

نەزىردىن ئۆزىغاندا، تويغا بارغاندا، بازار ئارىلىغاندا، مەھەللە دوقمۇشىدا ئولتۇرغىنىدىمۇ ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى يەنە شۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇل ئىدى! بارا ـ بارا تونۇش ـ بىلىشلەرنى كۆرگەندە ئۇ سالام قىلىشنىڭ ئورنىغا شۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنىڭ گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

— قاراڭ، بۇرادەر، ئاشۇ يىگىرمە مىڭ سومنى قويمىچىلار ئەكەتتى! — دەيتتى ئۇ تونۇش ـ بىلىشلەر ئۇچرىشىغىلا ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ، — تېخىچە خەۋىرى يوق.

— خەۋىرى چىقىپ قالار، يۇسۇپكا، — دەيتتى ئۇلار، — كىشىنىڭ ھەققى يامان، بىر كۈنى بىرى ئۇنىڭمۇ كانىيىدىن

ئالدۇ. سەۋر قىلىپ خەۋىرىنى كۈت، يۇسۇپكا...

— قاراڭ، تۇغقىنىم، ناھايىتى جىق پۇلنى ئالدۇرۇپ قويـدۇم، — دەيتتى ئۇ يەنە بىر تونۇشنى يولۇقتۇرغاندىمۇ ھەسرەت چېكىپ، — بەكلا ئىچىم ئاغرىيدۇ، يۈرىكىم پىژ ـ پىژ كۆيىدۇ. ئوقۇمىدىمۇ ـ چۇشۇمىدىمۇ شۇ پۇل!

— مەنمۇ ئالـدۇرۇپ قـويغان، مـۇنداق ئىشـلار بـولۇپ تۇرىدۇ، — دەيتتى ھېلىقى تونۇشى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — ئويلاۋەرسىڭىز سارالڭ بولۇپ قالىسىز!...

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يوللىرىغا راۋان بولاتتى. يۇسۇپ ھوـشۇرمۇ دەردىنى تۆككىلى يەنە بىر تونۇشنى ئىزدەيتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇ ناتونۇش كىشىلەرگىمۇ دەردىنى تۆكىدىغان بولۇپ قالدى.

— قاراڭ، قېرىندىشىم، مېنىڭ ئۆمرۈم بويى يىغقان يىـگىرمە مىڭ سوم پۇلۇمنى قويمىچىلار قويۇپ كەتكەن پېتى تېپىلـمىدى، ماڭا قىلچە ئىچ ئاغرىتىشمىدى. بۇ دۇنيادا شۇنداقمۇ باغرى تاش قويمىچىلار بار ئىكەن ـ ھە؟!...

— شۇنداق بولمايچۇ، كۆڭلى يۇمشاق ئادەم قويمىچى بولامـدۇ، — جاۋاب بېرەتتى ناتونۇش ئادەم، — ھەممىسى قارانىيەت دۇنياخورلار، ياۋۇزلار، تاش يۈرەكلەر...

قاق سەھەردىلا ئىشىك ئالدىغا چىقىۋېلىپ مەھەللىدىن ئۆتـكەن ـ كەچكەنلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، دەردىنى تۆكۈپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى تاپىدىغان يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ يېنىغا بۇگۈن ھېچـكىم كەلمىدى. بەلكىم ئۇلار ئۇنىڭ پارىڭىدىن بىزار بولغاندۇر، ياكى ئىشى ئالدىراشتۇر، ياكى ھەممىلا ئادەم ئۆز تىرىكچىلىكىگە ئالدىراپ يۈرگەن بۇ دۇنيادا بىھۇدە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنى خالىمىـغاندۇر، شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلارنى «سىلەر نېمە ئۈچۈن يۇسۇپ ھوشۇردەك بىر بىچارىگە گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتىسىلەر؟...» دەپ ئەيىبلىگىلى بولمايتتى. ھازىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئاللاـ

نىڭ سالىمىنى قىلىپ ئۆتىدىغانلاردىن مەھەللىنىڭ ئاقساقاللىرىلا قالغانىدى. شۇڭا، يۇسۇپ ھوشۇر قاق سەھەردە ئىشىك ئالدىغا چىقىۋېلىپ قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى.

— قاراڭ، مەزىنئاخۇنۇم، بۇ دۇنيادا مۇنداقمۇ زىيان تارت-قان بارمۇ، يىگىرمە مىڭ سوم ـ ھە! — دەيتتى ئۇ ئالدىراپ بامداتقا ماڭغان مەھەللە ئاقساقاللىرىدىن بىرىنىڭ ئالدىنى تو-سۇپ.

يۇسۇپ ھوشۇر ئۇلار مەسچىتتىن قايتقۇچە ئورنىدا تۇرۇپ كۈتەتتى. جامائەت مەسچىتتىن يانغاندا يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساتتى.

— قارىسىلا، ئىمامئاخۇن، تىرىكلا گۆرگە كىرگەندەك بو-لۇپ قالدىم، ئاشۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇل بېشىمغا چىقتى!...

— شۇنداق، يۇسۇپئاخۇن، بەندىلەرنىڭ تەقدىرى شۇنداق قازاغا رىزا، بالاغا سەۋر قىلماي بولمايدۇ، بىز كەتتۇق، ئاللا سىلىرىگە ھىدايەت ئاتا قىلسۇن...

يۇسـۇپ ھوشـۇر يەنىلا شۇ دوقمۇشتا قاققان قوزۇقتەك مىدىرلىماي تۇرىدۇ، كەچ كىرىدۇ، شام ياكى خۇپتەندىن قايتقان مەھەللە جامائىتىنى كۆرۈپلا ئالدىغا بارىدۇ.

— قارىسىلا، داموللىكا، گۇناھتىن قورقماي مېنىڭ ئاشۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇلۇمنى ئېلىپ قاچقان قويمىچىلارنى ئاللا نېمىشقا تېزرەك جازالىمايدىغاندۇر؟!...

— ئالدىرىمىسىلا، يۇسۇپئاخۇن، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ دا-موللام ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — خۇدانىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن.

— گېپىمگە قۇلاق سالسىلا، دامولىكا، بېشىدىن ـ تاپىغى-نىچە گۇناھقا پاتقان ئاشۇ قويمىچىلارنى تۇتۇپ ئەكېلىپ بوينىنى چۇجىنىڭ بوينىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسام دەپ ئالدىرايمەن!...

يەنە شۇ تەكرار سوئال، تەكرار جاۋابلاردىن كېيىن، تاكى

ئەلياتقۇ بولغۇچە تالادىن كىرمىگەن يۇسۇپ هوشۇرنى پەرهات ئار - نومۇس ئىچىدە قولىدىن يېتەكلەپ ئۆيىگە ئەكىرىپ كېتىدۇ...

يەنە تاڭ ئېتىپ كەچ كىرىدۇ. يۇسۇپ هوشۇر بولسا ئىشىك ئالدىدا قوزۇقتەك تۇرۇۋېرىدۇ. ئوغلىنىڭ تىنماي كايىشى، قاتتىق باشقۇرۇشى بىلەن ئۇ بىر مەزگىل ئۆيدە ئولتۇرۇپ باقتى، بولمىدى. تۆت تام ئۇنى خۇددى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ غاجىلاۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۆزى بولسا ئورۇقلاپ، چىرايى ساغىرىپ، بۇرنى قىڭراقتەك چىقىپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتتى. ئىساخان هەدە ئۇزۇن يىللىق هەمراهىنىڭ بۇگۈنكى هالىغا قاراپ ئىچى سىيرىلاتتى. يېنىدىن بىر قەدەممۇ نېرى بارغۇسى كەلمەيتتى. يۇسۇپ هوشۇر بەزىدە چوڭ يولغا چىقىپ، يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىن ئۆتۈۋاتقان سانسىز يولۇچىلارنىڭ ئارىسىدا هېلىقى ئىككى قويمىچىمۇ ئۆتۈپ قالارمۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن كۆز ئۇزمەي قارايتتى، كۆز قارىچۇقى تارتىشىپ، كۆزلىرى تولىشاتتى. ئاندىن ئالدىراپ - تېنەپ قايتىپ كېلىپ، ئىشىك ئالدىدا خېلى ئۇزاققىچە تۇراتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر، ئىشىك ئالدىدا بولمىسا بولمايدۇ. ساقچىلار كەلسە مېنى ئىزدەپ قالىدۇ، دەپ ئويلاتتى.

كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە: «ساقچىلار پۇلنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ مەهەللىنىڭ ماۋۇ بېشىدىن كېلەرمۇ ياكى ئاۋۇ بېشىدىن كېلەرمۇ...» دېگەن ئارزۇ - ئىستەك ماگمىدەك قاينايتتى. ئۇ تاكى ئوغلى ئىشتىن قايتىپ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتمىگۈچە ئاشۇ يەردە تۇرۇۋېرەتتى.

— يۈرە، دادا! ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دەيدۇ پەرهات دادىسىنى سىلىققىنا تارتىپ، — ساقچىلار قويمىچىلارنى ئىزدەۋېتىپتۇ، تۇتسىلا، پۇلۇڭنى ئەكېلىپ بېرىدىكەن.

— قاچان ئەكېلىپ بېرىدۇ، زادى قاچان دېگىنە ماڭا، — يۇسۇپ هوشۇر جاهىللىق بىلەن سوراپ هارمايدۇ.

— دادا، سەنمۇ قىزىق ئىكەنسەن. سەن پۇلۇڭنى ساقچىلار

ئۇچۇن يىتتۇرۇپ بەرگەنمۇ؟ نېمانداق قىلىسەن؟ — ئوغۇل شۇ گەپنى قىلىپ، يۇسۇپ ھوشۇرنى ئەكىرىپ كېتىدۇ. يۇسۇپ ھوشۇر يەنە تاك ئېتىشنى كۆتىدۇ. تاك ئېتىشى بىلەنلا يەنە ئىشىك ئالدىغا چىقىۋالىدۇ. ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ پىچىر-لايدۇ، ساقچىلاردىن بىرەر خەۋەر كېلىپ قالارمۇ دېگەن ئۈمىدتە يىراق - يىراقلارغا تىكىلىدۇ. ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەن ھەربىر ئادەمگىمۇ تۆشۈكتەك تىكىلىپ قارايدۇ. تاكى ئوغلى قولىدىن تارتىپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭغاندا بوگۈنكى كۈننىڭمۇ ھېچقانداق خە-ۋەر يوق قۇرۇق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ ئېچىنىدۇ. يۇسۇپ ھوشۇرنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇشى، ئاش - نان يېيىشى، تۇرمۇشنىڭ باشقا ئۇششاق - چۈششەك شەرتلىرىنى ئادا قىلىپ تۇرۇشلا تېخىچىلا ھايات ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ ھازىر كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۇرلۇك - تۈمەن ھىيلىگەرلىك-لىرىنى بىلىپ يەتكەن، لېكىن كېچىككەنىدى. ئاخىرى، يۇسۇپ ھوشۇر مال - دۇنيانىڭ چارىيلانغا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىنسان بالىسىغا يۆگىمەچتەك يۆگىشىپ ياشايدىغانلىقىنى، بۇ چار يىلان ئادەم بەدىنىدە يوغىنىغانسېرى ئادەمنىڭ نەپسىمۇ يوغى-ناپ بارىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى...

شۇنداق، خام خىيال ۋە ئاچ كۆزلۈك ئىنسان ئۈچۈن بىر ئاپەت. ئۇ ئاقىۋەتتە غەم - ئەندىشە، ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەت ئەكېلىدۇ. يۇسۇپ ھوشۇر ئۆزىنىڭ ياش ۋە قىران مەزگىللىرىدە مال - دۇنيا توپلاش ئۈچۈن ئاچ كۆزلۈك قىلمىغانىدى. ئەمما كېيىنكى كۈنلىرىدە نەپسى بالانىڭ كەينىگە كىرىپ تارتمىغان خورلۇقى قالمىدى. بايلىق ھېرىسمەنلىكى ئۇنى ئەقلىدىن ئاز-دۇردى، خانىۋەيران قىلدى. نىھايەت، ئۇ ھاياتلىقنىڭ ئىزىدىن چەتنەپ ئۆلۈك - تىرىكنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدى...

1999 — 2002 ـ يىللار غۇلجا

图书在版编目(CIP)数据

生死间/阿布都克力木·阿西木著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.4
ISBN 7－5371－4349－8

Ⅰ.生… Ⅱ.阿… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 096418 号

责任编辑：麦苏提·哈力提
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提·亚森
封面设计：阿力甫·夏

生死间（维吾尔文）
（中篇小说集）
阿布都克力木·阿西木 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行 乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 12.625 印张
2003 年 4 月第 1 版 2003 年 4 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－4349－8/I.2017 定价：18.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换